ئەلىشىر ناۋائى

غەزەللەر



ئەلىشىر ناۋايى

غەزەللەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحیم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تىيىپجان ئېلىيوپ
مەسئۇل مۇھەررىرى: رەھمىتۇللا جارى

خوشلیق بیت بیرلا کلامی جناب مخدومی مولانا عبد الرحمن جامی مد الله تعالی

ظلاله بیت ده معنی معارف الطالبین دیوان لاری اراده بو لغای

وغیره جهت نینک تصنیف سیدین و نوکت الفاظ نینک بالغا سیدین

مولانا سکاکی و مولانا لطفی رحمهما الله تعالی کیم ترکی نینک شیرین اشعاری

شعرلاری نینک تا اندای ثابت و برچه نینک غزلیاتی اشعاری

خواقین و خواتین ایل ... دور هم بولاردین موجود و بولغای آخر

ایکیم غریب معانی الفاظ ایل اولون غرایب اقلیم لاریغا ... حتی

غرایب ... فارسی و ... و ترکی اشعار نینک ... تحسین

راهم ... فارسی اشعاری ... سیدین یا الفاظ معانی

یا غنودین نینک ... ده شوخ طبع ایکانی یا ... لاری ادبی

... وتکی ابیات ... یاد ... بوتیم

... لاری ... لطیفدین نا

بوق ... لاری ... بوزده کوتاه دور ... حالبا

ایکی لا سی الفاظی نظمی ... قابل ... دیوان ... لغای

... لطافت اشعار ... لطایف ... ظرافت ... راقم الله

لطایف ... ... مطبوع و مقبول ... معنی

موجه ... ایتنا ... دیوانیم ... الدین ... واقع ...



كىرىش سۆز

ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئىنتايىن يۈكسەك ۋە پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە، ناۋايىدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى ئۆزلىرىنىڭ پىر-ئۇستازى دەپ بىلىپ، ئۆز ئىجادىي ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالدى؛ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدرىسە- مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇلدى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا- نەغمە قامۇسى بولغان ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تولىسى ناۋايى تېكىستلىرى (غەزەللىرى) بىلەن ياڭرايدۇ. ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسىل قولىيازمىلىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ۋە كەڭ تارقالغان. شۇڭا كېيىنكى بەش يۈز يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز

ئېچىلغاندا، ناۋايىنىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ناۋايى ئىجادىيىتى ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار ئىدېئولوگىيىنىڭ، ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئېستېتىك دىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك، يىرىك مەھسۇلى. ناۋايى تۇغۇلغان ۋە ئاساسلىق پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان ھىرات شەھىرى 14-، 15- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرسى بولغان. ناۋايى ئائىلىسىمۇ مەرىپەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھلى بىلەن يېقىن ئىدى. ناۋايىنىڭ ئۆزى شۇ چاغدىكى ئەڭ بىلىملىك ئۆلىمالاردىن بىلىم ئالدى. ناۋايى ئۆزى ئېيتقان "ئۇيغۇر تىلىنىڭ چىچەن ناتىقلىرىدىن، تۈركى سۆز ماھىرلىرىدىن بولمىش مەۋلانا سەككاكى، مەۋلانا لۇتفىلار" ئۇنىڭ ئەسىرداشلىرى ئىدى. ناۋايى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان شائىر ۋە ئالىم ئابدۇراخمان جامى بىلەن زامانداش ۋە ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەلىم ئالغان ئىدى. ئۇ تۈركى تىلدا يىرىك، گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈگنەكى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى قاتارلىق ئەدىپ-شائىرلارنى ئۆز ئۇستازلىرى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىسىگە قىزغىن ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭدەك ئەرەپ، پارس ئەدەبىياتىنىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى. بولۇپمۇ پارس تىلىدا يىرىك ئەسەرلەر ياراتقان ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى ۋە پارس شائىرلىرىدىن فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، سەئدى، ھاپىز شىرازى، خىسرەۋ دېھلەۋى، جامى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پىششىق ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز ئەدەبىي پائالىيىتىگە ئىجادىي تەدبىق قىلدى ۋە پارس تىلىدىمۇ شېئىر يازدى. شۇڭا ناۋايىنىڭ نامى يالغۇز تۈركى خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەپ ۋە پارس خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلدى.

ناۋايىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىلى ئىكەنلىگى توغرىسىدا شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇ ۋاقىتتا چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوندىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ "چاغاتاي تىلى" دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىلى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ، بىر جەھەتتىن خاندانلىقنىڭ بىرلىكىنى تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن، يەنە بىر جەھەتتىن شۇ چاغدىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىلىنى پارسچىلاشتۇرۇش شامىلىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مىللىي روھنىڭ تەقەززاسىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. بۇ تىل ئۈچۈن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇھىم ئاساس بولغانلىقى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىغا باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ پاكىت. بەزى تارىخچىلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىلىنى پارس تىلى بېسىمى ئالدىدا ھالاك بولۇش خەۋپىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەنئەنىسى قۇتقۇزۇپ قالدى دەپ كۆرسەتكەن دەلىللىرىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلىدا شېئىرلار يازغان قۇل خوجە ئەخمەت يەسەۋى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى قاتارلىق شائىرلار بۇ تىلنىڭ ئاجايىپ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرغۇن ئەسەرلەرنى ياراتقان ئىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ناۋايى دەۋرىدە ئەدىپلەر ئارىسىدا يەنىلا پارسچە يېزىش خاھىشى كۈچلۈك ئىدى. ناۋايى بۇ خاھىشلارنى ئىسيانكارلىق بىلەن رەت قىلىپ، ئۆز بەدىئىي ئىجادىيىتىگە چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بويىچە يول ئېچىپ، بۇ تىلنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك بىر چوققىسىنى ئىگەللىدى. دېمەك، ناۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى مۇھىم ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا يازغان ئىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ "ناۋايى بىزنىڭمۇ شائىرىمىز" دېيىشىگە ھەرگىز ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ ھاياتى مۇھىم ئىجتىمائىي تۇقۇنۇشلار ئىچىدە ئۆتتى. ساۋاقدىشى ۋە دوستى بولغان پادىشا ھوسەيىن بايقارا-

نىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، شاھزادىلارنىڭ جاڭجاللىرىنى تىنجىتىش ۋە پادىشاھلىقنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىش، مەرىپەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق ۋە تەشكىلاتچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئوردىدىكى ئاچكۆز ھەسەتخور جاھىللار گۇرۇھى ۋە دىنى مۇتەئەسسىپلەر بىلەن، ھەتتا پادىشاھنىڭ ۋاپاسىزلىقى بىلەنمۇ كۆرەش قىلىش ۋە بۇ يولدىكى ئوڭۇشلۇق-ئوڭۇشسىز تەجرىبە-ساۋاقلار ناۋايىنى مول ئىجتىمائىي بىلىمگە ئىگە قىلدى. مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىدە ياشاش ئۇنى نۇرغۇن دراماتىك ئېپىزوتلار بىلەن تەمىنلىدى، ئۇنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى بېيىتتى. بۇ ئەھۋاللار ناۋايى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى.

ئەلىشىر ناۋايى 60 يىل ئۆمۈر كۆردى (1441-يىلى تۇغۇلۇپ، 1501-يىلى ۋاپات بولدى). ئۇ، بۇ جەرياندا ئادەم ھەيران قالغۇدەك نۇرغۇن ئەسەر يازدى. «خەزائىنۇلمەئانى» (مەنىلەر غەزىنىسى) ناملىق تۆت چوڭ دىۋانى، «خەمسە» ناملىق بەش داستانى ناۋايى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك، ئەڭ مەشھۇر نەمۇنىلىرىدۇر. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان داستان، ئىلمى مۇھاكىمە، پەندىنامە ۋە ئەسلىمىلىرى بار. بۇ ئەسەرلەردە ناۋايىنىڭ دۇنياقارىشى، بىلىمى، ئىستېتىك دىتى، بەدىي ماھارىتى تەلتۆكۈس ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىنتايىن زور بەدىي، ئىلمى، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ناۋايى ھەقىقەتەنمۇ جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ.

شۈبھىسىزكى، ناۋايى ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىلمى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ناۋايى ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە نەشر قىلىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئېھتىياجى. بۇ، بولۇپمۇ كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى خېلىلا ئۈزۈلۈپ قالغان

ياش ئەدەبىي ھەۋەسكارلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، قولۇڭلاردىكى بۇ كىتاپ ئەنە شۇنداق ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تەييارلاندى.

بۇ كىتاپ ناۋايىنىڭ «خەزائىنۇلمەئانى» ناملىق تۆت دىۋانى («چاھار دىۋان») دىكى غەزەللەرنىڭ بىر قىسمى. «خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ تولۇق نۇسخىسى غەزەل، مۇستەھزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىئبەند، تەركىببەند مەسنەۋى، قەسىدە، ساقىنامە، قىتئە، رۇبائىي، مۇئەممما، چىستان، تۇيۇق، فەرد قاتارلىق 16 خىل لىرىك ژانىردا يېزىلغان بولۇپ، 3132 شېئىردىن تەركىب تاپقان. گەرچە بىرىنچى دىۋانغا «غەرايىبۇسسىغەر» (باللىق غارايىپلىرى)، ئىككىنچى دىۋانغا «نەۋادىرۇششەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، ئۈچىنچى دىۋانغا «بەدايىئولۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، تۆتىنچى دىۋانغا «فەۋائىدولكىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دەپ نام بېرىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ خرونولوگىك تەرتىپكە ئىگە ئەمەس، يەنى مۇندەرىجە ھەربىر غەزەلنىڭ يېزىلىش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى بويىچە تۈزۈلگەن ئەمەس، بەلكى كىلاسسىك دىۋانلار ئەنئەنىسى بويىچە، قاپىيە ياكى رادىپ ئاخىرىدىكى ھەرپلەر تەرتىۋى بويىچە رەتلەنگەن.

ناۋايى غەزەللىرى جەمى 2600 پارچە بولۇپ، ھەجمى جەھەتتىن تۆت دىۋاننىڭ ئاساسى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمى مۇھەببەت لىرىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىچكى روھى غەزىنىسى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يارقىن، جىلۋىدار ئوبرازىنى تاپقان. ئۇ مۇشۇ تېمىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ خەلقچىل روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇھەببەت ھەققىدىكى ئالىجاناپ ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىدۇ. مېھرۇ-ۋاپانى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ، ۋاپاسىزلىققا نەپرەت تىغىنى سانچىيدۇ. ساداقەت مەجنۇنلىغى ئالدىدا ئېگىلىپ، رىياكارلىق سىپاگەرچىلىكى ئالدىدا

غادىيدۇ. پەقىر، دەرتمەنلەرنىڭ مۇڭىنى كۈيلەيدۇ. ئىككى يۈزلىمە، ئالدامچى شەيخ زاھىت-سوپىلارنىڭ نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ سازايى قىلىدۇ. مەنمەن زالىم پادىشالارنى سوكىدۇ، ئادالەت ۋە مەرىپەتكە دەۋەت قىلىدۇ. سەنئەتكە بارىكاللا ئوقۇيدۇ .... ھەربىر غەزەلنىڭ ئۆزى خۇددى بىر ئىسىل قۇتا، ئۇ مىسرالار رىشتىسىگە تىزىلغان، گۈزەل تىل بىلەن نۇرلانغان خىلمۇ-خىل ۋەزىن ھەم باي قاپىيىلەر بىلەن تېخىمۇ رەڭدار تۈس ئېلىپ چاقناپ تۇرىدىغان نازۇك پىكىر جەۋھەرلىرى بىلەن تولغان. شۇنداقلا بۇ غەزەللەر كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان سېھرى كۈچكە ئىگە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي. شۇڭا ناۋايى غەزەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بىراق، "ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار" دېگەندەك، ناۋايى ئىجادىيىتىدە پاسسىپ ئامىللارمۇ بار، بۇ ئالدى بىلەن ناۋايى ياشىغان زاماننىڭ نۇقسانى. شۈبھىسىزكى، ناۋايى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ پەزىلەتلىك مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ غايىلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بۇ مەقسەتكە ھەمكارلىشىدىغانلارنىمۇ كوپ ئىزلىدى. ئەڭ چوڭ ئۈمىتىنى پادىشاغا باغلىدى. لېكىن "ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ" دېگەندەك، پادىشامۇ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولالمىدى، خېلى نۇرغۇن دوستلىرى ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى، ھەتتا ئۇنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلدى. ئۇنىڭ غايىلىرى تولۇئاي بولسىمۇ، لېكىن جاھالەت بۇلۇتلىرى ئۇنى توساپ كەلدى. بۇ خىل ياخشىلىقتىن يامانلىق كورۇش ناۋايى روھىنى قاتتىق ئازاپلىدى. بۇ ئېچىنىشلىق، چىگىش زىددىيەتلەر ناۋايى ئىدىيىسىگە پاسسىپ تەسىرلەرنى كورسەتتى. ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ غايىلىرىنى رىياللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ يولىنى تاپالماي، رىئال دۇنيادىن سوۋۇش خاھىشىنىمۇ ئەكس

ئەتتۈردى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى «ئالەم ئېلىدە زادى ۋاپا يوق»، «يوقلىش دەشتىنى كېزىش كېرەك»، «زامان دەردىنىڭ داۋاسى مەي» دېگەنگە ئوخشاش سادالارمۇ ياڭرىدى. ئۇ بىر جەھەتتىن ئۈمىتسىزلىك تەرغىباتىغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن بىر جەھەتتىن زاماننىڭ ئادالەتسىزلىكىگە، جاھالەتكە بولغان رەنجىشتىن تۇغۇلغان دوق. بۇ خىل روھ ناۋايىنىڭ مۇھەببەتكە بېغىشلانغان غەزەل مىسرالىرىدىلا ئەمەس، داستانلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. بىز بۇ نەرسىلەرگە تارىخى نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدىلا توغرا چۈشىنەلەيمىز. ئۇنىڭ ھەممىگە تېخىمۇ ئورتاق بولغان قىممەتلىك ئەھمىيىتى-ئۇ ئۆزى توغرا دەپ تاپقان ئىدىيە-پىكىرلەرنى ئاجايىپ يۈكسەك بەدىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەنلىگى.

بۇ كىتاپقا ناۋايى غەزەللىرىنىڭ ئۇندىن بىر قىسمى — 260 غەزەل كىرگۈزۈلدى). ياش ئەدەبىي ھەۋەسكارلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئېھتىياجى كوزدە تۇتۇلۇپ، غەزەللەردىكى ھەربىر بېيىتكە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئۇنىڭ نەسرى شەرھى بېرىلدى. بۇ خىل شەرھىلەش بىلەن ناۋايى ئۆزى ئىشلەتكەن تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن چوڭقۇر، نازۇك پىكىرلەرنى، بەدىي خۇسۇسىيەت ۋە ماھارەتنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ناۋايى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ بەدىئى خۇسۇسىيىتى بىلەن تونۇشلىغىممۇ بەك ئۈزە. شۇنداق بولسىمۇ ئەمەلى ئېھتىياج ئالدىدا مۇشۇنچىلىك قىلىشقىلا چامام يەتتى. بۇ ئىشىمىز خېلىلا نۇقسانلىق بولسىمۇ ياش ئەدەبىي ھەۋەسكارلارنىڭ ناۋايى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن بىر ئاز نەپ بېرەلىسە، بۇ، مەن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مۇكاپات.

تېيىپجان ئېلىيوپ

1981-يىل، مارت.

مۇندەرىجە

بەت

كىرىش سوز 1

1- دىۋان — «غەرايىبۇسسىغەر» (باللىق غارايىپلىرى) دىن تاللانما 9

2- دىۋان — «نەۋادىرۇششەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دىن تاللانما 181

3 - دىۋان — «بەدايىئۇلۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەل - لىكلىرى) دىن تاللانما 305

4 - دىۋان — «فەۋائىدۇلكىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دىن تاللانما 423

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىلكەئىسى ئەنۋارۇلھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كور، دەب، جامدىن چىقتى سەدا.

(قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن ھىدايەت نۇرى چاقنىدى، جامدىن: يارنىڭ ئەكسىنى شاراپتا كورگىن، دىگەن سادا چىقتى.)

غەيرىنەقشىدىن كوكۇل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،
يوقتۇر ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزەدا.

(كوكۇل جامىدا غەيرى تەسەۋۋۇردىن غەم غەشلىگى پەيدا بولسا، ئەي ساقى، بۇنى ۋەھدەت ① شارابىدەك تازىلىغۇچى يوق.)

ئەي، خۇش ئۇل مەيكىم، ئاڭا زەرف ئولسا بىر سىنغان سەفال،
جام ئۇلۇر گىيتىنەما، جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا.

---

(1) ۋەھدەت ـــ بىرلىك، تەنھالىق.

(هەي، مەي شۇنداق ياخشى نەرسىكى، تۆيۇلغان قەدەھ سۇنۇق سايال بولسىمۇ، ئۇ، جەمشىت تىلەپ ئىچكەن جاھاننەماغا تەڭ جام.)

جامۇمەي گەر بۇيلەدۇر، ئول جام ئۇچۇن قىلماق بولۇر
يۈز جەھان ھەردەم نىسار، ئول مەي ئۇچۇن مىڭ جان فىدا.
(جام ۋە شاراپ شۇنداق نەرسىكى، ئۇ جام ئۇچۇن يۈز جاھاننى چاچقۇ قىلىپ، مىڭ جاننى پىدا قىلسا ئەرزىيدۇ.)

دەير ئارا ھوش ئەھلى رەسۋا بولغانى، ئەي مۇغبەچە،
جامى مەي تۇتساڭ مېنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا.
(ھۇشى بار ئادەملەر شاراپخانىغا رەسۋا بولۇشقا كېلىدۇ،
ئەي مۇغبەچە، شاراپ جامىنى تۇتساڭ، مەن دىۋانىدىن باشلا.)

تاكى ئول مەيدىن كوڭۇل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چېھرەئى مەقسۇد، مەھۋ ئولغاي ھەم ئولدەم مائەدا.
(ئەشۇ كوڭۇل جامىدىكى مەيدىن مەخسەت چېھرىسى جىلۋىلەنگەندىن-سىرى نازۇ - نېمەت بىرياقتا قالىدۇ.)

ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرە، كىم
جامۇ مەي لەفزىن دىگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا.
(ۋەھدەتكە مەي ھەم جام بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن، كىم مەي بىلەن جام سوزىنى تىلغا ئالسا، ئۇنى ئىپادە قىلالايدۇ.)

سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفئ ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا.

(1) مۇغبەچە — مەي تۇشۇغۇچى يىگىت.

(سەن ئويلىغاندىن باشقا، جام ۋە شاراپ مەۋجۇت، ئەي زاھىد، بىلمەسلىكتىن ئىچەرمەنلەرنى قوغلاپ يۈرمە.)

تەشنەلەب ئولمە نەۋائى، چۈن ئەزەل ساقىسىدىن،
«ئىشرەبۇ يا ئەييۇھەل ئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا.
(ئەي نەۋائى، چاڭقاپ يۈرمە، تەغدىر ساقىسىدىن:
"ھەي تەشنالار، ئىچىڭلار!" دىگەن ئاۋاز كېلىۋاتىدۇ.)

سىنسا كوڭلۈمدە ئوقۇڭ، سۇرتۇپ ئىسسىغ قاندىن ئاڭا،
پەي مەسەللىك چىرماغايمەن رىشتەئى جاندىن ئاڭا.
(ئوقۇڭ كوڭلۈمگە سانچىلىپ سۇنسا، ئىسسىق قان بىلەن سۇرتىمەن،
ئۇنى خۇددى پەي بىلىپ، جان رىشتىسى بىلەن باغلايمەن.)

بادەئى لەئلىڭ مىزاجى روھپەرۋەردۇر بەسى،
گويىيا مەمزۇج ئېتىبسەن ئابىھەيۋاندىن ئاڭا.
(لېۋىڭ شارابىنىڭ تەپتى تازا جان بېغىشلايدۇ، گويا
ئۇنىڭغا سەن ئابىھايات سۈيىنى ئارىلاشتۇرغاندەك.)

ئوقى كوڭلۈم شوئلەسىن گاھ ساكىن ئەتتى، گاھ تېز،
گاھ ئوتۇن بولدى، گاھى سۇ ئۇردى پەيكاندىن ئاڭا.
(ئوقى كوڭلۈم يالقۇنىنى گايى پەسلىتىپ، گايى ئۇلغايتتى، چۈنكى
كۆڭلۈم گايى ئوتۇن بولدى، گايى ئۇنىڭغا كىرپىگىدىن سۇ چاچتى.)

دەردو غەم بوستانىنىڭ تاۋۇسىدۇر كوڭلۈم قۇشى،
گۈل بولۇب جىسمىمدا كەسكەن نەئل ھەر ياندىن ئاڭا.
(كوڭلۈم قۇشى دەردۇ-غەم بوستانىنىڭ تاۋۇسى، ئۇ ۋۇجۇدۇمغا
ھەر خىل رەڭدار گۈل بولۇپ بېسىلغان.)

نى كەبۇتەر يېتەئالۇر ئول قۇياشقا، يا نەسىم،
ئەي كوڭۇل ھالىڭنى ئېئلام ئەيلە ئەفغاندىن ئاڭا.
(ئۇ قۇياشقا يا كەپتەر يېتەلمەيدۇ، يا تاڭ شامىلى؛ ئەي كوڭۇل،
ئۇنىڭغا ھالىڭنى پەريات چېكىپ مەلۇم قىل.)

كوزگە تاكىردى خەيالىڭ، ساۋۇغ ئاھىم ۋەھمىدىن
باغلامىشمەن قۇريا ھەر سارى مۇژگاندىن ئاڭا.
(تەسەۋۋۇرۇڭ كوزۇمگە ئورناشتى، سوغاق ئاھىمدىن ئەنسىرەپ،
بۇ ۋەيرانە ئۆيىنى كىرپىكلىرىم بىلەن تاقاپ قويدۇم.)

ئەي نەۋايى، يىغلىماق ئاھىمغە تەسكىن بەرمەدى،
ۋەھ، بۇنى ئۇتدۇركى، يوق تەسىرى توپاندىن ئاڭا.
(ئەي نەۋائى، يىغلاش مېنىڭ ئاھ-زارىمنى باسالمىدى،
ئاھ، بۇ قانداق ئوتتۇر، توپانمۇ تەسىر قىلمايدىغان؟)

ۋەھكى ئىشقىڭ زاھىر ئەتسەم ۋەھىم ئېرۇر ئۆلمەك ماڭا،
گەرنىھان تۇتسام داغى جان خەۋفىدۇر بىشەك ماڭا.
(ئاھ، ئىشقىڭنى ئاشكارىلىسام، ماڭا ئۆلۈم ۋەھىمى كېلىدۇ،
پىنھان تۇتاي دىسەم، شەكسىزكى، يەنە جېنىمغا خەۋپ يېتىدۇ.)

كەلگەن ئېرمىش ئۇل مەسىھ ئۆلگەنلەرنى تىرگۈزگەلى،
مەن تىرىك، ۋەھ، ياخشىراق بۇ ئۆمردىن ئۆلمەك ماڭا.
(ئەيسا مەسىھ ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرگىلى كەلگەن ئىمىش، ئەپسۇسكى،
مەن تىرىك، بۇنداق ئۆمۈردىن ماڭا ئۆلۈم ياخشىراق ئىدى.)

جۇزۋ - جۇزۋىمنى، فىغانكىم، مەنئەك ئەتتى تىغى ھەجر،
بىر - بىرىدىن لىك ئۈزىدۇر جۇزۋى لا يەنفەك ماڭا.
(ئاھ، ھىجران تىغى ئۇگە - ئۇگىلىرىمنى ئاجرىتىۋەتتى، لېكىن
ئۇلار ماڭا بىر - بىرىدىن ئاجرالماس ئەزالار ئىدى.)

كوڭلۈم ئوتىدىن ياغاچ كۈلدۇر، باشاق بىر قەترە سۇ،
ناگەھ ئۇل شوخى جەپاكىش ئاتسا بىر ناۋەك ماڭا.
(ئۇ جانغا جاپا شوخ ماڭا كىرپىك ئوقىنى بىر ئاتىدىغان بولسا،
كوڭلۈم ئوتىدىن ياغاچ كۈلگە، ئوقنىڭ ئۇچى بىر تامچە سۇغا
ئايلىنىدۇ.)

ئالتۇن ئېزىلىب - ئېرىب كويگەن سايىن خالىس بولۇر،
نى ئەجەپ سارغارسا يۈز يەتكەن سايۇ ئەمگەك ماڭا.
(ئالتۇن ئېزىلىپ - ئېرىپ كويگەنسېرى ساپلىشىدۇ، دىمەك، مەن
كۆلپەت تارتقانسېرى سارغايسام نىمە بوپتۇ.)

چاك ئەيلەرمەن ياقا ئۇل قاشى يانى كورگەچ - ئۇق
كىم، خەدەنگىن ئاتسا ھايىل بولماغاي كوڭلەك ماڭا.
(ئۇ قېشى يانى كورۇش بىلەنلا، ياقامنى يىرتىمەن،
چۈنكى، يا ئوقى ئېتىلسا، كوينەك دالدا بولالمايدۇ - دە.)

بادە ھەجرىدىن ئاقارمىش كوزلەرىم، ئەي پىرى دەير،
ئەيلەگىل مەي شىشەسىدىن سىندۇرۇب ئەينەك ماڭا.
(شاراپ خومارىدىن كوزلىرىم خىرەلەشتى، ئەي مەيخانىچى،
شاراپ شىشىسىنى سۇندۇرۇپ ماڭا ئەينەك قىلىپ بەرگىنە.)

سەر - سەرى ھىجران ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن ئانداق ساۋۇر
كىم، فەنا يولىدا سەرسەر بولماسۇن ھەمتەك ماڭا.
(جۇدالىقنىڭ بورىنى ۋۇجۇدۇم خامىنىنى توزۇتۇدۇ،
يوقۇلۇش يولىدا ماڭا بوران ھەمرا بولمىسۇن.)

ئەي نەۋائى، گەر ماڭا كوبرەك ئەمەس ئۇممىدى ۋەسل،
بەس، نەغۇ ئۇششاقىدىن جەۋرى ئېرۇر كوبرەك ماڭا.
(ئەي نەۋائى، نىمىشقىدۇ مەن ئۈچۈن ۋىسال ئۇممىدى كوپ ئەمەس،
بىراق ئاشىقلاردىن كېلىدىغان جەۋرى كوپ.)

كورگەلى ھوسنۇڭنى زارۇ مۇبتەلا بولدۇم ساڭا،
نى بەلالىغ كۈن ئىدىكىم، ئاشنا بولدۇم ساڭا.
(ھوسنۇڭنى كورۇش بىلەن ساڭا باغلىنىپ قالدىم،
ئۇ نىمە بالالىق كۈن بولغىيدىكى، ساڭا ئاشنا بولىدىغان.)

ھەر نىچە دىدىمكى: كۈن - كۈندىن ئۆزەي سەندىن كوڭۇل،
ۋەھكى، كۈن - كۈندىن بەتەررەك مۇبتەلا بولدۇم ساڭا.
(سەندىن بارغانسىرى كوڭۇل ئۈزەي دەپ ھەر قانچە قىلساممۇ،
ۋاي دات، بارغانسىرى ساڭا چىلك باغلىنىپ قالدىم.)

مەن قاچان دىدىم: "ۋەفا قىلغىل ماڭا"، زۇلم ئەيلەدىڭ،
سەن قاچان دىدىڭ:"فىدا بولغىل ماڭا"، بولدۇم ساڭا.
(مەن قاچانكى "ۋاپا قىل" دىسەم، زۇلۇم سالدىڭ، بىراق سەن
قاچانكى "ماڭا پىدا بول" دىسەڭ، پىدا بولدۇم.)

قاي پەرى پەيكەرغە دەرسەن تەلبە بولدۇڭ بۇ سۇفەت،
ئەي پەرى پەيكەر، نى قىلساڭ قىل، ساڭا بولدۇم ساڭا.
(قايسى پەرى پەيكەر ئۈچۈن مۇنچىۋالا تەلۋە بولۇپ كەتتىڭ
دەيسەنغۇ،
ئەي پەرى پەيكەر، نىمە قىلساڭ قىل، مەن سەن ئۈچۈنلا شۇنداق
بولدۇم.)

ئەي كوڭۇل، تەركى نەسىھەت ئەيلەدىڭ، ئاۋارە بول،
يۈزبەلا يەتمەسكى، مەن ھەم بىر بەلا بولدۇم ساڭا.
(ئەي كوڭۇل، نەسىھەتنى ئاڭلىماي، ئاۋارىچىلىقتا قالدىڭ،
يۈزبالا يەتمىگەندەك، مەنمۇ ساڭا بىر بالا بولدۇم.)

جامى جەم بىرلە خىزىر سۇيى نەسىبەمدۇر مۇدام،
ساقىيا، تاتەركى جاھ ئەيلەپ گەدا بولدۇم ساڭا.
(جەمشىتنىڭ جامى بىلەن خىزىرنىڭ سۇيى (ئابىھايات) دائىمى
نەسىبەم، ئەي ساقى، شۇڭا مەنسەۋىمنى تاشلاپ، ئالدىڭغا تىلەم-
چىلىك قىلىپ كەلدىم.)

غۇسسە چەڭگىدىن نەۋائى تاپمادىم ئۇششاق ئارا،
تا نەۋائىدەك ئەسرۇ بىنەۋا بولدۇم ساڭا.
(ئاشىقلار ئارىسىدا غەم چاڭگىدىن (سازىدىن) پەيزى ئالالماي،
نەۋائىغا ئوخشاش ساڭا بىچارە ئەسىر بولۇپ قالدىم.)

بولسا ئىكىمىزنىڭ يۈزى ئەكسى سۇدا پەيدا،
ئۇل سۇ نى تەرەف بارسا ئاچىلغاي گۈلى رەئنا.
(ئىككىمىزنىڭ شولىسى سۇغا چۈشىدىكەن،
ئۇ سۇ قاياققا ئاقسا، شۇ ياقتا رەنا گۈللەر ئېچىلىدۇ.)

زۇلفۇڭ غەمى كوڭلۇمنى بىلىڭ فىكرىگە سالدى،
كوركىم، نى خەيال ئىچرە سالىبتۇر ئانى سەۋدا.
(ئورۇم چىچىڭنى ئويلاپ، خىيالىم بىلىڭ تەرەپكە كەتتى،
قارا، سەۋدالىق كىشىنى ھەرخىل ئويغا سالىدىكەن - ھە.)

غەۋغا قىلۇر ئەل مەھۋەشلەر كويىدا، لىكىن
مەھۋەشلەر ئىشى قىلماق ئانىڭ كويىدا غەۋغا.
(كىشىلەر ئاي جامالLارنىڭ كوچىسىدا غەۋغا قىلسا،
ئاي جامالLار ئۇنىڭ كوچىسىدا غەۋغا قىلىدۇ.)

ئەھۋالىمە فەرھاد ئىلە مەجنۇنغە تەئەججوب،
ئىشق ئەتتى خىرەد ئەھلى قاشىدا مېنى رەسۋا.
(مېنىڭ ئەھۋالىمغا پەرھات، مەجنۇنلارمۇ ھەيران قالىدۇ؛
مۇھەببەت مېنى ئەقلى - ھوشى بارلار ئالدىدا رەسۋا قىلىۋەتتى.)

ھەر سارى تاماشاغا كىم ئۇل شوخ قىلۇر ئەزم،
يوق ئاڭا تاماشاكى، ئېرۇر ئەلگە تاماشا.
(ئۇ گۈزەل تاماشا ئۈچۈن ھەر تەرەپكە بارىدۇ،
بىراق تاماشا ئۇنىڭغا ئەمەس، باشقىلارغا بولىدۇ.)

دەۋران ساڭا زۇلم ئەتسە، قەدەھلەر تولا مەي ئىچ،
قان يۇتسەڭ ئاياغلار تولا دەۋرانغە نى پەرۋا.
(زامان ساڭا زۇلۇم سالسا، قەدەھ تولدۇرۇپ مەي ئىچىۋە،
سېنىڭ قانچە قاچا قان يۇتقىنىڭ بىلەن زاماننىڭ نىمە كارى؟)

ئۇل شوخكى مەيدان ئارا كورگەنگە سالۇر تىغ،
كورمەسكە سالۇر يەتسە نەۋائى سارى ئەمدا.
(ئۇ شوخ يار مەيداندا كورگەنلا ئادەمگە تىغ ئۇرىدۇ،
بىراق نەۋائىغا كەلگەندە، كورمەسكە سالىدۇ.)

نى نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۈلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا،
(گۈلۈستاندىن ئايرىلغان بۇلبۇل قانداقمۇ ناۋا قىلسۇن،
تۇتىمۇ شەكەرىستاندىن ئايرىلسا سوزلىمەيدىغۇ.)

ئول قۇياش ھەجرىدە قورقارمەن فەلەكنى ئورتەگەي
ھەر شەرارىكىم بولۇر ئول ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا،
(ئۇ قۇياشنىڭ پىراقىدا ئاھ - زارىمدىن
چىققان يالقۇن پەلەكنى ئورتەۋەتمىگەي دەپ قورقىمەن.)

دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانو نالە كوپ،
جىسم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەفەس، جاندىن جۇدا.
(مېنىڭ ھىجرانىمدا كوپ نالە - پىغان چەكمەيسەنغۇ، دىمە.
نەپەس ۋە جاندىن ئايرىلغان تەن پىغان چىكەلەمدۇ؟)

ھەجر ئولۇمدىن تەلخ ئىمىش، مۇندىن سوڭ، ئەي
گەردۇن، مېنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا، قىلغۇنچە جاناندىن جۇدا.
(جۇدالىق ئولۇمدىن يامان ئىكەن، ئەي پەلەك، بۇندىن كېيىن
مېنى جاناندىن جۇدا قىلغىچە، جاندىن جۇدا قىل.)

بولسا يۈزمىڭ جانىم ئال، ئەي ھەجر، لېكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا، ياخۇد مېنى ئاندىن جۇدا.
(ئەي ھىجران، يۈزمىڭ جېنىم بولسىمۇ ئال، لېكىن يارنى
مەندىن، مېنى ئۇنىڭدىن جۇدا قىلما.)

ۋەسل ئارا پەرۋانە ئورتەندى، ھامانا بىلدىكىم،
قىلغۇدەكدۇر سۇبھ ئانى شەمئى شەبىستاندىن جۇدا.
(پەرۋانە ۋىسال پەيتىدە كويۈۋالدى، چۈنكى تاڭ ئۇنى
كېچىنىڭ چىرىغىدىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.)

بىر ئىيەسىز ئىت بولۇپ ئىبردى نەۋائى يارسىز،
بولماسۇن، يارەبكى، ھەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا.
(يارسىز نەۋائى ئىگىسىز ئىتقا ئوخشاپ قالدى، ئەي
خۇدا، بەندەڭ ھەرگىزمۇ سۇلتاندىن جۇدا بولمىسۇن.)

يۇز سوزۇمدىن بىرىگە بەرمەس جاۋاب ئۇل نۇشلەب،
ئاغزىنى يوقتۇر دىسەم، ۋاقىئىكى، ھىچ ئېرمەس ئەجەب.
(ئۇ لېۋى شېرىن يۇز سوزۇمنىڭ بىرسىگىمۇ جاۋاپ بەرمىدى،
شۇڭا ئۇنى ئاغزى يوق دىسەم، ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس.)

نوقتەئى خالىڭ نىدىن شېرىن لەبىڭ ئۈستىدەدۇر،
نۇقتە چۈن ئاستىن بولۇر ھەر قايدا كىم يازىلسا لەب.
(چېكىت خالىڭ نىمىشكە شىرىن لېۋىڭنىڭ ئۈستىدە؟ قاچان بولـ
مىسۇن، "لەب" دىگەن خەت يېزىلسا چېكىت ئاستىدا بولاتتىغۇ!)

ۋەسل نى يەڭلىغ مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر، چۈن ئېرۇر
دىلبەرىم نازۇك مىزاجۇ مەن بەغايەت بىئەدەب.
(مەن قانداقمۇ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولاي، چۈنكى دىلبىرىم
نازۇك مىجەز، مەن بولسام ناھايىتى ئەدەپسىز.)

گەر قوياش دەرلەر يۇزۇڭنى، گەرم بولۇب چەكمە تىغ،
ئەلگە جورمى يوق، ئىنار ئاسماندىن ھەر لەقەب.
(يۇزۇڭنى قۇياش دىسە، ئاچچىغلىنىپ تىغ تەڭلىمە، ئادەملەردە
نىمە گۇنا، لەقەم دىگەن ئاسماندىن چۈشىدىغان
نەرسە.)

لەئلىڭ ئالسا چاكلىك بىمار كوڭلۇمنى نىتاڭ،
ئەي، مەلاھەت نەخلى، چۈنكىم خەستە سىز بولماس رۇتەب.
(لەئلى لىۋىڭ چاك كەتكەن كوڭلۇمنى ئالسا، نىمە بولىدۇ،
ئەي، گۈزەل قامەت، خورمىنىڭمۇ چاك - چېكى بارغۇ.)

زىندەدىل مەجنۇننىڭ ئۆلمىش كوڭلى چۈن لەيلىغە ھەي،
بەس، نى ئاسىغ ئانى ھەيدىن قاۋلاماغلىق، ئەي ئەرەب.
(خۇشدىل مەجنۇننىڭ كوڭلى لەيلى ئۈچۈن ھاياتلىق ئىدى،
ئەي ئەرەپ، ئۇنى ھەي قومىدىن قوغلاشنىڭ پايدىسى نىمە؟)

تالىب ئۆلكىم تاپماساڭ داغى بۇ بەسكىم، ئەيلەمەس
بىر نەفەس غافىل سىنى مەتلۇب ياندىن تەلەب.
(مەخسەتكە ئېرىشەلمىسەڭمۇ تەلەپكار بولساڭ، غاپىل سىنى
تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ يېنىدىن ئاجرىتالمايدۇ)

قەھر بەرقى بىرلە رەھمەت يامغۇرى گەر بۇيلەدۇر،
ئىمىن ئېرمەس بۇلئەلا، نەۋمىد ئەمەستۇر بۇ لەھەب.
(غەزەپ چاقمىقى بىلەن شەپقەت يامغۇرى شۇنداق نەرسىكى،
ئۇنىڭ ئالدىدا ئو بۇلئەلا بىئارام بولسا، ئۇبۇلەھەب ھەرگىز
نائۇمىت ئەمەس)

گەر نەۋا تاپسا نەۋائى لەبلەرىڭنىڭ زىكرىدىن،
تاڭ ئەمەستۇر، چۈن مۇدام ئەفزۇن بولۇر مەيدىن تەرەب.
(نەۋائى لېۋىڭدىن تامغان سوزدىن پەيزى تاپسا، ئەجەپلىنەرلىك
ئەمەس. چۈنكى شاراب بىلەن كىشىنىڭ كەيپى چاغ بولىدىغۇ.)

كوز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كورۇب،
تىپڧل يەڭلىغكىم يۇگۇرگەي هەر تەرەف ئاھۇ كورۇب.
(بىر جادۇ كوزلۇكنى كورۇپ، كوز يېشىم شۇنداق ئاقتىكى،
خۇددى كىچىك بالا كىيىكنى كورۇپ، هەرياققا يۈگرىگەندەك.)

قالدى هەيران زاهىد ئەشكىمدە كورۇب هەريان هۇباب،
رۇستايىدەككى، هەيرەت ئەيلەگەي ئوردۇ كورۇب.
(كوز يېشىمدا كوۋۇكلەرنى كورگەن زاهىت شۇنداق هەيران
قالدىكى، گويا بىر سەرالىق لەشكەرلەرنى كورۇپ هاڭ - تاڭ
بولغاندەك.)

جان ئارا تىغىڭ كورۇب كوڭلۇم قۇشى تۈزدى نەۋا،
تۇتىئىدەككىم، تەكەللۇم ئەيلەگەي كوزگۇ كورۇب.
(جېنىمغا سانچىلغان تىغنى كورۇپ، كوڭلۇم قوشى نەۋا قىلدى،
خۇددى تۇتى ئەينەكتە ئوز ئەكسىنى كورۇپ سوزلەپ
كەتكەندەك.)

ۋادەئى ئىشقىڭ ماكان قىلدى كوڭۇل كورگەچ يۈزۈڭ،
ئەل بىيابان ئىچرە مەنزىل ئەيلەگەندەك سۇ كورۇب.
(كوڭلۇم يۈزۈڭنى كورۇش بىلەن ئىشقىڭ ۋادىسىنى ماكان تۇتتى،

خۇددى كىشىلەر باياۋاندا سۇ بار يەرنى كورۇپ، شۇ يەرگە
چۈشكەندەك.)

جاندا ئوز داغىن كورۇب ئاشىقلىغىمنى ئاڭلادى،
ئول كىشىدەككىم تانىغاي ئوز قۇلىن بەلگۇ كورۇب.
(ئۇ، جېنىمدا ئوزىنىڭ سالغان دېغىنى كورۇپ، ئاشىقلىغىمنى بىلـ
دى، خۇددى بەلگىسىنى كورۇپ ئوز قۇلىنى تونۇۋالغان كىشىدەك.)

بادە تۇتقاچ دىمە بىخود بولدىكىم، ئول كوزگۇدىن،
باردى هۇشۇم يار هوسنى جىلۋەسىن ئوترۇ كورۇب.
(مەي سۇنغاندىن كېيىن بىخوت بولدى دىمە، بەلكى شىشىدىن
يار جامالىنىڭ جىلۋىسىنى كورگەندەك بولۇپ، هۇشۇمدىن كەتتىم.)

ئەي نەۋائى، دەفئى ئولۇر خالىن كورۇب كوهى غەمىم،
فىل يەڭلىغكىم، هەزىمەت ئەيلەگەي هىندۇ كورۇب.
(ئەي نەۋائى، ئۇنىڭ خالىنى كورسەم، تاغدەك غېمىم يوقۇلىدۇ،
خۇددى هىندىنى كورۇپ پىل قېچىپ كەتكەندەك.)

كېزەرمەن كويىدە يىللار، نەزەر ھالىمغا سالغاي دەب،
ئەگەر ئۆلتۈرسە قانىم رەڭگى تۇفراغىدا قالغاي دەب.
(ھالىمغا نەزەر سالار، ياكى ئۆلتۈرسە قېنىم رەڭگى تۇپرىغىدا
قالار دەپ، يىللار بويى ئۇنىڭ كوچىسىنى كېزىمەن.)

كوڭۈلگە يۈز تۈمەن نېش ئۇرسا ھىجران، ئەيلەمان نالە،
ۋىسالىڭ نۇشىدىن ئول زەخملەر بىركۈن ئوڭالغاي دەب.
(ھىجران مېنىڭ كوڭلۈمگە يۈز تۈمەن نەشتەر ئۇرسىمۇ، بىر كۈنى
ۋىسالىڭ شەربىتى بىلەن بۇ زەخملەر ئوڭلىنىپ كېتىدۇ دەپ، نالە
قىلمايمەن،)

كوڭۈلگە ناۋەكىڭ تاكىردى، بىھەد ھىفزىن ئەيلەرمەن،
كى بۇ شىشە ئىچىندە ئول داغى ناگاھ ئۇشالغاي دەب.
(كوڭۈلگە ئوقلىرىڭ كىرىش بىلەن، ئۇ، بۇشىشە ئىچىدە —
تۆيۈقسىز سۇنۇپ كەتمىگىدى دەپ بەكمۇ ئاسرايمەن.)

كوڭۈلنى كويىدە يۈز رەنج ئىلە مىھنەتقە تاپشۇردۇم،
كى گەر كورسە بۇ سۈرەت بىرلە شايەد كوڭلۈم ئالغاي دەپ.
(كوڭلۈمنى ئۇنىڭ كوچىسىدا يۈز دەرد بىلەن جاپاغا تاپشۇردۇم،
ئۇ بۇ ھالەتتە كورسە كوڭلۈمنى ئالارمىكىن دەب.)

سىردىشكىم قانى قىلدى كويىنىڭ تۇفراغىنى ئاغۇشتە،
ئىتىگە شايەد ئول بالچىغ بىلە بىر ئوي ياسالغاي دەپ،
(ئۇنىڭ كوچىسىنىڭ توپىسى قان ياشلىرىم بىلەن ئارىلاشتى.
پەلكى، بۇ لاي ئۇنىڭ ئىتىغا ئوي ياساشقا ياراپ قالار.)

ھەرەم ۋەسلىن تىلەرسەن، پويە ئۇر مەردانە، ئەي سالىك،
قەدەم ئاھىستە چەكمە باغرىڭ ئول يەلمەكدە تالغاي دەب.
(ھەي سوپى، ھەرەم ۋەسلىنى خالىساڭ، مەردانە قەدەم تاشلا،
بۇ يولدا ھاسىراپ قالىمەن دەپ قەدىمىڭنى ئاستىلاتما.)

نەۋائى، بىنەۋالىغ بىرلە دائىم مەي ئىچەر، بىر كۈن
نەۋا نەقشىنى دەۋران مۇتربى بەزمىدە چالغاي دەب.
(نەۋائى بىچارىلىقتىن ھېمىشە مەي ئىچىدۇ، نەۋا كۈينى
بىر كۈنى زامان سازەندىسى بەزمىلەردە چالار.)

جۇنۇن تاشى ئۇرۇب ھەريان ياكى داغىمنى ئەفگار ئەت،
ئىچىمدىن لالەدەك ئىشق ئىچرە تاشىمنى نەمودار ئەت.
(جۇنۇن تېشى بىلەن ھەممە يېرىمگە ئۇرۇپ يېڭى داغلارنى پەيدا قىل،
ئىشق ئوتىدا لالىدەك قىزارغان ئىچىم تېشىمغا ئۇرلىسۇن.)

چۇ مەجنۇن قىلدىڭ ئەمدى، ئەي مۇغەننى، گوشە تاپقىنى
كوڭۇل سەۋداسى تەسكىنى ئۇچۇن بوينۇمغا تۇمار ئەت.
(ئەي سازەندە، مېنى مەجنۇن قىلدىڭ: ئەمدى كوڭۇل سەۋداسىنى بېسىش ئۇچۇن سازىڭنىڭ قۇلاقلىرىنى بوينۇمغا تۇمار قىلىپ ئېسىپ قوي.)

دىسەڭ كوڭلۇم قۇشى ئەيلەب ھەۋا، چەككەي نەۋايى ئىشق،
خەدەڭگىڭنىڭ پەرىن ئەيلەپ قانات، پەيكانىنى مىنقار ئەت.
(كوڭلۇم قۇشىنى پەرۋاز قىلىپ ئىشق پەيزىنى ئالسۇن دىسەڭ، ئوقۇڭنىڭ پەرلىرىنى قانات، ئۇچىنى تۇمشۇق قىل.)

ساچىلىڭ كۇفرىدە ئولسەم قەبرىم ئوزرە قويما خىرقەمنى،

چېكىب ھەر تارىنى بىر بەرھەمەن بىلىگە زۇننار ئەت.
(چېچىڭنىڭ ئىپزىنقۇلىغىدىن ئولسەم، جەندەمنى قەۋرىمگە قويماي، ئۇنى چۇگۇپ، ھەر بىر يىپىنى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ بېلىگە زۇننار قىلىپ باغلاپ قوي).

كوڭۇل ئەيۋانىدا ئاھىم يېلىدىن پەردەئى ئىشقىڭ
دىسەڭكىم ئۇچماسۇن، مىژگاندىن ئەتراپىغا مىسمار ئەت.
(كوڭۇل ئايۋانىدا ئاھىم شامىلىدىن ئىشقىڭ پەردىسى ئۇچۇپ كەتمىسۇن دىسەڭ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كىرپىكىڭ بىلەن مىخلاپ قوي.)

دىسەڭ ئاغزىن كورەي، ئەي ئەقل، مەركەز نوقتەسىن ئىستە،
ۋەلى شەرت ئۇشبۇكىم، ئەۋۋەل قوياش دەۋرىنى پەرگار ئەت.
(ئەي ئەقىل، ئاغزىنى كورەي دىسەڭ، مەركەز نوقتىسىنى تاپ، بىراق، شەرت شۇكى، ئالدى بىلەن قۇياش دائىرىسىنى سىركۇل قىلغىن.)

ئىمارەت تەرھىدۇر نەئلو ئەلىفدىن ھەر تەرەف كوكسۇم،
ۋەفا قەسرىن قوپارساڭ بۇ بىنالار ئۇزرە دىۋار ئەت.
(بىرىنچى ئەگمە، بىرىنچى تۇز كوكسۇم ئىمارەت ئەندىزىسى، ۋاپا قەسرىنى قۇرساڭ ئۇنى بۇ بىنالارغا تام قىلغىن.)

ئىرۇر مەقسەد يىراق، ۋادى ئۇزۇن، تۇن تىرە، يول بۇرتاق،
بۇ يولدا سەلب ئېتىب ئوزلۇك يۇكىن، ئوزنى سەبۇكبار ئەت.

(مەقسەت يىراقتا، ۋادە ئۇزۇن، تۇن قاراڭغۇ، يول ئېگىز-پەس،
شۇڭا بۇ يولدا شەخسىيەت يۈكىنى تاشلاپ، يەڭگىل ماڭ.)

نەۋائى ئۇلسە تىرگۈزگىل يۈزىگە يۈز قويۇپ، يەنى
يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ ئول ئۇيقۇسىدىن ئانى بىدار ئەت.
(يۈزىگە سۇ سېپىپ ئادەمنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتكەندەك،
ناۋايى ئۇلسە، يۈزىگە يۈزۈڭنى يېقىپ تىرىلدۈرگىن.)

ۋۇجۇدۇم ئورتەدىڭ ئەي، ئىشق، ئەمدى تەركىم تۇت،
خۇداي ئۇچۇنكى، مېنى قايدا كوردۇڭ، ئاندا ئۇنۇت.
(ئەي ئىشق، ۋۇجۇدۇمنى ئورتىدىڭ، ئەمدى مەندىن كەچ،
خۇدا ھەققى، مېنى نەدە كورگەن بولساڭ، شۇ يەردە ئۇنۇت.)

كوڭۇلنى ۋەسل چىراغى بىلە دىدىڭ يارۇتاي،
تۇتاشتى چۇن بىزىڭ ئوي، ئەمدى ئوزگە ئۇينى يارۇت.
(كوڭۇلنى ۋىسال چىرىغى بىلەن يورۇتاي دىگەن ئىدىڭ،
بىزنىڭ ئوي تۇتۇشۇپ بولدى، ئەمدى باشقا ئۇينى يورۇت.)

چۇ ۋەسل كويىمەك ئىلە ھاسىل ئولمادى، ئەي كوز،
تەھەسسۇر ئەشكى بىلە شۇئلەلىغ كوڭۇلنى ساۋۇت.
(كويىمەك بىلەن ۋىسالغا يەتكىلى بولمىدى، ئەي كوز، ئەمدى
ھەسرەت يېشىنى توكۇپ ئوتلۇق كوڭۇلنى سوۋۇتقىن.)

جۇنۇن دەفئىغە كوڭلۇمنى داغ ئېتەي دەبسەن،
بۇداغ سەھلدۇرۇر، ھەجرداغىنى قورقۇت.
(ساراڭلىغىمنى يېشىش ئۇچۇن كوڭلۇمنى داغلاي دەپسەن،
بۇ داغ چاغلىق نەرسە، ھىجران دېغىنى قورقۇت.)

بۇخارى ئاھىم ئېرۇر لايىق، ئاڭلاغىل، ئەي ئەشك،
باھارى ھوسنىغە ناگاھ كېرەكلىك ئولسا بۇلۇت.
(ئەي، كوز يېشىم، ناۋادا ئۇنىڭ باھاردەك ھوسنىگە
بۇلۇت لازىم بولسا، ئۇنىڭغا ئاھىم تۇتۇنى لايىق.)

نى ۋاقە ئولسە چۇ تەقدىردىن ئەمەس خارىج،
بەس ئوكتەدۇر قىلوردىن كىشىگە بەرمەك ئۇگۇت.
(ھەرقانداق ئىشنىڭ سادىر بولۇشى تەقدىردىن تاشقىرى ئەمەس،
بەس، كىشىنىڭ قىلمىشلىرى توغرىلىق نەسىھەتنىڭ ھاجىتى يوق.)

نەۋائىيا، بۇ ئوتەر ئالەم ئىچرە بەش كۇن قىل
ئوزۇڭنى مەي بىلە مەشغۇلۇ ئىشق بىرلە ئاۋۇت.
(ئەي ناۋايى، بۇ ئوتكۇنچى بەش كۇنلۇك ئالەمدە ئوزەڭنى
مەي بىلەن مەشغۇل قىلىپ، ئىشق بىلەن ئاۋۇتقىن.)

يانا سالدى ھەجر ھەم تەن ھەم كوڭول ھەم جانغا ئوت،
سالدى ئوت ھىجران ماڭا، يارەبكى، سال ھىجرانغا ئوت.
(جۇدالىق يەنە تەن، كوڭۇل، جانغا ئوت سالدى،
ھىجران ماڭا ئوت سالدى، خۇدا، سەن شۇ ھىجرانغا ئوت قويـ
غىن.)

ئەيتقاي كىيمىش جۇنۇن مولكى شەھى زەركەش لىباس،
كورگەن ئېل بۇ نەۋئىكىم تۇشمىش مەنى ئۇريانغا ئوت.
(مەن يالاڭغاچقا ئوت تۇتاشقانلىغىنى كورگەنلەر
"جۇنۇن مەملىكىتىنىڭ شاھى ئالتۇندىن كىيىم كىيىپتۇ" دېيىشىدۇ.)

گويىيا بولدى قۇيۇن غەم دەشتىدە ئەسكەن سەمۇم،
يوقسە تۇشتى مەن كەبى مەجنۇنى سەرگەردانغا ئوت.
(غەم دەشتىدە چىققان ئىسسىق شامال قۇيۇن بولدى.
ياق، بۇ ماڭا ئوخشاش ئايلىنىپ يۇرىدىغان مەجنۇنغا تۇتاشقان ئوت.)

مەنزىلىڭ ئېردى كوزۇ كوڭلۇم، ۋەلى سەن بارغالى
مۇنى سۇ قىلدى خارابۇ تۇشتى ئول ۋەيرانغە ئوت.
(كوزۇم ھەم كوڭلۇم مەنزىلىڭ ئىدى، بىراق سەن كېتىپ بۇنى
(كوزنى)
سۇ خاراپ قىلدى، ئۇ ۋەيرانلىقتا (كوڭلۇمگە) ئوت تۇتاشتى.)

مەن داغى كويىمەي قۇتۇلماق ئەي كوكۇل مۇمكىن ئەمەس،
بۇيلەكىم، سالدى دەمىم غەم دەشتىدە ھەريانغا ئوت.
(ئەي كوكۇل، يەنە كويۇشتىن خالى بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس،
چۈنكى مېنىڭ نەپسىم بۇ غەم دەشتىدە ھەممە ياققا ئوت چاتتى.)

دۇدى ئاھىم داش دۇددەكمۇ رەۋزەندىن چىقار،
يا سالىبتۇر فۇرقەتىڭ بۇ كۇلبەئى ئەھزانغە ئوت.
(ئاھىم تۇتۇنى داش قازان تۇرخۇندىن چىققان تۇتۇنگە ئوخشاپ
تۇرامدۇ؟ ياكى بۇ، پىراقىڭدىن غېرىپ كەپەمگە ئوت كەتكەنـ
لىگىمۇ؟)
گەر ماڭا ئوت سالدى دەۋران ھەجرىدىن، بەس ئەيب ئەمەس،
مەن داغى سالسام دەمادەم ئاھ ئىلە دەۋرانغا ئوت.
(زامان ماڭا جۇدالىق ئوتىنى سالغان ئىكەن، مەنمۇ توختاۋسىز
ئاھىم بىلەن زامانغا ئوت قويسام ئەيىپ ئەمەس.)

نى ئۈچۈن ئەشجاردىن يىغمىش ئوتۇن، ئەي باغبان،
ئاتەشىن گۈلدىن ئەگەر ئورماس فەلەك بوستانغە ئوت.
(پەلەك ئاتەشتەك گۈللەردىن بوستانغا ئوت ياقمىغان بولسا،
ئەي باغۋەن، نىمە ئۈچۈن دەرەخلەردىن ئوتۇن يىغىشىدۇ؟)

ئەي نەۋائى، تەن قالىپ، جانىمنى ئالىب باردى يار،
سالدى ئۇ بارغانغا ئوت، ھىجران ۋەلى قالغانغە ئوت.
(ئەي نەۋائى، تېنىم قېلىپ، جېنىمنى يار ئېلىپ كەتتى،
كەتكەننى (جاننى) ئۇ كويدۇردى، قەپ قالغىنىنى (تەننى) ھىجـ
ران كويدۇردى.

مېنىڭ جۇنۇنىمە گەر ئول پەرى ئېرۇر بائىس،
ھەلاكىمە قەد ئىلە پەيكەرى ئېرۇر بائىس.
(مېنىڭ مەجنۇنلىغىمغا ئاشۇ پەرى سەۋەپچى،
ھالاكىتىمگە قەددى ـ قامىتى سەۋەپچى.)

دىمە نىدىن كويەسەنكىم، ئانىڭ يۈزۈ لەبىنىڭ
بۇ ئىشكە شوئلە بىلە ئەخگەرى ئېرۇر بائىس،
(نىمىشقا كويۈسەن دەپ سورىما، بۇ ئىشقا ئۇنىڭ يۈزىنىڭ
يالقۇنى، لېۋىنىڭ چوغى سەۋەپچى.)

كوكۇل قۇشى تۇنۇ ـ كۈن مۇلكى باختەر سارى
ھەۋا قىلۇرغە مەھى خاۋەرى ئېرۇر بائىس.
(كوڭلۇم قۇشىنىڭ دائىم كۈن چىقىش ئېلىگە قاراپ
ئۇچۇشىغا شەرقتىن چىققان ئاي سەۋەپچى،)

ماڭا كىم غەمزەسىدىن ئولمىشەم، ھەياتى ئەبەد
خەيالىغە لەبى جان پەرۋەرى ئېرۇر بائىس.
(ماڭا قىلغان نازىدىن ئولۇپ كېتەتتىم، ئەمما ئەبەدى ئولمەسلىك
ئۇمىدىمگە ئۇنىڭ جانبەخش لېۋى سەۋەپچى.)

چەمەندە بۇلبۇل ئېتەر شەۋق نۇكتەسىن تەكرار،
كى گۇل ۋەرەقلەرىنىڭ دەفتەرى ئېرۇر بائىس.
(بۇلبۇل چىمەندە مەنىلىك ئىشق سوزىنى تەكرارلايدۇ،
بۇنىڭغا گۇل ۋاراقلىرىدىن تۈزۈلگەن دەپتەر سەۋەپچى.)

تۈل ئاي فىراقىدا ئەشكىم ئاقارغە شامۇ سەھەر
تولۇئى زوھرە بىلە مۇشتەرى ئېرۇر بائىس،
(ئۇ ئاي پىراقىدا تاڭ ئاتقىچە ياش توكۇشۇمگە چولپان ۋەمۇش-
تەرى يۇلتۇزلىرىنىڭ چاقنىشى سەۋەپچى.)

كوڭۇلنى چاكو باغرنى شىگاف ئىستەرىمە
ئانىڭ قىلىچى بىلەن خەنجەرى ئېرۇر بائىس.
(كوڭلۇمنى چاك، باغرىمنى پارە قىلىشىمغا ئۇنىڭ قاش قىلىچى
بىلەن كىرپىك خەنجىرى سەۋەپچى.)

ھەمىشە دەير ئىچىدە بولماغىمە مۇغبەچەلەر
كەرەشمەسىۇ فەنا ساغەرى ئېرۇر بائىس.
(ھەمىشە مەيخانىدا بولۇشۇمغا مۇغبەچىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن
يوقۇلۇش شارابى سەۋەپچى.)

نەۋائى ئولمەسغە ئازىمى ئىراقو ھىجاز،
مەگەر نەزاھەتى مۇلكى ھىيەرى ئېرۇر بائىس،
(نەۋائىنىڭ ئىراق، مەككىلەرگە بارماسلىقىغا
ھىيرات ئېلىنىڭ پاكلىقى سەۋەپچى.)

ئەي گەدايىڭنىڭ گەدايى بارچە ئەھلى تەختۇتاج،
كىم گەدايىڭدۇر ئاڭا يوق تەخت ئىلە تاج ئېھتىياج.
(ئەي! جىمى تەختۇ تاجلىقلار سېنىڭ گادىيىڭنىڭ گادىيى،
كىم گادىيىڭ بولسا، ئۇ تەخت ۋە تاجغا مۇھتاج ئەمەس.)

كوزلەرىڭ ئاز جۇرم ئۇچۇن قىلسا ئىتاب، ئېرمەس ئەجەب،
بار مۇئەييەنكىم، بولۇر بىمارلار نازۇك مىزاج.
(كوزلىرىڭ ئازراق گۇنا ئۇچۇنمۇ جازا بېرىدۇ، بۇمۇ ھەيران قالار-
لىق ئەمەس.
چۈنكى ئاغرىغان كىشىنىڭ تاۋى نازۇك بولىدىغانلىقى ھەممىگە
ئايان.)

گەر سەنۇبەر تۇزمەمىش سەرۋىڭ خىلافىن كوڭلىدە،
يەل چىنار ئىلگى بىلە نىۋچۇن ئۇرار يۇزىگە كاج.
(سەنۇبەر دەرىخى ئوز كوڭلىدە قەددىڭنى باشقىچە تەسەۋۋۇر
قىلسا،
شامال نىمە ئۇچۇن چىنار قولى بىلەن ئۇنىڭ كاچىتىغا ئۇرۇدۇ.)

ئەيكى، كوڭلۇمنى بۇزۇب، دەرسەن: خەيالىمنى چىقار،
ھېچكىم ۋەيرانەدىن گەنج ئىستەمەس ھەرگىز خىراج.

(ئەي، كوڭلۇمنى بۇزۇپ، يەنە "خىيالىمنى چىقار" دەيسەنا،
ھېچكىم خارابىدىن غەزنەڭدىن سېلىق بەر دەپ تەلەپ قىلمايتتىغۇ.)

سەن جەفا قىلغاچ، كوڭۇل جان بىرلە تەركىم تۇتتىلەر،
بولسا شاھ زالىم، ئەل ئىچرە زۇلمغە ئىرمىش رىۋاج.
(پادىشا زالىم بولسا يۇرت ئىچىدە زۇلۇم ئەۋج ئېلىپ كەتكەندەك،
سەن جاپا سېلىۋە گەچكە كوڭلۇممۇ، جېنىممۇ مەندىن بىزار بولدى.)

ھەجرىدىن داد ئىستەدىم، دىردىڭ سەبۇر ئول، ۋايكىم،
تازە داغىمغە يانار ئوت بىرلە ئەيلەرسەن ئىلاج.
(پىراقىڭ دەستىدىن زارلىسام، سەۋىرچان بول دەيسەن،
ۋاي، سەن كويۇكنى ئوت بىلەن داۋالايدىكەنسەن ـ ھە!)

چۇن فەنا گەردى ياپار، نى سۇد تەختۇ جاھىڭە،
كوكنىڭ ئەنجۇمدىن مۇكەللەل ئەتلەسىن قىلساڭ دۇۋاج.
(تاجۇ ـ تەختىڭدىن نىمە پايدا، ئاسمانىنىڭ يۇلتۇز گۈللۈك
ئەتلەسلىرى
بىلەن بېزەسەڭمۇ، بەرىبىر ئۇنى يوقۇلۇش توزاڭى باسىدۇ.)

تا گەدايىڭدۇر نەۋائى تەخت ئىلە تاج ئىستەمەس،
ئەي گەدايىڭنىڭ گەدايى بارچە ئەھلى تەختۇتاج.
(ئەي، جىمى تەختۇ ـ تاجلىقلار سېنىڭ گادىيىڭنىڭ گادىيى،
نەۋائى سېنىڭ گادىيىڭ بولغاچقا تاجۇ ـ تەخت ئىزلىمەيدۇ.)

كوڭۇللەر نالەسى زۇلفۇڭ كەمەندىن ناگەھان كورگەچ،
ئېرۇر ئانداقكى، قۇشلەر قىچقىرىشقايلار يىلان كورگەچ.
(كوڭۇللەر زۇلفۇڭ سىرتمىقىنى كورسە، نالە كوتىرىدۇ،
گويا قۇشلار ئىلاننى كورگەن ھامان چۇقۇراشقاندەك.)

كوڭۇل چاكىن كوزۇمدە ئەشكى رەڭگىن ئەلگە فاش ئېتتى،
بالىغ زەخمىنى فەھم ئەيلەرلەر ئەل دەريادا قان كورگەچ.
(كوڭۇل يارىسىنى كىشىلەر كوزۇمنىڭ قانلىق يېشىدىن سېزىۋالدى،
خۇددى دەريادا قان كورگەنلەر بېلىقنىڭ زەخىملەنگەنلىكىنى
پەرەز قىلغاندەك.)

كوزۇم قان ياش توكەر، نېتىپ كوڭۇل زەخمىن ياشۇرايكىم،
تاپارلەر يەردە زەخمىن سەيد قانىدىن نىشان كورگەچ.
(كوزۇم قانلىق ياش توكۇپ تۇرسا، كوڭۇل زەخمىنى قانداقمۇ
يوشۇرالايمەن،
ئوۋچىلار يەردە قان ئالامىتىنى كورسىلا زەخملەنگەن ئوۋنى
تاپىدۇغۇ.)

بويالغان قان ئارا جان پەردەسى يەتكەچ غەمى ھەجرىڭ،
كوڭۇل باغىدا بەرگىدۇركى، ئال ئولمىش خەزان كورگەچ.
(جان پەردىسى ھىجرىڭ غېمى كېلىشى بىلەن قانغا بويالدى،
ئۇ، كوڭۇل بېغىدىكى كۈز كېلىشى بىلەن قىزىرىپ كېتىدىغان
يوپۇرماققا ئوخشايدۇ.)

خەدەڭگىڭ زەخمى ئىچىندىن بەلالارنى يۇغان ياشىم،
ئېرۇر تېفلىكى، ئالغاي قۇش بالاسىن ئاشيان كورگەچ.
(كوز يېشىم ئوقۇڭنىڭ زەخمىسى ئىچىدىن بالالارنى يۇيۇدۇ،
ئۇ خۇددى ئۇگا كورسىلا قۇش بالىسىنى ئالىدىغان كىچىك
بالىغا ئوخشايدۇ.)

كوڭۇللەر نەقدىنى تاراج ئېتەرگە ياپماغىڭ بۇرقەئ،
ئانىڭدەكدۇركى، يۇز باغلار قاراقچى كارۋان كورگەچ.
(چۇمبەل تارتىشىڭ كوڭۇل بايلىغىنى بۇلاش ئۇچۇن ئەمەسمۇ،
قاراقچىمۇ كارۋاننى كورگەن هامان يۇزىگە نىقاپ تارتىدىغۇ.)

يۇزىن زۇلف ئىچرە تا كوردۇم، ئولۇپ ۋەسلىغە يەتمەسمەن،
غەلەت ئېرمىش يۇز ئۇرماق كېچە ئوتنى هەرقايان كورگەچ.
(يۇزىنى چېچىنىڭ ئارىسىدا كورۇپ قالدىم، ۋەسلىگە يېتەلمەي
ئولىدىغان ئوخشايمەن، چۇنكى كېچىدە هەر قاياقلاردىكى ئوتقا
يۇزلىنىش بولمىغۇر ئىشقۇ.)

ئېرۇر چۇن ئالەم ئىچرە جاه فانى، ياخشى ئات باقى،
بەس. ئېل كامىن رەۋا ئەيلە ئوزۇڭنى كامران كورگەچ.
(بۇ دۇنيادا مەنسەپ ۋاقىتلىق، ياخشى نام مەڭگۇلۇك، شۇڭا
هوقۇقۇڭ بار ۋاقتىڭدا ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان بول.)

نەۋائى، خۇردەگى نەزمىڭنى ئانداق ئەيلەدىڭ تەھرىر،
كى ساچقاي خۇردە باشىڭ ئوزرە شاهى خۇردەدان كورگەچ،
(نەۋائى، نازۇك نەزملىرىڭنى شۇنداق يازدىڭكى،
ئۇنى بىلىمدانلار شاهى كورسە، بېشىڭغا ئالتۇن چاچقۇ چاچىدۇ.)

كوڭۇلنى مۇغبەچە ئالدى، مۇغانە تۇت ئەقداه،
كى يوق سەلاه ئىلە بولماغلىق ئەمدى بىزگە سەلاه.
(كوڭۇلنى مۇغبەچە ئالدى، مەيپۇرۇشلارچە قەدەهلەر سۇنغىن،
ئەمدى بىزگە ياخشىلىق بىلەن تۇزۇك ئوتۇش يوق.)

بىر ئاي، فىراقىدا بىخۇدلۇغ ئىستەرەم، تولاتۇت،
ئەگەر قىلىب ئىسەڭ ئەفلاك جىرمىدىن ئەقداه.
(بىر ئاينىڭ پىراقىدا هوشسىز بولغۇم كېلىدۇ، ئاسماندەك
قەدەهلەر بولسىمۇ، تولدۇرۇپ تۇت.)

هەلال بولدى خەرابات ئىشق ئەهلىغە، مەي
تۇتار بىز، ئەهلى ۋەرەئ كىمكى ئانى تۇتسا مۇباه.
(ئاشىقلارغا مەيخانە هالال بولدى، ئەگەر سوپىلار راۋا كورسە،
ئۇلارغىمۇ تۇتۇمىز.)

هەياتبەخش لەبىڭ روه ئىمىشتۇك ،ئەي ساقى،
مەگەركى ۋاۋىنى ئېلال ئېتىب قىلىبسەن راه.①

①راه — مەي.

(ئەي ساقى، ھاياتبەخش لېۋىڭ ئادەمنى روھلاندۇرۇدىكەن،
سەۋەبى "روھ"
دىكى "و" ھەرپىنى "ا"گە ئالماشتۇرۇپ "راھ" قىلىۋېتىپسەن.)

يوق ئېرسە جىسمدا، ئول ھاسىل ئەيلەگەي قايدىن،
ھەكىم نە ئۇچۇن ئەجزاسىنى دىدى ئەرۋاھ.
(جىسمدا يوق نەرسە نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ پەيلاسوپلار
نىمە ئۇچۇن تەن ئەزاسىنى روھ دەيدۇ؟)

سەباھ مەيكەدە باغلىقدۇرۇ خۇمارىم تۇند،
تەئەججۇپ ئەتمەڭ ئەگەر زىكرىم بولسا "ياغەتتاھ".
(سەھەردە مەيخانە ئىشىگى تاقاقلىق بولىدۇ، بىراق خۇمارىم
كۈچلۈك، شۇڭا "ياپەتتاھ"① دەۋەسەم، ئەجەپلەنمەڭلار.)

نى ئېردى مەيكەدە غەۋغاسى، رەزقىزىن گويا
بۇ شام قىلدى نەۋائىغە دەيرپىرى نىكاھ.
(مەيخانىدىكى نىمە غەۋغا بولاتتى؟ بۇ ئاخشام مەيخانىچى
تەك قىزىنى② ناۋائىغا نىكا قىلدى.)

① "ياپەتتاھ" — "ئەي ئىشىكنى ئاچقۇچى" دىگەن مەنىدە. خودانىڭ بىر سۈپىتى.

②تەك قىزى، ياكى رەز قىزى — ئۈزۈم شارابى مەنىسىدە.

خانەقەھدە ھەلقەئى زىكر ئىچرە غەۋغا قىلدى شەيخ،
ئەھلى دىللار نەقدى ئەۋقاتىنى يەغما قىلدى شەيخ.
(شەيخ خانىقادا زىكرى چەمبىرىگى قۇرۇپ غەۋغا كوتەردى،
سوپىلارنىڭ ۋاقىت بايلىغىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.)

ئول بىرى دام ئېردى، بۇ بىر دانە ئېل سەيدى ئۇچۇن،
ھەرقاچانكىم ئەزمى تەسبىھۇ موسەللا قىلدى شەيخ.
(شەيخ دائىم تەسۋى بىلەن جايىنامازغا يولىنىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى
كىشىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۇچۇن دان، بىرسى قىلتاق.)

يا خەيالى بەڭ، ياخۇد خانەقەھ فىكرى ئىدى،
ھەركەراماتى مەقاماتىكى ئىفشا قىلدى شەيخ.
(ئۇ يا نەشىنىڭ كەيپىدە ياكى خانىقانىڭ غېمىدە
ئوزىچە ئاجايىپ كارامەتلەرنى كورسىتىپ كېتىدۇ.)

كەف ساچىب، فەرياد ئېتىب، سىكرەب، پەرۋىشلەرنى سەيد
قىلغالى، دىۋانەلىغلەر ئاشكارا قىلدى شەيخ.
(ئۇ گۆزەللەرنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۇچۇن ئاغزىدىن كوپۈكلىرىنى
چاچرىتىپ، پەريات كوتىرىپ، سەكرەپ، دىۋانىلىقنى نامايىش
قىلىدۇ.)

توق چىقىب خىلۋەتتىن ئوزنى روزە دەب جۆھىلىدىن،

ئەسرو كوپ نادانىنى ئۆز تەۋرىغە شەيدا قىلدى شەيخ.
(ئۇ خالى يەردە قوسىقىنى تۇيغۇزۇپ چىقىپ، مەن روزا
تۇتتۇم دەپ
نادانلىق بىلەن نۇرغۇن نادانىنى ئۆز ئادىتىگە شەيدا قىلىۋالدۇ.)

باۋۇجۇدى مەسخۇ نادانلىغ مۇرىد ئەيلەر ئۇچۇن،
كوپ ئۆزىدىن مەسخۇ نادانراغىنى پەيدا قىلدى شەيخ.
(ئۇ، شۇنداق تۇرۇپ، ئەخمەق ۋە نادانلاردىن مۇرىت توپلاش
ئۇچۇن ئۆزىدىنمۇ بەتەر ئەخمەق، نادانلارنى تاپىدۇ.)

دەيرى پىرىنىڭ مورىدى مەنكى فەيزى ئام ئىرۇر
خانەقەھدە فەيزى ئام ئەلدىن تەمەننا قىلدى شەيخ.
(شەيخ خانىقادا كىشىلەردىن بىردەك پەيزى تاما قىلىدۇ،
مەن مەيخانىچىنىڭ مۇرىدى، مېنىڭ پەيزىم ئورتاق.)

دەير ئارا تىندى قۇلاغىم، راھىبا، زىكرىڭ بەخەير،
كىم سەھەر زىكر ئېيتوردا كوپ ئەلالا قىلدى شەيخ.
(ئەي راھىپ، بۇتخاناڭدا قۇلۇغۇم تىنجىدى، زىكرىڭ جايىدا
ئىكەن،
بىراق، شەيخنىڭ سەھەر ۋاقتىدا زىكرى ئوقۇشى بىر غەۋغاغۇ.)

ئەي ناۋائى، خىرقەسىن بەردى، كەرامەت ئەيلەدى،
كىم ماڭا تەرتىبى ۋەجھى رەھنى سەھبا قىلدى شەيخ.
(ئەي ناۋايى، شەيخ شۇنداق كارامەت ئىش قىلدىكى، پىرىجىسىنى
بېرىپ،
مېنىڭ رەنگە مەي ئېلىپ ئىچىشىم ئۇچۇن يول تېپىپ بەردى.)

قاشىڭ مېھرابىنى ۋەسل ئەھلى ئەتمىش قىبلەئى مەقسۇد،
باشىم يۈز قەتلە ئۇرسام يەرگە ھەجرىڭدىن ماڭا نى سۇد.
(ۋىسالىڭنى تاپقانلار قېشىڭ مېھرابىنى مەقسەت قىبلىسى
قىلىدىكەن، سېنىڭ ھەجرىڭدە بېشىمنى يەرگە يۈز قېتىم
ئۇرساممۇ، ماڭا نىمە پايدا.)

ئىچىمدە ئىشقىدىن يۈز بەرقۇ دەم ئۇرماققە زەھرەم يوق،
ئوي ئىچرە ئوت سالىپ، ۋەھ، مۇشكىل ئېرمىش ئاسراماغلىق دۇد.
(ئىچىمدە ئىشقتىن يۈزلەپ چاقماق چېقىپ، "ئوھ" دېگىدەك ھالىم
يوق، ئوي ئىچىگە ئوت قالاپ ئىسنى ساقلاش تەس ئىكەن.)

يادا تاشىغە قان يەتكەچ ياغىن ياققاندەك، ئەي ساقى،
ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چۇن بولۇر لەئلىڭ شەراپ ئالۇد.
(ئەي ساقى، يادا تاش قان رەڭگىنى ئالسا يامغۇر ياققاندەك،
ياقۇت لېۋىڭ شاراپ يۇقى بولغاندا، كوزۇمدىن ياش يامغۇردەك
قۇيۇلىدۇ.)

چۇ قويدۇڭ داغ، تىندۇردۇڭ كوڭۇلنى دەردىڭ ئىستەردىن،
دىرەم بىرلە گەدانى ئويلەكىم قىلغاي كىشى خۇشنۇد.
(كىشىلەر گويا ئاقچا بېرىپ تىلەمچىنى خۇش قىلغاندەك، كويۈك
دىغىنى سېلىپ، كوڭۇلنى دەردىڭنى تىلەشتىن توختاتتىڭ،)

جۇنۇن بۇ بولسەكىم ياغدى پەردۋەش تېفلىلەر تاشى،

مۇناسىبدۇر بۇ تاشلەر ئەقل ئىشىگىن قىلغالى مەسدۇد.
(ئەقلىدىن ئازغان كىشىلەرگە پەرىۋەشنىڭ بالىلارچە ئاتقان
تېشى ياغىۋەردى، بۇ تاشلار ئەقىل ئىشىگىنى ئېچىلماس
قىلىۋەتكىدەك.)

توكۇلدى گۇل، فىغان بەس قىلدى بۇلبۇل، شۇكرىكىم، بارىي،
سىنىڭ ھوسنۇڭ مېنىڭ ئىشقىمدا نۇقسان بولمادى مەۋجۇد.
(گۇل توزۇغاندىن كېيىنلا بۇلبۇل پىغانىنى توختىتىدۇ، شۇنىڭغا
شۇكرىكى،
سىنىڭ ھوسنۇڭ بىلەن مېنىڭ ئىشقىم ئوتتۇرىسىدا نۇقسان چىقمىدى.)

تۇنۇ ئەنجۇم دىمە، دەۋرانغا راھەت قىلماسۇن دەپ مەيل،
قەزا گۇل مىخلار قاقتى قىلىپ گەردوننى قىرەنىدۇد.
(يۇلتۇز ۋە تۈن دىگىنىڭ — تەقدىر زامانغا راھەت نۇرى كىرىۋالمىسۇن دەپ،
گۇل مىخلارنى قېقىپ ئاسماننى قاراڭغۇ قىلىۋەتكىنى.)

خەراباتۇ مۇناجات ئەھلىنىڭ مەتلۇبى سەندۇرسەن،
ماڭا كورسەتمەسەڭ يول نەيلەيىن قايسارىدۇر بەھبود.
(ئىچەرمەن ھەم تەقۋادارلارنىڭ ئىستىگى سەن، ماڭا يول
كورسەتمىسەڭ، مەن قانداق قىلىمەن،؟ قايسى تەرەپكە ماڭغىنىم
تۈزۈك؟)،

نەۋائى، كەئبە زىكرىن قويكى، بىز دەيرى فەنا ئىستەپ،
زەھەبنا ۋادىيەلمەقسەد، ۋەجەدنا ماھۇۋەلمەقسۇد.
(ناۋايى، كەبىنىڭ گېپىنى قوي، بىز يوقىلىش مەيخانىسىنى
ئىزلەپ،
مەقسەت ۋادىسىنى كېزىپ، كوزلىگەن نىشاننى تاپتۇق.)

ئەي ئارەزى نەسرىن، ساچى سۇنبۇل، قەدى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ھىجرىڭدە ئىشىم نالەئو فەرياد.
(ئەي يۈزى نەسرىن گۇل، چېچى سۇنبۇل، بويى شەمشاد!
مېنىڭ ئىشىم دەردىڭدە خۇددى بۇلبۇلدەك نالە قىلىش بولۇپ
قالدى.)

سەيد ئولدى كوڭۇل كوزلەرىڭە، ۋەھ قۇتۇلۇرمۇ،
بىر قۇشكى ئانىڭ قەسدىدە بولغاي ئىكى سەييادا.
(كوزلىرىڭ كوڭلۇمنىڭ پېيىگە چۈشتى، ئاھ، ئىككى ئوۋچى
قوغلاپ كېلىۋاتقان قۇش قانداقمۇ قۇتۇلار؟)

ئول مەكتەب ئاراكىم ئوقۇدۇڭ ناز رەموزىن،
گوياكى ۋەفا ئىلمىن ئۇنۇتمىش ئىدى ئۇستاد.
(سەن ئۇ مەكتەپتە نازۇ - كەرەشمە سىرلىرىنى ئوگىنىپسەن،
ياكى ئۇستازىڭ ۋاپا ئىلمىنى ئوگىتىشنى ئۇنتۇپتۇ.)

ئەشكىمنى كورۇپ تېز بولۇر كوڭلى جەفاغە،
ئارى، ئىتىماس چۇنكى سۇيى بولماسا فولاد.
(كوز يېشىمنى كورۇپ، كوڭلى زۇلۇم سېلىشقا ئالدىرايدۇ، دەرۋەقە، سۇغۇرىدىغان سۇيى بولمىسا، پولات ئوتكۇر بولمايدۇ-دە.)

ئىڭدىن بىر ئەمەس ئوز يۇرەگى زەخمەلەرىدىن،
ھەرنىچەكى تاغ باغرىنى زەخم ئەيلەدى فەرھاد.

(پەرھات تاغ باغرىنى قېزىپ قانچە زەخىملەندۈرگەن بولسىمۇ،
بۇ، ئۆز يۈرىگىدىكى زەخىملەرنىڭ مىڭدىن بىرسىگە توغرى
كەلمەيدۇ.)

گۈل يافراغى تىرناغلار ئېرۇر بۇ چەمەن ئىچرە،
بۇلبۇل پەرو بالىنى يۇلۇپ بەرگەلى بەرباد.
(گۈل يوپۇرمىقى بۇلبۇلنىڭ پەر ـ قاناتلىرىنى يۇلۇپ توزۇتۇش
ئۈچۈن بۇ چىمەندىكى تىرناق ئىكەن.)

نەئەيب نەۋائى كەبى دىۋانەلىغ ئەتسە،
ھەر ئادەمىكىم بولسا ئانىڭ يارى پەرىزاد.
(كىمكى پەرىزاتنى يار تۇتقان ئىكەن، ئۇ نەۋائىغا
ئوخشاش دىۋانە بولۇپ قالسا، نىمە ئەيىپ.)

جانىم ئارامى ئۈچۈن قاسىدكى جاناندىن كېلۇر،
گويى جان پەرۋەر نەسىمى ئابىھەيۋاندىن كېلۇر.
(گويا ئابىھايات تەرەپتىن ھاياتبەخش شامال كەلگەندەك،
جېنىمنىڭ ئارامى ئۈچۈن جانان قېشىدىن خەۋەرچى كەلدى.)

نامە قاسىد ئېلكىدىن، قاسىد ھەبىبىم ئالدىدىن،
مۇژدەئى جان يەلدىنو يەل ماھى كەنئاندىن كېلۇر.
(خەت خەۋەرچىدىن، خەۋەرچى مەھبۇبۇم ئالدىدىن،
جان خۇشخەۋىرى شامالدىن، شامال كەنئان ئايىدىن كەلدى.)

ۋەئدەئى ۋەسلىكى جاناندىن كېلۇر ھىجران تۈنى،
تىندۇرۇر كۆڭلۈمنى سوز يەڭلىغكىم ئول جاندىن كېلۇر.
(ھىجران تۈنى جاناندىن ۋىسال ۋەدىسى كەلدى،
گوياكى جاندىن كۆڭۈل تىندۇرىدىغان سوز كەلدى.)

گەۋھەرىدەكدۇركى چىقمىش خامەسىنىڭ نوگىدىن
نامە ئۇزرە شادلىق ئەشكىمكى مىژگاندىن كېلۇر.
(قەلىمىنىڭ ئۇچىدىن گوھەر توكۇپ يازغان نامىنىڭ ئۇستىگە
كىرپىكلىرىمدىن شاتلىق ئۇنچىلىرى تامچىلىدى.)

شادلىغىدىن جان نىسار ئەتسەم، نىتاڭكىم، بۇخەبەر
ھەم كوڭۇلدىن، فىلمەسەل، ھەم كوڭلۇم ئالغاندىن كېلۇر.

شاتلىقتىن جان پىدا قىلسام نىمە بوپتۇ، چۈنكى بۇ خەۋەر ئەمسىلدە ئېيتىلىغاندەك ھەم كوڭۈلدىن، ھەم كوڭۈل ئالغۇچىدىن كەلدى.)

ۋەھكى، مەزمۇنىدۇر ئەھلى دەرد سەرگەردانلىغى،
ھەر بەلا مەكتۇبىكىم، بۇ چەرخى گەرداندىن كېلۇر.
(ئاھ، خەتنىڭ مەزمۇنى — دەرتمەنلەرنىڭ سەرگەردانلىغى،
ھەرقانداق بالا يازمىشى تەتۇر پەلەكتىن كېلىدۇ.)

دەب ئىمىش نامەمغە قىلمايدۇر نەۋائى جان نىسار،
ئاندا جان بولسا قاچان بۇ نەۋئى ئىش ئاندىن كىلۇر.
(ناۋايى خېتىمگە جېنىنى چاچقۇ قىلمايتۇ، دەپتۇ. ئۇنىڭدا جان بولسا شۇنداق قىلمامدۇ.)

كىردى سيمابى لىباس ئىچرە يەنە ئول گۈلئۇزار،
ئول قۇياشدەككىم ئاڭا مانەئ بولۇر ئەبرى باھار.
(ئۇ گۈلجامال يەنە سىماپتەك كوينىگى ئىچىگە كىردى،
خۇددى قۇياش باھار بۇلۇتى ئارىسىغا يوشۇرۇنغاندەك.)

ئول بۇلۇت يەڭلىغ لىباس ئۇزرە سىزىلغان خەتلەرى،
بار ئانىڭدەككىم، ياغىن تۇشكەي بۇلۇتتىن تار - تار.
(ئۇ بۇلۇتقا ئوخشاش كوينىگىنىڭ يول - يول سىزىققا گۈللىرى
خۇددى يامغۇرنىڭ بۇلۇتتىن تارام - تارام بولۇپ چۈشۈشىگە ئوخشايدۇ.)

بۇ لىباسى سيمگۇن ئىچرە سىينىڭ نازۇك تەنىڭ،
ئول كۈمۈشدەكدۇركىم ئول سيماب ئارا تۇتقاي قەرار.
(بۇ كۈمۈشرەڭ كوينەك ئىچىدىكى نازۇك تېنىڭ خۇددى سىماپ ئىچىدە تۇرغان كۈمۈشكە ئوخشايدۇ.)

مەھرى رۇخسارىڭ لىباسى سيمگۇندىن مۇتلەقا،
ئول قۇياشدۇركىم، قىلۇر كوزگۇدە ئەكسىن ئاشكار.
(نۇرلۇق رۇخسارىڭ كۈمۈشرەڭ كوينەكتىن خۇددى قۇياشنىڭ شولىسى ئەينەكتە پاللىدىغاندەك كورۇنىدۇ.)

بولدى سيمابي لىباسىڭ رەڭگى بەسكىم، ئەيلەدىم

كۆز سەھابىدىن باشىڭغە ئەشك سىيمابىن نىسار.
(كۆيىنگىنىڭ سىماپ رەڭگىنى ئېلىشى كۆزۈم بۇلۇتلىرىدىن
بېشىڭغا ياش سىماپلىرىنى چاچقانلىقىمدىن بولغان.)

تەننى چۈن سىيماب ئېتەر بۇ چەرخى ئەخزەر ئاقىبەت،
تون ئەگەر سىيمابى ئولسۇن، گەر ياشىل بىرھوكمى بار.
(بۇ يېشىل پەلەك ئاقىۋەت تەننى سىماپقا ئايلاندۇرىدۇ، چاپان-
تون مەيلى سىماپرەڭ بولسۇن، مەيلى يېشىل بولسۇن، ئۇنىڭ
ھوكمى بىر.)

ئەي نەۋائى، كىسۋەتى گەر ئابگۇندۇر نى ئەجەب،
بۇ ياقىندۇركىم، ئېرۇر سۇ ئىچرە دۇررى شاھۋار.
(ئەي ناۋايى، كىيىم سۈزۈك سۇ رەڭگىدە بولسا ئەجەپلىنەرلىك
ئەمەس، چۈنكى ئېسىل گوھەر سۇ ئىچىدە بولىدىغۇ.)

يانا سەنسىزىن مۇنىسىم غەم بولۇپتۇر،
كۆزۈمگە يۈرەك قانى ھەمدەم بولۇپتۇر.
(سەنسىز يەنە مېنىڭ ئۈلپىتىم غەم بولدى.
كۆز ياشلىرىمغا يۈرەك قېنىم ھەمدەم بولدى.)

قارارىپ كۆزۈم دەم- بەدەم زار يىغلار،
ئاڭا شامى ھەجرىڭدە ماتەم بولۇپتۇر.
(كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، تىنماي زار يىغلايدۇ،
ھىجران تۈنۈك ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم بولدى.)

يارامدىن چىكەرگە ئوقىن سەئى قىلماڭ،
كى پەيكان سوڭەك ئىچرە مەھكەم بولۇپتۇر.
(ئۇنىڭ ئوقىنى يارامدىن چىقىرىۋالىمەن دەپ كۈچەنمەڭ.
چۈنكى بۇ ئوقلار سۆڭەكلىرىمگە مەھكەم ئورنىشىپ كېتىپتۇ.)

ئىچىمدىن نىچۈك تارتقايلار ئوقىنىكىم،
كۆڭۈل قويماسۇ جان مەدەد ھەم بولۇپتۇر.
(ئىچىمدىن ئوقلارنى قانداقمۇ تارتىپ چىقارغىلى بولسۇن،
ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئۇنىمايدۇ، جانمۇ كۆڭلۈمگە مەدەتكار.)

كۆڭۈلگە ياقار كىرپىكىڭنىڭ خەيالى،
مېنىڭ زەخمىمە نېش مەرھەم بولۇپتۇر.

(كىرپىگىڭنىڭ خىيالى كۆڭلۈمگە ئارام، دىمەك،
مېنىڭ جاراھىتىمگە نەشتەر شىپا ئىكەن.)

غۇبارىن تىلەپ يىغلاما ھەردەم، ئەي كۆز،
كى ئەشكىڭدىن ئوق يەريۈزى نەم بولۇپتۇر.
(ئەي كۆزۈم، ئۇنىڭ چاڭ - توزاڭلىرىنى ئىزلەپ يىغلاپ يۈرمە،
چۈنكى تۆكۈلگەن ياشلىرىڭدىن ھەممە يەر ھۆلچىلىك بولۇپ كەتتى.)

بۇ گۈلشەن ئارا بەرگ تۇتىلارىغە
خەزان تىغلى بەس بائىسى رەم بولۇپتور؛
(بۇ گۈلشەندە ياپراق توتى قۇشلىرىنىڭ ئۈچۈپ
كېتىشىگە كۆز بەڭۋاشلىرىنىڭ چۇچۇتۇشى سەۋەپچى بولغان.)

ۋەفا شەخسىنىڭ فەرقىنى چەرخ تىغى
ئىكى بولدى، ۋەھكىم بىرى كەم بولۇپتۇر.
(ئاھ، پەلەك تىغى ۋاپا ئىبارىسىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن ئىكەن،
شۇڭا ئۇنىڭ بىرى كام.)

ئەمەس غەم يۈكىدىنكى، قاشىڭنى كورگەچ،
نەۋائى سۇجۇد ئەتكەلى خەم بولۇپتۇر.
(ناۋايى غەم يۈكىدىن ئەمەس، بەلكى قېشىڭنى كورۇپ،
سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئېگىلدى.)

ھەر ئوقى ئول قاشى يانىڭ جانىمكىم قۇربان قىلۇر،
راست بىر ئوقدۇركى، قۇربان كوڭلۇم ئىچرە سانچىلۇر.
(ئۇ قېشى يانىڭ ھەر ئوقى جانى قۇربان قىلىدۇ، ئو دەل
تېگىدىغان ئوق ئىكەن، مېنىڭ قۇربان كوڭلۇمگە سانچىلدى.)

ئىستەسە ۋەسلىن كوڭۇل، كوز رەشكدىن قان ياش توكەر،
كوز يۈزىن كورگەچ كوڭۇل يۈزناله غەيرەتدىن قىلۇر.
(كوڭۇل ۋىسال ئىزلىسە، كوز رەشكتىن قان ياش توكىدۇ،
كوزجامالىنى كورسە، كوڭۇل قىزغىنىشتىن يۈز ناله قىلىدۇ.)

تىغى كوكسۇم چاك ئېتىب، كوڭلۇمنى ئاچسا نى ئەجەب،
كىم رەۋان سۇدىن ھەمىشە خەلق كوڭلى ئاچىلۇر.
(تىغى كوكسۇمنى يىرىپ كوڭلۇمنى ئاچسا ئەجەپلەنمىگۈلۈك،
چۈنكى ئاقار سۇدىن ھەمىشە خەلقنىڭ كوڭلى ئېچىلىپ يايراپ كېتىدىغۇ.)

گەرم ئولۇپ ھەريان ئول ئاتەش پارەكىم ناۋەك ئاتار
راست ئوتدەكدۇركى گىردىدىن شارەرلەر ئايرىلۇر.
(ئونىڭ ئوتى قىزىپ ھەريانغا ئوق بولۇپ ئېتىلىدۇ.
ئۇشۇنداق ئوتكى، يان - يېنىدىن گويا ئۇچقۇنلار چاچرايدۇ.)

يۈزنى ئون تىرناق ئىلەكىم غۇسسەدىن قىلدىم شىيار،
دانە ئىركىن كوز ياشىمكىم، ھەردەم ئاندا ساچىلۇر.

(قايغۇدىن ئۇن تىرناق بىلەن يۈزۈمنى ئاختاما قىلىۋەتتىم،
كوز يېشىم خۇددى ئۈنگغا چېچىلىپ تۆرىدىغان دان بولدى.)

بادە ئىچكىم، چەرخ جايى سىررىنى جەم بىلمەدى،
گەرچە ئول يۈز جەم كەبى مەيخارەنىڭ دەۋرىن بىلۈر.
(مەي ئىچ، پەلەك جامىنىڭ سىرىنى جەمشىت بىلمىدى، گەرچە ئۇ
ئۆزىدەك يۈزلىگەن مەيخورنىڭ دەۋرىنى بىلسىمۇ.)

ئاھ ئوتىدىن شىكۋە گەر ئەيلەر نەۋائى ئەيب ئەمەس،
تىلبەلەرنىڭ ھەرنىكىم ئاغزىغا كەلسە ئەيتىلۈر.
(ناۋايى ئاھ ئوتىدىن شىكايەت قىلسا، ئەيىپ ئەمەس،
چۈنكى تەلۋىلەر ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغۇ.)

ۋاي، يۈزىمىڭ ۋايكىنىم، تەركى مۇھەببەت قىلدى يار،
بىلمەيىن قالدىم مەنىۇ قىلماي خەبەر ئايرىلدى يار.
(ۋاي دات، يۈزىمىڭ دات، يار مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچتى، مەنمۇ
بىلمەي قالدىم، ئۇ خەۋەر قىلمايلا ئايرىلدى.)

باردى ئۇقدەك تېزۇ يادەك قامەتىم ياد ئەتمەدى،
ئىشق ئارا گويا مېنىڭ ئېگرىلىگىمنى بىلدى يار.
(يادەك قامىتىمنى ئويلاپمۇ قويماي، ئوقتەك تېز كېتىپ قالدى،
گويا ئۇ مېنى مۇھەببەت بابىدا ئەگرى دەپ بىلسە كېرەك.)

چۈن گەدالار بىرلە شاھلار قىلماس ئەرمىش يارلىغ،
مەن گەدانى كوزگە بەس نېۋچۈن بۇرۇندىن ئىلدى يار.
(پادىشاھلار گادايلاردىن يار تۇتماس ئىدى، بىراق، ئۇ
بۇرۇن مېنى نىمشكە كوزگە ئىلغان بولغىدى.)

پەند ئىشتىب، دوستلار، ھېچكىم بىلە يار ئولماڭىز،
كىم مېنىڭ باغرىمنى تىغى ھەجر بىرلە تىلدى يار.
(ئەي دوستلار، نەسىھەت ئاڭلاپ، ھېچكىم بىلەن دوست- يار بولماڭلار،
مېنىڭ باغرىمنى ھىجران تىغى بىلەن قىلغان ئەشۇ يار ئىدى.)

مەندىن ئايرىلغان بەلائۇ دەرد ئۈچۈنمۇ يىغلايىن،
يا ئاڭاكىم ياربان ئەغيار ئىلە قاتىلدى يار.

(مەندىن ئايرىلىپ كەتكەنلىگىنىڭ دەردۇ - بالاسى ئۇچۇن
يىغلايمۇ، ياكى ئۇنىڭ ياتلارغا قېتىلىپ كەتكەنلىگى ئۇچۇنمۇ؟)

يىغلاشىپ غەم شامى زاھىر ئەيلەسۇنلەر دەرد ئوتىن،
كىمگە كىم بەيتۇلھەزەندە شەمئەدەك تاپىلدى يار.
(كىمگە غەم كېچىسى غەم ئۆيىدە چىراق كەبى يار تېپىلسا،
يىغا بىلەن دەرت ئوتىنى ياقسۇن.)

ئەي نەۋايى، يار ئۇچۇن تارتار ئىدىڭ غۇربەتتە رەنج،
يولغا تۈش، ئەمدى رەۋانراق بول، ئەزىمەت قىلدى يار،
(ئەي ناۋايى، غېرىبچىلىقتا يار ئۇچۇن كېسەل بولغان ئىدىڭ،
ئەمدى يولغا چۈشۈپ تېز ئاتلان، چۈنكى يار سەپەرگە چىقىپتۇ.)

ھەرقايان باقسام كوزۇمگە ئول قۇياشتىن نۇر ئېرۇر،
ھەرسارى قىلسام نەزەر ئول ئاي ماڭا مەنزۇر ئېرۇر.
(قاياققىلا قارىسام كوزۇمگە شۇ قۇياشنىڭ نۇرى كورۇنىدۇ،
نەگىلا نەزەر سالسام، ماڭا يەنە شۇ ئاي ئايان بولىدۇ.)

چۈن مەسەل بولدى ساچىڭ زۇلم ئىچرە ياشۇرماق نى سود،
مۇشك ئىسىن ياشۇرسە بولماس، بۇ مەسەل مەشھۇر ئېرۇر.
("چېچىڭنى قاراڭغۇ ئىچىگە يوشۇرغان بىلەن ،بىراق ئىپار پۇرىقىنى
يوشۇرغىلى بولمايدۇ" دىگەن گەپ بار. بۇ مەشھۇر تەمسىلغۇ.)

تېلبەرەب مەن تا ئانى كورمان ئەجايىبدۇر بۇكىم
ئول پەرى دېۋانە كوزىدىن داغى مەستۇر ئېرۇر.
(شۇسى ئاجايىپكى، گاڭگىرىغانسېرى مەن ئۇنى كورەلمىدىم، دىمەك
ئۇپەرى ئۆزىنى دىۋانە كوزىدىن پىنھان تۇتىدىكەن.)

چۈن مۇدام ئېرنىڭ مەيى قاشىندادۇر كافىر كوزۇك،
ئىدىن ئېردىكىم، دەمى ئۇسرۇك، دەمى مەخمۇر ئېرۇر.
(ئىمانسىز كوزۇك دائىم لېۋىڭ شارابى يېنىدا
تۇرىدىكەن، شۇڭا ھەممىشە كەيىپ، ھەممىشە مەس.)

دىلرەبالار داغى جانىم سەفھەسىدە گويىيا
دەرد ئېلى ئىشقىم ئۇچۇن موھر ئەيلەگەن مەنشۇر ئېرۇر.

(دىلرەبالار جېنىم سەھىپىسىگە سالغان داغ گويا دەرتمەنلەر
ئۈشقىم ئۇچۇن تامغا بېسىپ بەرگەن مۇبارەكنامە.)

پەر ئۇرۇپ باشقىغە تۇتما ئەۋجكىم، ھەرنېچە مۇر،
كىم قاناتلانغاي قاچان ئۇچماق ئاڭا مەقدۇر ئېرۇر.
(بېشىڭغا پەي قاداپلا يۇقۇرى ئورلەيمەن دىمە، چۇمۇلە
ھەر قانچە قاناتلانسىمۇ ئۇچالىشى مۇمكىن ئەمەس.)

گەرنەۋائى سىمبەرلەر ۋەسفىن ئەيلەب كورسە رەنج،
يوق ئەجەب، نېچۇنكى خام ئەتكەن تەمەئ رەنجۇر ئېرۇر.
(ناۋايى كۇمۇش تەنلەرنى مەدھىلەپ، كېسەل بولسا، ئەجەپ-
لەنمىگۇلۇك. چۇنكى خام تاما ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويىدىكەن.)

ئارەزىڭ كوزگوسىمۇ تەر كىسرەتىدىن سۇدەدۇر؟
ياخۇد ئول ئارەز سۇيىنىڭ ئەكسىمۇ كوزگودەدۇر؟
(جامالىڭ ئەينىگى تەردىن سۇ بولغانمۇ؟ ياكى ئۇ جامالىڭدىكى
قەترىلەرنىڭ ئەينەكتىكى شولىسىمۇ؟)

دىمە ئەينى نازدىن ئول كوز ئاچىلمايدۇركى، بار
كافىرىكىم مەستلىغ ئىفراتىدىن ئۇيقۇدەدۇر.
(ئۇنى نازدىن كوزىنى ئاچمايۋاتىدۇ دىمە، بەلكى ئۇ كاپىر كوز
قاتتىق مەسلىكتىن ئۇيقۇغا كەتكەن.)

تاپماغىم ئوزنى مەھال ئولمىش فىراقىڭ شامكىم
تەب ئارادۇر خەستە جىسمۇ تاب ئول گىسۇدەدۇر.
(پىراقىڭ كېچىسى ئوزەمنى تاپمىغىمىمۇ مۇشكۇل، چۇنكى ئاغرىق
جىسمىم تىترەش ئىچىدە زۇلپۇڭغا يوگىلىپ قاپتۇ.)

سەن ئاتارسەن ناۋەكو كوكسۇم شىگافىدىن كوڭۇل
كورگەلى كەلمىش، خاتاقىلماكى، خۇش قاپۇدەدۇر.
(سەن ئوق ئاتقاندا خاتا ئېتىپ قويما، كوكسۇم چاكلىرىدىن
سېنى كورگىلى چىققان كوڭلۇم خۇددى ئىشىك ئالدىدا.)

سەجدە قىلماقنى تاۋاپ قىلىپ كەئبە ياخۇد بۇتقەكىم،
قاشى مىھرابى قايان، قىلسام سۇجۇد ئوترۇدەدۇر.
(كەبىگە ياكى بۇتقا سەجدە قىلىشنىڭ پەرقى نىمە؟ ئۇنىڭ
قېشىنىڭ مىھرابى قاياقتا بولسا، مەن سەجدىنى شۇنىڭغا
توغرىلايمەن.)

ئۆلمەگىمدىن زۇلفىگە گويا پەرىشانلىق يېتىپ،
ماتەم ئەھلىدەك قويى سالىپ باشىن قايغۇدەدۇر.
(زۇلپۇڭ گويا ماتەمداردەك قايغۇدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپتۇ،
ئۇنىڭغا بۇ پەرىشانلىق مېنىڭ ئۆلۈمىمدىن كەلگەن ئوخشايدۇ.)

نوھ ئومرىيو سۇلايمان مۇلكىگە يوقتۇر بەقا.
ئەي نەۋائى، بادە ئىچ، ئالەم غەمى بىھۇدەدۇر.
(نوھ ئومرىمۇ، سۇلايمان پادىشاھلىقىمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس،
ئەي ناۋايى، مەي ئىچ، ئالەم غېمى بىھۇدە.)

جەمائەتكى، جۇنۇن مەنئىنى ماڭا قىلاسىز،
تاش ئاتىبان نى ئۈچۈن تەلبەلەرگە قاتىلاسىز؟
(ئەي جامائەت، مېنى ساراڭلىقتىن كەچ دەيسىلەر،
نېمىشكە تاش ئېتىپ، تەلۋىلەرگە ئارىلىشىسىلەر؟)

كېتىك كوڭۇل بىلەجانكىم، ۋىدائىڭىز قىلدىم،
فىراق ئەگەر بۇدۇرۇر، ئەرتە كۈننى كەچ قىلاسىز.
(ئەي كوڭلۈم بىلەن جېنىم، كېتىڭلار، بولدى، ئەلۋىدا،
پىراق شۇنداق بولىدىكەن، ئەتىگە قالساڭلار كېچىكىسىلەر.)

فىراق ۋەقتىدۇر، ئەي كوزلەر، ئەمدى قان يىغلاڭ،
بىلۇرمۇ سىزكى، بۇكۇن نى كىشىدىن ئايرىلاسىز؟
(جۇدالىق ۋاقتى كەلدى، ئەي كوزلىرىم، ئەمدى قان يىغلاڭلار،
بىلەمسىلە، بۈگۈن كىمدىن ئايرىلىۋاتىسىلەر؟)

كوزۇم ھەققىنى بىھىل قىلدىم، ئەي جەۋاھىرى ئەشك،
كىبارى ھەم ئانىڭ ئوق مەقدەمىغە ساچىلاسىز.
(كوزۇمنىڭ ھەققىنى (گەۋھىرىنى) ئاتىدىم، ئەي ياش ئۈنچىلىرى
ئەمدى ئۇنىڭ ئاياق ئاستىغا چېچىلىسىلەر.)

فىراق نېشلەرى، ۋەھكى، يانا رەھىم ئېتمەي،
نەفەس - نەفەس نىگە مەھزۇن كوڭۇلگە قاتىلاسىز.

(ئاھ، ئەي پىراق تىكەنلىرى، نىمە ئۈچۈن رەھمى قىلماي يەنە ھەدىسە غەمكىن كوكۈلگە قادىلىسىلەر؟)

كوكۈل فەسانەلىرى، سىزنى، ۋەھ، نىتىپ ياشوراي،
بۇنەۋئىكىم يۈز ئۈزە قان ياش ئىلە يازىلاسىز.
(ئەي كوكۈل چوچەكلىرى مەن قانداقمۇ يوشۇرالايمەن،
چۈنكى سىلەر يۈزۈمگە قان ياش بىلەن يېزىلغان - دە.)

نەۋائى ھەجرغە قالدى، قىلىك ۋىسالدا شوكر،
جەمائەتىكى، سىۋەر يارىڭىز بىلە بىلەسىز.
ناۋايى جۇدالىقتا قالدى، ئەي جامائەت، ۋىسالغا
شوكرى قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر سويەرياريڭلار بىلەن بىللە.)

نەۋ باھار ئەيىيامى بولمىش، مەن دىيارۇ يارسىز،
بۇلبۇل ئولغاندەك خەزان فەسلى گۈلۈ گۈلزارسىز.
(باھار كۈنلىرىمۇ كەلدى، مەن ماكانسىز ھەم يارسىز،
خۇددى غازاڭ پەسلىدىكى بۇلبۇل گۈلسىز ھەم گۈلزارسىز قالغاندەك.)

گاھ سەرۋ ئۈزرە گەھى گۈل ئۈزرە بۇلبۇل نەغمە ساز،
ۋەھكى، مەن مەن گوڭگو لال، ئول سەرۋگۈل رۇخسارسىز.
(بۇلبۇل گاھ سەرۋى، ئاھ گۈل شېخىدا غەزەلخانلىق قىلىدۇ.
بىراق مەن سەرۋى بوي، گۈل يۈزلۈك ياردىن ئايرىلىپ،
ئاغزىم گەپكە كەلمەي ھاڭقىتىپ قالدىم.)

تاڭ ئەمەستۇر گەر دىيارۇ يارسىز ئازۇردەمەن،
كىم ئەمەس بۇلبۇل گۈلۈ گۈلزارسىز ئازارسىز.
(ماكانسىز ھەم يارسىز ئازار تارتىشىم تۇرغان گەپ،
چۈنكى، گۈل ۋە گۈلزارسىز بۇلبۇل ئازارسىز ئەمەس.)

رەۋزە ئەشجارى ئوتۇندۇر، گۈللەرى جانىمغە ئوت،
مۇمكىن ئولسە ئاندا بولماغلىغ دەمى دىلدارسىز.
(جەننەتتە دىلدارسىز بىردەم تۇرۇشقا توغرا كەلسە
مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرەخلىرى ئوتۇن، گۈللىرى جېنىمغا ئوت.)

مەي چۇ بەردىك زۇلفى ئىلە بەند ئىت مېنى، ئەي مۇغبەچە،
كىم خوش ئېرمەس مۇغ بىلە ئىچمەك قەدەھ زوننارسىز.
(ھەي مۇغبەچە، مەيىنمۇ بەردىڭ، ئەمدى زۇلپۇڭ بىلەن باغلا،
چۈنكى ئاتاشپەرەس بىلەن زۇننار باغلىماي بىللە ئىچىشنىڭ
نىمە پەيزى بار.)

تاپمادۇق گۈلرەڭ جامى بىخومار، ئەي باغبان،
ۋەھكى، بۇگۈلشەن ئارا گۈل پۈتمەس ئېرمىش خارسىز.
(ئەي باغۋەن، باش ئاغرىتمايدىغان گۈل شارابىنى تاپقىلى بولمىدى،
ئاھ، بۇ گۈلشەن ئىچىدە تىكەنسىز گۈل بولمايدىكەن ـ دە.)

ئەھلى زۇھد ئىچرە نەۋائى تاپمادى مەقسەدقە يول،
ۋەقتىڭىزنى خۇش تۇتۇڭ، ئەي جەمئىكىم خۇمارسىز.
(ناۋائىي زاھىت ـ سوپىلار ئىچىدە مەقسەت يولىنى تاپالمىدى،
ئەي خالايىق، ئىچىۋېلىپ كۆڭلۈڭلارنى خۇش تۇتۇڭلار.)

زەمانى گەرچە يادىم قىلماس ئول نامېھرىبان ھەرگىز،
فىغانكىم، يادى چىقماس خاتىرىمدىن بىر زەمان ھەرگىز.
(ئۇمېھرىسىز مېنى بىردەممۇ ياد ئېتىپ قويمايدۇ، بىراق، ئۇنىڭ
يادى مېنىڭ خاتىرەمدىن بىردەممۇ چىقمايدۇ.)

ئاتى ئاغزىم ئارامەزكۇر، ئولەرمەن، ئاھكىم، بولماي
ئاتىم ئاغزىمغا بىرمەزكۇر ئولۇرغە كامران ھەرگىز.
(ئۇنىڭ نامى مېنىڭ ئاغزىمدىن چۈشمەيدۇ، بىراق مېنىڭ نامىم
ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر قېتىممۇ ئېلىنىش بەختىگە ئېرىشەلمەي
ئۆلىدىغان ئوخشايمەن.)

كوڭۇل تا ۋادىئى ئىشقىغا تۈشتى، قىلمادى بىر ھەم
ۋەتەننى ياد ئول ئاۋارەئى بىخانومان ھەرگىز.
(كوڭۇل ئۇنىڭ ئىشقى دەشتىگە چۈشتى ـ دە، بۇ ماكانسىز
سەرگەردان بىرقېتىممۇ يۇرتىنى ئويلاپ قويمىدى.)

لەبىڭدىنكىم كوزۇم ياشى جەھاننى لەئلگون قىلدى،
باغىر جۇزۋىدىن ئايرۇ تاپمادى بىر قەترە قان ھەرگىز.
(لېۋىڭنىڭ ئىشقىدا كوز ـ يېشىم جاھاننى قىپ ـ قىزىل قىلىۋەتتى،
ئەمدى جىگەر پارچىسىدىن باشقا بىر تامچىمۇ قان تاپقىلى بولمايدۇ.)

يارەب كۆكسۈم جۇنۇن تەنۇرىدەك جان پەردەسىن ئاچما،
كى پاش ئولمايدۇر ئول قانلىغ ئىچرە داغى نىھان ھەرگىز.
(كۆكسۈمنى يېرىپ، مەجنۇنلۇق تۇمارىدەك جان پەردىسىنى ئاچما،
ئۇ قات-قات قان داغلىرى بىلەن ئورالغان، ھەرگىزمۇ ئېچىلمايدۇ.)

غەمۇ ئەندۇھى يەئجۇجىغە ھەر دىۋار سەددىدۇر،
پەنا مەيخانەسىدەك تاپمادۇق دارولئەمان ھەرگىز.
(زادى يوقىلىش مەيخانىسىدەك خاتىرجەم جايىنى تاپالمىدۇق،
ئۇنىڭ ھەربىر تېمى غەم-قايغۇ يەجوجىسى ئالدىدا خۇددى سېپىلدۇر.)

بۇ دەمنى تۇت غەنىمەتكىم، كېلۇر دەمدىن ئەسەر يوقتۇر،
نى دەمكىم ئۆتتى خۇد ئاندىن كىشى تاپماس نىشان ھەرگىز.
(ھازىرقى ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىل، كەلگۈسى ۋاقتىڭدىن ئەسەر يوق،
ئۆتۈپ كەتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىن ھېچكىم نىشان تاپالمايدۇ.)

قىران قىلدىڭ نەۋائى، نەزم ئاراكىم ئىلتىفات ئەتمەس،
سۆزۈڭدىن ئۆزگە سۆزگە خىسرەۋى ساھىبقىران ھەرگىز.
(ناۋائىي، يېقىنلاشتىڭ، شاھى ساھىپقىران (ھوسەيىن بايقارا) نەزمە
ساھەسىدە سېنىڭ سۆزۈڭدىن باشقا سۆزگە ھەرگىز ئىلتىپات كۆر-
سەتمەيدىكەن.)

ئول پەرى كويىدا مەن دىۋانەنى بەند ئەيلەگىز،
بەند-بەندىم زۇلفى زەنجىرىغە پەيۋەند ئەيلەگىز.
(مەن دىۋانىنى ئۇ پەرىنىڭ كوچىسىدا باغلاپ، ئۇگە-ئۇگىلىرىمنى
ئۇنىڭ زەنجىرسىمان چېچى بىلەن چىرمىۋېتىڭلار.)

خەلق تەركى ئىشق ئەيلەرگە مېنى دىلخەستەنى
ئولتۇرۇپ ئالەم ئېلىغە مۇجىبى پەند ئەيلەگىز.
(كىشىلەرنى ئىشق-مۇھەببەتتىن بەزدۈرۈش ئۈچۈن،
مەن زىدە كۆڭۈلنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقى ئالەمگە ئىبرەت كۆرسىتىڭلار.)

تەلبە كۆڭلۈم تاپساڭىز، ئەي يار كويى ئىتلارى،
تۇش-تۇشىدىن تىشلەبان پەركەند-پەركەند ئەيلەگىز.
(ئەي يار كوچىسىنىڭ ئىتلىرى، مېنىڭ تەلۋە كۆڭلۈمنى
ئۇچراتساڭلار تۇشمۇ-تۇشتىن چىشلەپ، پارە-پارە قىلىۋېتىڭلار.)

بادەئى ئىشق ئەسرۇ مەست ئەتمىش مېنى، ئەي دوستلار،
جامىمە ئەفيون ئېزدىب بىر دەم خىرەد مەند ئەيلەگىز.
(ئىشق شارابى مېنى بەكمۇ مەس قىلىۋەتتى، ئەي دوستلار،
جامىمغا ئەپيۇن ئېرىتمىسى قۇيۇپ، ھوشيار قىلىپ قويۇڭلار.)

يىغلاسام ئاچچىغ، مەلۇل ئولماق نىدۇر، ئەي خۇبلار،
ھەزل ئۈچۈن گاھى باقىپ، سىز ھەم شەكەر خەند ئەيلەگىز.

(ئەي گۈزەللەر، ئاچچىق يىغلىسام خاپا بولماي، ئاربلاپ زاڭلىق قىلىپ بولسىمۇ تاتلىق كۆلۈمسىرەپ قويۇڭلار.)

ئىشق بەھرىدە دۇرى ۋەسل ئىستەمەك، ئەي ئەھلى دەرد،
كوڭلىڭىز ئول نەقدى يادى بىرلە خۇرسەند ئەيلەڭىز.
(ئەي دەرتمەنلەر، ئىشق دېڭىزىدىن ۋىسال گوھىرى ئىزلەپ يۈرمەي، كوڭلۈڭلارنى ئۇنىڭ قىممەتلىك خىيالى بىلەن خوش قىلىڭلار.)

قىلساڭىز تەسۋىر لەيلى ھوسنىن ئول ئايدەك سىزىلىك،
لىك مەجنۇننى نەۋائى بىرلە مانەند ئەيلەڭىز.
(لەيلى جامالىنى سورەتلىمەكچى بولساڭلار ئاشۇ ئايغا ئوخشىتىپ، مەجنۇننى بولسا ناۋائىيغا ئوخشىتىپ سىزىڭلار.)

كىيىك چەرمى زەئىف ئىگنىمگە مەجنۇنلۇغ نىشانى، بەس،
جۇنۇن تاشى سۇنۇق باشىم ئۇزە قۇش ئاشيانى بەس.
(كىيىك تېرىسى ئاجىز تېنىم ئۈچۈن مەجنۇنلۇق نىشانى بولۇشقا يېتەرلىك، جۇنۇن تاشلىرى يېرىلغان بېشىم ئۈچۈن قۇش ئۇۋىسىدەك ياستۇق بولسا يېتەرلىك.)

دەمىڭنى ئاسرا، ئەي ئىساكى، رەنجىم دەفئىغە ھەر كۈن،
غىزا ئول ئاي قىلىچى زەخمىنىڭ بىر قەترە قانى بەس.
(ئەي ئەيسا، شىپالىق دېمىڭنى ئاسراپ قال، كېسىلىمنى ساقايتىش ئۈچۈن ئۇ ئاينىڭ قىلىچى يارىلاندۇرغان يەردىن ئاققان بىر تامچە قان ئوزۇقلىنىشقا كۇپايە.)

سەنۇ ھەيۋان سۇيى، ئەي خىزر، تۇتقىل تەرك جانىمنى،
ماڭا يار ئاللىدا ئۆلمەك ھاياتى جاۋىدانى، بەس.
(ئەي خىزىر، ئەي ئابىھايات! مېنىڭ جېنىم بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، يار ئالدىدا ئۆلۈش مەن ئۈچۈن مەڭگۈ ھاياتلىق.)

شەھۇ ئىززەت سەرىرىكىم ئەگەر بۇدۇر جەھان جاھى،
ماڭا ئىدبار كويىدە مەزەللەت خاكدانى بەس.
(پادىشا ھەم ئىززەت تەختى جاھاندا ئالى مەرتىۋە بولسا، مەن ئۈچۈن پىشكەللىك كوچىسىدىكى خار-زارلىق توپىسى يېتەرلىك.)

غەنىيو كوڭلىدە پىنھان دىرەم فىكرىيو ئىشق ئوتى
مىنىڭ كوڭلۇمدە كويدۇرگەن نىچە داغى نىھانى بەس.
(بايلارنىڭ كوڭلىدە ئاقچا غېمى يوشۇرۇنغان بولسا، مىنىڭ كوڭلۇمدە
ئىشقى ئوتىنىڭ كويۈك دېغى ساقلانسا شۇ يېتەرلىك.)

ساڭا كەۋسەر سۇيىيو لەھنى داۋۇدىكى، دەير ئىچرە
مۇغەننى نەغمەسى بىرلە ماڭا جامى مۇغانى بەس.
(ساڭا كەۋسەرسۇيى، داۋۇت سازى كېرەك بولسا، ماڭا مەيخانىدىكى
سازەندە نەغمىسى بىلەن مەيپۇرۇشنىڭ شارابى بولسا بەس.)

ھەۋادىس دەفئىغە شەھ كوك ھىسارى ئۇزرە گەر چىقسۇن،
كى فەقر ئەھلى ئۇچۇن دەيرى فەنادا دارۇلئەمانى بەس.
(پادىشا ھادىسىلەردىن خالى بولۇش ئۇچۇن ئاسمان قەلئەسىگە چىقـ
سا چىقسۇن، پېقىرلەر ئۇچۇن ئارام بەخش جاي بولغان يوقۇلۇش
مەيخانىسى يېتەرلىك.)

فىغانكىم، لۇتفۇ قەھرىغە تەفاۋۇت يوقنى ھەم ئاڭلاب،
فەنا ئەھلىغە جەۋرىن قىلمادى بۇ دەيرى فانى بەس.
(پانىلار ئۇچۇن شەپقەت ۋە غەزەپنىڭ پەرقى يوقلىغىنى بىلىپ،
بۇ ئوتكۈنچى مەيخانە پانا ئەھلىگە جەۋرە سالمىدى.)

تەۋائىدەك ئولەر ھالىمدە دىمەڭ ھۇرۇ جەننەتتىن،
سىزىڭدۇر بارچە ئەي زاھىد، ماڭا بىر كورمەك ئانى بەس.
(ئەي زاھىد، ناۋايىدەك ئولەر ھالەتتە تۇرغىنىمدا ھورۇ-جەننەتتىن
سوز ئاچماڭ، ئۇلار سىزنىڭ، يارىمنى بىر كورسەم ماڭا شۇ كۇپايە.)

سۇنبۇلىن لەيلى ئاچىبتۇر، يەل ئەبىر ئاسا ئەمەس،
داغىنى مەجنۇن قاناتمىش، لالەئى ھەمرا ئەمەس.
(بۇشامال ئىپار تارقاتتى دەپ يۇرمەڭلار، لەيلى چېچىنى تاراۋېتىپتۇ،
لالىنى قىزىل دىمەڭلار، مەجنۇن ئۇندا يارىسىنى قانىتىۋېتىپتۇ.)

نەستەرەن كوزگۇسىدە بىرسارى مەن، بىر سارى يار،
چەھرە ئەكسىن كورگۇزۇپتۇر بىز، گۇلى رەئنا ئەمەس.
(بۇگۇل رەنا ئەمەس، بەلكى ئاق گۇل ئەينىگىنىڭ بىر تەرىپىدە مەن،
بىر تەرىپىدە يارىم تۇرۇپ، چىرايىمىزنى ئەكس ئەتتۇرۇۋاتىمىز.)

گۇلنى ئوخشاتقان ئۇچۇن يادىمغا گويا باغ ئارا،
مۇزتەرىب كوڭلۇم قۇشىدۇر، بۇلبۇلى شەيدا ئەمەس.
(گۇلنى يارىمغا ئوخشاتقان ئىكەنمەن، بۇ باغدىكى قۇش شەيدا
بۇلبۇل ئەمەس، بەلكى مىنىڭ بىئارام كوڭلۇم.)

سۇنبۇل ئۇستىدىن نەسىم ئەسكەچ، نىگارىم تۇررەسىن
ياد قىلدىمكىم، دىماغ ئاشۇفتەدۇر، سەۋدا ئەمەس.
(يۇمشاق شامال سۇنبۇل ئۇستىدىن ئوتكەندە، يارىمنىڭ سىكىلەك
چاچلىرىنى ئەسلىدىمدە، كەيپىم پەرىشان بولدى. بۇسەۋدادىن ئەمەس)

نەرگىس ئالتۇن جامىنىڭ ئالىدا كافۇرى ھەرىر،
پەردەئى جانىمدۇدۇر، مەرھۇن قەدەھ پالا ئەمەس.

(ئالتۇن جامنىڭ ئالدىدىكى ئاق شايى رەنە ئۇچۇن ئالغان مەي
سۇزگۇچ ئەمەس، بەلكى جىنىمنىڭ پەردىسى.)

دىمە، ئەفغانىمدا بۇلبۇل نالەسىدەك يوق نىشاتە،
بۇھەم ئەندۇھزا ئەمەس، گەر ئۇل نىشات ئەفزا ئەمەس.
(مېنىڭ پىغانىمدا بۇلبۇلنىڭ نالىسىدەك خۇشلۇق يوق دىمە،
مېنىڭ پىغانىم ساپلا قايغۇ ئەمەس، ئۇنىڭ نالىسىمۇ ساپلا خۇشلۇق
ئەمەس.)

گۇلنى سەرۋ ئۇزرە خەيال ئەتتىم كوكۇل بوستانىدا،
راست ئەيتاي، سەرۋى گۇلرويۇم كەبى زىبا ئەمەس.
(گۇلنى سەرۋى دەرىخى ئۇستىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم، ئەمما
راستىنى ئېيتايكى، ئۇ، كوكۇل بوستانىدا مېنىڭ سۇمباتلىق گۇل
يۇزلۇگۇمدەك گۇزەل ئەمەس ئىكەن.)

بولماڭىز مەغرۇرى ھوسن، ئەي شوخلاركىم، باغ ئارا
سىزكەبى بىلتۇرغى گۇللەردىن بىرى پەيدا ئەمەس.
(ئەي گۇزەللەر، چىرايىڭلارغا مەغرۇرلانماڭلار، بۇ باغدا
بۇلتۇرقى سىزگە ئوخشايدىغان گۇللەرنىڭ بىرسىمۇ يوق.)

ماڭا گۇلرۇخ ساقىيو بۇلبۇلغا گۇل تۇتتى قەدەھ،
مەست ئېرۇر ئۇل ھەم نەۋائىدەك ۋەلى رەسۋا ئەمەس.
(ماڭا گۇل يۇزلۇك ساقى، بۇلبۇلغا گۇل قەدەھ تۇتتى، بۇلبۇلمۇ
مەس بولدى، بىراق ناۋايىدەك رەسۋا بولغىنى يوق.)

چاك ئېتىپ كوڭلۇمنى ئاچىلسۇن دىمەك ئىمكان ئەمەس،
غۇنچەنى ئەمدەن ئاچىپ گۇل ئەيلەمەك ئاسان ئەمەس.
(كوڭلۇمنى يېرىپ ئاچماق مۇمكىن ئەمەس، غۇنچىنى
قەستەن ئېچىپ گۇل قىلماق ئاسان ئەمەس.)

دىمە زاھىدكىم، نىدىن ھەيرانسەن ئۇل رۇخسارغە،
ئالەم ئىچرە بىر كىشى تاپكىم ئاڭا ھەيران ئەمەس.
(ئەي زاھىت، نىمىشكە ئۇنىڭ جامالىغا ھەيران قالىسەن دىمە،
قېنى دۇنيادا ئۇنىڭغا ھەيران قالمايدىغان بىر كىشىنى تاپقىنا.)

قەترە سۇلاردۇر كوكۇل ئوتىغە تەسكىن بەرگىلى،
كىم ئۇل ئاي ياغدۇردى قاشى قەۋسىدىن پەيكان ئەمەس.
(كوكۇل ئوتىنى باسىدىغان سۇلارنى پەيكان ئەمەس، بەلكى
ئاشۇ ئاي يادەك قېشىدىن ياغدۇردى.)

ھەجردەشتىدە قۇيۇندەكمەن، ۋەلى ئول مەن كەبى،
خاكسارۇ باد پەيما داغى سەرگەردان ئەمەس.
(مەن ھىجران دەشتىنىڭ قۇيۇنىغا ئوخشاپمەن، بىراق قۇيۇن
مەندەك خار-زار، مەندەك سەرگەردان ئەمەس.)

گەرچە ھوسنۇڭ كوزگۇدىن كىردى تىمور قورغان ئارا،
مېھرىدەك ئايىنەگۇن، ئەفلاكدىن پىنھان ئەمەس.

(ھۆسنۈڭ ئەينەك ئارقىلىق تومۇر قورغانغا كىرىۋاتسىمۇ، يەنىلا
قۇياشتەك پارلاقكى، ئاسمان ئۇنى يوشۇرالمايدۇ.)

گۈل ۋەپاسىزلىقلارنى شەرھ ئېتەر مىڭ داستان،
ئەل گۇمان قىلغان كەبى بۇلبۇلدا مىڭ داستان ئەمەس.
(گۈلنىڭ ۋاپاسىزلىقى مىڭلىغان داستاندا بايان قىلىنىدۇ، ئەمما
بۇلبۇلنىڭ مىڭلىغان داستانى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس.)

ئەي نەۋائى، ئول پەرىدىن ئادەمىلىغ كورمەسەڭ،
ئەيب ئەمەس، ئول ھوردۇر، ياخۇد مەلەك، ئىنسان ئەمەس.
(ئەي ناۋايى، ئول پەرىدىن ئادەملىك كورمىگەن بولساڭ، ئۇنداقتا
ئۇ ئادەم ئەمەس، بەلكى ھور - پەرى ياكى پەرىشتە.)

چىقتى يارىم كىچە يول ئەزمىن قىلىپ ئول باغرى تاش،
بەس، ئەجايىبدۇر قاراڭغۇ كىچە چىقماغلىق قۇياش.
(ئۇ باغرى تاش يېرىم كېچىدە يولغا چىقتى، بۇ،
خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە قۇياش چىققاندەك ئاجايىپ ھال.)

گەر قۇياشقە ئەل نەزەر قىلسا كوزىگە ياش تولار،
ئول قۇياش بارغاچ نەزەردىن، كوزلەرىمگە تولدى ياش.
(كىشىلەر قۇياشقا قارىسا كوزىگە ياش كېلىدۇ، مېنىڭ كوزلىرىمگە
ئۇ قۇياش كەتكەندىن كېيىن ياش تولدى.)

زەخمىدىن كوپ قان بارۇردىن قالدى چاك ئولغان كوڭۇل،
زەڭگىدەك ئەفغان چېكىپ خەيلىدە بولغاي ئېردى كاش.
(چاك بولغان كوڭۇل ئەمدى يارىسىدىن قان ئاققۇزۇشتىن قالدى.
كاشكى خالايىق ئىچىدە ھوڭرەپ ئاھ - زار چېكەلىسىچۇ.)

فۇرقەتىڭدىن يىغلابان ھەقدىن ۋىسالىڭ ئىستەرەم،
گاھ ساچارمەن باشقە تۇفراغ، گاھ قويارمەن يەرگە باش.
(جۇدالىق دەردىدە يىغلاپ، خۇدادىن ۋىسالىڭنى تىلەيمەن،
گايى بېشىمغا توپا چاچىمەن، گايى بېشىمنى يەرگە ئۇرۇمەن.)

قەترە قانلار كىم تامار كوكسۇمگە ئۇرغان تاشىدىن،
زەخمىدىندۇر دىمەكىم، قان يىغلار ئەھۋالىمغا تاش.

(كۆكسۈمگە ئۇرۇلغان تېشىدىن تامچە ـ تامچە قانلار تامدى، بۇ جاراھىتىمدىن ئاققان قان ئەمەس، بەلكى تاشنىڭ مېنىڭ ھالىمغا قان يىغلىغانلىقى.)

چۈن تۈشەرلەر ئاقىۋەت ئۈستۈڭگە خارا بىرلە فەرش،
نى ئاسىغ ئاستىڭدا گەر چەرخ ئەتلەسدىندۇر فىراش.
(ئاقىۋەت ئۈستۈڭگە تاش ۋە توپا چۈشىدۇ، گەرچە ئاستىڭدا — فەلەك ئەتلەسىدىن توشەك بولسىمۇ، نىمە پايدىسى؟)

فاش ئېتەر مېھرىن نەۋائىنىڭ سارىغ رۇخسارەسى،
سۇبھىدەككىم سارغارىب رۇخسارى ئەيلەر مېھر فاش.
(ناۋائىنىڭ سېرىق چىرايى ئۇنىڭ ئىشقىنى ئاشكارىلىدى، خۇددى سۇبھى سارغىيىپ قۇياشنى ئاشكارىلىغاندەك.)

ئارەزىن ياپقاچ، كوزۇمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
ئويلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.
(يۈزىنى ياپسىلا، كوزۇمدىن ياشلار چاچرايدۇر، خۇددى قۇياش پېتىشى بىلەن يۇلتۇزلار چاقنىغاندەك.)

قوۋت بىربادامۇ دەيرىم گوشەئى مېھراب ئىدى،
غارەتى دىن ئەتتى ناگاھ بىربەلالىغ كوزۇ ـ قاش.
(بىربالاخور كوز بىلەن قاش ئىمانىمنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاچقا، بىردانە بادام ئوزۇغۇم، مەيخانىنىڭ بۇلۇڭى خىلۋەتگاھ مېھرابىم بولدى.)

بۇ دەمادەم ئاھىم ئەفشا ئەيلەر ئول ئاي ئىشقىنى،
سۇبھىنىڭ بات ـ بات دەمى ئانداقكى ئەيلەر مېھر فاش.
(ئاھىم بارغانچە ئۇ ئاينىڭ ئىشقىنى ئاشكارىلىدى، خۇددى تاڭ سەھەرنىڭ غۇر-غۇر شامىلى قۇياش يۈزىنى ئاچقاندەك.)

بۇسەئى قىلماس مۇرۇۋۋەت ئەسرو قاتتىقدۇر لەبىڭ،
دىسەم، ئاغزى ئىچرە ئەيتۇرلەئل ھەم بارنەۋئ تاش.
(بىرەر سۆيۈش ئىنئام قىلمىدى، بۇلېۋىڭ بەك قاتتىق ئىكەن دىسەم، ئاغزى ئىچىدە ياقۇت بار، ئۇ مۇتاشىنەك قاتتىق نەرسە ئەمەسمۇ. دەيدۇ)

ناۋەكىڭ كوڭلۇمگە كىرگەچ جان تالاشماق بۇ ئىكىن

كىم، قىلۇر پەيكانىنى كۆڭلۈم ئىلە جانىم تالاش.
(ئوقۇڭ كۆڭلۈمگە كىرگەندىن كېيىن جان تالىشىشقا چۈشتى بۇ، ئوقنىڭ ئۇچىنى كۆڭلۈم بىلەن جېنىم ئىككىسى بىر - بىردىن تا- لاشقانلىقى.)

ئۆمرى جاۋىد ئىستەسەڭ فەرد ئولكى، بوستان خىزرىدۇر
سەرۋىكىم دەئىب ئەيلەدى ئازادەلىق بىرلە مەئاش.
(ئۆلمەس ھايات ئىزلىسەڭ يەككە - يىگانە بول، چۈنكى سەۋرى دەرىخى غول چىقارماي تۈزلا ئۆسۈشكە ئادەتلەنگەچكە، ھەمىشەم ياشىرىپ تۇرىدۇ.)

قاشى ئاللىندا نەۋايى بەرسە جان، ئەيب ئەتمەگىز،
گەر بۇدۇر مىھراب، بىر - بىر قويغۇسىدۇر بارچە باش.
(ناۋايى ئۇنىڭ قېشى ئالدىدا جان بەرسە ئەيىپكە بۇيرۇماڭ، چۈنكى مەرەپكە ھەممە ئادەم باش قويىدىغۇ.)

سارىغ گۈل دىمەكىم، چۈن سەرۋ نازىم باغ ئارابارمىش،
يۈزىن كورگەچ قىزىل گۈل زەئىف ئېتىپ ئول نەۋئ سارغارمىش.
(بۇنى سېرىق گۈل دەپ قالما، ئەسلىدە مېنىڭ گۈزىلىم باققا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزىنى كورگەن قىزىل گۈلنىڭ ھۇشى- دىن كېتىپ سارغايغانلىقى.)

كوڭۇل ئەترافىدا ئاچقان ئۇچۇن ھىجران ئوقى يوللار،
بەلا خەيلىنى ئىشقىڭ شەھنەسى ئول سارى باشقارمىش.
(ھىجران ئوقى ھەر تەرەپتىن كوڭۇلگە يول ئاچقاچقا، ئىشقىڭ پاس- ۋانى بالا لەشكەرلىرىنى شۇ ياققا باشلاپ كەلدى.)

غەمىڭ مىننەت قويۇپ جان ئالدى، ۋەھ، جانىمغە يۈزمىننەت،
كى خۇد بارى تىرىكلىك مىننەتىدىن جاننى قۇتقارمىش.
(غېمىڭ ياخشىلىق قىلىپ جاننى ئالدى، بۇ، جانغا بىرئىلتىپات، دىمەك، مۇشۇلا جېنىمنى تىرىكلىك مىننىتىدىن بىراقلا قۇتقازدى.)

كەلامىڭ گەۋھەرىدەك تاپىلمىش، گەرچە سەبا ئىلكى،
ياقاسىن غۇنچەنىڭ يىرتىپ، ئىچەكىم قوينىن ئاختارمىش.
(گەرچە سابا غۇنچىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ، قوينىنى قانچە ئاختۇر- غان بىلەن سېنىڭ سوزۇڭدەك گوھەرنى تاپالمايدۇ.)

كوڭۈلنى چاك ـ چاك ئەتكەچ، يېتمىشتى ئوقى ھەريادىن،
كى ئوت قويماققە گوياكىم ئوتۇنىڭ توش ـ توشىن يارمىش.
(كوڭۈلنى يارغاندىن كېيىن ئوقلىرى ھەرياندىن كىرگىلى تۇردى،
بۇ خۇددى ئوت يېقىش ئۈچۈن ئوتۇننى يارغاندەك ئىش بولدى.)

ئىچەكىم قەدچىكەر، سەركەشلىك ئەيلەر ئەنبەرىن زۇلفى،
ئەگەرچە كۈن بىيىك چىققاندا دائىم سايە قىسقارمىش.
(قەددىنى كوتەرگەنسىرى ئىپارچاچلىرى گىدىيىپ تۇرۇۋالىدۇ،
خۇددى كۈن ئورلىگەنسىرى سايە قىسقارغاندەك.)

ئىلىك بوغزىغە ئىلتىپ شىشە توكمىش قان ياشىن مەندەك،
مەگەر ساقى ئاياغىن ئوپكەلى ئول داغى يالبارمىش.
(قولنى بوغزىغا ئېلىپ بارغاندا شىشە ماڭا ئوخشاش قان يېشىنى
توكۇدۇ ۋە ساقىنىڭ ئايىغىنى سويگىدەك بولۇپ نالە قىلىدۇ.)

يۈگۈرمە رىزق ئۈچۈن، نى يەتسە ھەقدىن ئاڭلاكىم كامىل،
نى كەلتۈرگىل دىمىش، نى غەيبدىن كەلگەننى قايتارمىش.
(رىسقى ئۈچۈن شاپاشلىما، خۇدادىن نىمە كەلسە شۇنى يېتەر-
لىك بىل، بەرگىن دىمىگۈلۈك ھەم كەلگەن رىسقىنى قايتۇرمىغۇلۇق.)

فىراقۇ زۇھد دەفئىغە نەۋائى ئىشقى سەھباسىن
مەگەر توققۇزتۇتۇپ توققۇز پەلەك جامىنى سىپقارمىش.
(جۇدالىق دەردىنى ۋە سوپىلىقنى توگىتىش ئۈچۈن ناۋايى
ئىشق شارابىنى توققۇز پەلەك جامىدا توققۇز قېتىم يۇتىدۇ.)

نى ئەجەب گەر بارئىسەم دىۋانەۋەشلىغ بىرلە خەش،
كىم كوڭۈل ئالغان پەرىرويۇم ئېرۇر دىۋانەۋەش.
(مەن ساراڭ مىجەزلىگىم بىلەن خوش بولسام، نىمە ھەيران بولغۇلۇق،
چۈنكى مېنىڭ كوڭلۈمنى ئالغان پەرى يۈزلۈگۈمنىڭ ئوزى ساراڭ
مىجەز.)

مەنىڭ ئىتەرسىز ھۇشى يوق كوڭلۈمگە لەئلى بادەسىن،
ئەيتىڭ ئەي ھوش ئەھلى، كەلگەيمۇ بۇسوز ئۇسرۇككە خەش.

(مېنىڭ ھوشىنى يوقاتقان كوڭلۈمنى ئۈنىڭ لەئلى شارابىدىن
چەكلىمەكچى، ئەي ھۇشيار كىشىلەر ئېيتىڭلار! بۇنداق سوز مەسكە
خوشياقامدۇ؟)

ساف ۋەسلى بولماسا گەر بارچە زەھرى ھەجرىدۇر،
ساقىيا، بىر جورئە تۇتكىم، ئالدى جانىمنى ئەتەش.
(پاك ۋىسال بولمايدىكەن، ھىجرانلىق دىگەن پۈتۈنلەي زەھەر؛
ئەي ساقى، بىريۇتۇم مەي بەرگىنە، تەشنالىق جېنىمنى ئالدى.)

ۋەھ نى يەكلىغ ساغ ئولاي مەن تەلبە بۇ ھالەتدەكىم،
ئول پەرى ھەم باردۇرۇر دىۋانەۋەش ھەم جورئەكەش.
(بۇھالەتتە مەن تەلۋە قانداقمۇ ساق تۇراي، چۈنكى
ئۇ پەرىنىڭ ئوزى دىۋانە مىجەز ھەم ئىچەرمەن.)

سالدى كوڭلۈمنى غەمى ھىجران گۈدازى ئىچرە يار،
گويىياكىم ئىشق ئارا ئول قەلبدە بار ئېردى غەش.
(يارىم مېنىڭ كوڭلۈمنى ھىجران غېمىنىڭ ئوچىغىغا سالدى،
خۇددى ئىشق ئارا بۇ كوڭۈلدە بىر غەش باردەك.)

شەيخ باشىغە بەلا ئېركەندۇرۇر دەستاركىم،
ئىشق ئەسرارىن ئىشتىمەكلىككە مانىئ بولدى فەش.
(سەللە — شەيخنىڭ بېشىغا بىر بالا ئىكەن، چۈنكى سەللىنىڭ
پېشى مۇھەببەت سىرىنى ئاڭلاشقا بىر توسالغۇ.)

دىمەكىم، بىر ياخشى سوز بىرلە نەۋائى جانىنى
ئالسام، ئول بولغايمۇ رازى، ياخشى سوزگە نى كىڭەش.
(بىر ياخشى سوز بىلەن ناۋائىينىڭ جېنىنى ئالسام رازى بولارمۇ،
دىمە، ياخشى سوزگە كېڭىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى نىمە؟)

سۇرمە بىلەنمۇ ئول ئاي كوزنى قارا ئەيلامىش،
يوقسە خوتەن جىرەنى مۇشك ئىچىدە ئاغنامىش.
(ئۇ ئاي يۈزلۈك كوزىنى سۇرمە تارتىپ قارايتقانمىدۇ؟
ياكى خوتەن كىيىگى ئىپارغا ئېغىنغانمىدۇ؟)

كويىدا مەن زەئىفدىن ئويلەكى، ھەريان مىنى،
ئىت دىمەيىن، بەلكى مۇر تونىمە ئۈچۈن سودرامىش.
(مەن ئۇنىڭ كوچىسىدا شۇنداق زەئىپلەشتىمكى، ئىت ئەمەس،
بەلكى چۈمۈلىمۇ يېيىش ئۈچۈن سورەپ ماڭغىدەك بولۇپ قالدىم.)

غەمزەڭ ئوقى كەسرەتى كوڭلۈم ئارامۇ ئىكىن،
يوقسە بۇ قۇش پەرلەرىن ھەجرىڭ ئوتى چۇركامىش
(غەمزەڭ ئوقىنىڭ تولىسى مېنىڭ كوڭلۈمگە ئورناشقانمىدۇ؟
ياكى بۇ قۇش پەرلىرىنى ھىجرىڭ ئوتى قارايتىۋەتكەنمىدۇ؟)

ھۆللەئى زەربافتدىن قىلدىمۇ ئول ئاي سىپىج،
يوقسە شۇئائى خەتىن باشقە قۇياش چىرمامىش.
(ئۇ ئاي بېشىغا زەرباسقان شايى ئورىغانمىدۇ؟ ياكى قۇياش ئۆزىنىڭ
نۇرلۇق زەرتالالىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئوراپ قويغانمىدۇ؟)

ئالەم ئارا بىركىشى تېلبەرەمەي قالماغاي،
بۇيلەكى يەتكەچ نەسىم زۇلفۇڭ ئارا بۇترامىش
(دۇنيادا بىرئادەممۇ مەسخۇش بولماي قالماپتۇ، چۈنكى چېچىڭنى
ئارىلىغان شامال ئۇنىڭ خوشبۇيىنى ھەممە يەرگە تارقىتىپتىكەن.)

ۋادىئى ھەجر ئىچرەكىم بولدى سوئەك ئەھلى ئىشق،
بۇدۇر ئوتتۇنكىم، ئانى غەم سىپاھى ئورتەمىش.
(ھەجرىڭنىڭ دەشتىدە ئاشىقلار كويۇپ سوڭەككە ئايلاندى،
ياكى ئاشىقلار خۇددى ئوتتۇن، ئۇنى غەم لەشكەرلىرى ئورتەپتۇ.)

لەمئەئى رۇخسار ئىلە ئورتەدى ئۇششاقنى،
غەيرەتى ھۇسنى مەگەر زارلارنى ئىرگامىش.
(جامالى يالقۇنى بىلەن ئاشىقلارنى ئورتىدى، ھۇسنى رەشكى بىچارى-
لەرنى ئىزگىنلەپ قويدى.)

تەگمەسە بەزمىڭدە مەي، بەسدۇرۇر ئول سۇ ماڭا،
كىم سەن ئىچەر جامنى سۇچى ئالىپ يايقامىش.
(ماڭا بەزمەڭدە شاراپ تەگمىسە، سۇ بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ،
چۈنكى سەن شاراپ ئىچكەن قاچىنى سۇ بىلەن چايقايدىغۇ.)

نەيلەگەمەن باغلاماي مۇغبەچە زۇننارىنى،
كىم بۇ كوھەن دەير ئارا ئىسا ئانى باغلامىش.
(بۇ كونا مەيخانىدا مۇغبەچىنىڭ زۇننارىنى باغلىۋالسام
نىمە بوپتۇ، ئۇنى ئەيسا پەيغەمبەرمۇ باغلىغان ئەمەسمۇ.)

مىھرو ۋەفا ئەيبىدىن پاكدۇر ئەبنايى دەھر
پاك نەزەردۇركىم، ئول سارى نەزەر سالمامىش.
(زامانداشلار مىھرى ۋە ۋاپا ئەيىۋىدىن پاك، پاك نەزەرلىگى
شۇكى، ئۇلار ئۇنىڭغا نەزەرمۇ سالمايدۇ.)

تۇتتى نەۋائى ئەزىز كويىدا ئول تاشىنكىم،
گاھ ئانى باشىغە، گاھ باشىن ئاڭا ياستامىش.
(ناۋائى ئۇنىڭ كوچىسىدىكى تاشنى بەك قەدىرلەيدۇ،
شۇڭا بەزىدە ئۇنى بېشىغا، بەزىدە بېشىنى ئۇنىڭغا ياستۇق قىلىدۇ.)

جان يېتىپ ئاغزىمغا، تاپمان دەردى ھىجراندىن خەلاس،
جاننى ھىجراندىن خەلاس ئەت، يا مېنى جاندىن خەلاس.
(جېنىم ئاغزىمغا كېلىپ قالسىمۇ، ھىجران دەردىدىن قۇتۇلمىدىم،
جاننى ھىجراندىن قۇتۇلدۇر، يا مېنى ھىجراندىن.)

ئانداق ئاچتى سۇنبۇلىن گۇل ئۇزرە يەلكىم، بولماغاي
بىر كوڭۇل ئالەمدە ئول زۇلفى پەرىشاندىن خەلاس.
(شامال گۇل ئۈستىدە ئۇنىڭ سۇنبۇلىنى يەلپۈگەن ئىدى،
دۇنيادا ئۇنىڭ زۇلپى چىگىلىشىدىن بىرمۇ كوڭۇل قۇتۇلالمايتۇ.)

دىمە نالەڭدىن ئۇچار ھەرشام ئەلدىن ئۇيقۇكىم،
تۇننىڭ ئول باشىدا ئەل ئىرمەس بۇ ئەفغاندىن خەلاس.
(ھەركېچە نالەڭدىن خەقنىڭ ئۇيقۇسى قاچىدۇ، دىمە، كېچىنىڭ
باشلىنىشى بىلەنلا كىشىلەر بۇ نالە-زارغا مۇپتىلا.)

گەرچە يەر تاپتىڭ كوڭۇلدە، ۋەھم ئەت ئاھۇ ئەشكدىن
كىم، كىرىپ ۋەيرانغە بولماس كىمسە تۇفاندىن خەلاس.
(كوڭۇلدىن جاي تېپىپسەن، بىراق ئاھ-زار ۋە كوز يېشىدىن
ئېھتىيات بول، چۈنكى، ۋەيرانىلىققا كىرىپ قالغان كىشى توپان-
دىن قۇتۇلالمايدۇ.)

ياغسە مەجنۇن كوڭلۇم ئۇزرە شوخلار دەردى، نېتاڭ،

تەلبە ئەتفال ئىچرە بولماس سەنگباراندىن خەلاس.
(شوخ گۈزەللەرنىڭ دەردى مەجنۇن كۆڭلۈمگە ياغسا، نىمە ھەيران قالغۇلۇق، بۇمۇ تەلۋە باللارنىڭ ئارىسدا تاش بورانىدىن خالى بولمىغاندەك ئىش.)

ئىستەمەس بىر-بىرنى سەنسىز جانۇ-تەن، تەگرى ئۈچۈن
كىم ئانى مۇندىن خەلاس ئەتكىل، مۇنى ئاندىن خەلاس.
(سېنىڭسىز جېنىم بىلەن تېنىم بىر-بىرنى ئىزلىمەيدۇ، خۇداھەققى، ئۇنى بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇر، بۇنى ئۇنىڭدىن.)

غەم ئۆيى ئىچرە قابالمىش يار ھەجرىڭدىن كۆڭۈل،
ۋەھ، قاچان بولغاي بىزىڭ تۇتقۇن بۇ زىنداندىن خەلاس.
(يارنىڭ ھىجرانىدا كۆڭلۈم غەم ئۆيىگە قامىلىپ قالدى، ئاھ، بىزنىڭ تۇتقۇن بۇ زىنداندىن قاچان ئازات بولار.)

جام دەۋرىدىن خەلاس بولماقنى زىنھار ئىستەمە،
ئەيكى، بولماق ئىستەدىڭ ئەندوھى دەۋراندىن خەلاس.
(ئەي، دەۋر قايغۇسىدىن خالى بولماقچى بولساڭ، جامنى دەۋر قىلىپ ئولتۇرۇشتىن خالى بولما.)

بەندى زۇلفۇڭدىن نەۋائىينى خەلاس ئەتكىل دىسەم،
دەركى: "بولماس بولماغۇنچە ھوكمى سۇلتاندىن خەلاس."
(ناۋائىينى زۇلپۇڭ زەنجىرىدىن قۇتۇلدۇردىسەم، "سۇلتاننىڭ ھوكمىدىن قۇتۇلمىغىچە، بۇ مۇمكىن ئەمەس"دەيدۇ.)

جانغە زۇلفۇڭ تابىدىن ئول لەئلى خەنداندۇر غەرەز،
خىزرغە زۇلمەت ئىلەردىن ئابىھەيۋاندۇر غەرەز.
(جېنىم ئۈچۈن زۇلپۇڭغا چىرمىشىشتىكى غەرەز — كۈلۈپ تۇرغان لېۋىڭ، خۇددى خىزىر ئۈچۈن زۇلمەت ئىچىگە كىرىشتىكى غەرەز — ئابىھايات بولغىنىدەك.)

شەۋق ئوتىغە ئۇرماسام سۇ كويدۇرۇر كۆڭلۈمنى پاك،
ئىستەگەندىن ئوقلارىڭ كۆڭلۈمگە پەيكاندۇر غەرەز.
(كۆيۈك ئوتىغا سۇ چاچمىسام، كۆڭلۈمنى پۈتۈنلەي كويدۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا، ئوقلىرىڭنى ئارزۇ قىلىشىمدىكى غەرەز — كۆڭلۈمنى قان قىلىش.)

نېۋچۈن، ئەي ھىجران، ئەزاب ئەيلەرسەن ئانسىز جانىمە،
ئىستەگىلكىم تاپشۇراي گەر خود ساڭا جاندۇر غەرەز.
(ئەي ھىجران، ئۇنىڭسىز جېنىمغا نىمشكە مۇنچە ئازاب سالىسەن، ئەگەر مەقسىدىڭ جان بولسا، ئېيتقىن، بۇ جاننى ساڭا تاپشۇراي.)

يۈز تۈگەن قويدۇم، ئەمەس قانئ، كېتىڭ جانۇ-كۆڭۈل،
گويىيائول بىۋەفاغە داغى ھىجراندۇر غەرەز.
(ئەي جېنىم، ئەي كۆڭلۈم، يوقۇلۇڭلار، سىلەرنى شۇنچە زەخمىلەندۇرسەممۇ، رازى بولمىدى، ئۇ بىۋاپانىڭ غەرىزى جۇدالىق دېغىنى سېلىش ئىكەن.)

ئال ئېتەر بولساڭ كەفىڭنى، دەھشەت ئەتمە، تىغ سۇر،
مەن بىھىلمەن گەر ساڭا بۇ بىر ئاۋۇچ قاندۇر غەرەز.
(ئالقىنىڭغا خىنە قويماقچى بولساڭ، قورقۇتماي، خەنجىرىڭنى سال،
غەرىزىڭ بىر ئوچۇم قانمۇ، بولدى، كەچتىم مەن ئۇنىڭدىن.)

ئالەمۇ ئادەم فىداڭ بولسۇنكى، بارسەن ئەي ھەبىب.
سەن غەرەز ئىنساندىن ئەر، ئالەمدىن ئىنساندۇر غەرەز.
(ئەي دوست، بولدى، ئالەم ھەم ئادەم ساڭا پىدا بولسۇن،
سەن ئادەمنىڭ پىيىدە، ئادەم ئالەمنىڭ پىيىدە.)

ئەي نەۋائى، ۋاقتى ئول ھالىڭغەكىم، يار ئاللىدە
بەس فەراۋاندۇر غەرەزگۇ ئەسرو پەرراندۇر غەرەز.
(ئەي ناۋايى، ھالىڭغا باق، يار ئالدىدا تەلەپكار جىق،
لېكىن تەلەپ بىر يەرگە قونالمايدىكەن.)

يۈزدە خالىڭدۇرمۇ، يا تەھرىر ئېتەر ھالەتدە خەت،
تامدى قۇدرەت كىلكىدىن كۆن سەفھەسىغە بىرنوقەت.
(يۈزۈڭدىكى خالمۇ، ياكى يېزىۋاتقان چاغدا خۇدانىڭ
قەلىمىدىن كۈن سەھىپىسىگە تېمىپ كەتكەن چېكىتمۇ؟)

سەبزەئى خەتتىڭ كوزۈمنى يارۇتۇر باققان سايىن،
كوپ نەزەر قىلسا ئەگەرچە تىرە ئەيلەر كوزنى خەت.
(خەتكە تولا قارىسا كوز خىرەلىشىپ قالاتتى، بىراق زىننىڭ
سىزىقلىرى قارىغانسىرى كوزۈمنى يورۇتىۋەتتى.)

ئاينى روخسارىڭ دىدىم گويا، قاراڭغۇ ئېردى تۈن،
كىم ماڭا ئەسرۇ يىراقتىن ۋاقىئ ئولمىش بۇ غەلەت.
(ئاينى جامالىڭغا ئوخشۇتۇپتىمەن، ئۇ، قاراڭغۇ كېچىدە
يىراقتىن ماڭا شۇنداق غەلىتى بولۇپ كورۇنۇپتۇ.)

جان ئاراسىغە كىرەر ھەردەم خىرامان قامەتىڭ،
گەرچە ساكىندۇر ئەلىفكىم جانغە بولمىشدۇر ۋەسەت.
(نازلىق قامىتىڭ ھەمىشە جان ئارىسىغا جايلىشىۋالىدۇ، خۇددى
"ئەلىف" ھەرپى "جان" دىگەن سوزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جاي
ئالغىنىدەك.)
تۆركى ئەنجۇم شامى ھەجرىمنى يارۇتماس، گويىيا
ناۋەكى ئاھىمدىن ئولمىش تەۋسەنى گەردۇن سەقەت.

(قوياش جۇدالىق تۈننى كېزىپ يورۇتمىدى، ئاھىم ئوقىدىن
پەلەكنىڭ بۇ ئويناق ئېتى مېيىپ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.)

مەسكەننىڭ مەي ئوتىدىن، ئەي موغ، ئېرۇر ئاتەشكەدە،
ئاندا بىر ئوتلۇغ سەمەندەر مەي تولا ھەرسارى بەت.
(ئەي مەيپۇرۇش (مەجوسى)، مەي تەپتىدىن ماكانىڭ ئوتدانغا
ئوخشاپ قاپتۇ، بۇ يەردىكى ئودەك شەكىللىك جام خۇددى
سەمەندەرنىڭ ئۆزىغۇ.)

زاھىد ئولدۇم دەب، نەۋائى ئىشقنى تەرك ئەتمەكىم،
بولماسا ئول شور توزسىز لوقمەدۇر زوھدى پەقەت.
(ناۋايى، زاھىد بولدۇم دەپ، مۇھەببەتتىن كېچىپ يۈرمە، زاھىت-
لىق دىگەن بەتتام تاماقىقا ئوخشاش بىرنىمە.)

بۇ نەغمە ئېردىمۇ، يوق ئېرسە ئافەت، ئەي ھافىز،
كى بەزم ئەھلىغە سالدىڭ قىيامەت، ئەي ھافىز.
(بۇ نەغمىمىدۇ، يائاپەتمۇ، ئەي ھاپىز، بەزمە سورۇنىغا
قىيامەت سالدىڭغۇ، ئەي ھاپىز.)

ئولۇستىن ئالدى ئۆتۈك ھۇش، سەن سەلامەت بول،
گەر ئەتتى ئەلگە تەرىقى سەلامەت، ئەي ھافىز.
(ئاۋازىڭ خەلقنىڭ ئەس — ھۇشىنى ئالسىمۇ، لېكىن سالامەتلىك
يولىنى كورسەتتى، سالامەت بول، ھەي ھافىز.)

نەچەكى نەغمەڭ ئېرۇر مۇستەقىمۇ لەھنەڭ تۈز،
ۋەلىك ئەلدىن ئالۇر ئىستىقامەت، ئەي ھافىز.
(ئەي ھاپىز، نەغمە شۇنچە جايىدا، كۈيۈڭ تۈز، بىراق،
باشقىلارنى جايىدا تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدۇڭغۇ.)

نى ھۇش مۈلكىدە تاپقاي ئىقامەت ئولكى دەمى
ئوقۇردا تاپسا يانىڭدا ئىقامەت، ئەي ھافىز.
(ئەي ھاپىز، سەن ناخشا ئوقۇغاندا ئادەمنىڭ ھۇشى يېنىڭدىن
جاي تاپىدىكەن، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانىدىن ئايرىلىدىكەن.)

1) ھاپىز — بۇ يەردە كۈيچى، ناخشىچى مەنىسىدە.

مەگەر مەسىھ ئىلە داۋۇدسەن، نەفەس بىلەكىم
ھاياتۇ مەۋت ئېرۇر ئول ئالامەت، ئەي ھافىز.
(ئەي ھاپىز، سەن ئەيسا ھەم داۋۇت ئىكەنسەن،
شۇڭا بىر نەپەس بىلەن ھەم ھاياتلىقنى ھەم ماماتلىقنى كورسەتتىڭ.)

قىلىپ تىلاۋەت ئىسلام ئېلىگە قەسد ئەتمە،
كى تەڭرى ئاللىدا تاپقۇڭ نەدامەت، ئەي ھافىز.
(ئەي ھاپىز، ئۇقۇپ تۇرۇپ، ئىسلام ئېلىگە قەست قىلما،
بولمىسا، خۇدا ئالدىدا نەدامەت چېكىسەن.)

مەگەركى ھافىزى شىراز سەنكى، بىر ساغەر
تۇتۇپ نەۋائىغە قىلدىڭ كەرامەت، ئەي ھافىز
(ئەي ھاپىز، سەن شىرازنىڭ ھاپىزى ئىكەنسەن، چۈنكى بىر
قەدەھ تۇتۇپ ناۋايىغا كارامەت كورسەتتىڭ.)

كوزۇمنى تاكى قىلمىش ئول سەئادەت ئەختەرى مەتلەئ،
قاراغ ئېرمەسكى، شەبگۇن ھوللەدىن قىلدىم ئاڭا بۇرقەئ.
(ئۇ سائادەت يۇلتۇزى كوزۇمنى چاقنىتىۋەتكەچكە،
قارچۇقتىن ئەمەس، بەلكى قارا شايىدىن نىقاپ تارتتىم.)

لەبىڭ ھەجرىندە قان ياشىم كېلۇر باغرىم شىگافىدىن،
ئەجەب ئېرمەس بۇ يەڭلىغ سۇغە بولسا ئوت سىفەت مەنبەئ.
(لېۋىڭنىڭ پىراقىدا باغرىمدىن قان يېشىم ئاقتى،
بۇنداق سۇغا ئوتنىڭ مەنبە بولغىنىغا ھەيران قالمىغۇلۇق.)

قىلورلەر قەسدى جانىم، كەلتۇرۇپ بىر-بىرگە باش، گويا
بۇكىم پەيكانلارىڭ كوڭلۇم ھەرىمىن قىلدىلەر مەجمەئ.
(جېنىمنىڭ قەستىگە چۈشكەن كىرپىكلىرىڭ
بىر-بىرى بىلەن باش قوشۇپ، كوڭلۇم ئويىگە توپلاندى.)

بۇ نى راكىبدۇرۇ مەركەبكى، جەۋلان ۋەقتىدە باردۇر
قۇياشدىن پايەدە ئەئلا، فەلەكدىن پويەدە ئەسرەئ.
(بۇ قانداق چەۋەندازدۇ، مىنگىنى قانداق ئاتتۇ جەۋلان
قىلغاندا قۇياشتىن يۇقۇرى ئورلەپ، پەلەك چاقىدىنمۇ تېز ماڭىدۇ.)

تۇشەر كوڭلۇمگە ئول يۈز پەرتەۋى كوكسۇم شىگافىدىن،
بۇ رەۋزەننى نى بولدى قىلسالىڭ، ئەي تىغى قەزا، ئەۋسەدۇ.
(كوكسۇمنىڭ توشۇكلىرىدىن ئۇنىڭ جامالىنىڭ نۇرى كوڭلۇمگە
چۈشىدۇ، ئەي تەقدىر خەنجىرى، ئاشۇ توشۇكلەرنى كېڭەيتسەڭ
نىمە بولار.)

نىتاك هەركۇن ئەگەر بەر بەرسە يۈز ئاپەتكى، ئەنجۇمدىن.
ساچىپىتۇر يۈز مۇخالىف خاسىيەتلىغ تۇخم بۇ مەزرەدۇ.
(بۇ ئېتىزغا يۇلتۇزلاردىن بىر-بىرىگە زىت ئۇنۇم بېرىدىغان
ئۇرۇقلار چېچىلىپتۇ، شۇڭا هەركۇنى هوسۇل بىلەن بىللە ئاپەت
پەيدا بولسا، هەيران قالمىغۇلۇق.)

نەۋائى ۋاقىف ئول گەردۇن ئەرۇسىدىنكى، قەسىدىڭغە
ئاچار گەھ شامدىن گىسو، كىيەر گەھ سۇبھدىن مىقنەئ.
(ناۋايى، پەلەك گۈزىلىدىن پەخەس بول، ئۇ گايىدا قاراڭغۇ دەك چاچ
ئۆرۈمى بىلەن، گايىدا تاڭدەك ئاق رومالى بىلەن سېنى داىمغا
چۈشۈرىدۇ.)

ياشۇرۇن غەمزەڭ قىلىچىكىم قىلۇر كوكسۇم شىگاف،
بۇكى مەخفىدۇر، ئاڭا گويا قاشىڭ بولمىش غىلاف.
(يوشۇرۇن جىلۋەڭ قىلىچى كوكسۇمنى تېشىدۇ، ئۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن يوشۇرۇنكى، قېشىڭ گويا ئۇنىڭغا غىلاپ بولۇپتۇ.)

قاشلارىڭ نى سەف چېكىب، بولمىش قاراۋۇل كىرپىگىڭ
كىم، كوڭۇل سۇلتانى خەيلىغە ئەمەس هاجەت مەساف.
(قاشلىرىڭ سەپ تارتىپ، كىرپىكلىرىڭ قاراۋۇللۇقتا تۇرغىنى يوق،
دەرۋەقە كوڭۇل سۇلتانى لەشكەرلىرى ئۈچۈن سەپ تۈزەش
هاجەت ئەمەس.)

مېھر ئاڭلاپ ئاشىق ئولدۇم، سوڭرە يەتسە كوهى غەم،
نى ئەجەب، ئىشق ئىبتىداسى ئەين ئېرۇر، پايانى قاف.
(مېھرى باردەپ ئاشىق بولدۇم، كېيىن غەم تېغى بېسىۋالسا،
نىمە دېگۈلۈك،
چۈنكى ئىشق "ئەين" بىلەن باشلىنىپ "قاف" بىلەن
تۈگەيدىكەن *).

قاشى كوڭلۇم ئوغرىسىدۇر، راكىئ ئولماغلىق نى سۇد

*) بۇ يەردە هەرپ ئويۇنى كېتىۋاتىدۇ. "ئىشق" سوزىدىكى "ع" (ئەين)بۇلاق، يورۇق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئاخىرىدىكى "ق" (قاپ) بولسا، كۆيىمقاپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوغرى باش سالغاچ قويى، باردۇر دەللى ئېتىراف.
(قېشى كوڭلۇمنى ئوغۇرلاپتۇ، بولمىسا نىمىشقا ئېگىلىپ تۇردۇ،
ئوغرىنىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىشى گۇناھىغا ئىقرار بولغانلىغى
ئەمەسمۇ.)

ئىشق ئارا مەجنۇننى دەر بەزى فۇزۇن، بەزى مېنى،
لىك ھالىم ئاڭلاغان تاپماس مەھەللى ئىختىلاف.
(ئىشق ئارا بەزىلەر مەجنۇننى قالتىس دەيدۇ، بەزىلەر مېنى، لېكىن
مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەنلەر مېنىڭ قالتىسلىغىمدىن شەكلەنمەيدۇ.)

بول سەفا ئەھلىغە ھەمدەم يار ۋەسلى ئىستەسەڭ،
ئەكسىنى سالغايمۇ ساقى بولماغۇنچە بادە ساف.
(يار ۋەسلىنى ئىزلىسەڭ، پاكدىل كىشىلەر بىلەن ھەمدەم بول،
مەي ساپ بولمىسا، ساقىنىڭ شولىسى كورۇنمەيدۇ.)

ئەي نەۋائى، گەر قىلۇر كوڭلۇڭ ھەرەم تەۋفىنى قەسد،
قەتئ ئېتىب دەشتى فەنا، مەقسەد ھەرەمىن قىل تەۋاف.
(ئەي ناۋايى، كوڭلۇڭ ھەرەمنى تاۋاپ قىلىشنى خالايدىكەن،
يوقلۇش دەشتىنى كېزىپ، مەقسەت ھەرىمىنى تاۋاپ قىل.)

بەزم ئارا گەر يوق نەي بىلە دەف،
ھەم يامان ئېرمەس ئۈن بىلە كەف.
(بەزمىدە نەي بىلەن داپ بولمىسا،
ئاۋاز بىلەن چاۋاك بولسىمۇ يامان ئەمەس.)

ساقىئى گۈلرۇخ، بادەكېتۇر،
كىم ماڭا ھەددىن ئاشتى شەئەف.
(ئەي گۈل يۈزلۈك ساقى، ماڭا شاراپ كەلتۈرگىن،
چۈنكى ئىشتىياقىم چېكىدىن ئاشتى.)

دەۋر ئىلە دەير ئارا مەي چەككەلى،
چەكمەك نېچە مەسجىد ئارا سەف.
(مىچىتكە كىرىپ سەپ تارتىپ ئولتارغىچە،
مەيخانىدا چورىدەپ ئولتۇرۇپ مەي ئىچكۈلۈك.)

بادەغە بەرسەم جان نەقدى،
بولماق ئۈچۈندۇر نەقدى تەلەف.
(يار ۋەسلىدىن ئادا - جۇدا بولۇش ئۈچۈن،
جېنىمنى بىراقلا شاراپقا خەجلەي.)

كەل بېرىدىكىم، يوق ساڭا ۋەبال،
لىكىن ئېرۇر كوب بىزگە شەرەف.

(بۇياققا كەلگىن، ساڭا ۋاباللىق يوق،
كەلسەڭ تېخى بىز ئۇچۇن شەرەپ.)

شەيخى رىيايى فانى ئەمەس،
ئۇل تەرەف ئولسۇن، يا بۇ تەرەف.
(شەيخنىڭ ساختىپەزلىگى يوقالمايدۇ،
يا ئۇ تەرەپ بولغۇلۇق، يا بۇ تەرەپ.)

خەستە نەۋائى ئوقۇڭ ئۈچۈن،
كوزى قاراسىن قىلدى ھەدەف.
(دەرتمەن ناۋائى سىنىڭ ئوقۇڭ ئۈچۈن،
كوز قارچۇغىنى نىشان قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ.)

جۇنۇن تاشى خەرابات ئىچرە ھەردەم كوكسۇمە ئۇرماق،
ئىرۇر تەقۋىيۇ دانىش بۇتلارىن تاش بىرلە سىندۇرماق.
(مەيخانىدا جۇنۇنلۇق تېشىنى تىنماي كوكسۇمگە ئۇرۇش — تەقۋالىق،
ۋە ئەقىل بۇتلىرىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ سۇندۇرۇشدۇر.)

قۇياشىم زەررە قوزغاپ كىرسە ۋەيرانىمغە ھەجرىڭدە،
كوزۇمگە كۇل ساۋۇرماق، بىل ئانى كوڭلۇمگە ئوت ئورماق.
(ھىجرانىڭدا ۋەيرانە كۇلبەمگە قۇياش زەررىلەرنى قوزغاپ كىرسە،
كوزۇمگە كۇل توزۇتۇپ، كوڭلۇمگە ئوت چاچقاندەك بولىدۇ.)

چۇ پىرى دەير تەقۋا خىرقەسىن كويدۇر، دىدى، گەر خۇد،
ئانىڭ ھەر تارىدۇر جان رىشتەسى، بولماس ياقىپ تۇرماق.
(مەيخانىچى: تەقۋالىق پىرىجىسىنى كويدۇرۇۋەت، دەيدۇ، ئۇنىڭ ھەر
بىر يىپى خۇددى جان رىشتىسى، شۇڭا كويدۇرسە بولمىغىدەك.)

لەبىڭ ھەجرىدە خاكى تەن ئارا كوڭلۇمنى ھەبس ئەتتىم،
نېچۇككى جانسىز ئەلنى رەسم ئىرۇر تۇفراققە تاپشۇرماق.
(لېۋىڭگە ئېرىشەلمەي، كوڭلۇمنى تۇپراققا ئايلانغان تېنىمگە
سولاپ قويدۇم. چۇنكى جېنى چىققان كىشىنى تۇپراققا تاپشۇرىدىغان يوسۇن بار ئەمەسمۇ.)

دىمە ئۇل دىلراباغە نى ئۇچۇن كوڭلۇڭنى ئالدۇردۇڭ،
ئۇز ئەركى بىرلە نى مۇمكىن كىشى ئۇز كوڭلىن ئالدۇرماق.
(ئۇ دىلرەباغا نىمىشقا كوڭلۇڭنى ئالدۇردۇڭ دىمە، كىشى
ئۇز ئىختىيارى بىلەن كوڭلىنى ئالدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىنمۇ؟)

ئەگەر ئاھىمدىن ئەيلەپ جىلۋە ياغدۇردى جەفا تاشىن،
نېتاڭ، گۇلبۇن سەبا تەھرىكىدىن گۇل بەرگى يازدۇرماق.
(ئاھىمدىن نازلىنىپ جاپا تېشىنى ياغدۇرسا، ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس،
تاڭ شامىلىنىڭ شاخنى سىلكىتىشى بىلەن گۇلنىڭ بەرگىلىرى توزۇپ
كېتىدىغۇ.)

بىنەفشە سالخورد ئەلدەككى، باش سالدى قويى، گويا
ياقىن ئاڭلاب خەزانى ئۇمر ئاڭا دەئىب ئۇلدى قايغۇرماق.
(بىنەپشە بېشى ساڭگىلىغان بوۋايغا ئوخشاپ قالدى، بوۋايلار
ئومۇرنىڭ غازاڭ پەيتى يېقىنلىشىپ قالغىنىنى سەزسە قايغۇغا
چوكىدىغۇ.)

قەدەھ ئىچمەك يازۇق دەپ ئۇسرۇ مەردۇد ئەتمەگىل، ئەي شەيخ،
بۇ قىسم ئىرسە ئەزەلدىن، بى جەھەتدۇر بىزنى يازغۇزماق.
(ئەي شەيخ، گۇنا بولىدۇ دەپ بىزنى مەي ئىچىشتىن چەكلىمە،
بۇمۇ بىزگە تەقدىرنىڭ نېسىۋىسى تۇرسا، بىزنى گۇناكار قىلىش
ئورۇنسىز.)

قىراغلاردىن پولاك، جان رىشتەسىدىن هوللەۋار ئەتكىل،
قاشىڭ ياسىن نەۋائى قەسدىغە گەر ئىستەسەڭ قۇرماق.
(قېشىڭنىڭ ياسىنى ناۋايىغا توغرىلىماقچى بولساڭ، يانىڭ بەتلىگۇچىنى كوز قارچۇغىدىن، ئىنتىسىنى جان رىشتىسىدىن ياسا.)

يار چۇن ئىستەركى، بولغايمەن مۇدام ئاندىن يىراق،
ئۇل جىھەتدىن بارچە ۋەسل ئىستەر، مېنى مەھزۇن فىراق.
(مەن ياردىن يىراقلىشاي، چۇنكى ئۇ شۇنى خالايدىكەن،
شۇڭا باشقىلار ۋىسال ئىزلىسە، مەن غەمكىن جۇدالىقنى ئىزلەيمەن.)

ياخشىلارغە بەس ياماندۇر هالكىم، يار ئاللىدە
تەڭدۇرۇر ياخشى - يامان، بەلكىم يامانراق ياخشىراق.
(يار ئالدىدا ياخشى - يامان ئوخشاش، بەلكى يامانلار ياخشىراق،
بۇ ياخشىلار ئۇچۇن نىمە دىگەن يامان ئەھۋال.)

شەھ يانىن فەرزىن كەبى كەجلەر مەقام ئەتمىش، نېتاڭ،
راستىرەۋلەر ئەرسەدىن گەر تۇتسالار رۇخدەك قىراق.
(نىمە ئامال، جاھىللار شاھ ئەتراپىنى فەرزىنگە ئوخشاش ئىگەللە-
ۋاپتۇ، توز ماڭىدىغانلار شاخمەت تاختىسىدا روخدەك چەتتە تۇرىدۇ.)

تازا ھەريان داغ ئەمەس جىسمىمدا ئول يۇز ئىشقىدىن،
كىم بۇ كەۋكەبلەرغە بولمىش ئول قۇياشدىن ئېھتىراق.
(جىسمىمدىكى داغلار ئۇنىڭ جامالىنىڭ ئىشقىدىن بولغان كويۇك.
بۇ، خۇددى يۇلتۇزلار قۇياشتىن ئوت ئېلىپ يانغىنىدەك.)

بۇ يىراقلىقتىن ياقىندۇر ئولگەمەن، ۋەھ، يارنىڭ
ئىستەبان رايىن بولۇبتۇرمەن ياقىنلىقدىن يىراق.

(يارنىڭ رايى بويىچە يېقىنلىقتىن يىراق بولدۇمۇ، بىراق
مەن بۇ يىراقلىقتىن ئۆلۈمگە يېقىنلاشتىم.)

مەھ جەبىنلەردىن سىيەھدىللىك نىتاڭ، ئەيكىم، ئانىڭ
باتىنى كورسەڭ قارادۇر، گەر كورۇنۇر زاھىر ئاق.
(ئاي يۈزلۈكلەرنىڭ دىلى قارا بولۇشىغا ھەيران قالما،
ئۇنداقلارنىڭ تېشى ئاق كورۇنگەن بىلەن ئىچى قارا.)

كوپ ھىجاز ئاھەڭگى تۈزمە، يار ئىلە بول بارچە ۋەقت،
ئەي نەۋايى، گەر ئەجەم بولسۇن مەقامىڭ، گەر ئىراق.
(ئەي ناۋايى، ھىجاز مۇقامىغا توۋلاۋەرمە، مۇقامىڭ ئەجەم
ياكى ئىراق بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە يار بىلەن بىللە بول.*)

* بۇ قوش مەنىلىك ئىككى مىسرانىڭ يەنە بىر مەنىسى: ئەي
ناۋايى، مەككە - مەدىنىگە بېرىشنى بەك ئارزۇلاپ كەتمە. ئەجەمدە ياكى
ئىراقتا تۇرساڭمۇ، يار - دوستلاردىن ئايرىلما، دېگەندىن ئىبارەت.

كىمكى ئاشىق بولسا زارۇ خەستە ھال ئولماق كېرەك،
رەشكىدىن ئالەم ئىلىگە بەدخەيال ئولماق كېرەك.
(كىمكى ئاشىق بولىدىكەن، ئاغرىپ، زارلىنىپ ئۆتكۈلۈك،
قىزغىنىشتىن ھەممە كىشىگە قارىتا گۇمانخور بولغۇلۇق.)

ۋەسل تاپماغلىقكى ئىشق ئەھلىغە ئەمرىدۇر مەھال،
كېچە ۋە كۈندۈز ئىشى فىكرى مەھال ئولماق كېرەك.
(ئاشىقلارنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشمىگى تەس ئىش، كېچە - كۈندۈز
ئىشى تەشۋىشلا بولىدۇ.)

شەۋق ئارا گەر مويەدىن بولماق كېرەك ئانداقكى موي،
ھەجر ئاراگاھ نالەدىن ئانداقكى نال ئولماق كېرەك.
(بەزىدە ئىشق ئوتىدا قىلدەك تولغىنىپ، پەريات كوتۇرۇپ،
بەزىدە جۇدالىقتا نالىدىن قومۇشتەك بولىدىغان گەپ.)

ۋەسل مۇمكىن يوق، ۋەلى ھىجراندا ھەردەم يۈز بەلا،
مۇنداق ئافەت مۇبتەلاسى ماھۇ سال ئولماق كېرەك.
(ۋەسلىگە ئېرىشىش مۇمكىن بولماي، ھىجراندا ھەمىشە تۈرلۈك
بالا پەيدا بولىدۇ، بۇنداق ئاپەتكە ئاي ۋە يىل يولۇقۇشقا
توغرا كېلىدۇ.)

ئىشق كويىدا زىلالى ۋەسل ئىچمەيدۇر كىشى،
دەير سارى تالىبى جامى زىلال ئولماق كېرەك.

(مۇھەببەت كوچىسىدا ۋىسال شەربىتىنى ئىچكىلى بولمايدىكەن، مەيخانىغا بېرىپ مەي جامىغا تەلەپكار بولغۇلۇق.)

زۇلم كورگىم، چەرخ ئېتىب ئىككى سىپەھنى كىنەۋەر،
مورلار خەيلى ئارادە پايمال ئۇلماق كېرەك.
(ماۋۇ ئازاپنى قارا، پەلەك ئىككى قوشۇننى گىژ - گىژگە سېلىپ قويغان ئىكەن، بۇ ھالدا ئۇلار چومۇلىلەر ئارىسىدا ئاياق - ئاستى بولماي قالامدۇ.)

ئەي نەۋائى، ئىستەسەڭ مەخلەس كۇدۇرەتتىن، ساڭا
خانىقاھدىن دەير سارى ئىنتىقال ئۇلماق كېرەك.
(ئەي ناۋايى غەم - قايغۇدىن يىراق بولاي دىسەڭ،
خانىقادىن مەيخانىغا كوچۇشۇڭ كېرەك.)

ياربولمىش ئۇرتاغە ھىجران تەرىقىن سالغۇدەك،
ئەقلۇ - ھوشۇ، جانۇ - كوڭلۇم خەيلى ھەم قوزغالغۇدەك.
(يار ئارىغا جۇدالىق يولىنى قۇرغىلى تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئەقلى - ھوشۇم، جانۇ - كوڭلۇم ئوز ئورنىدىن قوزغالغىدەك.)

يار بارىب ئەقلۇ - ھوشۇ جانۇ - كوڭلۇم قوزغالىب،
تەن ياتىب، كوز بۇلئەجەب ھالىمغە باقىب قالغۇدەك.
(يار كەتسە ئەقلۇ - ھۇشۇم، جانۇ - كوڭلۇممۇ قوزغىلىپ، بەدەن يېتىپ قالىدۇ - دە، بۇ غەلىتى ئەھۋالىم ئالدىدا كوزۇم چەكچىيىپ قالىدۇ.)

باشنى ھالاكىم ئېرۇر فۇرسەت سالايىن ئالىغە،
تۇندلۇغدىن گەرچە ئېرمەس ئانى بەردىن ئالغۇدەك.
(ھازىرقى پۇرسەتتە بېشىمنى تووەن سالاي، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئۇنى يەردىن كوتەرگۇلۇك ئەمەس ئىكەن.)

ساقىيا، مەي تۇت، مۇغەننى، نەۋھە ئاھەڭگىنى چال،
كىم سىپاھى ئومرۇم ئولمىش كوسى رىھلەت چالغۇدەك.
(ئەي ساقى، شاراپ تۇت، سازەندە، مۇڭلۇق پەدەڭگە چال، چۇنكى، ئومرۇم لەشكىرى كوچۇشنىڭ① دۇمبىغىنى چالماقچى.)

①كوچۇش — ئاخىرەتكە سەپەر قىلىش مەنىسىدە.

ھەجر ئارا، ئەي خىزرى فەررۇخ پەي قولۇم تۇتكىم، ئېرۇر
پويە ئورماقتىن بۇ ۋادى ئىچرە باغرىم تالغۇدەك.
(ئەي قەدەمى قۇتلۇق خىزىر، بۇ جۇدالىقتا مېنىڭ قولۇمنى تۇت،
بۇ دەشتتە پىيادە ماڭسام، جىگىرىم تېلىپ كەتكىدەك.)

ھۇللە گۇل بەرگىدىن ئەتتىڭ، پەردەئى جانىمدىن ئەت،
بولسا ئانىڭ ئاستىدا ناگاھ تەنىڭ تاۋشالغۇدەك.
(گۇل بەرگىدىن يىپەك كىيىم قىپسەن، ئەگەر ئۇ تېنىڭگە
پېتىپ كېتىدىغان بولسا، جېنىمنىڭ پەردىسىنى ئىشلەت.)

ئەي كوڭۇل، نەقدى ھەياتىڭ قىل فەنا يولىدا سەرف،
ھەيف ئېرۇر گەر بولسا ئومرى نوھ ئۇچۇن سىغالغۇدەك.
(ئەي كوڭۇل، ھاياتىڭ بايلىغىنى يوقلىش يولىغا سەرپ قىل،
ئومۇر نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئومرىدەك بولىدىغان بولسا ئۇۋال
كېتىدۇ.)

بىر زەماندۇر ئومر ئەزمى دەشت ئېتىب، ئاسۇدە بول،
بولساڭ ئەبنايى زەمان بىدادىدىن قىينالغۇدەك.
(ئەگەر زامانداشلارنىڭ ئازاۋىدىن قىينالغىدەك بولساڭ،
بىر زامان ئومرىڭنى چول ـ دەشتتە ئۆتكۈزۈپ ئارام تاپ.)

ئەي كوڭۇلدە شەھدى لەئلىڭ ھەسرەتىدىن يۈز تېشۇك،
ھەر تېشوكدۇر شەھد زەمبورى ئويى يەڭلىغ چۇچۇك.
(ئەي گۈزەل، شىرىن لېۋىڭ ھەسرىتىدىن كوڭلۇمدە يۈزلەپ
توشۇك بار، ھەربىر توشۇگى خۇددى ھەسەل كۇنىگىدەك تاتلىق.)

گەر تېرى بىرلە سۇڭەكىمەن، توئىمە قىلماس ھەم ئىتىڭ،
كىم تېرى ئەسرۇ قاتىغ بولمىش، سۇڭەك ئەسرۇ چۇرۇك.
(بىر تېرە، بىر سۇڭەك بولۇپ قالدىم، ئۇنى ئىتلىرىڭمۇ يىمەيدۇ،
تېرە قېتىپ كەتسە، سۇڭەكمۇ چىرىپ كېتىدىكەن.)

نى لەبىڭدىن كام تاپتىم، نى كوزۇڭدىن ھەجر ئوقى،
بۇ سىفەت مەھرۇملىقتىن نى تىرىكمەن، نى ئولۇك.
(يا لېۋىڭدىن لەززەت تەگمىدى، يا كوزۇڭدىن ھەجر ئوقى؛
بۇنداق مەھرۇملىقتىن يا تىرىك ئەمەسمەن، يا ئولۇك.)

ئۇيلە زەنجىرى جۇنۇن رەسۋاسىمەنكىم، ھەر زەمان،
تېگرەمە فەرھادۇ مەجنۇندەك يىغىلمىش بىر سۇرۇك.
(مەن باغلاقتىكى شۇنداق رەسۋا ساراڭمەنكى، چورەمگە ھەمىشە
پەرھات، مەجنۇندەك بىرنىمىلەر ئولىشىۋالىدىغان بولدى.)

ئىشق ئوتىدىن قۇللۇغۇڭ داغىنى قويدۇم كوكسۇمسە،
ئۇزنى بۇنەۋئ ئەيلەدىم ئىشق ئەھلى ئىچرە بەلگۇلۇك.

(كۆكسۈمگە ئىشق ئوتىدىن قۇللۇق دېغىنى باستىم، ئاشىقلار
ئىچىدە بەلگىلۈك بولاي دەپ شۇنداق قىلدىم.)

فەقر ۋادىسىدا ئۆزلۈك نېچە كەمرەك ياخشىراق،
يولنى ئاسان قەتئ ئېتەر سالىك يىنگىلرەك بولسا يۈك.
(پېقىرلىق ۋادىسىدا شەخسىيەت قانچە ئاز بولسا، شۇنچە ياخشى،
چۈنكى يۈك يېنىك بولسا، يولۇچىغا يۈرۈش ئاسان بولىدۇ.)

ئەلگە ئوت سالدىڭ، ۋەلى كويدى نەۋائى غۇسسەدىن،
ئوخشاماس ئوت بىرلە كويدۇرگەنگە بۇ يەڭلىغ كويۇك.
(سەن ئەلگە ئوت قويدۇڭ، ناۋايى قايغۇدىن كويدى، لېكىن
بۇنداق كويۇك ئوت بىلەن كويدۇرگەنگە زادى ئوخشىمايدۇ.)

ئىككى غۇنچەڭ ئېرمەس، ئەي گۈلچېھرە، تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرۇ تارۇ، كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.
(ئەي گۈلچېھرە، سېنىڭ ئىككى غۇنچەڭ بىردەك ئەمەس:
ئاغزىڭ بەك تار، كۆڭلۈڭ بەك كەڭ.)

ئاغزىڭە تەگمەس ئۇزارىڭ بىرلە سوز،
بولمادى خۇرشىد بىرلە زەررە تەڭ.
(ئاغزىڭ جامالىڭ بىلەن سوز تالاشمايدۇ،
چۈنكى زەررە قۇياش بىلەن تەڭ ئەمەس - تە.)

لالەنىڭ داغى بولۇر چۈن ئورتادا،
نېگە تۈشمىش ئارەزىڭ يانىدە مەڭ.
(لالىنىڭ دېغى ئوتتۇرىدا بولاتتى، سېنىڭ
مېڭىڭ نېمىشقا يۈزۈڭنىڭ بىر چېتىدە؟)

بولدى ئىلگىم داغۇ، كۆكسۈم زەخمى فاش،
كىم تەنىمدە تون يوقۇ، ئىلگىمدە يەڭ.
(بىلىگىمنىڭ دېغى، كۆكسۈمنىڭ زەخمى ئاشكارە بولۇپ
قالدى، چۈنكى بىلىگىم يەڭسىز، ئۇچام كىيىمسىز.)

سالغۇچە ئالەمگە ئوت ئارەزنى ئاچ،
كىم جەھاننى كويدۇرۇر ئول ئوتلۇغ ئەڭ.

(جاھانغا ئوت قوياي دىسەڭ جامالىڭنى ئاچ، چۈنكى جاھاننى شۇ ئوتلۇق چىراي كويدۇرىدۇ.)

ھوسن دەئۋاسىغە قول يەگىدىن چىقار،
يۈز يەدى بەيزا چىقارغاندە نى يەڭ.
(قول ھوسن دەۋاسى قىلىپ يەگىدىن چىقمەن دەيدۇ،
يەڭ يۈز ئاپپاق قول چىقارغان بىلەنمۇ بىكار.)

دەڭ قىلمىشتۇر نەۋائىنى خۇمار،
ئاڭا تۇتسۇن بىر قەدەھ، ساقىغە دەڭ.
(ناۋايىنى مەي خۇمارى تۇتتى، ساقىغا ئېيتىڭ،
ماڭا بىر قەدەھ تۇتسۇن.)

غەم خەزانى زاھىر ئەتمىش چىھرەئى زەردىم مېنىڭ،
بارغالى يەلدەك بەھارى ناز پەرۋەردىم مېنىڭ.
(جىلۋىلىك باھارىم شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى،
غەم كۈزى سارغايغان چىرايىمنى ئاشكارىلىدى.)

تەلبەلەردەك سوزلەشۇرمەن ئوز - ئوزۇم بىرلەن مۇدام،
چۈن ئوزۇمدىن ئوزگە يوق ئالەمدە ھەمدەردىم مېنىڭ.
(خۇددى ساراڭدەك ھەمىشە ئوزەم بىلەن ئوزەم سوزلىشىمەن،
چۈنكى دۇنيادا ئوزەمدىن باشقا مۇڭدىشىم يوق.)

تۇفراق ئولسام كويىدا، ئەي ئەبرى رەھمەت يامغۇرى،
قىل مەدەت ئانچە كىم، ئاندىن چىقماغاي گەردىم مېنىڭ.
(ئەي شەپقەت بولۇتىنىڭ يامغۇرى، مەن ئۇنىڭ كوچىسىدا
توپىغا ئايلانسام، ياردەم قىل، ئۇ يەردە مەن تىوزاڭ بولۇپ
توزۇپ كەتمەي.)

چىقتى جان بىلمەي مەقامىن، مۇژدەئى بەر، ئەي مەسىھ،
كىم قايۇ مەنزىلدەدۇر مىھرى جەھانگەردىم مېنىڭ.
(ئۇنىڭ نەدىلىگىنى بىلمەي جېنىم چىقتى، ئەي ئەيسا مەسىھ،
بىر خۇش خەۋەر بەرگىنە، جاھان كېزىپ يۈرگەن قۇياشىمنىڭ
مەنزىلى نەدە؟)

ھەر نېچچە كوڭلۇم ساۋۇغ ئاھىدىن ئەيتۇر، ئاھكىم،
يارغە ياقماس نىكىم ئەيتۇر بۇدەمى سەردىم مېنىڭ.
(ئاھ، كوڭلۇم سوغاق ئاھىدىن نىمە بولسا شۇنى ئىزھار قىلدى،
بىراق، بۇ سوغاق دىمىمدىن نىملا چىقمىسۇن، يارغا ياقمايدۇ.)

رىزق چۇن مەقسۇم ئېرۇر، بىر قۇرس ئۇچۇن ھەركۇن نىدۇر
چەرخدەك سەرگەشتەلىك گويىدا ناۋەردىم مېنىڭ.
(رىسىق دىگەن تەقسىم قىلىنغان، بىر توقاچ ئۇچۇن ھەر كۇنى
ئۇنىڭ كوچىسىدا پەلەك چاقىدەك پىقىراپ يۇرگىنىم نىمىسى؟)

ئەي نەۋائى، تاكى ئۇردى مىھر نەقشىن تاسى چەرخ،
بۇ بىسات ئىچرە ئەجەب شەش دەردەدۇر نەردىم مېنىڭ.
(ئەي ناۋايى، پەلەك شىشە خالىغا چىكىت نەقىش قىلىنغاندا،
ئەجىبا، مېنىڭ ساقامنىڭ چېكىتى ئالتە چىقتى.)

خەيالىڭ ھوسنىغە كوڭلۇمدە زىينەت بەرسە ھىجرانىڭ،
ئېرۇر گۇلگۇنە قان، مەششاتە ئىشقۇ كوزگۇ پەيكانىڭ.
(ھىجرانىڭ كوڭلۇمدە ھوسنۇڭ تەسەۋۋۇرىغا زىننەت بەرسە،
ئىشق - پەدەزچى، قان - ئەڭلىك، كىرپىك ئوقۇڭ ئەينەك.)

جەفا سەرلەۋھىدە قىلدى ئەلىفى مەشقى كوزۇڭ گرىيا
ئەلىفدەك جانغە نېش ئۇرماققە سەفلەر چەكتى مۇژگانىڭ.
(كوزۇڭ جاپا سەرلەۋھىسىنى يازغاندا "ئىلىپ" ھەرپىنى مەشىق قىلدى، كىرپىكلىرىڭ ئىلىپدەك نەشتەرلىرىنى جانغا سانچىش ئۇچۇن سەپ تارتتى.)

....

توشۇمدە ۋەسل ئېردى، ئەي كوكۇل، يارەب، بەلا ئۇرسۇن
ساڭا كىم، مېنى ئويغاتتى ئەجەپ ھالەتتە ئەفغانىڭ.
(ئەي كوكۇل خۇدا ساڭا بالا بەرسۇن، چۇنكى چۇشۇمدە ۋىسال تاپقان ئىدىم، نالە - زارىڭ قىرىشقاندەك ئويغىتىۋەتتىغۇ.)

دىماغى يوق مۇشەۋۋەش بولماغان، گوياكى بۇترەتمىش،
جەھان باغىدا سەۋدا سۇنبۇلى زۇلفى پەرىشانىڭ.
(ئىشق سۇنبۇلدەك چىگىلەك چاچلىرىڭنى يەلپۈگەندە، جاھان بېغىدا پەرىشان بولمىغان ئادەم قالمىدى.)

نىچچە ياغدۇرسا غەم تاشىنى فىراق ئەتفالى، ئەي مەجنۇن،
نى غەم باش ئۈزرە لەيلى بارگاھى بولسە قالقانىڭ.
(ئەي مەجنۇن، لەيلى بار گاھى باش ئۈستىدە قالقان بولۇپ

تۇرغاندا، پىراق باللىرى غەم تاشلىرىنى قانچە ياغدۇرسىمۇ نىمە
غەم.)

قەفەس قەيدىدەدۇر بۇلبۇل، بۇ كىم ۋەيرانە تۇتمىش جوغز،
ۋەفاسى يوق ئىكەننى بىلدى گويا ئەھلى دۇنيانىڭ.
(بۇلبۇل قەپەزگە بەنت، ھۇقۇش ۋەيرانىلىقتىن جاي ئالدى،
گويا ئۇلار دۇنيا ئەھلىنىڭ ۋاپاسى يوقلىغىنى بىلىۋالدى بولغاي.)

بۇ بەزم ئەھلى نىفاقىدىن تارىقمىش كوڭلۇم، ئەي ساقى،
ئىچىپ بىھۇش دارۇ تۇت ماڭا يەتكەندە دەۋرانىڭ.
(بۇ بەزم ئەھلىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىگىدىن كوڭلۇم بىزار بولدى،
ئەي ساقى، نوۋىتىم كەلگەندە قەدەھكە بىھۇش قىلىدىغان دورا
ئىچىپ بەرگىنە)

نەۋائى ھەجرىدە نى نەۋئ سىيلى ئەشك ئاققۇزدۇڭ،
ۋىسالى بولدى چۇن مۇمكىن، ئۇتەرگە يوقتۇر ئىمكانىڭ.
(ناۋايى، جۇدالىق دەردىدە نىمانچە كوزۇڭدىن ياش سىيلىنى ئاق-
قۇزدۇڭ، ئەگەر ۋىسال پەيتى كېلىپ قالسا، بۇ سەلدىن ئوتۇشۇڭ
مۇمكىن ئەمەسقۇ.)

قارا كوزۇم كەلۇ مەردۇملۇغ ئەمدى فەن قىلغىل،
كوزۇم قاراسىدا مەردۇم كەبى ۋەتەن قىلغىل.
(ئەي قارا كوزلوگۇم، كەل، ئەمدى ھىممەت يۇسۇننى جارى قىل،
كوزۇمنىڭ قارىسىدا قارچۇق بولۇپ جاي ئال.)

يۈزۈڭ گۇلىگە كوڭۇل رەۋزەسىن ياسا گۇلشەن،
قەدىڭ نىھالىغە جان گۇلشەنىن چەمەن قىلغىل.
(يۈزۈڭ گۇلىگە كوڭۇل بېغىنى گۇلشەن قىل،
قەددىڭ كوچىتىگە جان گۇلشىنىنى چىمەنزار قىل.)

تەكاۋەرىڭغە باغىر قانىدىن خىنا باغلا،
ئىتىڭغە غەمزەدە جان رىشتەسىن رەسەن قىلغىل.
(ئۇچقۇر ئېتىڭغا جىگەر قېنىدىن خىنا باغلاپ،
ئىتىڭغا ئەلەملىك جان رىشتىسىنى ئاغامچا قىل.)

فىراق تاغىدا تاپىلسا توفراغىم، ئەي چەرخ،
خەمىر ئېتىپ يەنە ئول تاغدەك كوھكەن قىلغىل.
(ئەي پەلەك، پىراق تېغىدا تۇپرىقىم تېپىلسا، قايتىدىن لاي
ئېتىپ شۇ تاغدا يەنە تاغ قازغۇچى قىلغىل.)

يۈزۈڭ ۋىسالىغە يەتسۇن دىسەڭ كوڭۇللەرنى،
ساچىڭنى باشتىن-ئاياغ چىن ئىلە شىكەن قىلغىل.

(كوكۈللەرنى يېزىۋېتىپ ۋىسالىغا يەتسۇن دىسەڭ،
چاچلىرىڭنىڭ چىگىلەكلىرى بىلەن ئوراپ ئالغىن.)

خەزان سىپاھىغە، ئەي باغبان، ئەمەس مانىئ،
بۇ باغ تامىدا گەر ئىگنەدىن تىكەن قىلغىل.
(ئەي باغۋەن، بۇ باغنىڭ تاملىرىنى يىڭنە بىلەن چىتلىۋەتكىنىڭ
بىلەنمۇ كۈز لەشكەرلىرىگە توسقۇن بولالمايدۇ.)

يۈزىدە تەرنى كورۈپ ئولسەم، ئەي رەفىق، مىنى
گۈلاب ئىلە يۇۋۇ گۈل بەرگىدىن كەفەن قىلغىل.
(ئەي دوستۇم، يۈزىدىكى تەرنى كورۈپ ئولۈپ كەتسەم،
مىنى گۈلاپ بىلەن يۇيۇپ، گۈل بەرگىدىن تىكىلگەن كېپەنگە ئورا.)

نەۋائى، ئەنجۇمەنى شەۋق جان ئارا تۈزسەڭ،
ئانىڭ باشاغلىق ئوقىن شەمئى ئەنجومەن قىلغىل.
(ناۋايى، جان ئىچىدە ئىشق سورۇنىنى تۈزمەكچى بولساڭ،
ئۇنىڭ باشاقلىق ئوقىنى - كوزىنى سورۇننىڭ چىرىغى قىلغىن.)



باغ مەندەك سارغارىب، بۇلبۇل مىنىڭدەك بولدى لال،
گوئيىيا مۇندا ئىمىش بىر گۈلدىن ئايرىلغانغە هال.
(باغ مەندەك سارغىيىپ، بۇلبۇل ماڭا ئوخشاش گاچا بولۇپ قالدى،
گۈلدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن.)

يەردەكى يافراغ غەرىبۇ خاكسار ئەر بولماسا،
مەن كەبى نى ۋەجھىدىندۇر يۈزى سارىغ، ئەشكى ئال.
(يەردىكى يوپۇرماق غېرىپ بولۇپ دەسسەلگەن بولمىسا،
نىمە ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش ئۇنىڭ يۈزى سېرىق، يېشى قىزىل.)

سۇغا كىم تۆشمىش قىزارغان بەرگلەر، كورگەن كىشى
كوز ياشىم ئىچرە باغىر پەرگالەسى ئەيلەر خەيال.
(سۇغا چۈشكەن قىزىلگۈل بەرگلىرىنى كورگەن كىشى، ئۇنى
كوز ياشلىرىم ئىچىدىكى جىگەر پارچىلىرىمىكىن دەپ قالىدۇ.)

شاخ مەجنۇندۇركى، ئوريان بولۇبان ئەفغان قىلۇر،
بەرگ لەيلىدۇركى، نىلۇ ئىگنە بىرلە قازدى خال.
(شاخ - يالىڭاچ هالدا پىغان چېكىۋاتقان مەجنۇن،
بەرگى بولسا يىڭنە ۋە نەشتەر بىلەن خال چېكىۋالغان لەيلى.)

هەجر ئارا ئاهىمغا باقماي باردى، لېكىن شۇكر ئېرۇر،
كىم خەزاندا سەرۋغە ئاسىب يەتكۈرمەس شەمال.

(جۇدالىق دەردىدىن چىققان ئاھىمغا پىسەن قىلماي كەتتى، شۈكرى،
كۆز پەسلىدە چىققان شامال سەرۋىگە زەرەر يەتكۈزەلمەيدىكەن.)

بۇ سارىغ رۇخسار ئۈزە ھەر سارى ئەشكىم ئوخشاشۇر
بىر خەزانلىغ باغ ئىچىندە ھەر تەرەف رەۋشەن زۇلال.
(بۇ سېرىق يۈزۈمگە چۈشكەن كوز ياشلىرىم، خۇددى غازاڭ
بولغان باغ ئىچىدە ھەر تەرەپكە ئاققان سۈزۈك سۇغا ئوخشايدۇ.)

ۋەسل، ئاڭلا، ئىشق باغىنىڭ بەھارىدىن نىشان،
ھەجر، بىلگىل، گەر تىلەر بولساڭ، خەزانىدىن مىسال.
(ۋىسالنى ئىشق بېغىنىڭ باھارىدىن نىشان دەپ بىل، ھىجرانى
بولسا غازاڭ پەسلىنىڭ تىمسالى دەپ بىل.)

بۇ چەمەن رەئنالارى سەركەشلىك ئەتكەندىن نى سۇد،
كىم خەزان تاراجىدىن ئېمىن ئەمەستۇر بىر نىھال.
(ئەي چىمەن رەئنالىرى، غادايغانىڭ نىمە پايدىسى؟
ھېچبىر تىك كوچەت غازاڭ پەسلىنىڭ بۇلاڭ-تالاڭىدىن قۇتۇ-
لالمايدىغۇ؟)

ئەي نەۋائى، بۇ خەزان ئولغاي بەھار ئىلە بەدەل،
كەلسە دەۋلەت گۈلبۇنى شەھزادەئى ساھىب جەمال.
(ئەي ناۋايى، ئەگەر دەۋلەت گۈلى بولغان ساھىب جامال
شاھزادە كەلسە، خەزان پەسلى باھارغا ئالمىشاتتى.)

بولمىش ئانداق مۇنقەتىئ ئەھلى زەماندىن ئۈلفەتىم،
كىم ئۆزۈم بىرلە چىقىشماس ھەم زەمانى سوھبەتىم.
(زامانداش ئۈلپەتلىرىمدىن ئالاقەمنى ئۈزدۈم، چۈنكى ئۇلار
مەن بىلەن چىقىشمايدۇ، بىر دەملىك سوھبىتىمنىمۇ ياقتۇرمايدۇ.)

ئەي خۇش ئولكىم، تۇتمىش ئېردى ۋەھش ئىلە سەھرادا ئۈنس،
مۇھىش ئەھۋالى ماڭا كىم بار ئۆزۈمدىن ۋەھشەتىم.
(دەشت - سەھرادا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۈلپەت قۇرغانلار خۇش
يۈرىشىدۇ، مەندە ياۋايىلىق بولغانلىغى ئۈچۈن ئۆزەمدىن قورقىمەن.)

ئىستەرەم قاچماق ئەدەم ۋادىسىدىنكىم، كىرگەلى
ۋامىقۇ، فەرھادۇ، مەجنۇن بەس غولودۇر خىلۋەتىم.
(يوقلۇق چۆلىدىنمۇ قېچىپ كېتەي، چۈنكى ۋامىق، پەرھاد،
مەجنۇنلار ئارقامغا كىرىۋېلىپ ئارامىمنى بۇزۇۋەتتى.)

تولغانۇرمەن ئۆزلۈكۈمدىن چىقغالى، بۇ كىم ئېرۇر
دەرد ۋادىسىدا سەرگەردان قۇيۇندەك ھەيئەتىم.
(شەخسىيىتىمدىن ئاجراش ئۈچۈن تولغىنىمەن، بۇ دەرد چۆلىدە
سىياقىم پىقىراپ يۈرگەن قۇيۇنغا ئوخشاپ قالدى.)

ئەي ئەجەل، تەن خىرقەسىن كويدۇركى، بولمىش بەس ئاغىر،
بۇ مەلامەت ئوقلارى بىرلە تىكىلگەن كىسۋەتىم.

(ئەي ئەجەل، تېنىمدىكى شەيخ پىرىجىسنى كويىدۇرۇۋەت، بۇ
مالامەتئوقلىرى بىلەن تىكىلگەن كىيىم بەك ئېغىرلىق قىلىۋاتىدۇ.)

ئەي فەلەك، ئەنجۇم ئۇشاق تاشن يىغىب باشىمغە ئۇر،
چۈن فەنا مەيخانەسى خىشتىدىن ئولدى تۇربەتىم.
(ئەي پەلەك ئۇششاق يۇلتۇز تاشلىرىنى يىغىپ بېشىمغا ئات،
مېنىڭ قەۋرەم يوقلۇش مەيخانىسىنىڭ كېسەكلىرىدىن پەيدا
بولغان.)

يەتتى كوكنى كوك ۋەرەقلەردەك ساۋۇرغاي ھەر تەرەف،
تاقى مىينايى ئارا چىرمالسا ئاھى ھەسرەتىم.
(ھەسرەتلىك ئاھىم ئاسمان گومبىزىنى قاپلايدىغان بولسا،
يەتتە پەلەكنى كوك ۋاراقتەك ھەر يانغا سورۇۋېتىدۇ.)

قوي دۇرۇ فىروزە بەھسىنكىم، نۇجۇمى چەرخنى
نىلۇفەر بەرگى ئۇزە شەبنەمچە كورمەس ھىممەتىم.
(ئۈنچە ـ مارجان، فىرۇزە گېپىنى قوي، مېنىڭ ھىممىتىم ئالدىدا
ئاسماندىكى يۇلتۇزلار نىلۇپەر بەرگىدىكى شەبنەمچىلىكمۇ يوق.)

لەئلىدەك باشىم ئاسىلسۇن غەرقەئى خۇناب ئولۇب،
لەئل تىككەن سەلتەنەت تاجىغە بولسا رەغبەتىم.
(ئەگەر ياقۇت ئورنىتىلغان سەلتەنەت تاجىغا قىزىقسام،
بېشىم ئېسىلىپ، ياقۇتتەك قانغا غەرق بولسۇن.)

تۇرفە كوركى، خەلق كامى بىرلە ئومرۇم بولدى سەرف،
تۇرفەراق بۇكىم بىراۋگە ياقمادى بىر خىزمەتىم.

(ئومرۇمنىڭ خەلق غېمى ئۈچۈن سەرپ بولغىنىغا ھەيران بولسۇن،
تېخىمۇ ھەيران بولىدىغان ئىش شۇكى، قىلغان خىزمىتىم ھېچكىمـ
گە ياقمىدى.)

ئەي ناۋائى، ئىككى ئالەمدىن كېچىپ تاپتىم ۋىسال،
بۇ ئىكى بۇتخانەدىن بولمىش بۇ يولدا ئافەتىم.
(ئەي ناۋايى، ئىككى ئالەمدىن كېچىپ ۋىسال تاپتىم،
چۈنكى بۇ ئىككى بۇتخانە ماڭا بۇ يولدا ئاپەت بولغان ئىدى.)

تۇن ئاقشام بولدىيۇ كەلمەس مېنى شەمئى شەبىستانىم،
بۇ ئەندۇھ ئوتىدىن ھەردەم كويەر پەرۋانەدەك جانىم.
(كەچ بولۇپ كەتتى، ئۆيۈمنى يورۇتىدىغان چىرىغىم كەلمىدى،
بۇ قايغۇ ئوتىدا جېنىم پەرۋانىدەك كويۇپ كېتىۋاتىدۇ.)

نى غەم كورگۈزسە كوكسۇم پارەسىن چاكى گىرىبانىم،
كورۇنمەس بولسا كوكسۇم پارەسىدىن داغى پىنھانىم.
(ياقامنىڭ يىرتىغى تىلىنغان كوكسۇمنى كورسەتسە، مەيلى،
بىراق كوكسۇم يارىسىدىن يوشۇرۇن داغلىرىم كورۇنمىسە بولاتتى.)

غەمىدىن دۇررى مەكنۇندەك سىرىشكىم ئاقتى جەيھۇندەك،
مۇزەييەن قىلدى گەردۇندەك جەھاننى ئەشكى غەلتانىم.
(ئۇنىڭ غېمىدە ئۈنچىدەك ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى، بۇ
ياش تامچىلىرىم جاھاننى يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك بېزىۋەتتى.)

فەلەك ھەم تولدى كەۋكەبدىن، قۇياش ھەم تۇشتى ئەشھەبدىن،
كېلىپ تۇشمەس بۇ مەركەبدىن مېنىڭ خۇرشىدى رەخشانىم.
(ئاسمان يۇلتۇزغا تولدى، قۇياشمۇ دۇلدۇلدىن چۈشتى، بىراق،
مېنىڭ نۇرلۇق قۇياشىم ئاتتىن چۈشكىنى يوق.)

جەھاننى زۇلمەت ئەتتى چەھ، بۇ زۇلمەت ئىچرە ئولگۇم، ۋەھ،
ماڭا بولساڭ نى خىزرى رەھ، نېتىپ ئەي ئابىھەيۋانىم.

(قاراڭغۇلۇق جاھاننى قودۇقتا ئايلاندۇردى، بۇ قاراڭغۇلۇقتا
ئولىدىغان ئوخشايمەن، ئەي، ئابىھايات، مېنى ساڭا باشلايدىغان
خىزىر بارمۇ؟)

دىمە كوكتىن قۇياش كەتمىش، فەلەككە تىرەلىك يەتمىش،
ئول ئاي ھەجرىدە تار ئەتمىش فەلەكنى دۇدى ئەفغانىم.
(كوكتىن قۇياش كېتىپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى، دىمە،
ئۇ ئاينىڭ پىراقىدا چەككەن ئاھىمنىڭ تۈتۈنى جاھاننى قارايـ
تىۋەتتى.)

نەۋائى كەبى ھىجراندىن بۇ ئاقشام ئولدۇم ئەفغاندىن،
غەمىم يوق بولسا يۇز جاندىن، يېتىپ گەر كەلسە جانانىم.
(بۇ كېچە ناۋائىغا ئوخشاش پىغان بىلەن ئولدۇم، ئەگەر
جانانىم كەلسە، يۇز جېنىم بولسىمۇ بەرسەم، مەيلى ئىدى.)

ۋەيرانە ئىرۇر مەسكەنىم، ئاندىن ماڭا بىسيار غەم،
ئاھىم بىلە ئىشىكدە ئورت، ئەشكىم بىلە دىۋار نەم.
(ماكانىم ۋەيرانە، بۇ، غېمىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى، ئاھىم ئوتىدىن ئىشىك ئورتىنىپ، كوز ياشلىرىمدىن تاملار نەملەشتى.)

نوشدىن ئەلگە گۇفتۇگۇ، ئەي ھەجر ئىچەرمەن مەن ئاغۇ،
كاش ئولسەمۇ كوڭلۇمنى بۇ ئەندۇھدىن قۇتقارسەم.
(باشقىلارغا شېرىن گېپى بار، مەن پىراقىدا زەھەر يۇتىمەن، كاشكى ئولۇپلا، كوڭلۇمنى بۇ قايغۇدىن قۇتۇلدۇرسام.)

قىل ئىشق دەيرىدە مەقەر، سوكسكانىغە سالغىل نەزەر،
كىم بار بۇ مەجمەئ ئىچرە ھەر دوردەكەشى خۇممار جەم.
(ئىشق مەيخانىسىغا ئورناشقىن ۋە ئادەملىرىگە نەزەر سال، بۇ يەرگە مەينىڭ دۇغىنى ئىچىدىغانلار توپلانغان.)

ھەر يەركى ئاندا بىر نەفەس ئىشرەتقە تاپسام دەست رەس،
يۇز قەتلە ئەيلەرمەن ھەۋەسكىم بولسا ئېردى يارھەم.
(نەدە بولمىسۇن، بىر پەس خۇش بولۇش ئىمكانىيىتى تېپىلسا، يارىمۇ بىللە بولسا، مانا شۇنى يۇز مەرتىۋە ھەۋەس قىلاتتىم.)

ساقى بۇ كۇن مەينى ئۇنۇت، مەندەك دەمسى خۇنابە يۇت،
مۇترىب نەۋائى نەۋھە تۇت، سازىڭغە باغلا تار بەم.

(ئەي ساقى، بۇگۇن مەينى ئۇنتۇپ، ماڭا ئوخشاش قان يۇت،
ئەي سازەندە، سازىڭغا بوم تار سېلىپ، مۇڭلۇق پەدىگە چال.)

دىسەمكى: ئەي بەدمىھر ئوغۇل، يۇزۇڭ كورۇپ ئاي توتتى يول،
دەر: "يار كويى گەر باردى ئول، بىر شەبرەۋى ئەيياركەم."
("ئەي رەھىمى يوق ئوغۇل، ئاي سېنىڭ يۇزۇڭگە قاراپ ماڭدى" دىسەم، ئۇ: "يار كوچىسىغا كەمەك ئەييارىدەك بىر ئوغرى كەتتى" دەيدۇ.)

مىسكىن نەۋائى بەرسە جان، ئەي دىدە، ھەردەم توكمە قان،
ئول ھەرنېچە قىلسا فىغان، سەن ئاسراغىل زىنھار دەم.
(ئەي كوز، مىسكىن ناۋايى جان بەرسىمۇ، سەن قان ئاققۇزما، ئۇ قانچە پىغان كوتەرسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا يەل بەرمە!)

يۈزۈڭ غەممدىن ئېرۇر ئەبرى نەۋبەھار كوزۇم،
نى ئەيب، يەر يۈزىنى قىلسا لالەزار كوزۇم.
(يۈزۈڭنى ئويلاپ، كوزۇم باھار بۇلۇتىغا ئايلاندى، بۇ كوزۇم يەر يۈزىنى لالىزارغا ئايلاندۇرسا، نىمە يامىنى بار.)

سەۋادۇ قانى بىلە بىر غەرىب لالە ئېرۇر،
كى لالەزار بەسى قىلدى ئاشكار كوزۇم.
(كوزۇمنىڭ قارچۇغى ۋە قېنىدىن ئاجايىپ لالە پەيدا بولىدۇ، شۇنداق لالەزارنى كوزۇم كوپ پەيدا قىلدى.)

نى قانى لالە ئېرۇر،نى سەۋادى داغى ئانىڭ،
كى قويدى ھەجر ئوتىدىن داغى ئىنتىزار كوزۇم.
(ئۇنىڭ قېنى بىلەن قارىسى لالە پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ كوزۇم جۇدالىق ئوتىدىن ئىنتىزارلىق دېغىنىمۇ پەيدا قىلدى.)

ئەگەرچە قىلدى مېنى خارۇ-زار كوڭلۇمۇ بەس،
ۋەلىك ئەيلەدى كوڭلۇمنى خارۇ-زار كوزۇم.
(كوڭلۇم مېنى خار-زار قىلغان بولسا، كوزۇم كوڭلۇمنى خارراز قىلدى.)

نى كانو بەھر ئىكەنكىم، لەبۇ تىشىڭ غەمىدىن
گۇلۇ سومەنغە قىلۇر لەئلۇ دۇر نىسار كوزۇم.
(لېۋىڭ بىلەن چىشىڭنى ئويلاپ كوزۇم گۇل بىلەن سىمەنگە ياقۇت ھەم ئۈنچە تەقدىم قىلدى، ئۇنى كان بىلەن دېڭىز تەقدىم قىلادىمىكىن دەپ ئويلىما.)

بۇ كىم قاراردى چۇ تەر دامان ئېردىيۇ غەمماز،
فىراق شامىدادۇر تىيرە روزگار كوزۇم.
(كوزۇم چېقىمچى ھەم سىر ساقلىمايدىغان نەرسە بولغانلىقى ئۇچۇن، جۇدالىق كېچىسى قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ قارىيىپ كەتتى.)

نەۋائى، ئەيلە نەزەر تەركىنى دىمەك، چۇنكى
مەن ئىختىيار ئېتىبان، قىلماس ئىختىيار كوزۇم.
(ناۋايى، ئۇنىڭغا ئەمدى نەزەر سالما، دىمەگلار، چۇنكى مەن خالىغان نەرسىنى كوزۇم خالىمايدىكەن.)

ئىشق ئارا مەنمەن دەمى بىمەھنەتو غەم بولماغان،
جانىدىن مەھروم ئولۇپ، جانانغە مەھرەم بولماغان.
(مۇھەببەت يولىدا بىردەممۇ جاپاسىز، غەمسىز ئۆتمىگەن ئادەم پەقەت مەن، جېنىمدىن يىراقلىشىپ، جانانغا يېقىنلىشالمىغانمۇ مەن.)

يۈز ۋەفا ئەيلەب، جەفادىن ئۆزگە نەفئى كورمەگەن،
مىڭ جەفا كورۇپ، ۋەفاسى زەررەئى كەم بولماغان.
(يۈزلەپ ۋاپا قىلىپ، جاپادىن ئۆزگە نەپ كورمىگەن، ۋاپانى قىلچە كەم قىلماي، جاپانى كوپ كورگەنمۇ مەن.)

مىڭ قوياشچە كورگەن ئۆز يارىنى، ۋەلى يار ئاللىدا
مىڭ ئولۇشدىن بىرىچە زەررەنىڭ ھەم بولماغان.
(ئۆز يارىنى مىڭ قۇياشقا تەڭ كورۇپ، لېكىن يار ئالدىدا زەررىنىڭ مىڭ ئۈلۈشىدىن بىرسىدەك نەزەرگە ئىلىنمىغانمۇمەن.)

ئالەم ئەھلى ئىشق ئارا رەسۋالىغىم تەئن ئەتمەگىز،
كىمدۇرۇر ئاشىق بولۇپ رەسۋايى ئالەم بولماغان.
(ئەي ئالەم ئەھلى، ئىشق يولىدىكى رەسۋالىغىم ئۈچۈن تاپا-تەنە قىلماڭلار، زادى ئاشىق بولۇپ رەسۋايى ئالەم بولمىغان كىم بار؟)

ئەنجۇم ئېرمەس دۇدى ئاھىم ئوتىدىن كوك سەقفىدە،
ۋەھكى، بۇ تەردىن بىنايى قالمادى نەم بولماغان.
(ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇز ئەمەس، ئاھىمنىڭ ئوتىدىن چىققان تۇتۇندىن ھاسىل بولغان بۇلۇت، بۇ تامچىلاردىن ھۆل بولمىغان ئالەم بىنالىرى قالمىدى.)

دەستىگىرى ئىستەكىم غەمدىن خەلاس ئىمكان ئەمەس،
ئولكى بىر زەررىن كەمەر بېلىگە مەھكەم بولماغان.
(ياردەمچى ئىزلە، ئۇنىڭسىز غەمدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇشۇنداق ياردەمچى بولسۇنكى، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىمايدىغان.)

ئەي نەۋائى، بىلكى، تاپماس لەئلىدىن قۇتى ھايات،
جانىنى تەسلىم ئەيلەمەكلىكگە مۇسەللەم بولماغان.
(ئەي ناۋايى، بىلگىنكى، جاندىن كېچىپ ئۆزىنى تاپشۇرمىغان ئادەم يارنىڭ لېۋىدىن ھايات ئوزۇغى تاپالمايدۇ.)

يەنە نى قەد جىلۋە قىلدىكىم، دىمەكدىن لال مەن،
يەنە قايىسى زۇلف ئاچىلدىكىم، پەرىشان هالمەن.
(قانداق سۇمباتتۇ، يەنە جىلۋە قىلغان، هاك ـ تاكىلىقتىن ئاغزىمغا گەپ كەلمىدى؛ كىمنىڭ چىچىدۇ يەنە يېيىلغان، ئۇنىڭ ئالدىدا هالىم پەرىشان.)

زەئىفدىن قەددىم "ئەلىف" بولدى ئول ئىككى "لام" دىن
هەر يانىمدىن فىتنەگەر، ۋەه، نى ئەجەب گەر "لال" مەن.
(قەددىم ئورۇقلاپ، ئىككى لام ئارىسىدىكى "ئەلىپ"قا ئايلاندى①، شۇڭا ئىككى يېنىمدا ئىككى پىتنىچى تۇرغاندا "لال" بولۇپ قالسام ئەجەپلەنمەڭلار.)

ئىنلارىڭنىڭ ئىزىدىن يۈز گۈل كوزۇم باغىدەدۇر،
شۇكر ئېرۇر بۇ هەمكى ئىشقىڭ يولىدا پايمال مەن.
(ئىتلىرىڭنىڭ ئىزىدىن كوزۇم بېغىدا يۈزلەپ قىزىل گۈل ئېچىلدى، شۈكرى، بۇ بولسىمۇ ئىشقىڭ يولىدا ئاياق ـ ئاستى بولغانلىغىمنىڭ نەتىجىسى.)

① ئىككى لام ئوتتۇرىسىدا ئەلىپ بولسا "لال" سوزى كېلىپ چىقىدۇ.

جىسمىم ئەندۇه ئىچرە دەرد ئاستىدا قالمىش نى ئەجەپ؟
ئەگمە قەد بىرلە ئەگەر زۇلفۇڭ غەمىدىن "دال" مەن ①.
(جىسمىم قايغۇ ئىچىدە، دەرت ئاستىدا قالدى، بۇنىڭغا ئەجەپلەنمە، چۈنكى زۇلفۇڭنى ئويلاۋېرىپ قەددىم ئېگىلىپ "دال" غا ئوخشاپ قالدى.)

ئىنتى ئول كوڭلۇمكى، ۋەسل ئۈچۈن تىلەر ئېردى هەيات،
شوكرى، ئەمدى ئولغالى ئىشقىڭدا فارىغبال مەن.
(ۋىسال ئۈچۈن هاياتلىق تىلەيدىغان كوڭلۇم يوتۇپ كەتتى، شۇكرى، ئەمدى ئىشقىڭدىن قوتۇلۇپ ئارام تاپىدىغان بولدۇم.)

ئىشق ئوتى بۇ نەۋئىكىم، ئۇريان تېنىمنى ئورتەدى،
ئەهلى دەرد ئۈچۈن فەنا يۈزىگە مۇشكىن خال مەن.
(ئىشق ئوتى يالاڭغاچ بەدىنىمنى شۇنداق ئورتىدىكى، ئەمدى توگىشىپ كېتىۋاتقان دەرتمەنلەرنىڭ يۈزىگە خال بولسمەن.)

ئەي ناۋائى، نى ئەجەپ، يۈزۈڭ ئۈزە يۈگۈرسە ياش،
چۈنكى مەجنۇن بولغالى بازىچە نى ئەتفال مەن.
(ئەي ناۋايى، كوز يېشىڭ يۈزۈڭنى بويلاپ يۈگۈرسە، ئەجەپلىنىدىغان نىمىسى بار، چۈنكى مەن مەجنۇن خۇددى بالىلارنىڭ ئويۇنچۇغىغا ئايلىنىپ قالدىم.)

① "دال" يەنى "د" هەرپى "ا" هەرپىنىڭ ئېگىلىپ كەتكەن شەكلى، بۇ ئادەمنىڭ مۈكچىيىپ ئالغانلىغىنىڭ تەسۋىرى.

يۈزۈڭ ئوتىغا تۇتۇن زۇلفى مۇئەنبەرمۇ ئېكىن،
ئاتەشىن لەئلىڭ ئول ئوت ئىچىندە ئەخگەرمۇ ئېكىن.
(ئىپارچېچىلىك يۈزۈڭ ئوتىنىڭ تۇتۇنىمىدۇ؟ چاقناپ تۇرغان لەئلىڭ (لېۋىڭ) شۇ ئوتنىڭ چوغىمىدۇ؟)

مېھر سەرچەشمەسىدىن قەترەئىمۇ تامدى، ياخۇد،
ئارەزىڭ بىرلە قۇلاغىڭداغى گەۋھەرمۇ ئېكىن.
(بۇ- قۇياش بۇلىقىدىن تامغان قەترىمىدۇ، ياكى يۈزۈڭ بىلەن قۇلىقىڭدىكى گوھەرمىدۇ؟)

غەم تۈنى ئاھىم ئوقى ھەر تەرەپ ئول ئاي غەمىدىن،
چەرخىدىن ئۆتكەنىنىڭ ئۇرنىمۇ، ئەختەرمۇ ئېكىن.
(ئۇ، يۇلتۇزمىدۇ، ياكى غەم تۈنى ئۇ ئاينىڭ پىراقىدا ھەر تەرەپكە ئېتىلغان ئاھىم ئوقىنىڭ ئاسماننى تەشكەن ئورنىمىدۇ؟)

مۇزتەرىب كوڭلۇم ئېكىنمۇ كويەدۇرغان تەن ئارا،
يا بۇ ئاتەشكەدە كۇنجىدە سەمەندەرمۇ ئېكىن.
(بۇ، ئوتخانا بۇرجىكىدىكى سەمەندەرمىدۇ، ياكى تەن ئىچىدە كويۈۋاتقان بىئارام كوڭلۇممىدۇ؟)

قان ئىكىنمۇ ياكى داغىم ئارا يا ھىجرانىڭدا،
جامى گۇلنارى ئىچىندە مەي ئەھمەرمۇ ئېكىن.

(بۇ، ئانارگۈلدەك جام ئىچىدىكى قىزىل شاراپمىدۇ، ياكى پىراقىڭنىڭ يېڭى زەخمىدىن چىققان قانمىدۇ؟)

زاھىد ئۇجماغ تىلەدىيۇ، ياردىن مەن ھەم ئۆزىن،
يارەب، ئۇشبۇ ئىكى مەتلۇب بەرابەرمۇ ئېكىن.
(زاھىد جەننەتنى تىلىدى، مەن ياردىن ئۇنىڭ ئۆزىنى تىلىدىم، ئەي خۇدا، بۇ ئىككى تىلەك ئوخشاشمىدۇ؟)

ئەي نەۋائى، دىمە فەرھاد پەرىشانلىغىدىن،
ئول بۇ مەجنۇنچە بەلا تاغىدا ئەبتەرمۇ ئېكىن.
(ئەي ناۋايى، پەرھاتنىڭ پەرىشانلىغىنى دېمەي قوي، ئۇ بالا تېغىدا مەن مەجنۇنچىلىك ئاۋارىمىدۇ؟)

ئۆلكى ھەر تۈن ئۇيغانسىپ، يانىدا كورمەس ھەمدەمنى،
يوق ئەجەب، گەرسايەنى ھەمدەم قىلىپ ئەيتۇر غەمنى.
(ئۇ ھەر كېچە ئويغىنىپ يېنىدا ھەمدەم يارنى كورمەيدۇ، شۇڭا سايىسىنى ھەمدەم بىلىپ، ئۇنىڭغا ئوز غېمىنى ئېيتسا، نىمە ھەيران بولغۇلۇق.)

قوينىدا ئەفئى، نى مۇمكىن كوزگە ئۇيقۇ كىرگەلى.
ئۆلكى ھەركۈن ياد ئېتەر بىر زۇلفىنىڭ پىچۇ خەمىن.
(قوينىغا زەھەرلىك ئىلان كىرىۋالسا، كوزگە ئۇيقۇ كىرەمدۇ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئۇخلىماسلىقىمۇ بىر تولغۇما چاچنىڭ خىيالىغا چىرمىشىپ قالغانلىقىدىن.)

تەكيە نى ئىمكان تۈشۈپ بىستەر ئارا يۈزمىڭ تىكەن،
ئۆلكى بىر مۇژگان خەيالى تىرە قىلمىش ئالەمنى.
(ئاشۇ كىرپىكلەرنىڭ خىيالى دۇنيانى قاراڭغۇ قىلىۋەتتى، ئورۇن - كورپىلەردە سانسىز تىكەن تۇرسا، ياستۇققا باش قويۇش نەدە؟)

كېچە ئەفغان قىلماسام تاڭ يوق، بىراۋ كىم كوڭلىگە
ھەجر ئوقى تېۋرولدى، مۇشكىلدۇر قاتىغ ئۇرماق دەمنى.
(كېچىسى پەريات كوتەرمەسلىكىممۇ سەۋەپسىز ئەمەس. چۈنكى بىراۋنىڭ كوڭلىگە ھىجران ئوقى سانچىلىپ تۇرسا قاتتىغراق نەپەس ئېلىشىمۇ تەستۇ.)

نى ياروغ بولغاي ھاياتى شەمئى، ئۆلكىم ئىشق ئاگا،
غەم شەبىستانى ئارا ياغدۇردى ھىجران شەبنەمنى.
(ئۇنىڭ ھاياتلىق شامى قانداقمۇ يورۇقلۇق بەرسۇن، چۈنكى، ئىشق ئۇنىڭغا غەم ئاخشىمى ھىجرانلىق شەبنىمىنى ياغدۇرۇپ تۇرسا.)

زەخمىگە سەپ، ئەي كوڭۇل نەۋمىدلىغ تۇفراغىنىم،
تاپمادى كوك ھوققەسىدە كىمكى ۋۇسلەت مەرھەمنى.
(ئەي كوڭۇل، زەخمىگگە ئۈمىتسىزلىك توپىسىنى سەپ، چۈنكى پەلەك قۇتىسىدىن ھىچكىم ۋىسال دورىسىنى تاپالمىدى.)

چەرخ ئەنجۇم ئەشكىنى ساچىب، ئىدىن كىيمىش قارا،
ھەجر شامى تۇتماغان بولسا نەۋائى ماتەمنى.
(پەلەك ھىجران كېچىسى ناۋائىغا ماتەم تۇتمىغان بولسا، نىمە ئۇچۈن قارا كىيىنىپ، ياش يۇلتۇزلىرىنى چاچىدۇ.)

ئىشقىڭ ئېتەگىن جان ئىلگى بىرلە تۇتتۇبمەن،
سەن كىرگەلى يادىمغە ئۇزۇمنى ئۇنۇتتۇبمەن.
(ئىشقىڭ ئېتىگىنى جان قولى بىلەن تۇتتۇم،
سەن يادىمغا كېلىشىڭ بىلەن ئۇزەمنى ئۇنۇتتۇم.)

كوڭلۇمگە كېلۇر ھەرسارى ئوق ئاتسا نېدىنكىم،
جان شىرەسىدىن ئاغزىنى ئانىڭ چۇچۇتتۇبمەن.
(قاياقتىلا ئوق ئاتسا، ئوقى كوڭلۇمگە تېگىدۇ، چۈنكى مەن
جان شىرنىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېتىتىپ قويۇپتىكەنمەن.)

يارنىڭ دىدىلەر غەيرىبىلە بادە ئىچىبدۇر،
تەھقىقنى بىلگۇنچە نى قانلاركى يۇتتۇبمەن.
(يارنىڭ باشقىلار بىلەن شاراپ ئىچىپتۇ دېيىشتى،
بۇنى ئېنىقلاپ چىققىچە قان يۇتتۇم.)

گەرم ئولماغىز ئەھباب تىلەب ۋەسل چىراغىن
مەنكىم، يۇرەكىم كويدى نى چاغلىق يارۇتتۇبمەن.
(دوستلار، ۋىسال چىرىغىنى ئىزلەپ، ئۇنىڭغا ئۇزەڭلارنى ئۇرۇپ
كەتمەڭلار، مەن ئۇنى قانچىلىك يورۇتقانسېرى يۇرىگىم شۇنچە
كويدى.)

ھەجرىڭ تۇنى ئاللىمغە نى مىھنەتكى يېتىبدۇر،
ۋەسلىڭ كۇنى يادىدىن ئۇزۇمنى ئاۋۇتتۇبمەن.
(ھىجران كېچىسى ئالدىمغا جاپا بولسىلا كەلدى،
بىراق، مەن ۋىسال كۇندۇزىنى ئويلاپ، ئۇزەمنى ئاۋۇتتۇم.)

خىلۋەت سارى ئۇجب ئىكەنىن ئاڭلادىم، ئەي شەيخ،
ئەيب ئەتمە، فەنا دەيرىدە گەر كۇلبە تۇتتۇبمەن.
(ئەي شەيخ، خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلىش غەلىتى ئىش ئىكەن،
ئەيىپكە بۇيرىما، مەن يوقۇلۇش مەيخانىسىدا ئوي تۇتتۇم.)

ئەشك ئىلە نەۋائى سۇ بېرۇر، سەبر نىھالىن،
بىلمەسكى، ئانى ئاھىم ئوتىدىن قۇرۇتتۇبمەن.
(ناۋايى بىلمەسلىكتىن ئاھ ئوتى بىلەن سەۋر كوچىتىنى قۇرۇتۇپ
قويۇپ، ئەمدى ئۇنى كوز يېشى بىلەن سۇغارغىلى تۇردى.)

ئۆلگۈمدۇرۇر چۇ فۇرقەت ئىلە ئىشتىياقدىن،
كەل قۇتقار، ئەي ئەجەل مېنى ئۇشبۇ فىراقدىن.
(جۇدالىق ۋە ئىشتىياقتىن ئۆلىدىغان بولدۇم،
ئەي ئەجەل، كېلىپ مېنى بۇ دەردتىن قۇتقازغىن.)

تاڭ يوق قىزارسا لالە كەبى كوز، چۇ مەردۇمى
ھەردەم غەمىڭدا قان يۇتەدۇر ئول ئاياقدىن.
(كوز قارىچۇغى لالىدەك قىزارسا قىزارغاندۇ،
چۈنكى ئۇ دائىم غېمىڭدا قەدەھتىن قان يۇتىدۇ.)

سەن مەي ئىچەرسەن ئەل بىلە، ئول غەمزە قان قىلۇر،
مەن قان يۇتۇب نەزارە قىلۇرمەن يىراقدىن.
(سەن باشقىلار بىلەن مەي ئىچىسەن، كوز قىسىشلىرىڭ مېنى
خۇن قىلدى، مەن قان يۇتۇپ يىراقتىن نەزەر سالىمەن.)

ئەتفال سەنگ ئەربەدەسى ۋەھمىدىن دەمى
دىۋانەلەر كەبى چىقا ئالمان ۋىساقدىن.
(ئۇششاق باللارنىڭ چۇقۇراپ تاش ئېتىشىدىن
دىۋانىلاردەك قورقۇپ زادى ئۆيدىن چىقالمايمەن.)

ئىچتىم ئىتىڭ سەفالىدا مەي، ۋەھ، قاچان يۇغاي
ھەيۋان زۇلالى زەۋقىنى ئانىڭ مەزاقدىن.

(ئىتىڭنىڭ ساپال يالىغىدا مەي ئىچتىم، ئاھ، ئۇنىڭ
سۆزۈك ئابىھاياتتەك لەززەتلىك يۇقىنى قاچان يۇيىۋېتەر.)

مەيدىن ھايات تۇتكى، بىگەنەس مەسىھنى
ھەر شەپپەرىكى، ئۇچسا بۇ ئەسكى رەۋاقدىن.
(شارابتىن ھاياتلىق ئىزلە، بۇ ئەسكى راۋاقتىن
ئۇچقان شەپەرەڭمۇ ئەيساغا يىلىنمايدۇ.)

مۇترىب بىلە نى كوڭلى ئاچىلسۇن نەۋائىنىڭ،
كىم، مەن فىراقدىن دىسەم، ئول دەر "ئىراق"دىن.
(سازەندە بىلەن ناۋايىنىڭ كوڭلى قانداقمۇ ئېچىلسۇن،
مەن پىراقدىن چۇشسەم، ئۇ "ئىراق"دىن چۇشىدۇ.)*

*) "ئىراق" — "ئىراق" مۇقامى.

ياردىن ھېچكىم مېنىڭدەك زارۇ مەھجۇر ئولماسۇن،
جۇملەئى ئالەمدە رەسۋالىققە مەشھۇر ئولماسۇن.
(ھېچ كىشى ماڭا ئوخشاش يارنىڭ جۇدالىق زارىغا قالمىسۇن،
جۇملە ئالەمدە مېنىڭدەك رەسۋالىقتا داغ چىقارمىسۇن.)

مەن بولاي ئاۋارە تا ئىشقىمدىن ئەيلەپ گۇفتۇگۇ،
ئاتى ئانىڭ ھەر كىشى ئاغزىغە مەزكۇر ئولماسۇن.
(يار ئىشقىدىن مەنلا سوزلەپ ئاۋارە بولاي،
ئۇنىڭ نامىنى باشقا ھېچكىم ئاغزىغا ئېلىپ يۈرمىسۇن.)

جانىمە بىدادۇ زۇلمىن، يارەب، ئول مىقدارقىل،
كىم ئانىڭ ئاشىقلىغى ھەركىمگە مەقدۇر ئولماسۇن.
(خۇدا، ئۇنىڭ جەبري - زۇلمىنى ماڭا قانچە كورسەتسەڭ مەيلى،
لېكىن ئۇنىڭ ئاشىقلىغى ھېچكىمگە مۇمكىن بولمىسۇن.)

مەن خۇد ئولدۇم، لىك ھەر ئاشىقكى باردۇر پاكباز،
ئەۋھە تارتىب ماتەمىم تۇتماققە مەئزۇر ئولماسۇن.
(مەنغۇ ئولدۇم، لېكىن ھەرقانداق سادىق ئاشىق پەريات
كوتىرىپ ماتەم تۇتۇشقا ئۆزرىلىك بولمىسۇن.)

پەند ئىلە كوڭلۇم ئويىن قىلما ئىمارەت، ئەي رەفىق،
بىزنى بۇزدى، ھەرگىز ئول، يارەبكى، مەئمۇر ئولماسۇن.

(ئەي دوست، نەسىھەت بىلەن كوڭلۇم ئويىنى ئاۋات قىلىمەن
دىمە،
ئۇ بىزنى بۇزدى، خۇدايا، ئۇمۇ ھەرگىز ئاۋات بولمىسۇن.)

كىپچەلەر ئول گۇل چىكەر ئىرمىش قەدەھ، ئەي تاك يېلى،
ۋاقىف ئول ھالىمنى ئەيتۇر چاغدا مەخمۇر ئولماسۇن.
(ئۇ گۇل كىپچىچە قەدەھ بىلەن ھەپىلىشىدىكەن، ئەي تاك
شامىلى، خەۋەردار بول، مەن ھالىمنى ئېيتىدىغان چاغدا مەس
بولۇپ يۈرمىسۇن.)

يار ۋەسلىغە قوۋاندىم، قاۋدى كويىدىن مېنى،
ئەي نەۋائى، ھېچ كىشى دەۋلەتقە مەغرۇر ئولماسۇن.
(يار ۋەسلى ئۇچۇن قوۋانغان ئىدىم، بىراق كوچىسىدىن
قوغلىۋەتتى، ئەي ناۋايى، ھېچ كىشى دولەتكە مەغرۇر بولمىسۇن.)

چەككەندە نەقاشى قەزا ئۇل سەرۋى، گۇلرۇخ سۇرەتىن،
گويابىگەنمەي تاشلامىش تەرھ ئەيلەپ ئانىڭ ھەيئەتىن.
(تەقدىر رەسسامى ئۇ سۇمباتلىق گۇل يۈزلۈكنىڭ سۈرىتىنى سىزغاندا،
ئاي، كۈنگە تەقلىت قىلىشنى يار(تماي، باشقىچە سىزىپتۇ.)

تا جىلۋە قىلدى ئۇل سەنەم، لەيلى سوزى بولدى ئەدەم،
سەۋدام ئۇتى چەككەچ ئەلەم، پەست ئەتتى مەجنۇن
شۆھرەتىن
(ئۇ سەنەم بىر جىلۋە قىلىۋىدى، لەيلى كۆيۈگى يوققا چىقتى، مېنىڭ
سەۋدايىلىغىمنىڭ ئۇتى بايراق كۆتۈرۈپ چىقىۋىدى، مەجنۇننىڭ
شۆھرىتى يەر بولدى.)

رۇخسار ئاچىب ئۇل سىمبەر، قامەتنى ئەيلەپ جىلۋەگەر،
ئۈزدىيۇ كەتتى سەر - بەسەر گۇل رەغبەتىن، سەرۋ ئۇلپەتىن.
(ئۇ كۈمۈش بەدەن قەددۇ - قامىتىنى ئويناۋتۇپ، يۈزىنى ئاچقان
ئىدى، سەرۋىگە ئۇلپەت بولىدىغان، گۇلگە قىزىقىدىغانلار زادى
قالمىدى.)

كوڭلۇم يۈزۈڭ بىچارەسى، جانىم لەبىڭ خۇنخارەسى،
سور. ئەي جەھان ئەييارەسى، گاھى ئالارنىڭ ھالەتىن.
(كوڭلۇم يۈزۈڭ ئالدىدا بىچارە، جېنىم لىۋىڭ ئىشقىدا قان يۇتىدۇ.
ئەي جاھان ئەييارى، ئارىلاپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قوي.)

تەقۋا ئىۋى ھەمۋار ئېرۇر، سۇبھەم ئىپى زۇننار ئېرۇر،
ئۇل كۇلبەئى خەممار ئېرۇر، تا كوردۇم ئۇل چىن لوئبەتىن.
(تەقۋالىق ئويۇم تۈزلىنىپ كەتتى، تەسۋىيىم يىپى زۇننار بولدى،
ئورنۇم مەيخانە بولدى، ئۇيەردە خۇددى جۇڭگو ئويۇنلىرىنى كوردۇم.)

جەننەتتە قىلماسمەن نۇزۇل، ئۇل كويئارا تاپسام ۋۇسۇل،
دوزەخنى ئەيلەرمەن قەبۇل، ئەمما يوق ئانىڭ فۇرقەتىن.
(ئەگەر ئۇنىڭ كوچىسىدا ۋىسال تاپسام، جەننەتكىمۇ كىرمەيمەن،
دوزاقنى قوبۇل قىلسام قىلايكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىلمايمەن.)

ئەيلەپ سەلاسىل ئارزۇ، ئارتار جۇنۇنۇم مۇبەمۇ،
ناگاھ نەسمى مۇشكبۇ، يەتكۈرسە زۇلفۇڭ نەكھەتىن.
(ئىپار پۇراقلىق شامال بىردىنلا زۇلفۇڭ ھىدىنى يەتكۈزسە،
مەن ئۇنىڭ زەنجىرىگە باغلىنىش ئارزۇسىدا تېخىمۇ ساراڭ بولىمەن.)

ئىش سىررىن ئايا كىم بىلۇر، كىمدىن بۇ مۇشكىل ئاچىلۇر،
ۋەھكىم، بۇ غەم مۇھلىك قىلۇر ھەر لەھزە كوڭلۇم ھەيرەتىن.
(ئىشنىڭ سىرىنى كىملەر بىلەر، كىم بۇ چىگىشنى يېشەر؟ ئاھ،
ھەمىشە مۇشۇ غەم كوڭلۇمدىكى ھەيرانلىقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.)

بولغىل نەۋائى رۇبەرەھ، قىلغىل فەناكويىن پەنەھ،
تەرك ئەيلە زوھدۇ خانەقەھ، قىل دەيرپىرى خىزمەتىن.
(ناۋايى، ئۇدۇل ماڭ دە، يوقلۇق كوچىسىدىن پاناجاي تاپ،
سوپىلىق ۋە خانىقادىن كېچىپ، مەيپۇرۇشنىڭ خىزمىتىنى قىل.)

جاندا جان پەرۋەر سوزىدۇرمۇ، لەبى خەندانىمۇ،
روھۇم ئارامى دېيىنمۇ ئانى، جانىم جانىمۇ؟
(لېۋىدىكى كۈلكىمىدۇ، ياكى جاننى جانلاندۇرغۇچى ھاراررەتمىدۇ،
ئۇنى روھىمنىڭ ئارامى دەيمۇ، ياكى جېنىمنىڭ جېنى دەيمۇ؟)

كوڭلۇم ئىچرە نېشلەركىم، سانجىلىبدۇر، ئاڭلامان،
نېشتەرى مۇژگانىدۇرمۇ، ناۋەكى پەيكانىمۇ؟
(كوڭلۇم ئىچىگە تىكەنلەر سانجىلىپتۇ، بىلەلمىدىم-
ئوقيانىڭ ئوقىمۇ، ياكى كىرپىك نەشتىرىمۇ؟)

ئەي كوڭۇل، ئالەم بۇزاردا قايىسى ئارتۇق ئىكەن،
نۇھ توفانىمۇ ، ئەشكىم سېلىنىڭ تۇغيانىمۇ؟
(ئەي كوڭۇل، ئالەمنى ۋەيران قىلىشتا قايسى يامان،
نوھ توپانىمۇ، ياكى كوزيېشىم كەلكۈنىنىڭ تاشقىنىمۇ؟)

جان ئالۇردە قايسىنىڭ سەئب ئىركەنىن شەرھ ئەيلەگىل،
ئىشقنىڭ بىدادىمۇ،يا شىددەتى ھىجرانىمۇ؟
(جان ئېلىشتا قايسى يامانراق؟ شۇنى بايان قىل،
ئىشقنىڭ ئازاۋىمۇ ياكى ھىجراننىڭ كۈچلۈكلىگىمۇ؟)

نى ئۈچۈن ئول گۇل ئىرەم گۈلزارىدىن ئارتۇق ئەمەس،
جىلۋە ئەيلەرسەرۋىمۇ، ياغۇنچەئى خەندانىمۇ؟

ئەيكى، بەردىڭ دەھر شوخىغە كوڭۇل قەتلىڭ ئۈچۈن،
ئىشۋەئى پەيداسىمۇ، يوق ئافەتى پىنھانىمۇ؟
(ئەي كىشى، ئولتۇرۇلۇشۇڭ ئۈچۈن جاھاندىكى بىر شوخقا
كوڭۇل بەردىڭ، ئاشكارە نازى ئولتۇرەرمۇ ياكى يوشۇرۇن ئاپىتىمۇ؟)

قەتل قىلدىلەر نەۋائىنى ۋەلىكىن بىلمەدىم
كوڭلىن ئالدۇرماقمۇ ئىردى، يا كوڭۇل ئالغانىمۇ؟
(ناۋايىنى ئولتۇرۇشتى، بىراق بۇ كوڭلىنى ئالدۇرۇشمۇ، يا كوڭۇل
ئېلىشمۇ، بىلمىدىم.)

كۆڭلۈم ئورتەنسۇن ئەگەر غەيرىگە پەرۋا ئەيلەسە،
ھەر كۆڭۈل ھەمكىم سېنىڭ شەۋقىڭنى پەيدا ئەيلەسە.
(ئەگەر كۆڭلۈم سەندىن باشقىغا مايىل بولسا، ئۇ ئورتەنسۇن،
باشقا كۆڭۈلمۇ ئۆزىدە سېنىڭ ئىشقىڭنى پەيدا قىلسا، ئۇمۇ
ئورتەنسۇن.)

ھەركىشى ۋەسلىن تەمەننا ئەيلەسەم نەۋمىد ئۆلەي،
ھەر كۆڭۈل ھەمكىم سېنىڭ ۋەسلىڭ تەمەننا ئەيلەسە.
(باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ ۋەسلىنى تاما قىلسام، مۇراتسىز ئۆلەي،
باشقا كۆڭۈلمۇ سېنىڭ ۋەسلىڭنى تاما قىلسا، ئۇمۇ مۇراتسىز
ئۆلسۇن.)

ئۆزگەلەر ھۆسنىن تاماشا ئەيلەسەم، چىقسۇن كۆزۈم،
ئۆزگە بىر كۆز ھەمكى ھۆسنۈڭنى تاماشا ئەيلەسە.
(باشقىلارنىڭ ھۆسنىنى تاماشا قىلسام، كۆزۈم چىقسۇن،
باشقا كۆزمۇ سېنىڭ ھۆسنىڭنى تاماشا قىلسا، ئۇمۇ چىقسۇن.)

غەيرى زىكرىن ئاشكارا قىلسا لال ئولسۇن تىلىم،
قايسى بىر تىل ھەمكى زىكرىڭ ئاشكارا ئەيلەسە.
(تىلىم سەندىن باشقىنىڭ گېپىنى قىلسا تۇتۇلسۇن،
باشقا بىر تىلمۇ سېنىڭ گېپىڭنى قىلسا، ئۇمۇ تۇتۇلسۇن.)

رەشكىدىن جانىمغە ھەر نەرگىس كۆزى بىر بىر شۇئلەدۇر،

باغ ئارا ناگاھ خىرام ئول سەرۋ رەئنا ئەيلەسە.
(ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەل باغنى ئايلانسا كۆندەشلىكتىن
ماڭا ھەربىر نەرگىس گۈلنىڭ كۆزى ئوت بولۇپ كۆرۈنىدۇ.)

يوق ئاغىزدىن نۇكتە ئەيتۇر مەھۋەشىمدەك، بولماغاي،
گەر قۇياش ھەرزەررەسىدىن بىر مەسىھا ئەيلەسە.
(مېنىڭ گۈزىلىمدەك يېقىملىق سۆزلەيدىغان ھېچكىم يوق،
گەرچە قۇياش ھەر بىر زەررەسىدىن ھايات بەخش ئەتسىمۇ
ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.)

ئاقىبەت جانىمغە يەتتى، ئەي خۇش ئول مۇغكىم، مېنى
بىر قەدەھ بىرلە خەرابات ئىچرە رەسۋا ئەيلەسە.
(ئاقىۋەت جېنىمغا تاقالدى، ئەمدى مەيپۇرۇش بىر قەدەھ
بېرىپ مەيخانىدا رەسۋا قىلسا ياخشى بولاتتى.)

كەلتۈرۈك دەپئى جۇنۇنۇمغا پەرىخان، يوق تەبىب،
كىم ئول ئەنسابدۇر پەرى ھەركىمنى شەيدا ئەيلەسە.
(مېنىڭ ساراڭلىقىمنى ساقايتىدىغان تېۋىپ يوق، پەرىخان چاقىرىڭلار،
پەرىگە ئاشىق بولغان كىشىنى شۇ ئەملەيدۇ.)

سۇبھىدەك ھەردەمدە گەردۇن قويماغاي ئاسارىنى،
ناگاھ ئەھلى سىدق كۆڭلى مېھرىن ئىفشا ئەيلەسە.
(سادىق كۆڭۈللەر مېھرىنى ئاشكارىلىسا، پەلەك
دائىم ئۇنى سۇبھىدەك يورىتىۋېتىدۇ.)

دەھر شوخىغە، نەۋائىي، سەيد بولما نىچەكىم،
كۆن ئۇزارى ئۆزرە تۈن زۇلفىن مۇتەررا ئەيلەسە.
(ناۋايى، جاھان گۈزىلىنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالما، گەرچە ئۇ
كۈندەك يۈزى ئەتراپىدا تۈندەك قاراچېچىنى يايسىمۇ.)

غەممىنىمۇ دېيىن، يا بىغەم ئەلنىڭ ماجراسىنىمۇ؟
كۆڭۈل ھالىنىمۇ ياخۇد كۆڭلۈم ئالغاننىڭ جەفاسىنىمۇ؟
(غېمىمنى ئېيتايمۇ، يا بىغەملەرنىڭ ماجراسىنىمۇ، كۆڭلۈم
ھالىنى ئېيتايمۇ ياكى كۆڭلۈمنى ئالغاننىڭ جاپاسىنىمۇ؟)

قاتىغ ئىشقىم بالائۇ شىددەتىنىمۇ ئەيلەيىن تەقرىر،
يوق ئېرسە بىنەھايەت ئىشتىياقىم ئىبتىلاسىنىمۇ؟
(مۇشكۈل ئىشقنىڭ بالاھەم مۇشەققەتىنى ئېيتايمۇ،
ياكى ئاجايىپ شەيدالىقتا گىرىپتارلىقىمنىمۇ؟)

ئەدەدسىز دەردۇ رەنجىم سەئىب ئىكەنىنىمۇ قىلايىن شەرھ،
سىفەتقە راست كەلمەس شەۋقۇم ئاشۇبى بەلاسىنىمۇ؟
(ھەددى ـ ھېساپسىز دەرد ۋە ئاغرىقىمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتايمۇ،
يا بۇ چىدىغۇسىز كويۇكىنىڭ بالادەك ۋەھىمىسىنىمۇ؟)

كۆڭۈلدە ۋەسل باغى ئارزۇسىنىمۇ بەيان ئەيلەي،
باغرىمدا خارى ھىجران نوگىنىڭ مۇھلىك ياراسىنىمۇ؟
(كۆڭۈلدىكى ۋىسال بېغىنىڭ ئارزۇسىنى بايان قىلايمۇ، ياكى
جۇدالىق تىكىنى كىرگەن باغرىمنىڭ جانغا تاقالغان يارىسىنىمۇ؟)

ۋەفاسىز يارىبىپەرۋالىغىنىڭمۇ سوزىن ئەيتاي،
ماڭا جەۋرۇ ـ جەفا تىغىن ئۇرۇپ، ئەلگە ۋەفاسىنىمۇ؟

(ۋاپاسىز يارنىڭ بىپەرۋالىقىنى ئېيتايمۇ، ياكى ماڭا جەۋرى
جاپا تىغىنى سانچىپ، باشقىلارغا قىلغان ۋاپاسىنىمۇ؟)

فەلەك زۇلمى، ئۇلۇس بىدادى يا بىر سەرۋى رەئنانىڭ
مېنىڭ ھالىمنى ئەيلەب بىھەۋا، ھەريان ھەۋاسىنىمۇ؟
(پەلەكنىڭ زۇلمىنى، ئەلنىڭ جەۋرىسىنى ئېيتايمۇ، ياكى بىر
گۈزەلنىڭ مېنىڭ ھالىم بىلەن كارى بولماي، كۆڭلى ھەريانىدا!
بولغانلىقىنىمۇ.)

نەۋائى، ئىلتىفات ئاغاز قىلدى يار، بىلمانكىم،
فىراقىدىن شىكايەتمۇ قىلاي، ۋەسل ئىلتىماسىنىمۇ؟
(نەۋايى، يار ئىلتىپات قىلىشقا باشلىدى، نىمە قىلاي،
ھىجراندىن زارلىنايمۇ ياكى ۋىسالىنى تىلەيمۇ؟)

پەردەغە كىرگەن كەبى خۇرشىدى رەخشان ھەر كېچە،
ئەزىم خىلۋەت ئەيلەر ئۇل شەمئى شەبىستان ھەر كېچە.
(ھەر ئاخشىمى نۇرلۇق قۇياش پەردە ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك، ئۇ كېچەمنىڭ چىرىغىمۇ خىلۋەتكە كىرىۋالدۇ.)

ئۇل كۆلۈپ ئەھباپ بىرلە سۇبھىدەك، مەن شەمئىۋار،
ئورتەنىب كۆڭلۈم، توكەرمەن دۇررى غەلتان ھەر كېچە.
(ئۇ ھەر ئاخشىمى دوستلىرى بىلەن تاڭ نۇرىدەك كۈلىدۇ، مەن كۆڭلۈمنى شامدەك كويدۇرۇپ، ئۈنچە - مارجان توكۈپ چىقىمەن.)

بىر قۇياش ھىجرانىدا ئۇريان تەنىم گەردۇن كەبى،
مېھر ئوتىدىن كۆرگۈزۈر مىڭ داغى پىنھان ھەر كېچە.
(يالاڭغاچ گەۋدەم بىر قۇياشنىڭ پىراقىدا خۇددى ئاسمانغا ئوخشاش، ھەر كېچىسى ئىشق ئوتىدىن مىڭلىغان يوشۇرۇن داغلارنى كورسىتىدۇ.)

گەھ - گەھ، ئەي مەخمۇرى خاب ئالۇد، سور ئۇل خەستەنى،
كىم يېتەر ئاغزىغە لەئلىڭ يادىدىن جان ھەر كېچە.
(ئەي ئۇيقۇدىكەن مەس، شۇ كېسەلمەننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالساڭچۇ، ھەر كېچە لىۋىڭنى ئويلاپ، ئۇنىڭ جېنى ئاغزىغا كېلىپ قالىدۇ.)

ناسىھا، نىنەۋۇ پىنھان تائەت ئەيلەيكىم، ئالۇر
دىنۇ دانىش نەقدىنى بىر نامۇسۇلمان ھەر كېچە.
(ئەي نەسىھەتچى، مەن كېچىسى قانداقمۇ پىنھان ئىبادەت قىلاي، ئىمان ۋە ئەقىل بايلىغىمنى بىر نامۇسۇلمان ئېلىۋالغان تۇرسا.)

بىر كېچە سورغىل مېنى، ئاندىن بۇرۇنكىم سورغاسەن،
"قانى ئۇل بىدىلكى ئەيلەر ئېردى، ئەفغان ھەر كېچە".
(بىر ئاخشام ھالىمنى سورا، بۇرۇنمۇ "ھەر كېچىسى دات - پەريات قىلىدىغان ھېلىقى ئاشىق قېنى" دەپ سورىغان ئىدىڭغۇ.)

•

چەك، نەۋائى، نالە، كوز مەي بەرسۇنۇ باغرىم كەباپ،
چۇن بولۇر ئۇل ئاي خەيالى بىزگە مېھمان ھەر كېچە.
(ناۋايى، نالە كوينى چال، كوزۇڭ شاراپ، جىگىرىڭ كاۋاپ تەييارلىسۇن، چۇنكى ھەر ئاخشىمى ئۇ ئاينىڭ خىيالى مېھمان بولۇپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ.)

نەسھەت ئەھلى ماڭا دەركى :"مەينى تەرك ئەت"، ۋەھ
ئىلىك ئالىب كىلۇر، ئاغىز ئىچەر، ماڭا نى گۇنەھ.
(نەسھەتچىلەر ماڭا: "شاراپنى تاشلا" دېيىشىدۇ، ۋايىيەي، ئۇنى
قول ئالىدۇ، ئېغىز ئىچىدۇ، ماڭا نىمە گۇنا؟)

ماڭا مەي ئىچمەك ئەمەس ئۇزلۇگۇمدىن، ئەي ناسىھ،
بۇ ئىشگە چەك قەدى دالو شاھىد ئولدى گوۋەھ.
(ئەي نەسھەتچى، شاراپ ئىچىشىم ئۆزلىگىمدىن ئەمەس،
بۇ ئىشقا چاك قەددى دالالەتچى، مەھبۇپ گۇۋاچى.)

قىلۇر جۇنۇنۇ قەدەھ مەنئىنى ماڭا زاھىد،
دىگەيمۇ ئېلبەگە بۇ سوزنى بولماسا ئەبلەھ.
(زاھىد ماڭا جۇنۇنلۇق ھەم قەدەھتىن كەچ دەيدۇ،
ئەگەر ئەخمەق بولمىسا تەلۋىگە بۇنداق سوزنى قىلاتتىمۇ.)

قەدەھ چىراغىنى ئاللىمغە تۇتقىل، ئەي ساقى،
كى زوھد زۇلمەتىدە ئەسرو بولمىشام گۇمرەھ.
(ئەي ساقى، قەدەھ چىرىغىنى ئالدىمغا تۇت،
زاھىتلىق زۇلمىتىدە ئادىشىپ كەتمەي.)

بۇ شەمئ بىرلە خەرابات سارى باشلا مىنى،
كى تىرە زوھد تۈنى ئىچىدە ئۇلمەيىن ناگەھ.

(بۇ چىراق بىلەن مېنى مەيخانە تەرەپكە باشلا،
بۇ زاھىتلىق قاراڭغۇ تۈندە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالماي يەنە.)

باشىمنى پىرى خەرابات دەر گەھىدە قوياي،
كى بار ئىشىگىدە شاھۇ گەدا، گەدا بىلە شەھ.
(بېشىمنى مەيخانىچىنىڭ بوسۇغىسىغا قوياي،
ئۇنىڭ ئىشىگىدە گادايمۇ بار، شاھمۇ بار.)

نەۋائى ئەيتۇر ئىمىش دەير ئارا سەنەم زىكرىن،
بۇ ئىسم زىكرىگە كىم قىلسا مەيل بىسمىللەھ.
(كىم بۇتخانىدا بۇتنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ،
"بىسمىللا" دىسە، ناۋايىمۇ قوشۇلۇپ ئوقۇيدۇ.)

مەن مەستى غەرقى بادەمەن، ئەكسىم ئەمەس مەي ئىچرە، ۋەھ،
ساقىغە باۋەر بولماسا، بىخودلۇغۇم بەستۇر گوۋەھ.
(مەيگە سايەم چۈشكىنى يوق، بەلكى ئۆزەم مەيگە غەرق
بولغانمەن، ساقى ئىشەنمىسە، ھۇشسىزلىقىم بۇنىڭغا گۇۋا.)

تەقۋا ئارىداسى بىرلە كىم مەسجىدغە باردىم دەيردىن،
ئەي مۇغەبىچە ئىنەك رىدا بويىنۇمدا گەر قىلدىم گۇنەھ.
(مەيخانىدىن چىقىپ، تەقۋالىق پەردىسىنى كىيىپ مەسجىتكە
كىرىپ قاپتىمەن، ئەي مەيچى يىگىت، ئەمدى بۇ پەردىجە بويى-
نۇمغا ئارتىلغان گۇنا بولدىغۇ.)

كەلدىم قاچىپ غەم خەيلىدىن مەيخانەغە، ئەي پىرى دەير،
تەگرى پەناھىڭ، گەر ماڭا خوم كەينىدە بەرسەڭ پەنەھ.
(غەم لەشكەرلىرىدىن قېچىپ مەيخانىغا كەلدىم، ئەي مەيخانىچى،
ساڭا خۇدا پانا بولسۇن، ماڭا سەن كوزا كەينىدىن پانالىق
جاي بەرسەڭچۇ.)

دەير ئىچرە سەرخۇش مۇغەبىچە دىنىمنى تاراج ئەيلەدى،
ئەيب ئېتمەڭىز گەركەلمەسە يادىمغە شەيخو خانەقەھ.
(دىنىمنى مەيخانىدا شىركەيىپ ساقى يىگىت بۇلاپ كەتتى،
شۇڭا خانىقا ۋە شەيىخ يادىمغا كەلمىسە، ئەيىپكە بۇيرۇماڭلار.)

نەززارەدىن ھۇش ئەھلىنىڭ دەستارى تۈشمەك نى ئەجەپ،

مۇنداغكى سەرخوش سەكرەتۇر ھەريان سەمەند ئۇل كەجكۇلەھ.
(ھوشيارلار تاماشاغا مەپتۇن بولۇپ، بېشىدىن سەللىسى چۈشۈپ
قالسا، ئەجەپلەنمەڭ، چۈنكى ئادەم مەس بولغاندا، تۇمىقىنى
تەتۈر كىيىپ، ئېتىنى قالايمىقان چاپتۇرىدىغۇ.)

تەسبىھنى مەي رەھنى قىل، ھەر دانەغە مەيل ئەتمەگىل،
گەر ئىستەسەڭ كوڭلۇڭ قۇشىن سەيد ئەتمەگەي بۇدامگەھ.
(تەسۋىنى مەي ئۈچۈن گىرۇگە قوي، ئۇنىڭ تىزىقتىكى
ئۇرۇقچىلىرىغا قىزىقما، بۇ، مىڭ قىلغان بىلەن كوڭۇل قۇشىغا
ئىندەك بولالمايدۇ.)

مەي تۆلىنىڭ ھەر پەششەسى پىلدۇرۇر خەرتۇملۇغ،
دەفئ ئەتكەلى دەير ئەھلىغە گەر چەكسە دەردو غەم سىپەھ.
(شاراپ دۇغىغا چۈشكەن ھەر بىر پاشا بىر خەرتوملۇق پىل،
ئەگەر دەرت - غەم لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ئىچەر -
مەنلەرنى مۇداپىئە قىلىدۇ.)

يۈز بىرلە گەر دەيرى فەنا يولىن سۈپۈرسەم ۋەجھى بار،
كىم دەير پىرى ئالىدە بۇنەۋئ ئولۇبمەن روھ بەرەھ.
(فەنا مەيخانىسىنىڭ يولىنى يۈزۈم بىلەن سۈپۈرسەم، بۇنىڭ
سەۋەۋى بار، چۈنكى مەيخانىچى ئالدىدا يول باشلىغۇچىسى
بولغانمەن.)

گۈلخان ئارا ئاستىڭدا كۆل، ئۆريان باشىڭدا ئىشق ئوتى،
بۇ نەۋئ تەختۇ تاج ئىلە سەن سەن نەۋائى پادشەھ.
(گۈلخاندا ئاستىڭدا كۈل، يالاڭۋاشتاق بېشىڭدا ئىشق ئوتى،
ئەي ناۋايى، بۇنداق تاجۇ-تەختىڭ بىلەن ئۆزەڭنى پادىشا
ھېساپلا.)

هەيهاتكىم، بىراۋ غەمدىن زارمەن يەنە،
فەريادكىم، بەلاغە گىرىفتار مەن يەنە.
(ئاھ، بىركىمنىڭ غېمىدە يەنە زارلىنىمەن،
ۋاي دات، يەنە بالاغا گىرىپتار بولۇپ قالدىم.)

ئەي مۇددەئىكى، ئارىم ئىدى تەنھۇ سوكمەكنىڭ،
فارىغ دىگىلكى، ھەرنى دىسەڭ بار مەن يەنە.
(ئەي دەۋاگەر، تەنە ـ سوكۇشلىرىڭدىن ئۈيۈلمەن،
بولدى قىلغىنا، نىمە دىسەڭ مانا مەن.)

دەفئ ئولمىش ئىردى نۇشى لەبىڭدىن مەلالەتىم،
لۇتف ئەيلە، ئەي تەبىبكى، بىمارمەن يەنە.
(لىۋىڭ شەرۋىتىدىن دەردىم شىپا تاپار ئىدى،
ئەي تېۋىپ، مەن كېسەل، شەپقىتىڭنى كورسەتكىنە.)

ھەر كېچە بىر قۇياش غەمىدە غۇسسە تاشىدىن
باشدىن ـ ئاياغ سىپىھردەك ئەفگارمەن يەنە.
(ھەر كېچىسى بىر قۇياش غېمىدە، ئۇرۇلغان قايغۇ
تېشىدىن ھەممە يېرىم خۇددى ئاسماندەك زەخىملىك.)

سوفىئى ئەقل سەۋمەئەسىن شۇكرىكىم بۇزۇپ،
دارۇلفەنايى ئىشقىدا خەممارمەن يەنە.

(شۇكرى، ئەقىل سوپىلىغىنىڭ خىلۋەت ئۆيىنى بۇزۇپ،
ئىشقىنىڭ يوقۇلۇش مەيخانىسىدا يەنە مەي ساتقۇچى بولدۇم.)

ئاغزىم قۇرۇپ، دەمىم تۇتۇلۇپ، سەكرەسەم نېتاڭ،
كىم تەلبە چابۇكۇمگە جىلاۋدارمەن يەنە.
(ئاغزىم قۇرۇپ، دىمىم تۇتۇلۇپ، سەكرىسەم، ئەجەپلەنمەڭلار،
چۈنكى مەن تەلۋە چەۋەندازىمنىڭ چىلۋۇرىنى تۇتقۇچى.)

ئەقىل ئىتتى، ھۇش كەتتى، كوڭۇل كويدى، چىقتى جان،
شۇكرى ئەت، نەۋائىياكى، سەبۇكبارمەن يەنە.
(ئەقىل يۈتتى، ھۇش كەتتى، كوڭۇل كويدى، جان چىقتى،
ئەي ناۋايى، ئەمدى يېنىكلەپ قالدىم دەپ شۇكۇر قىل.)

تەۋسەنىڭ نەئلىدىن ئىستەرمەن باشىمغە ئەفسەرى،
ھىندۇ دەككىم باشىغە تاۋۇسدىن سانچار پەرى.
(ئۇچقۇر ئېتىڭنىڭ تاقىسىنى بېشىمغا تاج قىلىشنى خالايمەن،
خۇددى ھىندىلار بېشىغا تاۋۇس پېيى قىستۇرۇۋالغاندەك.)

ئارەزىڭدە مەي، مەي ئىچرە ئارەزىڭ زاھىر قىلۇر
گاھى ئەختەردىن شەفەق، گاھى شەفەقدىن ئەختەرى.
(يۈزۈڭدە مەي ئەكس ئەتسە، مەيدە يۈزۈڭنىڭ شولىسى
كۆرۈنىدۇ، بەزىدە يۇلتۇزدىن شەپەق، بەزىدە شەپەقتىن يۇلتۇز
ئەكس ئەتكەندەك.)

بەزمى ئەيشىن كوككە ئىۋچۇن چەكمەگەي ئولكىم، ئاڭا
تۇتسە رۇھوللاھ دەمى ھەردەم قۇياشدەك ساغەرى.
(ئەگەر بىرسىگە ئەيسا نەپىسى قۇياشتەك قەدەھ تۇتسا،
خوشاللىق بەزمىنى نىمىشقا كوككە ياڭراتمىسۇن.)

مەسنەدىم كورگىلكى ھەر تۈن قەسرى تاشۇ فەرشىدىن،
باشقە خارا مۇتتەكادۇر، تەنغە كاشى بىستەرى.
(كورگىنىكى، مېنىڭ تەختىم تۈن قەسرىنىڭ تاش
توپىلىرىدىن، تاشلىرى بېشىمغا تايانچۇق، خىشلىرى
تېنىمگە كۆرپە.)

ۋەھ،نى لولىۋەشدۇرۇر ئول قاتىلكي ئەمدەن خەلقنىڭ

قانىنى توكمەككە ھەربىر كىرپىگىدۇر نەشتەرى.
(ئاھ، ئۇ سىگان گۈزىلى ئەمەس، بەلكى قاتىل، ئۇنىڭ ھەر
بىر كىرپىكى كىشىلەرنىڭ قېنىنى قەستەن توكىدىغان نەشتەر.)

ئارەزىڭ ۋەسفى تۈگەنمەس كاتىبى سۈنئ ئەيلەسە،
دەھر بوستانىدە گۈل يافراغلارىدىن دەفتەرى.
(يارالتقۇچىنىڭ كاتىۋى جاھان بوستانىدىكى گۈل يوپۇرماق-
لىرىنى دەپتەر قىلىپ يازسىمۇ يۈزۈڭنىڭ تەرىپى ئادا
بولمايدۇ.)

ئەي نەۋائى، سەرۋدەك ئازاد بول گەر ئىستەسەڭ،
گۈل مەسەلىدەك شاھىدى، بۇلبۇل كەبى ھۆنياگەرى.
(ناۋايى، گۈلگە ئوخشاش ئاشىق، بۇلبۇلغا ئوخشاش...،
بولۇشنى خالىساڭ سەرۋى دەرىخىدەك تۈز بول.)

ئوت سالۇر ئەل جانىغە ھەردەم ساۋۇغلۇغ بىرلە دەي،
ساقىيا، سىنماس ھەۋا زەھرى، كېتور تەرياك مەي.
(قىش پەسلى ھەممىشە كىشىلەرنىڭ جېنىغا سوغاقلىق بىلەن ئوت
سالىدۇ،ئەي ساقى، ھاۋەنى زەھىرى قايتمايۋاتىدۇ، ماڭا تەرياك①
مەي بەرگىنە.

تۈز شەبىستان ئىچرە سوھبەتكىم ئىشارەت مەيغەدۇر،
شەمئى كافورىكى، ئاستى شوشە مۇزلار بىرلە دەي.
(ئىچكىلىكنى كوزلەپ كېچىلىك سوھبەت ئۇيۇشتۇر،
ئاستى چوكا مۇزلاردەك كاپور شامنى ياق.)

ئاتەشىن مەي بىرلە، ئەي ساقى، قىزىتقىل بەزمنى،
مۇتربا، ئول ئوتنى تىز ئەتمەككە ئال ئاغزىڭغە نەي.
(ئەي ساقى، ھارارەتلىك مەي بىلەن بەزمىنى قىزىت،
ھەي نەغمىچى، بۇ ئوتنى تېخىمۇ ئورلىتىش ئۈچۈن نەينى پۈۋدە!)

دەھر مۇشكىن چۈن ھەۋا كافۇرى پىنھان ئەيلەدى،
بادەئى مۇشكىنى كافۇرى مىزاج ئىچمەي نىتەي.
(زامان ئىپارنى ئىشق كاپۇرى يوشۇردى، رەڭگى كاپۇردەك ئاق،
ئىپاردەك خۇشپۇراق شاراپنى نىمىشكە ئىچمەيمەن.)

① تەرياك — زەھەر قايتۇرغۇچ دورا.

ئىچكەلى ئىخفا ئۈچۈن تۈن مۇشكىنى ئىستەر ھەكىم،
شۈكر، بۇ كافۇر ئارا ھەم زاھىر ئېرمەس ھىچ شەي.
(ھېكىملەر مەخپى ئىچىش ئۈچۈن تۈن مۇشكىنى① ئىزلەيدۇ، شۈكۈر،
بۇ كاپور② ئارىسىدىمۇ ھىچقانداق نەرسە ئاشكارا بولمايدۇ.)

ئول قۇياش قار ئۈزرە چىققاچ، يۈزۈم ئۈزرە ئاڭلامان،
ئەشك يا كوز ئاقى سۇ بولۇپ ئاقارمۇ يوقسە خەي.
(ئۇ قۇياش قار ئۈستىگە نۇر چاچقاندا، يۈزۈمدىكى تەرمىدۇ، ياكى
كوز - يېشىم، ياكى سۇ بولۇپ ئېقىۋاتقان كوزۈمنىڭ ئېقىمىدۇ،
بىلەلمىدىم.)

ئىلگىدە مەيلىك سەفال، ئۈسرۈك نەۋائى قار ئۈزە،
ئەي فەلەك، قىل جامى جەم بىرلە تاماشا تەختى كەي.
(مەس ناۋايى قار ئۈستىدە، قولىدا شاراپ قۇيۇلغان ساپال، ئەي پەلەك
ئەمدى كەيخىسراۋ تەختى بىلەن جەمشىت جامىنىڭ تاماشىسىنى
كورسەت،)

① تۈن مۇشكى — تۈن قاراڭغۇلىغى.
② كاپور — كۈندۈزدىن كىنايە.

سىۋىنگەل، ئەي كوڭۈل، ئاخىركى جىسمىڭ ئىچرە جان كەلدى،
قۇۋان، ئەي جانى مەھزۇنۇم، ھەياتى جاۋىدان كەلدى.
(ئەي كوڭۈل، سۆيۈنگىن، ئاخىرى جىسمىڭغا جان كەلدى،
ئەي غەمكىن جېنىم، قۇۋانغىن، مەڭگۈلۈك ھايات كەلدى.)

سەفەردىن ئول پەرى يەتتى، مېنى مەھزۇننى شاد ئەتتى،
كوڭۈلدىن ئەسكى غەم كەتتى، تەن ئىچرە ياڭى جان كەلدى.
(ئۇ پەرى سەپەردىن قايتتى، مەن غەمكىننى شاد ئەتتى،
كوڭۈلدىن كونا غەم كەتتى، تەنگە يېڭى جان كەلدى.)

خىرەد يىغ بۇ مەسافىڭنى، تەھەممۇل، قوي گەزافىڭنى،
ۋەرەئ، تەرك ئەيلە لافىڭنىكى، ئاشۇبى جەھان كەلدى.
(ئەي ئەقىل، لەشكەرلىرىڭنى يىغىۋال، ئەي تاقەت، بىمەنىلىكىڭنى قوي،
ئەي سوپىلىق، پوچىلىقنى تاشلا، جاھان توپىلاڭى كېلىۋاتىدۇ.)

دەمكىم ئاندىن ئايرىلدىم، كوڭۈلنى ھەمرەھى قىلدىم،
بۇگۈن كەلدى كوڭۈل، بىلدىمكىم ئول نامېھرىبان كەلدى.
(ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھامان، كوڭلۈمنى ھەمرا قىلدىم،
بۈگۈن كوڭلۈم كەپتۇ، بۇنىڭدىن ئاشۇ كويۇمسىز كەلگەنلىكىنى
بىلدىم.)

كېلىبتۇر ياشۇرۇن ئو شەھ، مېنى مەجنۇن ئىمان ئاگەھ،

پەرى ئېرمەس ئېسە بەس، ۋەھ، نېچۈك كوزدىن نىھان كەلدى.
(ئۇ شاھ يوشۇرۇن كەپتۇ، مەن مەجنۇن خەۋەرسىز قاپتىمەن،
ئەگەر ئۇ پەرى بولمىسا، نىمىشقا كوزگە كورۈنمەي كېلىدۇ؟)

فەلەك ياقتى فىغانىمغە، ئەجەل رەھم ئەتتى جانىمغە،
خەزانلىق بوستانىمغە گۇلى باغى جىنان كەلدى.
(پەلەك پىغانىمغا قۇلاق سالدى، ئەجەل جېنىمغا رەھىم قىلدى،
سولاشقان بوستانىمغا جەننەت گۈلزارى كەلدى.)

مۇغەننى بىر نەۋائى تۈز، نەۋائى، نەغمەئى كورگۈز،
ئاياقچى، تامىسا تۇت توققۇزكى، دارايى زەمان كەلدى.
(ئەي سازەندە، بىر كۈي باشلا، ئەي ناۋايى، نەغمەڭنى كورسەت،
ئەي ساقى، توققۇز قەدەھ تۇتقىن، چۈنكى زاماننىڭ ئىگىسى كەلدى.)

ئەي دۇ داغنىڭ شەربەتىدە ئابىھەيۋان لەززەتى،
لەززەتى بولغاي نەسىبىم بولسا لەئلىڭ شەربەتى.
(ئەي، لىۋىڭنىڭ شەرۋىتىدە ئابىھايات لەززىتى بار،
لىۋىڭنىڭ شەربىتى ماڭا نېسىپ بولسا نىمە دېگەن لەززەت-ھە!)

كىپچەلەر ھەجرىڭدە بىخۇدمەن، مېنىڭ ھالىمغە دۇر
شەمئىنىڭ گەھ كويمەگى، گەھ نالەسى، گەھ رىققەتى.
(كىپچىلىرى جۇدالىق دەردىدە ئۇزەمنى يوقىتىمەن، شامنىڭ
كويۇشى، نالىسى، دەتكەشلىگى مېنىڭ ھالىمنى ئىپادىلەيدۇ.)

مېھنەتى ھەجرىڭدە ئىشىم ئاھ ئىلە فەرياد ئېرۇر،
ئاھ ئەگەر فەريادىمە يەتمەس ۋىسالىڭ دوۋلەتى.
(ۋىسالىڭ دولىتى ئاھ-پەريادىمغا يەتمىسە،
جۇدالىق دەردىدە ئىشىم ئاھ-پەريات چېكىشلا بولىدۇ.)

لەبلەرىڭنىڭ ھەسرىتى كوڭلۇمدە بولسا نى ئەجەپ،
شىشە بىرلە بادەنىڭ بىر-بىرگە كوپتۇر نىسبەتى.
(كوڭلۇمدە لەۋلىرىڭنىڭ دەرت-ھەسرىتى بولسا، نىمە بوپتۇ،
شىشە بىلەن شاراپنىڭ بىر-بىرىگە مۇناسىۋىتى زىچ ئەمەسمۇ.)

ئارەزىڭغە، ئەي پەرى، مەجنۇن كوڭۇلنىڭ مەيلى بار،
تەلبە يەڭلىغ كىم، ئانىڭ ئوت بىرلە بولغاي ئۇلفەتى.

(ئەي پەرى، جامالىڭغا مەجنۇن كوڭلۇم تەلپۈنىدۇ، —
خۇددى تەلۋە ئوت بىلەن ئۇلپەت بولغانىدەك.)

ئۇمر ئېرور ئىشق ئەھلىغە پەيكى نەسىم، ئەي باغبان،
بەسدۇرۇر بۇ مۇددەئاغە شاھىد ئانىڭ سۇرئەتى.
(ئەي باغۋەن، ئۇمۇر دېگەن ئاشىقلارغا تاڭ شامىلىغا ئوخشاش
خەۋەرچى، بۇ پىكىرگە ئۇنىڭ سۇرئىتى گۇۋا بولالايدۇ.)

يۈزۈ خالىڭدىن نەۋائىنىڭ كوزىدۇر قان ئارا،
لالەدەككىم، داغى بولمىش كوز قاراسى ھەيئەتى.
(يۈز ۋە خالىڭدىن ناۋايىنىڭ كوزى قانغا غەرق بولغان
لالىنىڭ دېغىغا ئوخشاپ قالدى.)

ئۇل ئايكى، مېرى ئىلە ئالەمنى مۇھتەرەم قىلدى،
بۇ تەلبەگە نىدىن، ئايا، نەزەرنى كەم قىلدى.
(ئۇ ئاي ئۆز نۇرى بىلەن ئالەمنى ھورمەتكە ئىگە قىلدى،
بىراق، نىمىشقىدۇر مەن تەلۋىنى ئانچە كوزگە ئىلمىدى.)

كوزۇم ئىزىگە ياقىندۇر، موڭا داغى يۈز شۈكر،
ئەگەرچە يولىدا گەردۇن قەددىمنى خەم قىلدى.
(گەرچە پەلەك ئۇنىڭ يولىدا قەددىمنى ئېگىۋەتكەن بولسىمۇ،
كوزۇم ئۇنىڭ ئىزىغا يېقىن، بۇنىڭغا يۈز شۈكۈر.)

نەسھەت ئەتسە ئۇلۇس تىزرەك بولۇر ئىشقىم،
بەلى، ئىتىكرەك ئېتەر ئوتنى ئولكى دەم قىلدى.
(كىشىلەر نەسىھەت قىلغانسىرى ئىشقىم ئۇرلەپ كېتىدۇ،
دەرۋەقە، پۇۋلىسە ئوت ئۇلغىيىپ كەتمەمدۇ.)

فىراق شەرھىنى ھەر كىرپىگىم يازار، گويا
فەلەك مىژەمنى تېگىز ئىچرەگى قەلەم قىلدى.
(پىراق شەرھىنى ھەر بىر كىرپىگىم يازىدۇ، پەلەك
كىرپىكلىرىمنى سىيا دېڭىزى بويىغا قەلەم قىلىپ تىككەن ئىكەن.)

ئۇل ئاي ئەزىمەت ئېتىب، يۈز غەمۇ بەلا نەقدىن
نەسىبىم ئەتتى، يامان بارمادى، كەرەم قىلدى.

(ئۇ ئاي كېتەردە، نۇرغۇن غەم - بالانى ماڭا نەسىبە قىلىپ
قالدۇرۇپ كەتتى، يامان ئەمەس، بۇمۇ بىر ئىلتىپات).

سىپېھر ئىشقدە مەجنۇنغە يازدى كوپ تەئرىف،
موقابىلىدا زەمانە مېنى رەقەم قىلدى.
(پەلەك مۇھەببەت بابىدا مەجنۇننى جىق تەرىپلەپ يازدى،
تەقدىر ئۇنىڭغا تەڭداش قىلىپ مېنىمۇ يازدى.)

كوزۇمكى قان ئارا بولدى نىھان، ئەجەپ ئېرمەس،
كى ئەينىغە چو دەم ئولدى قەرىن، ئەدەم قىلدى.
(كوزۇم قانغا غەرق بولدى، بۇنىڭ نىمىسى ھەيران قالارلىق،
"ئەيىن" ("ئە") نىڭ ئايىغىنا "دەم" قوشۇلسا "ئەدەم"① بولىدىكەن.)

شۈكۈفە سىيم چىقارغاچ بۇ گۈلشەن ئىچرە خەزان
ھەۋاغە بەرگىنى ساچماق بىلە سىتەم قىلدى.
(گۈلشەن ئارا گۈل كۈمۈش چىقارغان ئىدى، بىراق،
غازاڭ پەسلى ئۇنىڭ بەرگىنى توزۇتۇپ، سىتەم (سىتىم)② قىلدى.)

نەۋائى جىسمىن ئوقۇڭ زەخمى ئەتتى دامى بەلا،
ۋىسال قۇشلارى ئاندىن مەگەركى رەم قىلدى.
(ئوقۇڭ زەخمى ناۋايىنىڭ جىسمىنى بالا دامىغا ئايلاندۇردى،
شۇڭا ۋىسال قۇشلىرى ئۇنىڭغا قونماي ئۇچۇپ كېتىدۇ.)

① ئەدەم — يوقلۇق

② بۇ يەردە ھەرپ ئويۇنى كېتىۋاتىدۇ. "سىيم" دىگەن سوز - كۈمۈش. بەرگى دىگىنى — ئاستىدىكى 2 چېكىت. ئۇنىڭ توزۇشى — ئاشۇ ئىككى چېكىتنىڭ يوقۇرىغا چىقىپ "سىتىم" (يەنى دەرت - ئەلەم) گە ئايلانغانلىقى.

ئەي كوكۇل، كەلكىم، بەلا بەزمىدە جامى غەم تۇتاي،
ئۇز قاتىغ ھالىمغە ئۇلمەستىن بۇرۇن ماتەم تۇتاي.
(ئەي كوكۇل، كەل، ساڭا بالا بەزمىدە غەم جامىنى تۇتاي،
ئۆزەمنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالىمغە ئۇلمەستىن بۇرۇن ماتەم تۇتاي.)

يىغلابان باشىمغە ئاھىم دۇدىدىن چىرماب قارا،
ماتەمىم ئەل سوڭرە تۇتقۇنچە، ئۇزۇم بۇ دەم تۇتاي.
(يىغلاپ، كىشلەر ئاھىم تۇتۇنىدىن بېشىغا قارىلىق باغلاپ، ماتەممىنى
تۇتۇشتىن بۇرۇن، ھازىرلا ئۇزەم تۇتاي.)

ئالەم ئەھلىغە نىچە قىلدىم ۋەفا، كوردۇم جەفا،
ئەي كوكۇل، كەل - كەلكى، تەركى جۇملەئى ئالەم تۇتاي.
(ئالەم ئەھلىگە شۇنچە ۋاپا كورسۇتۇپ، ئۇزەم جاپا كوردۇم،
ئەي كوكۇل، كەل، ئەمدى مەن پۇتۇن ئالەمدىن كېچەي.)

ئەمدىكىم ئىشرەت سۇرۇدىدىن ئاچىلماك، ئەي كوكۇل،
نەۋھ ئاھەڭىن تۇزۇپ، بىردەم سىنى خۇررەم تۇتاي.
(ئەي كوكۇل، خوشاللىق غەزىلىدىن ئېچىلما، يىغىدىن كۇي تۇزۇپ
سېنى بىردەم خوشال قىلاي.)

مەستلىغدىن ئۇزگە يوق دەردىم ئىلاجى، ساقىيا،
مەي كېتۇركىم، ھەم ئىچەي بىرلەھزە ئانى، ھەم تۇتاي.

(دەردىمنىڭ مەستلىكتىن باشقا داۋاسى يوق، ئەي ساقى،
مەي ئېلىپ كەل، بىر پەس ئۇنى ئۇزەم ئىچەي، بىر پەس ساڭا تۇتاي.)

قويغىل، ئەي ناسىھكى، مۇغ دەيرىدە ئۇز ئەھۋالىمە،
مەست لايەئقەل ياقام يىرتىپ، سۇرۇدى غەم تۇتاي.
(ئەي نەسىھەتچى، مەيخانىدا مىنى ئۇز ئەھۋالىمغا قوي،
مەستلىكتە ھېچنىمىنى ئۇقماي، ياقامنى يىرتىپ، غەم ناخشىسىنى توۋلاي.)

چۇن جەھان بىرلە جاھان ئەھلىغە يوق ئېرمىش ۋەفا،
ئەي نەۋائى، مەن ۋەفا سەر رىشتەسىن مەھكەم توتاي.
(ئەي ناۋائى، جاھاندا ھەم جاھان ئەھلىدە ۋاپا يوق ئىكەن،
مەن ۋاپا رىشتىسىنىڭ ئۇچىنى مەھكەم تۇتاي.)

ئارەزىڭ زەر ھوققەلەردىن، ئەي مەلاھەت مەشئەلى،
موسھەفىدۇر لاجۇۋەردۇ ئالتۇن ئانىڭ جەدۋەلى.
(ئەي گۈزەللىك مەشئىلى، جامالىڭ زەر قۇتا. ئىچىدىكى
كىتاۋى ـ كوك ياقۇت، سىزىقلىرى ئالتۇن.)

تۇرفە ئايىدۇر ئۇزارىڭ، كوك ئاڭا ماۋى لىباس،
ئەنجۇم ئانىڭ تەنگە ـ تەنگە باسما قىلغان زەرھەلى.
(جامالىڭ ئاجايىپ بىر ئاي، ئاسمان ئۇنىڭ ھاۋارەڭ كوينىگى،
يۇلتۇزلار — ئالتۇندىن ھەل بەرگەن تەڭگە گۈللىرى.)

ھەر نەفەس ئارتار جەمالىڭنىڭ سەفاسى كوزگۈدىن،
كوزگۈنىڭ ئانداقكى كولدىن بولغاي ئەفزون سەيقەلى.
(جامالىڭنىڭ سۈزۈكلىگى ھەرقاچان ئەينەكتىن ئۈستۈن.
خۇددى ئەينەكنىڭ پاقىرىشى كولدىن زىيادە بولغاندەك.)

بىر پەرىدۇر لالەزار ئىچرە سارىغ گۈللەر ئارا،
يا ئول ئاي ئۈستىدەدۇر زەربەفت گۈلگۈن مەخمەلى.
(ئۇ پەرى لالىزار ئىچىدە، سىرىق گۈللەر ئارىسىدا، خۇددى زەرباپ،
مەخمەل كىيگەن بىرسى ئاي ئۈستىدە تۇرغاندەك كورۈنىدۇ.)

ھوسنى ئەترافىدا، ئەي مەششاتە، ھەريان قويما خال،
كىم خوتەن مۈلكىدە ھىندۇلارنىڭ ئولماس مەدخەلى،

(ئەي پەدەزچى، ئۇنىڭ ھوسنىگە ھەر تەرەپتىن خال چەكمە،
خوتەن ئىلىگە ھىندىلارنىڭ ئارىلىشىدىغان يولى يوق.)

نەۋ ئەرۇسى دەھر ئەقدىن ئىستەمە، كوپكىم ئەرۇس،
ئاخىرى ئىفرىت ئولۇر گەرچە پەرىدۇر ئەۋۋەلى.
(زامان كېلىنچىگىگە نىكالىنىشنى ئويلىما، دەسلەپتە
پەرى بولۇپ، كېيىن ئالۋاستىغا ئايلىنىدىغان كېلىنچەكلەر كوپ.)

ئەي نەۋائى، ۋەسمە بىرلە كەسمەدىن تاپقان فىرىب،
گەر مەلەكدۇركىم، بولۇر شەيتان سىفەتلەر مەھزەلى.
(ئەي ناۋايى، ئوسمىسى ۋە سىكىلىكى بىلەن ئالدىغۇچىلار
پەرىشتە بولسىمۇ، شەيتانغا ئوخشاش مەسخىرىچى كېلىدۇ.)

❀❀❀❀

ئىشق ئەھلى گورىستانىدا قەبرىم چۇ زاھىر بولغۇسى،
فەرھاد ئانىڭ تاشىن يونۇپ، مەجنۇن مۇجاۋىر بولغۇسى.
(مېنىڭ قەۋرەم ئاشىقلار گورۇستانلىقىدا پەيدا بولىدۇ،
پەرھات ئۇنىڭ تاشلىرىنى يونۇيدۇ، مەجنۇن بۇ يەرگە مۇقىملىشىدۇ.)

دەرسەن يۈزۈم سارى كوزۇڭ كوپ باقماسۇن، گەرىۈز بۇدۇر،
ئول مېھر تابىدىن ئېرىپ ئاققۇنچە نازىر بولغۇسى.
(يۈزۈمگە كوزۇڭ كوپ قارىمىسۇن دەيسەن، يۈز شۇنداق بولىدىغان بولسا،
كوزۇم ئۇنىڭ ئىشقى تەپتىدىن ئېرىپ، ئېقىپ كەتكىچە قارايدۇ.)

غەمزەڭدىن ئولتۇرمەك ئىشىن تەلىم ئالا كەلمىش ئەجەل،
بۇ نەۋئ ئۇستاد ئولسە، ئول ئاز چاغدە ماھىر بولغۇسى.
(ئەجەل ئادەم ئولتۇرۇش ئىشىنى سېنىڭ نازىڭدىن ئۆگەنگەن،
بۇنداق ئۇستازى بولسا، ئۇ پاتلا ماھىر بولۇپ كېتىدۇ.)

خەتتى غۇبارىن دىمەكىم بولغۇسى ئول يۈز مانئى،
تۇن پەردەسى ئاي نۇرىغە نى نەۋئ ساتىر بولغۇسى.
(چۈمپەردە ئۇنىڭ جامالىغا توسالغۇ بولىدۇ، دىمە،
تۈن ئاي نۇرىنى قانداقمۇ يوشۇرالىسۇن.)

بولغۇسى مۇتلەق شوئلەلەر ئىچرە سەمەندەر سەيرىدەك،
سەنسىز كوڭۇل، گۇلزار ئارا ئولدەمكى سايىر بولغۇسى.
كوڭۇل قاچانكى سەنسىز گۇلزار ئىچىدە سەيرى قىلسا،
خۇددى سەمەندەر① يالقۇن ئىچىدە يۈرگەندەك بولىدۇ.)

ئول غەمزە كۇفرىدىن كوڭۇل نەۋئى كېلۇر ئىسلامغە
كىم تەركى ئىسلام ئەيلەبان گوياكى كافىر بولغۇسى.
(مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان كوڭۇل ئۇنىڭ غەمزىسىنىڭ
كۇپرىدىن مۇسۇلمانلىقنى تاشلاپ كاپىر بولغۇسى.)

كوڭلۇمدىكى ھەر نىشدىن گەر بولسا بىر تىل، ھەر بىرى
يۈز تىل بىلە ئۆز ھالىنىڭ شەرھىدە قاسىر بولغۇسى،
(كوڭلۇمگە سانچىلغان ھەربىر نەشتەر بىرتىل بولۇپ، ھەر بىرى
يۈز تىلدا سوزلىسىمۇ ئۆز ھالىنى تولۇق بايان قىلالمايدۇ.)

خاتىرنى جەم ئىستەر ئىسەڭ، ئەۋۋەل خەۋاتىر دەفئىن ئەت،
كىمدە خەۋاتىر بولماسا، ئاسۇدە خاتىر بولغۇسى.
(خاتىرجەملىك ئىزدىسەڭ، ئاۋال تەشۋىشنى يوقات،
كىمدە تەشۋىش بولمىسا، خاتىرجەم بولالمايدۇ.)

قىلدى نەۋائى قەددىڭە سەرۋى سىھى تەشبىھىنى،
بۇ تەبئى نامەۋزۇن بىلە بىچارە شائىر بولغۇسى.
(ناۋايى قەددىڭنى سەرۋە دەرىخىگە ئوخشاتتى،
بىچارە مۇشۇنداق ناباپ تەسۋىر بىلەن شائىر بولماقچى.)

① سەمەندەر — ھەم سۇدا، ھەم قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان كالتا قۇيرۇقلۇق ھايۋان.

جۇنۇن ۋادىسىغە مايىل كورەرمەن جانى زارىمنى،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزگارىمنى.
(خار - زار جىنىمنىڭ مەجنۇنلۇق دەشتىگە يۈزلىنىشىنى، ۋەيرانە تۇرمۇشىمنى بىراقلا ۋەيران قىلىشنى خالايمەن.)

فەلەك بىدادىدىن گەرچە مېنى خاكى غۇبار بولدۇم،
تىلەرمەن تاپماغايلار توتىيالىققە غۇبارىمنى.
(پەلەكنىڭ زۇلمىدىن توپا - توزاڭغا ئايلانغان بولسامۇ، باشقىلار توپامنى توتىيالىققىمۇ تاپالمىسۇن.)

شەك ئېرمەس پەرتەۋى تۇشكەچ ئۇيى ھەم، رەختى ھەم كويىمەك،
چۇ گورىستان گەدايى سەزمەگەي شەمئى مازارىمنى.
(ئوتى چۈشسە ئۇيمۇ، بىساتىمۇ كويۈشى تۇرغان گەپ،
مازارىمنىڭ چىرىغىنى گورىستان گادايلىرى سەزمەيدۇ.)

دىمەڭ قاي سارى ئەزم ئەتكۈڭ، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر،
قەزا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى ئىختىيارىمنى.
(نەگە ماڭىدىڭ دەپ سورىماڭ، ئىختىيار ئۆزەمدە ئەمەس،
ئىختىيارىم تىزگىنىنى تەقدىرنىڭ قولىغا بەرگەنمەن.)

تۆگەندى ئەشك گۇلگۇن، ئەمدى قالمىش زەپىرانى يۈز،
فەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خەزان بىرلە باھارىمنى.

(قىپ - قىزىل ياشلىرىم تۈگەپ، سارغايغان يۈزۈم قالدى،
پەلەك زۇلمى باھارىمنى كۈز پەسلىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.)

دىيارىم ئەھلى بىرلە ياردىن باشىمغە يۈز مىھنەت،
نىتاڭ باشىم ئالىپ كەتسەم قويۇپ يارو - دىيارىمنى.
(يۇرتداشلىرىمدىن ھەم ياردىن بېشىمغا يۈزلەپ جاپا كەلدى،
يۇرت ۋە يارنى تاشلاپ، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتسەم، نىمە بوپتۇ.)

يامان ھالىمغە باغرى ئاغرىغاي ھەر كىمسە كىم كورگەي،
باغىر پەرگالەسىدىن قانغە بولغانغان ئۇزارىمنى.
(ھەرقانداق كىشى پارە - پارە بولغان باغرىمنىڭ قېنى بىلەن بۇلغانغان يۈزۈمنى كورسە، ھالىمنىڭ يامانلىقىغا باغرى ئېچىشماي قالمايدۇ.)

ھەياتىم بادەسىدىن سەرگەرانمەن ئەسرۇ، ئەي ساقى،
قەدەھقە زەھر قاتىل قۇي داغى رەفئ ئەت خۇمارىمنى
(ھاياتىم شارابىدىن بەكمۇ بېشىم ئايلاندى، ئەي ساقى،
قەدەھكە يەنە ئولتۈرىدىغان زەھەر قۇيۇپ، خۇمارىمنى باس.)

جەھان تەركىنى قىلماي چۇنكى تىنماق مومكىن ئېرمەستۇر،
نەۋائى، قىل مېنى ئازاد ئورتەپ يوقۇ - بارىمنى.
(جاھاندىن كەچمەي تۇرۇپ، ئارام تاپقىلى بولمايدىكەن.
نەۋايى بارۇ - يوقۇمنى ئورتەپ، مېنى بىراقلا ئازات قىل.)



نتوادسرُوششه باپ
دن تاللانما



كىمگە يەتكەي ئىشق دەردى داغىدىن ئافەت ئاڭا،
داغى مىهرى سەلتەنەتدۇر، دەرد ئېرۇر سىھھەت ئاڭا.
(كىمگە ئىشق كويۇگىدىن ئاپەت يەتسە، بۇ ئىشقنىڭ كويۇگى—
سەلتەنەت، ئاغرىقى — سالامەتلىكتۇر.)

ئىشق كويى تۇفراغى بىر كىمىيادۇر كىم، ئېرۇر
يۈز قۇياش ئەكسەرىچە، بەلكىم فۇزۇن قىممەت ئاڭا.
(ئىشق كوچىسىنىڭ توپىسى شۇنداق ئېسىلكى، يۈز قۇياشتىن،
بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىممەتكە ئىگە)

ئىشق دەيرى بەزمىنىڭ سىنغان سەفالى ئىچرە مەي
كىم ئىچەر، جەمشىد جامىن تانلاماس ھىممەت ئاڭا.
(كىمكى ئىشق مەيخانىسىدىكى بەزمىنىڭ سۇنۇق ساپلىدا مەي
ئىچسە، جەمشىت جامىغىمۇ ھەۋەس قىلمايدۇ.)

ھەرچۇ بولغان تارىدۇر ئەفلاك قەسرىغە كەمەند،
ئۇلكى بولسا ئىشق ئەسكى شالىدى كىسۋەت ئاڭا.
(كىمكى ئىشقىنىڭ كونا پالاسىدىن جەندە كەيسە، ئۇنىڭ ھەر-
بىر تال قىلى ئاسمان گۈمبىزىگە كەمەن بولالايدۇ.)

چۇن تۇشەر ئاشىق تەنىغە ئىشق ئوتىنىڭ شوئلەسى،
ئويلە شاھدۇر كىم، ئېرۇ زەربەفتدىن خىلئەت ئاڭا.
(ئاشىق تېنىگە ئىشق ئوتىنىڭ يالقۇنى تۇتاشسا، خۇددى شاھ-
نىڭ زەرباپ تونىغا ئورالغىنىغا ئوخشاش.)

ھەرشەرەر ئول شۇئلەدىن بىر بەرق ئېرۇر كىم كۇل قىلۇر،
لەمئەدىن يۈز شاھ تەختۇ تاجىنى ھىرقەت ئاڭا.
(ئۇ ئوتتىن چىققان بىر ئۇچقۇن خۇددى بىر چاقماق، ئۇنىڭ
يالقۇنى يۈزلەپ شاھنىڭ تاجۇ-تەختىنى كويدۇرۇپ كۇل قىلىدۇ.)

ئىشق ئوتى باشىغە تۇشكەنكىم ئول ئويدىن چىقسا دۇد،
شاھ زەررىن تاج ئىلە چەترىغە نى ھاجەت ئاڭا.
(بېشىغا ئىشق ئوتى چۈشكەن كىشىنىڭ ئويىدىن تۈتۈن چىقسا
شاھانە چېدىر ۋە ئالتۇن تاجنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟)

تاجۇ دوۋلەت بەرسە ئىشق ئوتىدىن ئالىب بىر شەرەر،
بۇكى ئورتەر ئوزلۇگىن، يەتمەسمۇ بۇ دولەت ئاڭا.
(دولەت تاجىنى بېرىۋېتىپ، ئورنىغا ئىشق ئوتىدىن بىر ئۇچ-
قۇن ئالسا، مەنمەنلىك كويۇپ كېتىدۇ، بۇنداق دولەتكە نىمە يې-
تىدۇ.)

ساقىيا بىربادە تۇت دەۋزەغ ئوتىدۇر ھىرقەتى،
لىك جەننەت كەۋسەرىدەك يول ئارا سەفۋەت ئاڭا.
(ئەي ساقى، بىر قەدەھ تۇتقىن، ئۇنىڭ كويدۇرۇشى دەۋزەخ
ئوتىدەك بولسۇن، ئەمما جەننەت يوللىرىدا ئاقىدىغان كەۋسەردەك
سۈزۈك بولسۇن،)

تا ئىچىپ دەۋزەخكە ھەم كىرسەم، سىرىشكىم سەيلىدىن
قالماغاي خەلق ئورتەمەكدە شىددەتو ھىددەت ئاڭا.
(ئىچكەن پېتى دوزاققا كىرسەم، كوز ياشلىرىم كەلكۈنىدىن
دوزاقنىڭ كىشىلەرنى كويدۇرگۇدەك ھالى قالامدۇ.)

ئەي نەۋائى، نەزمىڭ ئەسرۇ سادە ئېردى، قۇيدى نۇر
شاھ ئىسلاھىدىن ئانچە زىب ئىلە زىننەت ئاڭا.
(ئەي ناۋايى، نەزمىڭ بەك ساددا ئىدى، پادىشا تۈزۈتۈپ،
زىبۇ-زىننەت كىرگۈزگەندىن كېيىن نۇرلاندى.)

بۇ كىم قالدۇرۇپ ئۇل ئاي ھەجرىدە ھەيات ماڭا،
ھەيات قالمىش، ئەزبەسكى بار ئۇيات ماڭا.
(ئۇ ئاي ھىجرانىدا يەنە قاپتىمەن ھايات،
بۇنداق ھايات قىلىش مەن ئۈچۈن بەكمۇ ئۇيات)

ئۆلۈمنى ئۇلتۇرۇر ئۇل شوخ ئىلتىفات ئەيلەپ،
ئۆلەرمەن ئۇشبۇكى ھىچ ئەمەس ئىلتىفات ماڭا.
(ئۇ شوخ گۈزەل خەقنى ئىلتىپاتى بىلەن ئۆلتۈرۈدۇ، مەن ئۆلە-
مەن، چۈنكى ئۇ قىلمىغاچقا ماڭا ئىلتىپات.)

مېنى خود ئەيلەدى قەتل، ئۇشبۇدۇر ۋەسىيەتىم،
كۆڭۈلنى ھەم كەرەم ئەيلەب يۇتۇرسە بات ماڭا.
(مېنى ئۆلتۈرۈدىغان بولدى، ۋەسىيىتىم شۇكى، رەھىم قىلىپ،
كۆڭلۈمنىمۇ پاتراق يوقىتىۋەتسە ئىدى.)

قۇش ئۆلمىشام باغبان ھەجر ئوقى ۋەلى نى ئاسىغ
كى بولماس ئۇل تەرەف ئۇچماققە بۇ قەنات ماڭا.
(ھىجرانىڭ ئوقلىرى يېغىپ تۇرغاندا، قۇش بولۇشنىڭ پايدىسى
نىمە، بۇ ھالەتتە بۇ قانات ئۇ تەرەپكە ئۇچۇپ بارالامدۇ.)

تۈگەنمەگەي يازىلىپ مېھنەتىم، ئەگەر بولسا
فىراق شامى قارا ئۇ، فەلەك دەۋات ماڭا.

(گەرچە ماڭا فىراق ئاخشىمى سىيا بولۇپ، ئاسمان دەۋەت
بولسىمۇ تارتقان مۇشەققەتلىرىمنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.)

چۇ يار ئەيلەر ئىمىش بارچە يەردە جىلۋەئى ھۆسن
تەڭ ئولدى كەئبە بىلە دەير سومنات ماڭا.
(يار ھەممە يەردىلا ھوسنى جىلۋىسىنى كورسىتىدىكەن. شۇڭا
ماڭا كەئبە بىلەن بۇتخانە ئوخشاشلا بولۇپ قالدى.)

نەۋائىيا چۇ ئەمەس تەشبىھ نەقد بىرلە تىلەك
بىھىشت، ۋائىزا، بەس كوچەئى ھىرات ماڭا.
(ئەي ناۋايى، ئوخشىتىش نەق ئۆزى ئەمەس بىلەن باراۋەر
بولالمايدۇ، ئەي نەسىھەتچى، مەن ئۈچۈن ھىرات كوچىسى
جەننەتنىڭ ئۆزى.)



ئەي كوڭۈل، تەلپەرەدلىك، ئەمدى نى تەدبىر ساڭا،
ئول پەرى زۇلفىنى گەر قىلماسا زەنجىر ساڭا.
(ئەي كوڭۈل، سارالىڭ بولدۇڭ، سېنى باغلاش ئۈچۈن ئۇ پەرى زۇلفىنى زەنجىر قىلمىسا، ئەمدى ساڭا نىمە ئامال؟)

يۈز بەلا كەلسە چەك ئەمدى، چۇ بۇ ئىش مەنئى ئۈچۈن
نېچەكىم پەند دىدىم، قىلمادى تەسىر ساڭا.
(ئەمدى يۈز بالا كەلسىمۇ تارت، بۇ ئىشتىن بەزدۈرۈش ئۈچۈن ساڭا شۇنچە نەسىھەت قىلساممۇ، تەسىر قىلمىغان ئىدى.)

ئىختىيارى ساڭا ھەم يوق ئىدى، نى يازغۇرايىن،
بۇيلە چۇن يازغان ئىمىش خامەئى تەقدىر ساڭا.
(سېنى نىمە دەپ ئەيىپلەي، ئىختىيار ئۆزۈڭدە ئەمەس ئىدى. بۇنى تەقدىر قەلىمى شۇنداق يېزىپتىكەن.)

سەن چۇ ئىشق ئوتىغا كويدۈڭ، ساڭا ئەمدى نى ئاسىغ،
ئەيلەمەك مەخلەس ئۈچۈن ھىلەۋۇ تەدبىر ساڭا.
(سەن ئىشق ئوتىدا كويدۈڭ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىلە-تەدبىر ئىشلەتسەڭ، ئەمدى نىمە پايدىسى؟)

مېنى كويدۈردۈڭ ئېسە، سەن داغى كويدۈڭ، نەتەيىن
ئەمدى يۈكلەب بۇ ئىش ئايىندا تەقسىر ساڭا.

(مېنى كويدۈرۈپ، ئۆزەڭمۇ كويدۈڭ، ئەمدى بۇ ھەقتە ساڭا ئەيىپ ئارتىپ نىمە قىلاي.)

بىھىل ئەت سەن داغى مەن خەستەغە، لېكىن دەپ ئىدىم
ھەرنىكىم كەلدى سېنىڭ ئالىڭغە بىر-بىر ساڭا.
(مەن دەرتمەننى كەچۈرۈم قىل، لېكىن مېنىڭ دىگەنلىرىم ئالدىڭغا بىر-بىرلەپ كەلدى).

بۇزدى كوڭلۈك ئويىنى خانە بەرەنداز بەرق
ئەي نەۋائى، نى ئاسىغ پەند ئىلە تەئمىر ساڭا.
(خانىۋەيران قىلغۇچى چاقماق كوڭلۈك ئويىنى ۋەيران قىلدى، ئەي ناۋايى، ئەمدى پەندى نەسىھەت بىلەن ئوڭشاشنىڭ نىمە پايدىسى؟)

ئەيد رۇخسارىڭ كورۇپ، بولدى ئۇلۇس ھەيران **ساڭا**،
ئەي ئۇلۇس ئەيدى يۈزۈڭ، جانىم مېنىڭ قۇربان ساڭا.
(ھېيت كۈنى خەلق رۇخسارىڭنى كورۇپ، ھەيران قالدى،
ئەي، يۈزى ئەلىنىڭ ھېيت - بايرىمى، ساڭا جېنىم قۇربان.)

شەمئ ئەمەس يەردىن، كەۋاكىب چەرخدىن، بەيرەم كۈنى
كىم ئېرۇر يەر - كوك تۇمەنىڭ كوز بىلە ھەيران ساڭا.
(بەيرەم كۈنى يەردىن چىراق، ئاسماندىن يۇلتۇز ئەمەس،
بەلكى يەر - ئاسمان تۇمەنىڭ كوز بىلەن ساڭا ھەيرەتتە قارىدى)

ئەيدگاھدا گەرد ئەمەس، بەلكىم يېتىشكەچ مەقدەمىڭ،
قوپتى بىردىن سەدقە بولماق ئىستەبان مەيدان ساڭا.
(ھېيتگاھدا چاڭ توزىغىنى يوق، بەلكى قەدىمىڭ يېتىشى بىلەن
پۈتۈن مەيدان ئۆزىنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن قوزغالدى.)

خىسرەۋى ئەنجۇم دىگەيكىم سەكرەتۇر كوك تەۋسەنىن،
ئەيدگاھدا كىمكى كورسە رەخش ئىلە جەۋلان ساڭا.
(ھېيتگاھدا ئۇچقۇر ئېتىڭنى سەكرىتىپ جەۋلان قىلغىنىڭنى كورگەنلەر
بۇ يۇلتۇزلار پادىشاسى - قۇياشمىكىن دىيىشىدۇ.)

چەتر شەكلىدىن سەماۋى بارچە ئافەت دەفئىغە
تەڭرى ئەيلەبتۇر نەسىب ئۇز ھىفزىدىن قالقان ساڭا.

(تەڭرى بالا - ئاپەتنى قايتۇرۇش ئۈچۈن چىدىر شەكلىدىكى ئاس-
مانىنى ساڭا قالقان قىلىپ، سېنى ئۇز ئاماندا ساقلاپ قاپتۇ.)

ناتەۋان جىسمىغە سەن بەيرەملىغ بەر سىھھەتى
كىم، كوڭۇل ئۇممىدۋارۇ مۇنتەزىردۇرجان ساڭا.
(ماڭا ھېيتلىق ئۈچۈن ئاغرىق جىسمىغا سالامەتلىك
بەردەپ ساڭا كوڭلۇم ئۇممىدۋار، جېنىم ئىنتىزار.)

نېچە بەيرەملەردە كىيگەن جەندەسىن فەقر ئەھلىنىڭ
خار كورمە، ئۇيلە خىلئەتدۇر نېچە ئەلۋان ساڭا.
(خىلمۇ - خىل تونلارنى كىيىپ تۇرغىنىڭدا، پېقىرلارنىڭ
قانچىلىغان بايراملاردا كىيگەن جەندىسىنى خاركورمە.)

ئەيدگاھ ئەھلىن دەمى قىلما پەرىشان، ئەي سىپىھر،
كىم ئېرۇر بۇ جەمئ بىر - ئىككى زەمان مېھمان ساڭا.
(ئەي پەلەك، ھېيتگاھقا يىغىلغان كىشلەرنى پەرشان قىلما،
بۇ يىغىلغانلار ساڭا بىرنەچچە كۈنلا مېھمان.)

ئەي نەۋائى، دۇررى نەزمىڭ خۇتبەدەك تاپقاي شەرەف،
لۇتف ئىلە قىلسا نەزەر بەيرەم كۈنى سۇلتان ساڭا.
(ئەي نەۋايى، ئەگەر بەيرەم كۈنى سۇلتان ساڭا مەرھەمەت
كورسەتسە
گوھەر نەزمەڭ جۈمەدە ئوقۇلغان خۇتبىدەك شەرەپ تاپقۇسى.)

ياشىل تون بىرلە ئالتۇن تۇگمەلەردىن زىب فەرئاندا،
قەدىڭ نارەنجى رەئنا نەخلىدىن بۇتكەن سەمەر ئاندا.
(قەددى-قامىتىڭ ئالتۇن تۇگمىلىك يېشىل تون بىلەن ئاجايىپ
زىننەتلىك تۇس ئاپتۇ، بۇ، گويا مېۋىسى يېتىلگەن گۇزەل نارەنجى
كۆچىتىنى ئەسلىتىدۇ.)

بۇ خىلئەتكىم، قىلىبتۇر خوي چەكان روخسارەنى پىنھان،
ئېرۇر گۇلبۇنكى پىنھان تۇتتى بىر گۇل بەرگ تەرئاندا.
(بۇ شۇنداق ھەشەمەتلىك تونكى، تەر باسقان جامالىنى يوشۇرۇۋاپتۇ،
خۇددى گۇلزار ئىچىدە شەبنەم بىر گۇل بەرگىنى يوشۇرغاندەك.)

تەئالەللا، نەقەددۇر، قەد ئەمەس، جەننەت نىھالىدۇر،
ئاچىلغان گۇل، ياشۇنغان بەرگى گۇل بۇتكەن شەكەر ئاندا.
(يائاللا، بۇ قانداق قەددى-قامەتتۇ، ياق، قەد ئەمەس، بەلكى
جەننەتنىڭ كۆچىتى،
ئۇنىڭ گۇللىرى ئېچىلغان، بەرگلىرى شېكەرگە تولغان.)

يۇزۇڭ رەۋشەن زۇلالىدۇر غەزەبدىن چىن ئانىڭ مەۋجى،
كى نىلى خالىدىن ھەريان، ئاچىلمىش نىلۇپەر ئاندا.
(يۇزۇڭ خۇددى سۇزۇك سۇ، غەزەپتىن مەۋج ئۇرغاندا،
كوك خالى دېڭىز ئۇستىدە ئېچىلىپ تۇرغان نىلۇپەرگە ئوخشايدۇ)

ئەجەب گۇلشەن ئېرۇر كويۇڭكى، جەننەت باغىدا يوقتۇر
نىھالىكىم گۇلۇ-سۇنبۇل ئەيان قىلغاي مەگەر ئاندا.
(سېنىڭ كوچاڭ شۇنداق گۇلشەنكى ياش كوچەتلىرىدىن گۇل ۋە
سۇنبۇل نامايەن بۇنداق دەرەخ جەننەتتىمۇ يوق.)

نېچە ئاۋارە كوڭلۇمنى سوراغ ئەتتىم، كىشى بىلمەس،
مەگەر كويىغا تاپسام، يول تاپىلغاي بىر خەبەر ئاندا.
(ئاۋارە كوڭلۇمنى شۇنچە ئىزدىدىم، ھېچكىم بىلمەيدۇ،
ئەگەر ئۇنىڭ كوچىسىغا كىرسەم، شۇ يەردىن دەرىگىنى تېپىشىم
مۇمكىن.)
تارىقتىم خانىقەھدە، دەير سارى يۇزلەنەي ئەمدى،
كى ئۇندا نېچە زۇلمەتدۇر، سەفادۇر سەر بەسەر ئاندا.
(خانىقادىن بىزار بولدۇم، ئەمدى مەيخانىغا قاراپ يول ئالاي،
ئۇ يەر (خانىقا) بەكمۇ قاراڭغۇ ئىكەن، بۇ يەر (مەيخانە) بولسا
پۇتۇنلەي يورۇق.)
قەدەھ سافىيو پىرى دەيرسافى، موغبەچەسافى،
نى كورگەي جۇز سەفا ھەر كىمسەكىم تۇتقاي مەقەر ئاندا.
(قەدەھ ساپ، مەيخانىچى ساپ، ساقىمۇ ساپ،
بۇيەرگە كىرگەن كىشى ساپلىقتىن باشقىنى كورمەيدۇ.)

نەۋائى نەزمى رەڭگىنو رەۋان ئېرسە ئەجەب ئېرمەس،
كى مەخلۇت ئولدى كوز ياشى بىلەن خۇنى جىگەر ئاندا.
(نەۋائىنىڭ نەزمى رەڭدار ۋە رەۋان بولسا، ھەيران قالمىغۇلۇق،
چۇنكى ئۇنىڭغا جىگەر قېنى بىلەن كوز يېشى ئارلاشتۇرۇلغان.)

بۇدۇ نابۇدۇم ئەگەر تەڭ بولدى جانان ئاللدا،
زەررە يوقۇ-بارى تەڭدۇر مېھرى رەخشان ئاللدا،
(جانان ئالدىدا مېنىڭ بار-يوقلىغىم ئوخشاش، خۇددى قۇياش
نۇرى ئالدىدا چاڭ-توزاڭنىڭ بار-يوقلىغى ئوخشاش بولغىنىدەك.)

كوزلەرىمنىڭ چەشمەسى ئاللدا ئۇممان بەھر ئارا،
كور، بەئەينە ئويلەدۇركىم چەشمە ئوممان ئاللدا.
(قارا، كوزۇم بۇلىغى ئالدىدا دېڭىز، دەريالار، خۇددى
دېڭىز ئالدىدا تۇرغان بۇلاقتەك كورۇنۇدۇ.)

ۋە سل ئىچىندە دوزەخ ئوتى بىرلە قويغان تازە داغ
ئاتەشىن گۇلدەك گۇمان قىل داغى ھىجران ئاللدا.
(ۋىسال پەيتىدە دوزاق ئوتىدىن پەيدا بولغان داغنى
جۇدالىق دېغى ئالدىدا خۇددى چوغىسمان گۇلدەك ھىس قىل.)

ئەي مۇسۇلمانلار، نى ھالەتدۇركى، ئىشق ئەتمىش زەبۇن
يۈز مۇسۇلمان خەيلىنى بىر نامۇسۇلمان ئاللدا.
(ئەي مۇسۇلمانلار، بۇ قانداق ئەھۋال؟ ئىشق ئوتى
يۈزلەپ مۇسۇلماننى بىر نامۇسۇلمان ئالدىدا خار قىلىدىكەنا.)

ئولكى مەجنۇن دىدىلەر، چىندۇركى، ھەردەم كورگوزۇر
چاك بولغان كوڭلىنى بۇجىسمى ئۇريان ئاللدا.
(ئۇ، مەجنۇن ئىكەن دېيىشتى، راست، چۈنكى ئۇنىڭ يالاڭغاچ
گەۋدىسى چاك-چاك بولغان كوڭلىنى كورسىتىپ تۇرىدۇ.)

فەقر ئىلە شاد ئولكى ھەركىم بولسا ئەھلى مەئرىفەت،
دەھر تۇفراق بىرلە تەڭ بولماق نى ئىمكان ئاللدا.
(كىمكى بىلىم ئەھلى بولسا پېقىرلىق بىلەن خۇش بولىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئالدىدا دۇنيا توپىغا باراۋەر بولماي قالمايدۇ.)

ئەي نەۋائى، جان سەبا ئاللدا قىلغايمەن نىسار،
بۇگەدا ھالىن دىسە يەتكەندە سۇلتان ئاللدا،
(ئەي نەۋائى، سەھەر شامىلىغا جاننى بىرەي،
ئۇ سۇلتان ئالدىغا بارغاندا بۇ گادانىڭ ھالىدىن خەۋەر بەرسە.)

تاپمىش ئول يۈز قەترەئى خويدىن ئۆزىگە ئابۇ تاب،
قايدا، ۋەھ-ۋەھ، مۇنچە كەۋكەب زاھىر ئەيلەر ئافتاب،
(ئۇنىڭ يۈزىدىكى تامچىلىرىدىن شۇنداق نۇر چاقناپ كېتىپتىكى،
ۋاي-ۋاي مۇنداق يورۇغلۇق پەيدا قىلىدىغان قۇياش نەدە بار؟)

چىقما توققۇز پەردە كەينىدىنكى، ئالەم كويمەسۇن،
ئالساڭ ئالتە-يەتتە بۇرقەئ، قويغىل ئىككى-ئۈچ نىقاب.
(ئالەم كۆيمىسۇن دېسەڭ، توققۇز قەۋەت پەردىدىن چىقما،
ئالتە-يەتتە پەردىنى ئېلىۋەتسەڭمۇ، ئىككى-ئۈچى تۇرسۇن.)

بىردەم ئول يۈز نەقشى گىريان كوز ئارا تاپماس قەرار،
سۇ ئارا خۇرشىد ئەكسىدەككى، قىلغاي ئىز تىراب.
(گويا قۇياش شولىسى سۇ ئىچىدە تىترەپ تۇرغاندەك،
جامالىنىڭ سۈرىتى ياشقا تولغان كۆزۈمدە جىم تۇرمايدۇ.)

تا كوڭۇل دىۋانە بولدى ئول پەرى لەئلىن كورۇپ،
ھىفز ئۈچۈن قەيدىغە قىلدىم رىشتەئى جاندىن تەناب.
(ئۇ پەرىنىڭ ياقۇتتەك لىۋىنى كۆرۈش بىلەنلا، كۆڭلۈم ساراڭ
بولدى، ئۇنى باغلاش ئۈچۈن جان رىشتىسىنى ئارغامچا قىلدىم.)

دەردى ئىشقىمدىن سەۋال ئەتتى ئول ئاي، فەرياركىم،
يۈز چۇئاھىم بار، يوق ھوشۇم دىمەككە بىر جەۋاب.

(ئۇ ئاي ئىشقى دەردىم توغرۇلۇق سوئال سورىدى، بىراق، يۈزلەپ
ئاھىم بار، بىرەر جاۋاپ بەرگىدەك ھوشۇم يوق.)

بۇ چەمەندە غۇنچە ئېرمەس، ئاڭلا، بۇلبۇل كوڭلىكىم،
شىشلەدى ئىشق ئەيلەمەككە ئاتەشىن گۈلدىن كەباب.
(بىلگىنكى، بۇ چىمەندە ئېچىلغان غۇنچە ئەمەس، بەلكى بۇلبۇل-
نىڭ كۆڭلى،
مۇھەببەت ئۇنى ئاتەش گۈللەر تەپتىدە پىشۇرۇپ كاۋاپ قىپتۇ.)

ئەي نەۋائى، گەر دىسەڭكىم، غۇسسە بەرباد ئەتمەگەي،
باش كوتەرمە بادەدىن زىنھار، ئانداغكىم ھۇباب.
(ئەي نەۋائى، قايغۇ تۈگەشتۈرۈۋەتمىسۇن دېسەڭ، خۇددى
كۆۋۈك سۇ يۈزىگە يېپىشقاندەك، شارابتىن ھەرگىز باش كۆتەرمە.)

گۈل چاغى ھەر گۈلگە بىر بۇلبۇل تەرەننۇم كۆرگۈزۈپ،
تازە قانلىغ داغ ئىلە كۆڭلۈم قۇشى ئەفغان تۈزۈپ.
(گۈل پەسلىدە ھەر گۈل ئۈچۈن بىر بۇلبۇل كۈي ياڭرىتىدۇ،
كۆڭلۈم قۇشى يېڭىدىن پەيدا بولغان كۆيۈك بىلەن پىغان چېكىدۇ.)

بولدى بىر گۈل ھەجرىدىن جىسمىم ئاچىلغان گۈل كەبى،
جۇزۇ - جۇزۇۋىن بەسكى تىشلەپ - تىشلەپ ئالمىشمەن ئۈزۈپ.
(بىر گۈل پىراقىدا كۆڭلۈم ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاپ قالدى،
بوغۇن - بوغۇنىنى چىشلەپ - چىشلەپ ئۈزۈۋالسام.)

ھەجرىڭ ئاھى ھەم كۆڭۈلنى بۇزدىيۇ ھەم قوزغادى،
يەل ئانىڭدەككىم ساۋۇرغاي غۇنچە ئەجزاسىن بۇزۇپ.
(ھەجرىڭ ئاھى كۆڭۈلنى بۇزدى ھەم قوزغىدى،
خۇددى شامال غۇنچە بولەكلىرىنى پارچىلاپ توزۇتىۋەتكەندەك.)

زەئىفدىن بۇ كىم يىقىلمىشمەن قىلۇرمەن پايبۇس،
سەرۋدەك ئالدىمدا قەددىڭنىڭ خەيالىن تۇرغۇزۇپ.
(زەئىپلىكتىن يىقىلدىم ۋە سەرۋىدەك قامىتىڭنى
كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئاياقلىرىڭنى سۆيۈمەن.)

مۇلتەفىت بۇلبۇلغە، سەن ئەي گۈل، تىكەنگە ياندىشىپ،
ۋەھ، نېچە ئۆلتۈرگەسەن ھەرلەھزە ئانى تىرگۈزۈپ.

(ئەي گۈل، سەن بۇلبۇلغا ئىلتىپات كۆرسەتكۈچى بولساڭمۇ تىكەن-
گە ياندىش بولغانلىقتىن، ۋاي - ۋاي ئۇنى بىردەمدە نەچچە تى-
رىلدۈرۈپ، نەچچە ئۆلتۈرۈۋەسەن.)

دەيرى پىرى ئىلكىدىن مەي دەردى ئىستەرمەن، ۋەلېك
رازى ئېرمەن ئىچكەلى زاھىد رىداسىدىن سۈزۈپ.
(مەيخانىچى قولىدىن دەرت شارابىنى ئىچىشنى خالايمەن، بىراق
ئۇنى سوپىلارنىڭ يېپىنچىسىدا سۈزۈپ ئىچىشكە رازى ئەمەسمەن.)

ئەي نەۋائى، ئۆمر ئۆتەر يەلدەك، ئۆزۈڭنى شاد تۇت،
يەلگە يەتمەك مۇمكىن ئېرمەستۇر چۇ سۇرئەت كۆرگۈزۈپ.
(ئەي نەۋائى، ئۆمۈر دېگەن شامالدەك ئۆتىدۇ، ئۆزەڭنى خوشال
تۇت، قانچە ئىتتىك يۈگۈرسەڭمۇ شامالغا يېتىشكىلى بولمايدۇ.)

گۈلرۇخۇ رەئنا قەددىم چۈن تەۋپ باغ ئەيلەر بارىب،
ئىنفىئالدىن گۈلى رەئنا قىزارىب، سارغارىب.
(گۈل يۈزلۈك سۇمباتلىغىم باققا سەيلىگە چىقسا،
رەئناگۈل خىجالەتلىكتىن قىزىرىپ، سارغىيىپ كېتىدۇ.)

يۈز شىگاپ ئەتتىلىك تەنىم، يوق ئىبردى كۆڭلۈمدىن نىشان،
ئۈيلەكىم ئوت تاپماغايلەر كۆلنى ھەريان ئاختارىب.
(تېنىمنى يۈز يەردىن تېشىپمۇ كۆڭلۈمدىن بىرەرنىشان تاپالمىدىڭ،
خۇددى كۈلنى قانچە ئاختۇرسىمۇ ئوت تاپالمىغاندەك.)

ساۋۇغ ئاھىمدىن يارۇغلۇغ ئاز ۋەلى كوپ تىرەلىك،
قىشدا ئول يەڭلىغكى تۈن بولغاي ئۇزۇن، كۈن قىسقارىب.
(سوغاق ئاھىمنىڭ يورۇغى ئاز، قاراڭغۇلۇغى كوپ،
خۇددى قىشنىڭ تۈنى ئۇزۇن، كۈنى قىسقا بولغىنىدەك.)

زەئىف ۋەقتى كويىدىن چىقماق تەخەييۇل ئەيلەسەم،
ئىككى قاتلا ھەر قەدەمدە تىنماق ئىستەرمەن ھارىب.
(زەئىپلەشكەن ۋاقتىمدا شۇ كوچىدىن چىقماقچى بولسام،
ھارغىنلىقتىن ھەر قەدەمدە ئىككى قېتىم تىنىمەن.)

تۇتمادىم بوغزۇم سەبودەك بادە تەركىن ئەيلەبان،
مەي تىلەرمەن، پىرى دەير ئالىدا ئىلكىم، يالبارىب.

(ئىچكىنىمگە پەندىيات دەپ، بوينۇمىغا مەي شىشىسىنى ئېسىپ سازايىغا چىققىنىم يوق، بەلكى مەيخانىچى ئالدىدا قول تەڭلەپ يالۋۇرۇپ مەي تىلەۋاتىمەن.)

ساقىيا لەب تەشنەمەن ئانداقكى، كوك جامى تولا
بادە تۇتسالىڭ، سەرنىگۇن ئەيلەرمەن ئانى سىپقارىب.
(ئەي ساقى، لېۋىم شۇنداق قۇرۇپ كەتتىكى، ئاسمان جامىغا مەي تولدۇرۇپ تۇتساڭمۇ ئوڭتۇرۇپ سۇمۇرۇۋېتىمەن.)

ئەي ئەجەل، ھىجران ئارا ئالدىڭ نەۋائى جانىنى،
لۇتف قىلدىڭ جانىنى ئاندىن، ئانى جاندىن قۇتقارىب.
(ئەي ئەجەل، ھىجران ئىچىدە نەۋائىنىڭ جېنىنى ئالدىڭ،
جانىنى ئۇنىڭدىن، ئۇنى جاندىن قۇتقۇزۇپ ياخشى قىلدىڭ.)

بەھار ئەلگە ئەيشۇ ماڭا ئىزتىراب،
كۆلۈپ ھالىمە بەرق، يىغلاب سەھاب.
(باھار باشقىلارغا راھەت، ماڭا بىئاراملىق يەتكۈزىدۇ،
مېنىڭ ھالىمغا چاقماق كۈلۈپ، بۇلۇت يىغلايدۇ.)

سالىب تۇفراغ ئۈستىدە ھەر گۈل غەمى،
ئېرىغلىغ سۇدەك جىسمىمە پىچتاب.
(خۇددى سۈزۈك سۇ توپىنى ياپقاندەك،
گۈلنىڭ ئوي - خىيالى ۋۇجۇدۇمنى چىرمايدۇ.)

كېتىپ غۇنچەدەك داغى نەرگىس كەبى
ئاغىز بىرلە كوزدىن ماڭا خوردخاب.
(غۇنچە كېتىپ، ئاغزىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ،
نەرگىس كېتىپ، كوزۇمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.)

ئېسىب خەلق سارى نەسىمى ۋىسال
ماڭا ھەجر ئوتىدىن يېتىپ ئىلتىھاب.
(كىشىلەرگە ۋىسال شامىلى چىقىدۇ،
ماڭا ھىجرى ئوتىدىن يالقۇن كېلىدۇ.)

گۈلى ۋەسل ئەگەردەھر باغىدا يوق،
يېتەر قەتلىمە ھەجرخارى ئەزاب.

(جاھان بېغىدا ماڭا گۈل ۋەسلى يوق بولسا، مېنى ئۆلتۈرۈش
ئۈچۈن ھىجران تىكىنىنىڭ ئازاۋى بولسىمۇ يېتەرلىك.)

كوھەن دەير بىداد زۇلمى بىلە
دەرىغاكى، ئوتتى زەمانى شەباب.
(ئاھ دەرىخ، ياشلىق دەۋرى كونا مەيخانىدا
ئۇنىڭ زۇلمى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.)

چو يوق ۋەسل، بىخۇدلۇق ئەۋلادۇرۇر،
قەدەھ دەۋرىغە ئەيلە ساقى شىتاب.
(ۋىسال بولمىسا، ئەس - ھوشنى يوقاتقان ياخشى، شۇڭا،
ئەي ساقى، قەدەھنى ئايلاندۇرۇشقا ئالدىرىغىن.)

كى ئوزنى قىلاي نېچە ساغەر چېكىب،
بۇ دەيرى خەراب ئىچرە مەستى خەراب.
(بىر نەچچە قەدەھ ئىچىپ، بۇ ۋەيرانە
مەيخانە ئىچىدە ئوزەمنى قاتتىق مەس قىلاي.)

یاشۇرۇن دەردىمنى زاھىر قىلدى ئەفغان ئاقىبەت،
ئاسراغان سىررىمنى يايدى سەيلى مىژگان ئاقىبەت.
(يوشۇرۇن دەردىمنى ئاخىرى ئاھ-زارىم ئاشكارا قىلىۋەتتى،
ساقلاپ كەلگەن سىرىمنى كىرپىكىم كەلكۈنىيامىرتىۋەتتى.)

یاشۇرۇب ئېردىم باغىر چاكىنى، ۋەھكىم، قىلدى پاش
ھەر تەرەف كوزدىن تەرەششۇھ ئەيلەگەن قان ئاقىبەت.
(باغرىم چاكلىرىنى يوشۇرۇپ يۈرەتتىم، ىىراق، كوزۇمدىن
شىرقىراپ ئاققان قانلار ئاخىرى ئۇنى پاش قىلىپ قويدى.)

تىغى ھەجرىڭدىن نىھان كوكسۇم شىگافىن، ئاھكىم،
ئەلگە رەۋشەن ئەيلەدى چاكى گىرىبان ئاقىبەت.
(ھىجرانىڭ تىغىدىن پەيدا بولغان كوكسۇمدىكى يوشۇرۇن زەخىملەرنى
ياقامنىڭ يىرتىلىشى ھەممىگە مەلۇم قىلىپ قويدى.)

ۋايكىم، كوكسۇم شىگافىدىن ئۇلۇسقە بولدى فەھم،
ئىشق ئوتى باغرىمغە قويغان داغى پىنھان ئاقىبەت.
(ئاھ، ئىشق ئوتى باغرىمغا سالغان يوشۇرۇن داغلارنى كىشىلەر
كوكسۇم زەخىمىدىن سېزىۋالدى.)

شەۋقىدىن دەم ئۇرمايىن، بىدادىغە خۇرسەند ئىدىم،
ۋەھكى، بولدۇم ھەجرىدىن رەسۋايى دەۋران ئاقىبەت.

(ئىشتىياقى بىرياقتا بولسۇن، زۇلمىدىنمۇ خوشال ئىدىم،
ىىراق، كېيىن ھىجرانىدا رەسۋايى ئالەم بولدۇم.)

گەر بۇدۇر كافىر كوزۇ زۇننار زۇلفى، ئەي فەقىھ،
بولغۇدەكمەن دەير ئارا مەستى پەرىشان ئاقىبەت.
(ئەي ئاخۇنۇم، كاپىر كوز بىلەن چېچىنىڭ زۇننارى مۇشۇنداق
بولسا، مەن ئاخىرى بۇتخانىغا كىرىپ، پەرىشان مەسكە ئايلىنى-
دىغان ئوخشايمەن.)

ئىشق كويىدا جۇنۇنۇمنى مۇنادى ئەيلەدى،
ھەجر تاشىدىن مۇنەققەش جىسمى ئۇريان ئاقىبەت.
(ھىجران تېشىدىن گۈل چېكىلگەن يالىڭاچ بەدىنىم ئاقىۋەت
ئىشق كوچىسىدا ساراڭلىقىمنى جاكالىدى.)

دەھر بوستانى ئارا سەركەش نىھالى كورمەدۈك،
سايە يەڭلىغ بولماغان يەر بىرلە يەكسان، ئاقىبەت.
(زامان بوستانىدا نى-نى تىك ئوسكەن دەرەخلەرنىڭ ئاقىۋەت ئوز
سايىسىدەك يەر بىلەن يەكسان بولمىغانلىقىنى زادى كورمىدۇق.)

ئەي نەۋائى، دەۋلەتى باقى تىلەرسەن ۋەسلىدىن،
ئانى كەسب ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئاقىبەت.
(ئەي ناۋايى، ۋىسالدىن مەڭگۈ دولەت تاپماقچى بولساڭ،
ئاخىرى يوقالماي تۇرۇپ، ئۇنى ئىگەللەش مۇمكىنمۇ؟)

قىلدى دۈشمەن رەھىم بەسكىم، قىلدى جەۋر ئىزھار دوست،
ئەي كوڭۇل دۈشمەن تاپ ئەمدى، تۇتماغىل زىنھار دوست.
(دۈشمەن رەھىمى قىلدى، دوست جەۋرى كورسەتتى،
ئەي كوڭۇل، ئەمدى دۈشمەن تاپ، ھەرگىز دوست تۇتما.)

ھەر زەمان دۈشمەنلەرىم ئازۇردەدۇر، ئەي دوستلار،
بەسكى ھەردەم يەتكۈزۈر مەن زارغە ئازار دوست.
(ھەي دوستلار، دۈشمەنلىرىمغۇ ھەمىشە رەنجىگلىك،
ئەمما مەن بىچارىغىمۇ دوستلىرىمدىن دائىم ئازار يېتىپ تۇرىدۇ.)

دۈشمەن ئەر جانىمنى ئەفگار ئەيلەسە، قىلدىم بىھىل،
جەۋرتىغىدىن چۇ كوڭلۇم ئەيلەمىش ئەفگار دوست.
(ئەگەر دۈشمەن جېنىمنى زەخىملەندۇرسە، مەيلى، بىراق
،دوست جەۋرى تىغى بىلەن كوڭلۇمنى زەخىملەندۇردى - دە.)

كىچە دۈشمەنلەرغە كىم نالەمدىن ئۇيقۇ كەلمەدى،
رەنجەمەن مۇنداق داغىكىم ئەيلەدى ئىزھار دوست.
(مېنىڭ نالەمدىن دۈشمەنلەر كېچىچە ئۇخلىيالمىدى،
چۈنكى مەن دوستلارنىڭ قىلغان ئەلىمىدىن ئاغرىق.)

مەن ئولەر ھالەتدە، دۈشمەنلەر كورۇنۇپ دوستۋەش
نىچۈن ئولمەيكىم كېلۇرباشىمغە دۈشمەنۋار دوست.

(مەن ئولىدىغان بولدۇم، نىمشقا ئولمەي، دۈشمەنلەر دوست سىياقىدا،
دوستلار دۈشمەنلەر سىياقىدا بېشىمغا كېلىۋاتسا؟)

كۆلسە دۈشمەن ئەيب ئەمەسكىم، كورمەدىم ئاز ھەم ۋەفا،
گەرچە قازغاندىم قىلىب جانىم فىدا بىسيار دوست.
(جېنىمنى پىدا قىلىپ شۇنچە كوپ دوست تۇتتۇم، بىراق ئازراقمۇ
ۋاپا كورمىدىم، بۇنىڭغا دۈشمەنلىرىم كۆلسە، نىمە ئەيىپ.)

چەرخنىڭ مىھرىغە مەغرۇر ئولماغىلكىم غەدرى بار،
ھەرگىز ئولماس كىمسەگە ئول دۈشمەنى غەددار دوست.
(پەلەكنىڭ شەپقىتىدىن مەغرۇرلانما، ئۇ ۋاپا قىلمايدۇ،
ۋاپاسىز دۈشمەن ھېچكىمگە ھېچقاچان دوست بولمايدۇ.)

ساقىيا قىل دوستلۇغ، تۇت بادەكىم، يوقتۇر غەمى،
بولسا ئالەم دۈشمەنى ھەركىمگە، سەندە بار دوست.
(ئەي ساقى، دوستلۇق كورسىتىپ شاراپ تۇت، بۇنىڭ دەردى
يوق،
ھەركىمگە ئالەم دۈشمەن بولسىمۇ، لېكىن سەن بىلەن ھەممىسى
دوست.)

ئىتلارىڭ غەۋغا قىلۇر گويا نەۋائى ئولدىكىم،
باشى ئۈزرە جەمئى ئولۇپ ئەفغان قىلۇرلەر يار - دوست.
(گويا نەۋايى ئولۇپ، ھەممە دوستلار ئۇنىڭ بېشىغا جەم بولۇپ
يىغلىشىۋاتقاندەك، ئىتلىرىڭ غەۋغا كوتەرمەكتە.).

كوڭلۈمگە ئەيلە لەئلى شەكەر خەند ئىلە ئىلاج،
قىلغان كەبى زەئىفغە گۈل قەند ئىلە ئىلاج.
(كوڭلۈمنى ئۇنىڭ لېۋىنىڭ شېرىن كۈلكىسى بىلەن داۋالا،
خۇددى ئاجىزلاشقان كىشىنى گۈلقەنت بىلەن داۋالىغاندەك.)

كوب ئىشق تەركىدىن دىمە سوز، قويغىل ئەي تەبىب،
مۇھلىك مەرەزغە قىلمادى ئەل پەند ئىلە ئىلاج.
(ھەي تېۋىپ، مۇھەببەتتىن كەچ دەيدىغان سوزلىرىڭنى قوي،
ئولىدىغان كېسەلنى نەسىھەت بىلەن داۋالىمايدۇ كىشى.)

ئانسىز ئولەرمەن، ئاللىمە ھورۇ پەرى نى سۇد،
تاپماس ئانى، غەمى ئاڭا مانەند ئىلە ئىلاج.
(ئۇنىڭسىز ئولىمەن، ئالدىمدا ھور - پەرى تۇرسىمۇ نىمە پايدا،
ئۇنى تاپالمىساممۇ، پىكىر - خىيالى ئۇنىڭ ئوزىگە ئوخشاشلا
دەرمان.)

قەيد ئەت كوڭۈلگە سىلسىلەئى زۇلفىن، ئەي ھەكىم،
كىم تەلبەگە مۇناسىب ئېرۇر بەند ئىلە ئىلاج.
(ئەي ھەكىم، كوڭلۈمنى ئۇنىڭ زۇلفى زەنجىرىگە باغلاپ قوي،
چۈنكى، ساراڭغا لايىق چارە — باغلاپ قويۇش.)

ئول كويىدىن ئىتى چۇ مېنى قاۋماق ئىستەدى،
باغرىمدىن ئەيلەدىم نېچە پەركەند ئىلە ئىلاج.

(ئىتلىرى مېنى ئۇنىڭ كوچىسىدىن قوغلىغىلى تۇرۇۋېدى،
جىگىرىمنى پارچىلاپ بېرىپ، پەسلەتتىم.)

دەۋران جەفاسى دەفئىغە مەجنونو مەست ئول،
كىم يوق ئول ئىشكە، راي خىرەدمەند ئىلە ئىلاج.
(زامان جاپاسىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ساراڭ، مەس بولۇۋال،
چۈنكى ئاقىلانە پىكىر بىلەن بىر ئىلاج قىلغىلى بولمايدۇ.)

مۇھلىك ئىمىش فىراق، نەۋائى، مەگەر سىپىھر
قىلغاي دەردى قەتئىنى پەيۋەند ئىلە ئىلاج.
(نەۋايى پىراق دەردى بەرىبىر ھالاك قىلىدۇ، چۈنكى
پەلەك ئۇنىڭ دەردى ئۈزۈلسە، ئۇلاپ تۇرىدىكەن.)

كورۇپ دەردىم، تەرەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ،
توكۇپ ئەشكىم، تەبەسسۇم قىلمادىڭ ھېچ.
(دەردىمنى كورۇپ تۇرۇپ، رەھمى قىلاي دىمىدىڭ، يېشىمنى شۇنچە ئاققۇزۇپ، بىر كۇلۇپ قويمىدىڭ.)

فىراقىڭ ئوتى ئىچرە نېچە يىغلاپ،
فىغان چەكتىم، تەرەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ.
(پىراقىڭ ئوتىدا شۇنچە يىغلاپ نالە قىلساممۇ، زادى ئىچىڭ ئاغرىمىدى.)

جەھانغا ئاھۇ ئەشكىم سالدى ئاشۇب،
بۇ تۇفاندىن تەۋەھھۇم قىلمادىڭ ھېچ.
(چەككەن ئاھىم كوز ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ جاھانغا توپىلاڭ سالدى، سەن مۇشۇ توپاندىن ھېچ ئەيمەنمىدىڭا.)

سوزۇڭ شەۋقىدە ئېردىم خەستە ئومرى،
سورارغا بىر تەكەللۇم قىلمادىڭ ھېچ.
(سوزۇڭگە تەشنالىقتىن كېسەل بولۇپ كەتتىم، بىر ئېغىز سوز بىلەن ھالىمنى سوراي دىمىدىڭغۇ.)

مۇسەللەم ئىشق، ئەي كوڭلۇم، ساڭا كىم،
كورۇپ زۇلمىن تەزەللۇم قىلمادىڭ ھېچ.

(ئەي مۇھەببەتكە تەسلىم بولغان كوڭلۇم، شۇنچە زۇلۇم كورۇپ، زادى زارلانمىدىڭ ـ ھە!)

مۇھەببەت ئەھلى قىسمىن نېچۇن، ئەي چەرخ،
قىلىپ مىھنەت، تەنەئئۇم قىلمادىڭ ھېچ.
(ئەي پەلەك، مۇھەببەت ئەھلىگە پەقەت جاپانىلا تەقسىم قىلىپ، قىلچىمۇ راھەت بەرمەيسەنغۇ.)

نەۋائى سارى، ئەي دەۋرى مۇخالىف،
نەۋا سەۋتىن تەرەننۇم قىلمادىڭ ھېچ.
(ئەي، تەتۈر پەلەك، ناۋايى ئۇچۇن زادىلا خوشاللىق نەغمىسى ياڭراتمىدىڭغۇ!)

ھەجرىدىن ئەسرۇ ھەزىنمەن، ساقىيا تۇتقىل قەدەھ،
ھەر نېچچە ساغەر تولا بولسا تولا تۇتقىل قەدەھ.
(ھىجرانلىقتا بەكمۇ غەمكىنمەن، ساقى قەدەھ تۇتقىنا، قانچە قەدەھ بولسىمۇ، تولدۇرۇپ تۇتقىنا.)

گەر ئانىڭ نۇش ئەيلەردە ئاجىز ئولسە ئەھلى بەزم،
جەمئ ئېتىپ بارىنى بىر يولى ماڭا تۇتقىل قەدەھ.
(بەزمىدىكىلەر ئۇنى ئىچىشتە ئاجىزلىق قىلىپ قالسا، بەرىنى قوشۇپ، بىراقلا ماڭا تۇتقىن.)

قانئ ئېردىم بىر قەدەھ بىرلەكى، دەردىم سەئب ئېرۇر،
ھەر نېچچە لاجورئە نۇش ئەتسەم، يانا تۇتقىل قەدەھ.
(بىر قەدەھكە قانائەت قىلار ئىدىم، بىراق، دەردىم كۆپ، شۇڭا مەن ئۈزمەي ئىچەي، سەنمۇ قۇيۇۋەر!)

ھەر نەفەس مەست ئولماسام ھىجران غەمى ئەيلەر ھەلاك،
جانىمە رەھم ئەيلەبان، بەھرى خۇدا، تۇتقىل قەدەھ.
(دائىم مەس بولمىسام، ھىجران غېمى مېنى ھالاك قىلغۇدەك، خۇدا ھەققى، قەدەھنى تۇتقۇر، جېنىمغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن.)

گەر مۇيەسسەر بولسا بەزمى ۋەسل، لۇتف ئەيلەر ئېسەڭ
قوي مېنى نەززارەغە، كۆپرەك ئاڭا تۇتقىل قەدەھ.

(ۋىسال بەزمىسىگە مۇيەسسەر بولسام، سەن غەمخورلۇق قىلساڭ، مەن تاماشىچىغىمۇ قوي، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپرەك تۇت.)

ئولۇ مەن چۇن مەست بولدۇق، ئىختىيارىڭ باردۇر،
خىلۋەت ئەيلەپ بەر ئىجازەت ئەلگە، يا تۇتقىل قەدەھ.
(ئۇ ۋە مەن — ئىككىمىز مەست بولدۇق، ئىختىيار ئۆزەڭدە، يا باشقىلارغا ئىجازەت بېرىپ، بەزمىنى خالى قىل، ياكى قەدەھ تۇت.)

چۇن خەرابات ئىچرە تۇشتۇڭ، چىقماغىڭ دىشۋار ئېرۇر،
ئىختىيارىڭ يوق ئىچىپ، ئەي پارسا، تۇتقىل قەدەھ.
(ئەي سوپى، مەيخانىغا كىرىپ قالدىڭ، چىقمىقىڭ تەس، ئىچكەندىن كېيىن ئىختىيارىڭ ئۆزەڭدە ئەمەس، قەدەھ تۇتقىن.)

خىرقەئى زۇھدىن نەۋائى قىلدى رەھن، ئەي مەيفۇرۇش،
قويما ھوش ئىلكىدە ئانى بىنەۋا، تۇتقىل قەدەھ.
(ئەي مەيپۇرۇش، ناۋائىي سوپىلىق چاپىنىنى گورەگە قويدى، ئۇ ھوشيار ھالەتتە تۇرسا كەيپى بۇزۇلىدۇ، شۇڭا قەدەھ تۇتقىن.)

ئاي يۈزۈڭ ئاللىدا بىھال خىرەد،
ۋەسفىن ئەيلەردە بولۇپ لال خىرەد.
(ئاي يۈزۈڭ ئالدىدا ئەقىل ھالسىز، ئۇنى تەرىپلىمەك بولساڭ تىل گاچىلىشىپ قالىدۇ.)

چۈنكى سەن سەكرەتىبان تەۋسەنى ھوسن،
بولۇبان يولىدا پامال خىرەد.
(سەن ھوسن دۇلدۇلىنى چاپتۇرغاندا، ئىقىل ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالىدۇ.)

ۋەھكى، سەن تىفلىدىن ئولدى مەبھوت،
ئويلەكىم پىرى كوھەن سال خىرەد.
(سەن كىچىك بالىغا قىرى ئەقلىنىڭ ھەيران قىلىۋاتقىنىنى قارا.)

ئىھتىمام ئەتتى جۇنۇنۇم سارى ئىشق،
نىچە كىم ئەيلەدى ئىھمال خىرەد.
(ئىشق مېنىڭ ساراڭلىقىمغا ئەھمىيەت بەردى، بىراق ئەقىل ئۇنىڭغا شۇنچە بىپەرۋا.)

(ئىشق كويىدا مەزەللەت چەكسۇن،
تىلەسە دەۋلەتى ئىقبال خىرەد.
(ئەقىل بەخت - دولەت ئىزلىسە، ئىشق كوچىسىدا خار - زارلىق تارتسۇن.)

ساقىيا، مەيكى، مېنى ۋەسۋەسەدىن
ئەيلەدى شىفتە ئەھۋال خىرەد.
(ئەقىل مېنى ۋەسۋەسە بىلەن پەرىشان قىلىپ قويدى، شۇڭا، ئەي ساقى مەي بەرگىنە.)

تا فەنا سەيلىدە بولغاي نابۇد،
تۇرۇپ ئول جەۋھەرى سەييال خىرەد.
(شۇنداق سۇزۇك جەۋھەردەك ئىچىملىك تۇرغان يەردە، ئەقىل يوقۇلۇش كەلكۈنىدىن نابۇد بولىدىغان بولدى.)

دەيرى پىرى ماڭا ۋۇ مۇغبەچەلەر
نىچە ئۇرسا يۈزىگە زال خىرەد.
(مەيخانىچى بوۋاي مېنى ئۇرسا، مۇغبەچەلەر قىرى ئەقلىنىڭ يۈزىگە نەچچىنى سالسا بولىدۇ.)

يارەب، ئەت ئىشق نەۋائىغە نەسىب،
كوڭلىدىن لىك بۇرۇن ئال خىرەد.
(خۇدا، ناۋايىغا مۇھەببەتنى نېسىپ قىل، بىراق ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەقلىنى يوقات.)

يۇزۇڭدەك قەمەر يوقتۇر، قەددىڭدەك شەجەر يوقتۇر،
شەجەر بولسا ھەم ئاندا لەبىڭدەك سەمەر يوقتۇر.
(يۇزۇڭدەك ئاي يوق، قەددىڭدەك دەرەخ يوق، گەرچە
دەرەخ بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ لىۋىڭدەك مېۋىسى يوق.)

كوزۇم ئەشكىنىڭ رۇدى ئاقار تېزۇ تۇند ئانداق
كى، گەر ئۇيىقۇ كوز سارى كېلۇر ھەم گۇزەر يوقتۇر.
(كوز يېشىمنىڭ ئېرىقى شۇنداق تېز، شوخ ئاقىدىكى، ئۇيقۇم
كوزۇمگە بېسىپ كىرسىمۇ، ئېقىنىدىن ئوتەلمەيدۇ.)

ئاتىن تۇتسەلار ناگاھ، كېتەر ئۇيلە ھۇشۇمكىم،
بەدەن ئىچرە روھۇمدىن دىگەيسەن ئەسەر يوقتۇر.
(نامىنى ئېغىزغا ئېلىش بىلەن ھۇشۇمدىن كېتىمەن، بەدەن
ئىچىدە جېنىمدىن ئەسەرمۇ يوق دەپ قالىسەن.)

كوڭۇل سورغالى كەلدىڭ، تەبىبا، مۇنى بىلكىم،
ئۇل ئەۋارەدىن سەندەك ماڭا ھەم خەبەر يوقتۇر.
(ئەي تېۋىپ، كوڭۇل سورىغىلى كەپسەن، شۇنى بىلگىنكى، ئۇ
سەرساندىن ساڭىمۇ خەۋەر يوقتەك، ماڭىمۇ يوق.)

يولۇڭغا نىسار ئەشكىم گەر ئاز ئېرۇرۇ گەر كوپ،
ئىتىڭگە غىزا كوڭلۇم ئەگەر بار ۋە گەر يوقتۇر.

(ئاز بولسىمۇ، كوپ بولسىمۇ، كوز يېشىمنى يولۇڭغا چاچقۇ قىلدىم،
كوڭلۇم ئىتىڭغا ئوزۇق، بار بولسىدۇ، يوق بولسىدۇ.)

بۇ گۇلشەندە، ئەي دىھقان، نېچە ئازمۇن ئەتتىم،
ۋەفا نەخلى ئەككەنگە بەجۇز غۇسسە سەمەر يوقتۇر.
(ئەي دىخان، بۇ گۇلشەندە نۇرغۇن سىناق ئوتكەزدىم،
ۋاپا كوچىتىنى تىككۇچىگە قايغۇدىن باشقا مېۋە يوق ئىكەن.)

نەۋائى فىراقىڭدىن ئانىڭدەك زەئىف ئولدى
كى، ئورنىدا ئەل باقسا دىگەيلەر مەگەر يوقتۇر.
(نەۋايى فىراقىڭدىن شۇنچىلىك زەئىپلەشتىكى، باشقىلار قاراپ،
ئۇ، ئوز جايىدا يوقمۇ، دەيدۇ.)

كۆڭلۈمە ھەجرىڭدا جەننەت گۈلشەنى زىندان ئېرۇر،
كۆزۈمە سەنسىز گۈل ئەفشان باغى خار ئەفشان ئېرۇر.
(سېنىڭ ھىجرىڭدە جەننەت گۈلشىنى كۆڭلۈم ئۈچۈن زىندان
سېزىلىدۇ، سەنسىز گۈل ئېچىلىپ تۇرغان باغ كۆزۈمگە تىكەنزار
بولۇپ كۆرىنىدۇ.)

دەفئە-دەفئە گۈل ئاچىلمايدۇر گۈل ئەفشان باغىدە،
كىم مېنىڭ گۈلگۈن ياشىمدە قەترە-قەترە قان ئېرۇر.
(ئۇ، گۈل ئېچىلغان باغدا ئۈزلۈكسىز ئېچىلىۋاتقان گۈل ئەمەس،
بەلكى مېنىڭ تامچە-تامچە بولۇپ تۆكۈلگەن قىزىل قان
ياشلىرىمدۇر.)

بەھرۇتاغ ئەتمەڭ گۇمانىم، ئول بىرى كۆزۈمگە ياش،
بۇ بىرى كۆڭلۈمگە دەردۇ مىھنەتى ھىجران ئېرۇر.
(ئاۋۇ دېڭىز، ماۋۇ تاغ دەپ قالماڭ، ئۇنىڭ بىرسى كۆز يېشىم،
يەنە بىرسى كۆڭلۈمدىكى جۇدالىقنىڭ ئېغىر كۈلپىتى.)

دىمە بىردەمدە بۇلۇت كۆكنى نى نەۋئ ئەيلەر نىھان
كىم، بۇ مۇشكىل دۇدى ئاھىم ئالىدا ئاسان ئېرۇر.
(بۇلۇت بىردەمدىلا قانداقچە ئاسمان يۈزىنى توساپ ئالىدۇ، دىمە،
بۇ تەس ئىش مېنىڭ ئاھىم تۈتۈنلىرى ئالدىدا ئاسان.)

بۇكى ھەريان چاقىلۇر بەرقۇ غىرىۋ ئەيلەر بۇلۇت،
كۆڭلۈمە ئول شۇئلەئى ئاھ، بۇ بىرى ئەفغان ئېرۇر.
(ھەر تەرەپتىن چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىسە، بىرسى كۆڭلۈمـ
دىن چىققان ئاھىنىڭ يالقۇنى، يەنە بىرى يىغامنىڭ ئاۋازى.)

يوقكى تۇرماس بىر زەمان يامغۇركى، بىر ئاي ھەجرىدىن
ئەشكبار ئىككى كۆزۈم سەيلابىدىن توفان ئېرۇر.
(بىردەممۇ توختىمايدىغان يامغۇر نەدە بولسۇن، ئۇ، بىر ئاي
جامال يىراقىدا يىغلىغان ئىككى كۆزۈم كەلكۈنىدىن ھاسىل بولغان
توپان.)

ئەقلىڭىز بار ئېرسە قىلماڭ يار ھەجرى ئىختىيار،
كىم بۇ ئىشنى ئۇلكى قىلدى، مەن كەبى نادان ئېرۇر.
(ئەقلىڭىز بولسا يارنىڭ ھىجران ئازاۋىنى تارتىشنى ئىختىيار
قىلماڭ، كىمكى شۇنداق ئىشنى قىپتۇ، ئۇ، ماڭا ئوخشاش نادان
ئىكەن.)

كىم مەيى ۋەسل ئىچتىكىم ھىجران خۇمارى چەكمەدى،
خارسىز گۈل دەھر بوستانىدا نى ئىمكان ئېرۇر.
(كىم ھىجران دەردىنى تارتماي ۋىسال شارابىنى ئىچىپتۇ؟
جاھان بوستانىدا تىكەنسىز گۈل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.)

دوستلار، قىلماڭ نەۋائىغە نەسىھەتكىم، بۇگۇن
ھەجر دەردىدىن بەغايەت بىسەرۇ سامان ئېرۇر.
(دوستلار، نەۋايىغا نەسىھەت قىلىپ يۈرمەڭلار، ئۇ ھازىر
جۇدالىق دەردىدە گاڭگىراپ قالدى.)

جاندا ئىشقىڭ بولغۇسى، يا تەندە جان بولغۇسىدۇر،
خەستە كوڭلۇم دەردى ئىشقىڭغا ماكان بولغۇسىدۇر.
(جاندا ئىشقىڭ بار، ياكى ئىشقىڭ تەندىكى جاننىڭ ئۆزى،
مېنىڭ ئاغرىق كوڭلۇم ئىشقىڭ دەردىگە ماكان.)

دەردى ئىشقىڭ داغى، ئول سائەتكى ئولسەم، جان ئارا
جاننىڭ ئىككى نوقتەسى يەڭلىغ نىشان بولغۇسىدۇر.
(مەن ئولسەمۇ ئىشقىڭ دەردىنىڭ دېغى جان ئارىسىدا "جان"
(دىگەن خەتنىڭ) ئىككى چېكىتىگە ئوخشاش بەلگە بولۇپ قالىدۇ.)

قىلدى ئەشكىمنى شەفەقگون ھەجر بىيايان تۈنى،
ھوللەسىن چەك تاڭنىڭ، ئەي گەردونكى قان بولغۇسىدۇر.
(جۇدالىقنىڭ ئۇزۇن تۈنى كوز يېشىمنى شەپەق رەڭگە ئايلاندۇردى،
ئۈنى تاڭنىڭ شايىسى بىلەن تاڭمىساڭ، ئاسمان قانغا بويۇلۇپ
كېتىدۇ.)

ئول مەسىھ ئەنفاسى جانبەخش لەبى، ھەيۋان سۈيى،
ئەللاھ - ئەللاھ، نېچە جانىم ناتەۋان بولغۇسىدۇر.
(يائاللا، ئەيسا نەپەسدەك جانبەخش لەب، ئابىھايات تۇرۇپ،
جېنىم نىمانچە زەئىپلىشىپ كېتىدىغاندۇ؟)

ئوقدىن كوڭلۇڭ قاچانغە تېگرو رەھم بولغاي، ۋەلىك
تا بۇقۇش بولغۇسىدۇر، ئول ئاشيان بولغۇسىدۇر.

(ئۇنىڭ ئوقىدىن كوڭلۇڭ قاچان شەپقەتكە ئېرىشە، چۈنكى ئۇ
(ئوقۇڭ) قۇش بولسا، بۇ (كوڭلۇم) ئۇڭا بولاتتىغۇ.)

گۇل قۇلاغىن چۈن ئاغىر قىلمىش كىرىب شەبنەم سۈيى،
نېچە، ئەي بۇلبۇل، ئىشىڭ دائىم فىغان بولغۇسىدۇر.
(شەبنەم سۈيى كىرىپ گۇلنىڭ قۇلىغى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ،
ئەي بۇلبۇل، شۇڭا سېنىڭ ئىشىڭ تىنماي پىغان كوتۈرۈش.)

ئەي نەۋائى كوككە تىگرو دۇدى ئاھىمدىن شكەنج
يەتكەلى ئول ئايغە گويا نەردىبان بولغۇسىدۇر.
(ئەي نەۋايى، كوككىچە ھالقا - ھالقا بولۇپ كوتۈرۈلگەن ئاھىم
تۈتۈنى ئۇ ئايغا يېتىش ئۇچۈن گويا شوتا.)

دوستلار، ئالەم ئېلىگە يارۇ ھەمدەم بولماڭىز،
يار ئىلە ھەمدەم دىمەيكى، ئاشنا ھەم بولماڭىز.
(دوستلار، ئالەمدىكى كىشىلەرگە يار-ھەمدەم بولماڭلار،
يار-ھەمدەملا ئەمەس، بەلكى ئاشنامۇ بولماڭلار.)

ئاشنالىغ ئەيلەبان ئۆز جانىڭىزگە ھەرزەمان
بائىسى يۈز مىڭ بەلاۋۇ مىھنەتۇ غەم بولماڭىز.
(ئۇلارغا ئاشنالىق كۆرسىتىپ، ئۆز جېنىڭىزغا تۈگىمەس
دەردۇ-بالا تېپىۋېلىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالماڭلار.)

يەب پەرىۋەشلەر فىرىبىن، سوڭرە تاپماي ئىلتىفات،
مەن كەبى دىۋانەۋۇ رەسۋايى ئالەم بولماڭىز.
(پەرىۋەشلەر نىڭ ئالدىمىغا ئۇچراپ، كېيىن ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلـ-
مەي، ماڭا ئوخشاش ئالەمگە رەسۋا بولغان دىۋانىگە ئايلىنىپ قالماڭلار.)

ۋەسلۇ ئەيش ئاباد قىلسۇن خەلقنى، ئەي دەردۇ غەم،
سىز بۇزۇق كۆڭلۈمدىن ئۆزگە بىرگە مەھرەم بولماڭىز.
(مەيلى، باشقىلارنى ۋىسال بىلەن راھەت ياشنىتىۋەتسۇن، ئەي
دەرت بىلەن غەم، سىز مېنىڭ ۋەيران كۆڭلۈمدىن باشقىسىغا سىر-
داش بولماڭلار.)

ئەي ۋىسال ئەھلى، ئول ئاينىڭ دەردى ھەجرىدىن مېنى
كۆپ كۆرۈب غەمناك، سىز ھەم ئەسرۇ خۇررەم بولماڭىز.
(ئەي ۋىسال تاپقانلار، ئۇ ئاينىڭ پىراقىدا مېنىڭ غەمگە
پاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بەك خۇشال بولۇپ كەتمەڭلار.)

ئەي، خەرابات ئەھلى، يوق ئىنساندا ئىمكانى ۋەفا،
مەستلىقدىن دىۋ ئولۇك، زىنھار ئادەم بولماڭىز.
(ئەي مەيخانە ئەھلى، ئىنساندا ۋاپانىڭ ئىمكانى يوق،
مەسلىكتىن دىۋە بولۇپ كېتىپ، زادى ئادەم بولماڭلار.)

گەر نەۋائى ھەجر ئارا بولدى زەلىل، ئەي ئەھلى ۋەسل،
ئەمدى نەۋبەت سىزگەدۇر، مۇنچە مۇئەززەم بولماڭىز.
(ناۋايىغۇ ھىجرانلىقتا خار-زار بولۇپ كەتتى، ئەي ۋىسال
تاپقانلار، مۇنچە ئەتىۋا بولۇپ كەتمەڭلار، ئەمدى نۆۋەت سىلەر-
گە كەلدى.)

گەر مېنىڭدۇر يار لولى بولسا، شاھ ئېتىمان ھەۋەس،
نەيلەي ئول شەھنىكى، بىر لولىغە بولماي ھەمنەپەس.
(ئاشۇ شوخ لولى يارىم بولسا، پادىشالىقىمۇ ھەۋەس قىلمايتتىم،
لولىغا ھەمنەپەس بولماي، پادىشالىقنى نىمە قىلاي.)

شىكۋە قىلمان گەر جەفادىن باشىمە ياغدۇرسا تاش،
تاقەتىم يوق ئەلگە قىلسا بەرگى گۈل ئۇرماق ھەۋەس.
(جاپادىن مېنىڭ بېشىمغا تاش ياغدۇرسىمۇ زارلانمايمەن،
ئەمما باشقىلارغا گۈل بەرگىنى ئاتسا چىدىيالمايمەن.)

ياردىن ھەر نېچە بىداد ئولسە ئەيلەرمەن قەبۇل،
لىك ئولسە غەير بىرلە مۇلتەفىت، مەقبۇل ئەمەس.
(ياردىن ھەر قانچە زۇلۇم كەلسىمۇ قوبۇل قىلىمەن، ئاما
باشقىلارغا ئىلتىپات كورسەتسە، بۇنىڭغا كونمەيمەن.)

جاننى قويماسمەن چىمىندەك لەئلى ئۈزرە رەشكدىن
ئول شەكەر ئۈزرە چىمىن قىلسام تەخەييول خال ئەمەس.
(ياقۇت لىۋى ئۈستىدىكى خالنى چىۋىن دەپ خىيال قىلسام،
رەشكدىن چىۋىندەك جىنىم قالمايدۇ.)

بۇ بەلانى كورمەسۇن ئاشىقكى، قىلغاي ئىلتىماس
ۋەسلىن ئانىڭكىم، بىراۋ ئولغاي ئاڭا بۇ مۇلتەمەس.

(سەن يارۋىسالىنى ئۇتۇنۇش قىلساڭ، ئۇ باشقىنىڭ ئىلتىماسىنى
قوبۇل قىلىدىكەن، بۇنداق بالا ئاشىقنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن.)

ئۈز نىگارى مەھمەلىدىن قىلماسۇن دەب كوپ خەتا
ئىشق دەشتى ئەھلىغە ھەردەم نەدا ئەيلەر جەرەس.
(ئۈز نىگارىنىڭ ئۇلۇغىدىن ئېزىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىشق
دەشتىنى كەزگۈچىلەرگە كولدۇما جاراڭلاپ تۇرۇدۇ.)

ئەي ناۋايى، ئىشق ئەتۋارىدە بۇدۇر زۇلمىكىم،
گۈل مەقامى باغ ئولۇب، بۇلبۇل پەرى بولغاي قەپەس.
(ئەي ناۋايى، ئىشق يوسۇنىدا شۇنداق زۇلۇم باركى،
گۈلنىڭ ئورنى باغ، بۇلبۇلغا ئۇز پەرلىرى قەپەز ئىكەن.)

شەبىستانىمدا جام ئىچرە يۈزۈڭ ئەكسى چىراغ ئولمىش،
چىراغىمغە ۋە لېكىن جام زەرق، بادە ياغ ئولمىش.
(قاراڭغۇ ئۆيۈمدە يۈزۈڭنىڭ شولىسى قەدەھكە چۈشسە، چىراق بولۇپ، ئۆيۈمنى يورۇتۇدۇ، جام-بۇ چىراقنىڭ قاچىسى، مەي ئۇنىڭ يېغىدۇر.)

دەرەم ئۈزرە دەرەم توككەن كەبى پىنھان خىرەد ئەھلى،
گىرىبەلىك كوڭلۇم ئىچرە ئىشقدىن داغ ئۈزرە داغ ئولمىش.
(ئەقلى بار كىشىلەر يوشۇرۇنچە تەڭگە ئۈستىگە تەڭگە توككەندەك ئىشىق ئوتى تۈگۈنلۈك كوڭلۇمدە داغ ئۈستىگە داغ پەيدا قىلدى.)

ئىلاج ئەيلەي دىسەڭ، قوي، ئىسلەيىن سىبىي زەنەخدانىڭ،
ماڭا كىم سۈنبۈلۈڭ سەۋداسىدىن ئەتىرى دىماغ ئولمىش.
(ئەملەي دىسەڭ، روخسەت قىل، ئالمىدەك مەڭزىڭنى پۇراي، سۇمبۇل چېچىڭنىڭ سەوداسىدىن دىمىغىم خۇش پۇراققا مۇھتاج بولدى.)

كوزۈڭ نەرگىس، ئۈزارىڭ گۈل، قەدىڭ سەرۋ، ساچىڭ سۈنبۈل،
بۇزوغ كوڭلۇم خەيالىدىن بولارىڭ تۇرفە باغ ئولمىش.
(كوزۈڭ نەرگىس، جامالىڭ گۈل، بويۇڭ سەرۋ، چېچىڭ سۈنبۈل، بۇ نەرسىلەرنىڭ خىيالى بىلەن ۋەيرانە كوڭلۇم گۈزەل باققا ئايلاندى.)

نى قىلساڭ ئەمدى قىل كوڭلۇمگە كىم، تاراج ئىشقىڭدىن
شەكىبۇ ئىلمۇ ئەقلۇ زۇھد-تەقۋادىن فەراغ ئولمىش.
(ئەمدى نىمە قىلساڭ قىل، ئىشقىڭنىڭ بۇلاڭ-تالىڭى بىلەن كوڭلۇم ئالىقاچان سەۋىر، ئىلىم، ئەقىل تەقۋا-سوپىلىقتىن قۇتۇلۇپ كەتكەن.)

ئەجەب فەرھاد ئېرۇر شىرىن لەبىڭ شەۋقىدە كوڭلۇمكىم،
ئاڭا پەيكانلارىڭ مىتىنۇ ئىشقىڭ قافى تاغ ئولمىش.
(كوڭلۇم شىرىن لىۋىڭنىڭ ئىشتىياقىدا ئاجايىپ بىر پەرھاتقا ئايلاندىكى، كىرپىك ئوقلىرىڭ ئۇنىڭغا مېتىن، ئىشقىڭ قافى ("ق" ھەرپى) تاغ بولدى.)

تولا قۇي جامى گەردۇنۋەشىقە مەي، ئەي ساقىئى مەھۋەش،
كى غەم خەيلىنى غەرق ئەيلەر تېڭىز بۇ نەۋئ ئاياغ ئولمىش.
(ئەي ئاي يۈزلۈك ساقى، ئاسماندەك جامغا مەي تولدۇرۇپ قۇي، بۇ جام غەم لەشكەرلىرىنى غەرق قىلغۇچى دېڭىز بولسۇن.)

مەي ئىچكىم، دەرد غەم ھەرلەھزە ساغ ئولماققە قويمايدۇر،
ئانىكىم، بۇ كوھەن مەيخانىدا ھەرلەھزە ساغ ئولمىش.
(دەرت، غەم كىشىنى بىردەممۇ ئارام تاپقۇزمايدۇ، شۇڭا مەي ئىچ، ئادەم بۇ كونا مەيخانىدىلا دائىم ئارام تاپىدۇ.)

نەۋائى تىرە شامىن كەۋكەبى ئەشكى قىلۇر رەۋشەن،
بۇ يۇلدۇزلار ئاڭا گوياكى دەرشەبى چىراغ ئولمىش.
(ناۋائىينىڭ قاراڭغۇ كېچىسىنى كوز يېشىنىڭ يۇلتۇزلىرى يورۇتىدۇ، بۇ يۇلتۇزلار گوياكى ئۇنىڭ كېچىلىك چىرىغى.)

ئاشىق ئولدۇم، بىلمەدىم يار ئۆزگەلەرگە يار ئىمىش،
ئەللاھ ـ ئەللاھ، ئىشىق ئارا مۇنداق بەلالار بارئىمىش.
(ئاشىق بولدۇم، بىلمەپتىمەنكى، يار باشقىلارغا يار ئىكەن، يائاللا، ئىشق يولىدا بۇنداق بالالارمۇ بار ئىكەن ـ ھە!)

قەددىغە ئەل مەيلى بولغاندىن كوڭۇل ئازۇردەدۇر،
ئول ئەلىفدىن زارلارنىڭ ھاسىلى ئازار ئىمىش.
(ئۇنىڭ قەددىگە باشقىلارنىڭ مايىل بولۇشىدىن كوڭلۇمگە ئازار يەتتى، زار بولغۇچىلارنىڭ ئول ئىلىپ (يەنى "ا")دىن تاپىدىغان نەتىجىسى ئازار ئىكەن.)

ئەلگە ناۋەك ئۇردى، مەن ئولدۇم، ئىرۇر بۇ تۇرفەكىم،
جانىم ئەتكەن رىش ئەل باغرىغە كىرگەن خارئىمىش.
(باشقىلارغا كىرپىك ئوقىنى ئاتسا، مەن ئولدۇم، ئاجايىپ ئىش، باغرىمغا سانچىلغان تىكەن ئەسلىدە باشقىلارغا ئېتىلغان نەشتەر ئىكەن.)

رىشتەكىم، موھلىك يارام ئاغزىغە تىكتىم، ئاڭلادىم
كىم كەفەن جىنسى قىراغىدىن سۇۋۇرغان تارئىمىش.
(ھالاك قىلغۇچى جاراھىتىمنىڭ ئاغزىنى تىككەن يىپىم، ئۇققۇدەك بولسام، كىپەننىڭ چېتىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىنغان يىپ ئىكەن.)

كويى دىۋارىدىن ئاغرىق تەنغە تۈشكەن سايەدەك،
سەيلى غەمدىن ئەمدى سايە ئورنىغا دىۋار ئىمىش.
(ئۇنىڭ كوچىسىنىڭ تېمىدىن ئاغرىق تېنىمگە چۈشكەن سايە ئورنىنى ئەمدى غەم كەلكۈنى ئىگەللىدى.)

جانغا تەخۋىف ئەيلەدىم تىغى ھەلاكىدىن ئانىڭ،
بىلمەدىم بۇ ئىشدىن ئول ئولگۇنچە مىننەتدار ئىمىش.
(ئۇنىڭ ھالاك قىلغۇچى تىغىدىن جېنىمنى تەشۋىشكە سالدىم، كىم بىلسۇن ئۇ بۇ ئىشتىن ئولگىچە مىننەتتار ئىكەن.)

ئەي نەۋائى، خوبلەرنى كورمە ئاسانلىغ بىلە،
كىم بىراۋ كىم سالدى كوز، ئۇزمەك كوڭۇل دۇشۋار ئىمىش.
(ئەي ناۋايى، گۈزەللەرگە ئاسانلىقچە كوز سالما، كىمكى كوز سالسا، كوڭۇلنى ئۈزمەك تەسكە چۈشىدۇ.)

مەي مېنى قىلدى رىيايى پارسالىقدىن خەلاس،
پارسالىق يوقكى ئۇجبو خودنەمالىقدىن خەلاس.
(شاراپ مېنى ساختا پەرھىزكارلىقتىن قۇتۇلدۇردى، پەرھىزكار-
لىقتىنلا ئەمەس، بەلكى مەنمەنلىك-ماختانچاقلىقتىنمۇ
قۇتۇلدۇردى.)

خانىقەھ ئەھلى يولۇقسا مەستلىقدىن تانىمان،
شۈكرىكىم، بولدۇم ئالارغا ئاشنالىقدىن خەلاس.
(سوپىلار يولۇقسا، مەسلىكتە تونىمايمەن، شۈكرى، ئۇلار بىلەن
بولغان يېقىنچىلىقتىنمۇ قۇتۇلدۇم.)

ئىشق خىلۋەت كۈنجىدىن سالدى مېنى مەيخانەغە،
قىلدى زىندان گوشەسىدە مۇبتەلالىقدىن خەلاس.
(ئىشق مېنى سوپىلىق بۆلۈكىدىن مەيخانىغا ئېلىپ كەلدى، خۇددى
زىندان بۆلۈكىدىكى ئەركسىزلىكتىن قۇتۇلدۇردى.)

دەير پىرى جۆرئەسىن تاپمايكى، ئولدۇر شاھلىق،
دەير ئارا گەر ئارزۇ قىلسام گەدالىقدىن خەلاس.
(مەيخانىچىنىڭ بىر يۇتۇم شارابى مەن ئۈچۈن شاھلىق، جاھاندا
پەقىرچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلسام، ئۇنى تاپماي بولمايدۇ.)

ئەي جەفاگەر بىر ۋەفا قىلكىم، ئىكەۋلەن بولغامىز
مەن جەفا چەكمەكتىنۇ سەن بىۋەفالىقدىن خەلاس.

(ئەي جاپاقىلغۇچى، بىر ۋاپا قىلغىنا، شۇ چاغدا ئىككىمىز شۇنىڭدىن
قۇتۇلالايتتۇقكى، مەن جاپا چېكىشتىن، سەن بىۋاپالىقتىن.)

ساقىيا، ھەجرى خۇمار ئىچرە يېتىبمەن جانىمە،
بىر قەدەھ بىرلە مېنى قىل بۇ ئارالىقدىن خەلاس.
(ئەي ساقى، ھىجرانلىقتا خۇمار تۇتۇپ، ئىش جانغا تاقالدى،
بىر قەدەھ بىلەن مېنى بۇ جۇدالىقتىن قۇتۇلدۇرساڭچۇ.)

ئەي نەۋايى، بىنەۋا ئىستەب سېنى دىلدارۇسەن
گەر نەۋا ئىستەرسەن، ئولما بىنەۋالىقدىن خەلاس.
(ئەي ناۋايى، دىلدار سېنى يوقسۇل دەپ ئىزدىگەن، باي بول-
ماقچى بولساڭ، يوقسۇللۇقتىن قاچما.)

لەبىگدىن بولدى بۇمەھجۇر مەھزۇز،
ئانىگدەككىم، شەكەردىن مۇر مەھزۇز.
(لىۋىگدىن مەن بىچارە لەززەتلىنىمەن، خۇددى چۇمۇلە شىكەردىن لەززەتلەنگەندەك.)

سوزۇگدىن تاپسا ھەز كوگلۇم، ئەجەب يوق،
كى شەربەتدىن بولۇر رەنجور مەھزۇز.
(سوزۇگدىن كوگلۇم لەززەتلەنگىنىگە ئەجەپلەنمە، چۇنكى كىسەلـگە شەربەت پايدا قىلىدىغۇ.)

ئەمەس ھەجرىڭ كويۇك كوگلۇم ئىلاجى،
كى بولماس شوئلەدىن مەھرۇر مەھزۇز.
(ھىجرانىڭ كويگەن كوگلۇمنىڭ داۋاسى ئەمەس، چۇنكى، ئىسسىـقسى بار ئادەم ئوتتىن لەززەتلەنمەيدۇ-دە.)

ساچىگدىن ئارەزىڭ كورگوزكى، ئەلنى
قاراڭغۇ تۇندە ئەيلەر نۇر مەھزۇز.
(چىچىڭ ئاستىدىن يۈزۈڭنى كورسەت، كىشىگە قاراڭغۇ كېچىدە نۇر بەھرە بېرىدۇ.)

لەبىڭغە چۇن فىداكىم قىلدى جاننى
بۇ ئاقشام ئەسرۇ نامەقدۇر مەھزۇز.

(بۇمەس سىنىڭ لىۋىڭگە جاننى پىدا قىلدى، چۇنكى بۇ ئاقشام بۇ بىچارە بەكمۇ زوقلانغان ئىدى.)

خۇمار ئولتۇردى، ساقى، تۇت قەدەھكىم،
مەي ئولماي بولمادى مەخمۇر مەھزۇز.
(ئەي ساقى، قەدەھ تۇت، مېنى خۇمار ئولتەردى، مەي بولمىسا مەسلىك لەززىتىنى كورگىلى بولمايدىكەن.)

نەۋائى كوگلىنى بۇزدۇڭ، قىل ئەمدى
ئېتىپ ۋەسلىڭ بىلە مەئمۇر مەھزۇز.
(ناۋاينىڭ كوگلىنى سەن ۋەيران قىلدىڭ، ئەمدى ۋەسلىڭ بىلەن ئاۋات قىل.)

خەزان فەسلىدە ئول ئاي جىسمۇ روخسارىمنى كۆرگەن چاغ،
دىگەيكىم، بىر قۇرۇغ شاخ ئۈزرە بۇتمىش بىر قۇرۇق يافراغ.
(ئۇ ئاي كۆز پەسلىدە بەستىم ۋە يۈزۈمنى كۆرسە، "بۇ
ۋ خىشال دەرەختىكى قۇرۇق يوپۇرماقمۇ" دەپ قالىدۇ.)

ئۇچامدا ئاي تۇتۇلغان داغدەك قالدى ئەسەرگويا،
ئۇلۇغ ئىرمىش فەتىلە ئەسرو، چۈن كۆكسۈمگە قويدۇم داغ.
(ئۇچامدا تۇتۇلغان ئايدەك داغ بەلگىسى قالدى، چۈنكى پىلىك
چوڭ، ئوت ئۇلۇغ بولغاچقا كۆكسۈمدە شۇنداق كۆيۈك پەيدا بولدى.)

گۇناھسىز ئۆلگەن ئەل قانى تۇتۇپتۇر پۇشتىنى، يوقسە
ئوشۇل قاتىل خىنا بىرلە قىزىل قىلمايدۇرۇر بارماغ.
(ئۇنى گۇناھسىز ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ قېنى تۇتۇپتۇ، بولمىسا
ئۇنىڭ بارمىغى خىنە ياققاندەك قىزىل بولماس ئىدى.)

گۈلى رەئنادىن ئەتتى كىسۋەتىن سەرۋ رەۋان ياخۇد
سارىغ تەرلىك ئۈزە ئول شوخمۇ كىيمىش قىزىل شىرداغ.
(ئۇ گۈزەل چەبدەس يار رەئنا گۈلدىن كىيىم كىيگەنمىدۇ، ياكى
سېرىق كۆينەك ئۈستىگە قىزىل پەشمەت كىيگەنمىدۇ؟)

يۈزىگە مىھردىن، يوقكىم يۈزىدىن مىھرىگە ناگەھ،
ھەرارەت يەتمىسۇن دەپكىم سالۇر ھەرساردىن قالپاغ.

(يۈزىگە قۇياشتىن، ياق، قۇياشقا يۈزىدىن ئىسسىق
ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ، سايىۋان قالپاق كىيىۋاپتۇ.)

كۆزى ئول شوخنىڭ چۈن بولدى ھەم بىمارھەم ئۇسرۇك،
تولا تۇت دەۋر ئاياغىن، ھەي كوكۇلكىم، مەنھەم ئۆلماي ساغ.
(ئۇ گۈزەلنىڭ كۆزى ھەم ئاغرىق ھەم مەس، ئەي كوكۇل دەۋر
قەدەھىنى تولدۇرۇپ قۇيغىنا، مەنمۇ ساق قالماي.)

كۆزئاچ، ئەشكى نەدامەت ساچ ئۆز ئەھۋالىڭغە كىم، باردۇر
تۈنۈڭ تىرە، كۆزۈڭ خىرە، يولۇڭدۇر تاغ، ئاتىڭ ئاقساغ.
(كۆزۈڭنى ئاچ، ئۆز ھالىڭ ئۈچۈن نەدامەت يېشىنى تۆك، چۈنكى
كېچەڭ قاراڭغۇ، كۆزۈڭ خىرە، يولۇڭ تاغ، ئېتىڭ ئاقساق.)

قەدەم قويما ئەدەبسىز بۇ خەزان كۆرگەچ چەمەن ئىچرە،
كى بىر گۈلرەڭ يۈزىنىڭ سەفھەسىدۇر بىرسارىغ يافراغ.
(غازاڭ بوپتۇ دەپ بۇچىمەنگە ئەدەپسىزلىك بىلەن قەدەم قويما،
چۈنكى بۇندىكى سېرىق يوپۇرماق ئۇنىڭ رەڭدار يۈزىنىڭ سەھىپىسى.)

مەگەركىم كويىدا يالاڭ ئاياغ ئول ئاي خىرام ئەتمىش،
نەۋائى كۆزلەرىگە سۈرمە بولمىش ئول قارا تۇفراغ.
(ئەگەر ئۇ ئاي كوچىسىدا يالاڭ ئاياق ماڭسا، دەسسىگەن يەرنىڭ
قاراتوپىسى ناۋائىنىڭ كۆزىگە سۈرمە.)

گەرقۇياش ئارەزىغە سەئبدۇرۇر كوزسالماق،
ئول قۇياش ئارەزىدىن مۇشكىل ئېرۇر كوز ئالماق.
(قۇياشنىڭ يۈزىگە كوز تىكىپ قارىماق تەس، بىراق،
بۇ قۇياش يۈزىدىن كوزنى قاچۇرۇشمۇ تەس.)

نى قۇياشدۇر بۇكى چۇن چىقتى، كوڭۇللەر خەيلى
بولسا يۈزمىڭ، ئىشدۇر زەررە كەبى قوزغالماق.
(بۇ قانداق قۇياشتۇ، ئۇ چىققىشى بىلەن يۈزمىڭلاپ
كوڭۇل خۇددى زەررىلەردەك تىترەپ كېتىدۇ.)

سەرسەرى ئاھدىن ئەشكىمگە تەھەررۇك نى ئەجەب،
يەل چۇ تىز ئولدى بولۇر بەھر ئىشى چايقالماق.
(ئاھىم شامىلى كوز يېشىمنى قوزغىسا، ئەجەپلەنمەڭ، چۈنكى شامال
قاتتىق چىقسا دېڭىز داۋالغۇماي تۇرامدۇ.)

ئەي ۋىسال ئەھلى، فىغانىم ئىشتىپ كۈلمەڭكىم،
ھەجر زىندانى ئارا موشكىل ئېرۇر قىينالماق.
(ئەي ۋىسال تاپقانلار، فىغانىمنى ئاڭلاپ كۈلمەڭلەر، جۇدالىق
زىندانىدا ئادەم چىدىغۇسىز قىينىلىدىكەن.)

ساقىيا، دىمە تۇگەنگىلكى، ئەمەستۇر مۇمكىن
ھەجرلەب تەشنەسى جامىدا تەرەششۇھ قالماق.

(ئەي ساقى، تامام قىلدىمە، ھىجراندا لېۋى قۇرۇپ كەتكەننىڭ
جامىدا مەينىڭ ساقىندىسى قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.)

ئەي مۇغەننى، قەدەھۇ شەمئ بۇ بىخود سارى باق،
بۇ بولۇر موزھىكۇ مۇبكىيۇ مۇنەۋۋىم چالماق.
(ئەي سازەندە، قەدەھ، چىراق! بۇبىھۇشقا يۈزلىنىڭلار، بۇنداق
قىلىش، كۈلدۇرگۈچى، يىغلاتقۇچى، ئۇخلاتقۇچى سازنى چېلىش
ئەمەسمۇ.)

سالا ئالمايدۇر ئانىڭ سارى نەۋائى ئوزىنى،
ئەي كوڭۇل فايدە يوق، بولماس ئوزوكنى سالماق.
(ناۋايى ئوزىنى ئۇنىڭ تەرىپىگە ئاتالمايدۇ، ئەي كوڭۇل، ئۇ-
نىڭغا ئوزۇكنى ئاتقىلى بولمايدۇ ھەم پايدىسىمۇ يوق.)

يۇزلىك ئاچىپ نى ئەجەب يۈز خانۇماننى ئورتەمەك،
كىم بولۇر بىر شەمئ ئوتى بىرلە جاھاننى ئورتەمەك.
(يۈزۈڭنى ئېچىپ يۈزلەپ ئۆي ـ ماكاننى ئورتىۋەتتىڭ، بۇ خۇددى
بىر چىراق ئوتى بىلەن دۇنيانى ئورتىۋەتكەندەك ئىشقۇ.)

چۇن كوڭۇل سەيد ئەيلەدىڭ، جىسمىغە ئوت سالماق نىدۇر،
رەسم بولماس قۇشنى ئالىب، ئاشياننى ئورتەمەك.
(كوڭلۇمنى ئوۋلاپ قولغا چۈشۈرۈپ، يەنە جىسمىمغا ئوت قويغىنىڭ
نىمىسى؟ قۇشنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇۋىسىنى ئورتىۋېتىدىغان قائىدە
يوق ئىدىغۇ!)

زەئىفلىغ جىسمىمنى ئورتەپ بولما ئاھىمدىن مەلۇل،
خاسىيەت جۇزدۇدنى بولغاي سەماننى ئورتەمەك.
(زەئىپ جىسمىمنى ئورتەپ، تۈتۈن چىقسا خاپا بولما، سامانغا
ئوت قويۇلسا، ئىس چىقمايدىغان ئىش نەدە بار.)

بىل، شەفەق ئوتىنى ئەنجۇم ئۇچقۇنىدىن، غەم تۈنى
كىم قىلىبدۇر مەيل ئاھىم ئاسماننى ئورتەمەك.
(شەپەقنى يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى دىمە، بەلكى غەم ئاخشىمى ئاھىم
ئوتى ئاسماننى ئورتىگىلى تۇردى.)

ئورتەدى كوڭلۇم تەن ئىچرە ئوقلارىڭنى ئويلەكىم،
تۈشسە ئوت ئول نەۋئى بولماق نەيستاننى ئورتەمەك.

(تېنىمگە سانچىلغان ئوقلىرىڭنى كوڭلۇم ئورتىۋەتتى،
خۇددى ئوت چۈشسە قومۇشلۇقنى ئورتىۋەتكەندەك.)

خەلق ئولوب ئاشىق ساڭا، مەن ئورتەنورمەن، ۋەھ، نىچە،
ئەلگە سالغان ئوت بىلەن مەن ناتەۋاننى ئورتەمەك.
(باشقىلار سېنىڭ ئاشىقىڭ ئىكەنۇ، بىراق مەن كويۈۋاتىمەن،
باشقىلارغا سالغان ئوتتا مېنىڭ كويۈۋاتقىنىم نىمىسى؟)

چەرخ ئاھىم ئوقىدىن يۈزمىڭ توشۇكدۇر، ئەي كوڭۇل،
ئورتەمەك ئانى ھەمول دۇركى جەھاننى ئورتەمەك.
(ئاھىم ئوقىدىن ئاسمان ھوتمۇ تۆشۈك، ئەي كوڭۇل،
ئۇنى ئورتەش، جاھاننى ئورتەش ئەمەسمۇ.)

نى ئۇچۇن گۇل بولدى ئوت، ئەشجار ئوتۇن، سۇنبۇل تۈتۇن،
ئىستەمەيدۇر گەر فەلەك بۇ بوستاننى ئورتەمەك.
(گۇل ئوت، دەرەخ ئوتۇن، سۇنبۇل تۈتۈن، فەلەك
نىمشكە مۇشۇ بوستانغا ئوت قويمايدۇ؟)

سالما ئوت ئوششاق جانىغە نەۋائى باردە،
نى ئۇچۇنكىم ياخشىدۇر ئەۋۋەل ياماننى ئورتەمەك.
(ناۋايى بار تۇرۇپ، باشقا ئاشىقلارنىڭ جېنىغا ئوت ياقما،
چۈنكى ئالدى بىلەن ياماننى كويدۇرگۈلۈك ئەمەسمىدى.)

نى خەيال ئىدى يەنەكىم كوڭۈل قۇشى سەيدىنى ھەۋەس ئەيلەدىڭ
بەدەنىمغە ھەرساردىن خەدەڭ ئۇرۇبان، ئاڭا قەفەس ئەيلەدىڭ.
(خىياللىق نىمىدۇ؟ يەنە كوڭلۇم قۇشىنى ئوۋلاش كويىغا چۈشتۈڭ،
ھەرتەرەپتىن ئاتقان يا ئوقلىرىنى بەدىنىمگە قەپەز قىلدىڭ.)

كوڭۈل ئىچرە شوئلەئى ئىشقىڭىم، يېتەدۇر فەلەككە زەبانەسى،
تەنىمۇ سۆڭەكلەرىم ئول ئوتۇڭنى ياقارغا خارخەس ئەيلەدىڭ.
(كوڭلۇمدىكى ئىشق ئوتۇڭنىڭ يالقۇنى پەلەككە يېتىدۇ، شۇ ئوتنى
يېقىش ئۈچۈن بەدەن-سۆڭەكلىرىمنى ئەخلەت-چاۋاغا ئايلاندۇردۇڭ.)

كوز ئىچىندەكىم تولاقان ئىدى، ئاغىز ئىچرە داغى تۈتۈندەك ئاھ،
ئانى دەمبەدەم قىلىبان فۇزۇن، ئانى ھەمنەفەس- نەفەس ئەيلەدىڭ.
(كوز چاناقلىرىم قانغا تولدى، ئاھ ئۇرسام ئاغزىمدىن تۈتۈن
چىقىدۇ، ئۇنى (قاننى) ھىلىدىن - ھىلىغا تاشقۇزۇپ، بۇنى (تۈتۈننى)
ھىلىدىن - ھىلىغا پۈۋلەپ ئۇلغايتىسەن.)

ياتىپ ئېردىم ئولگەلىكىم، تىرىلدىم ئانىڭ جەفاسى ھەدىسىدىن،
نىگە ئۆيقۇدىن بۇرۇن ئول فەسانەنى، ئەي رەفىق، بەس ئەيلەدىڭ.
(ئولۇپ، ياتقان ئىدىم. ئۇنىڭ جاپاسى توغرىسىدىكى قىسسىنى ئاڭ-
لاپ تىرىلدىم، ئەي دوست، نىمىشكە بۇ چوچەكلىرىڭنى مەن ئۇي-
قۇغا كېتىشتىن بۇرۇن توختۇتۇپ قويدۇڭ؟)

ماڭا ئىشق ئارا ئولۇم ئېردى چارەئى ھەجرىدە، بۇ نى رەنجىكىم،
ئانى دەفئ ئېتەرگە فىراقى دەردو غەمىنى چارەرەس ئەيلەدىڭ.
(ماڭا ئىشق ئارا ھىجران دەردىنىڭ چارىسى ئولۇم بولدى، بۇ شۇن-
داق دەرت ئىكەن، ئۇنى ساقايتىشقا پىراق دەردۇ- غېمىنى دا-
ۋالاش چارىسى قىلدىڭ.)

چۈكىم ئولدى چاك ھەزىن كوڭۈل غەمى ھەجرى دەشتىدە، ئەي فەلەك،
يول ئازارغە ئەھلى سەلامەت ئول كوڭۈل ئوتىنى جەرەس ئەيلەدىڭ.
(مۇڭلۇق يۈرۈگۈم ھىجران دەردىنىڭ دەشتىدە چاك كەتتى،
ئەي پەلەك، ساق ئادەملەر يولدىن ئېزىپ كەتكەندە، سەن شۇ يۈرەك
ئوتىنى كولدۇمىغا ئايلاندۇردۇڭ.)

چۇ فىراق شىددەتى، ئەي كوڭۈل، غەمى ئىشقلار مەھەسى ئىمىش،
نى يېتىشسە چەك، چۇ بۇرۇن ئوزۈڭ بۇ بەلانى مۇلتەمەس ئەيلەدىڭ.
(ئەي كوڭۈل، پىراق زەربىسى مۇھەببەت غېمىدىكىلەر ئۈچۈن
ئاي دىۋىدىڭ، ئەمدى نىمە كەلسە كور، چۈنكى ئوزەڭ بۇرۇن
بۇ بالانى تەلەپ قىلغان ئىدىڭغۇ.)

تۈنۈ- كۈن سەبۇچېكىپ ئىلىكىگە، سال ئوزۈڭنى ھەلقەئى دەيرئارا،
چۇ بىلىڭگە مۇغبەچەلەر كەمەندى خەيالىنى مەرەس ئەيلەدىڭ.
(كېچە- كۈندۈز قولۇڭغا قەدەھ ئېلىپ، مەيخانە سورۇنىدىن جاي
ئال، ئوزەڭمۇ ساقى بەلۋىغىنىڭ خىيالىنى بېلىڭگە ئارقان قىلىپ
باغلاۋالدىڭ.)

چۇ زەمانە ئەھلى ئارا ۋەفا تىلەدىڭ، چەك ئەمدى نەۋائىيا،
ئەلەم بەلا، نى ئۈچۈنكى ئەل ئارا يوق نىمەنى ھەۋەس ئەيلەدىڭ.
(ئەي ناۋايى، سەن كىشىلەردىن ۋاپا تىلىۋىدىڭ، ئەمدى بالا
تاپتىڭ، نىمىشقا ئىنسانلار ئارىسىدا يوق نەرسىگە ھەۋەس قىلغان
بولغىدىڭ.)

ماڭا بىرلەھزە ۋەفا ئەيلەمەدىڭ،
كى ھەمول لەھزە جەفا ئەيلەمەدىڭ.
(ماڭا بىردەممۇ ۋاپا قىلمىدىڭ، ھەم
بىردەممۇ جاپا سالماي قالمىدىڭ.)

قامەتىڭدىن ماڭا كام ئېردى خىرام،
ۋەھكى كامىمنى رەۋا ئەيلەمەدىڭ.
(قامىتىڭنىڭ ماڭا ئېگىلىشىنى خالايتتىم، بىراق،
بۇ خاھىشىمنى سەن راۋا كۆرمىدىڭ.)

ئاتماق ئوق ئەلگە خەتادۇر، لېكىن
ماڭا ئاتقانىنى خەتا ئەيلەمەدىڭ.
(باشقىلارغا ئوق ئاتساڭ خاتا كېتىدۇ، ئەمما
ماڭا ئاتقاندا خاتا كەتكۈزمىدىڭ.)

ئەلگە لۇتفۇڭ، ماڭا گەر بولسا جەفا،
نى جەفالاركى، ماڭا ئەيلەمەدىڭ.
(باشقىلارغا شەپقەت قىلسەن، ماڭا
جاپا، جاپا بولسىلا ماڭا كۆرسەتتىڭغۇ.)

گەردەرەخشىغە بەھا جان تىلەدىڭ،
ئانى تۇفراقچە بەھا ئەيلەمەدىڭ.

(ئۆزەڭنىڭ نۇرىنى جانغا باھالايسەن، بىراق
مېنىڭ باھايىمنى تۇپراقچىمۇ تەڭ قىلمىدىڭ.)

تاپمادىڭ مۇلكى بەقا تا ئۆزنى،
ئازىمى دەشتى فەنا ئەيلەمەدىڭ.
(ئۆزەڭ يوقۇلۇش دەشتىگە سەپەر قىلماي
تۇرۇپ، مەڭگۈلۈك يۇرتنى تاپالمايسەن.)

يۈز ۋەفا ۋەئدە نەۋائىغە قىلىپ،
ئاھكىم، بىرگە ۋەفا ئەيلەمەدىڭ.
(نەۋائىغا يۈزلەپ ۋەئدىلەرنى بەردىڭ، بىراق،
بىرسىگىمۇ ۋاپا قىلمىدىڭغۇ.)

يارەب ئول ئايىنكى ئەل كوڭلىگە مەرغۇب ئەيلەدىڭ،
گەرچە ئىشقىدىن خەراب ئەتتىڭ مېنى، خوب ئەيلەدىڭ.
(ئەي خۇدا، ئۇ ئايىنى كىشىلەرنىڭ كوڭلىگە ياقىدىغان قىلدىڭ،
مېنى ئىشق دەردىدە خاراپ قىلىپ، ياخشى قىلدىڭ.)

شاھ ئېسەم ئىشق ئەھلىغە تاڭ يوقكى، ئەي گەردۇن، مېنى
ئول جەمال ئەھلى شەھى ئىشقىغە مەنسۇب ئەيلەدىڭ.
(ئەي پەلەك، ئاشىقلارنىڭ پادىشاسى بولسام ئەجەپ ئەمەس، چۈنكى،
سەن مېنى گۈزەللەر شاھىنىڭ ئىشقىغا مەنسۇپ قىلىپ قويدۇڭ
ئەمەسمۇ.)

نى ئەجەب باشتىن-ئاياغىم دەرد بولسا، ئەي قەزا،
كىم، نىگارىمنى قەدەم تا فەرقى مەرغۇب ئەيلەدىڭ.
(ئەي تەقدىر، باشتىن-ئايىغىمغىچە دەرد بولسا، ھەيران
قالمىغۇلۇق، چۈنكى سەن نىگارىمنى بېشىدىن-ئايىغىغىچە
سۆيۈملۈك قىلىۋەتتىڭ.)

تېلبەرەب ئىرمىشمەن ئەي راقىم، ھەمول كۈندىن بېرى،
كىم جۇنۇنىمنى پەرىزادىمغا مەكتۇب ئەيلەدىڭ.
(ئەي كاتىپ، سەن مەجنۇنلىقىمنى پەرىزادىمغا يېزىپ،
ئەۋەتكەندىن بېرى مەن ساراڭ بولۇپ قالدىم.)

تۇھمەتى زۇھد ئەيلەبان، ئەي شەيخ كازىب، نى ئۈچۈن
بىگۇناھ بىزنى خەرابات ئىچرە مەئيۇب ئەيلەدىڭ.
(ئەي كاززاپ شەيخ، نېمە ئۈچۈن سوپىلارچە تۆھمەت
توقۇپ، مەيخانىدىكى بىزدەك گۇناسىزلارنى ئەيىپلەيسەن؟)

جان بېرىپ بولسام ئەجەب يوق تالىبىڭ، ئەي ئىشقىكىم،
ھەرنى مەتلۇبىدۇر ئانىڭ بىزگە مەتلۇب ئەيلەدىڭ.
(ئەي مۇھەببەت، جاننى بېرىپ خېرىدارىڭ بولسا، نېمە بوپتۇ.
چۈنكى، ھەرقانداق تەلەپ قىلىدىغان نەرسەڭگە مېنى
تەلەپكار قىلدىڭ.)

ئەي نەۋائىي، ئوزنى سالدىڭ ئىتلارى خەيلى ئارا،
ئىتنى گويا ئادەمى خەيلىدە مەھبۇب ئەيلەدىڭ.
(ئەي ناۋايى، ئۆزەڭنى ئۇنىڭ ئىتلىرى ئارىسىغا قوشتۇڭ،
بۇ، ئۇنىڭ ئىتىنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ دوست تۇتقىنىڭ.)

سىنغالى كوڭلۇم ئاقار ھەر لەھزەخۇنابى ئانىڭ،
شىشەكىم سىندى ئاقارتۇرماي مەيى ئابى ئانىڭ.
(كوڭلۇم سۇنغانچە قېنى ئېقىۋەدى، گويا شىشە
سۇنسا، شارابى توختىماي ئاققاندەك.)

سالمە ئۇل كوي ئىچرە قاشىڭغە گىرىھكىم، شۇبھەدۇر،
تائەت ئەيلەر يەرگە تۇشسە ئېگرى مىھرابى ئانىڭ.
(بۇ كوچىدا قېشىڭنى پۈرۈشتۈرمە — قىيشايتما، ئىبادەت
قىلىدىغان يەرنىڭ مىھرابى قىڭغىر بولۇپ قالسا، شەك
چۈشۈپ قالىدۇ.)

بەھرى ئەشكىم ئۇيلە دەريادۇركى، دەۋرى چەرخدەك،
بولغالى لايىقدۇرۇر ھەرسارى گىردابى ئانىڭ،
(كوزيېشىم دەرياسى شۇنداق دەرياكى، ئۇنىڭ
ھەربىر قايىنمى خۇددى پەلەك چاقىدەك بار.)

ئۇيلە زەنجىرىدۇرۇر زۇلفۇڭ قەمەر دەۋرىدە كىم،
تۇشكۇدەك بولمىش قەمەر دەۋرىغە قۇللابى ئانىڭ.
(چاچلىرىڭ ئاي ئەتراپىدا شۇنداق زەنجىر دۇركى،
ئۇ خۇددى ئاينى قورشىغان توزاققا ئوخشايدۇ.)

قىل كەبى جىسمىمكى ھەجرىڭ سوزى ئىچرە تولغانۇر،
ئوتقە توشكەندىن نىشاندۇر پىچ ئىلە تابى ئانىڭ.

(جىسمىم قىلغا ئوخشاش ھىجرانىڭ ئوتىدا تولغىنىدۇ، ئۇنىڭ
تولغىماچ بولۇپ كېتىشى ئوتتا قورۇلغانلىغىنىڭ نىشانىسى)

ئۇيلە قۇرباندۇر ئاڭا كوڭلۇمكى، جان ئەيلەر فىدا،
تىغ ئالماسدىن بۇرۇن ئىلكىگە قەسسابى ئانىڭ.
(كوڭلۇم ئۇنىڭغا شۇنداق قۇربانكى، ئۇنىڭ قاسساپى
قولىغا پىچاق ئالماي تۇرۇپ جان پىدا قىلىدۇ.)

پىرى دەير ئەيلەر سەبۇھ، ئەمما كوز ئاچماس مۇغبەچە،
ئەيشىنى تەلخ ئەيلەمىش بىزگە شەكەرخوابى ئانىڭ.
(مەيخانىچى سەھەر تۇرۇدۇ، ئەمما مەيچى بالا،
كوز ئاچمايدۇ، ئۇنىڭ شىرىن ئۇيقۇسى كەيپىمگە زەھەر
بولدى.)

فەقر ئېرۇر ھەرلەفزە شەرھى يازىلۇر يۈزمىڭ كىتاپ،
نە ئۇچۇنكىم خۇش كېلۇر ئەيتۇردە ئەتنابى ئانىڭ.
(ھەرئېغىز سوزنىڭ شەرھى يېزىلسا يۈزمىڭ كىتاپ بولىدۇ،
نىمشقىدۇ سوزى قانچە ئۇزارسا، شۇنچە يېقىملىق.)

ئەي نەۋائى، تاپتى مۇترىب سازىدىن كوڭلۇم نەۋا،
گۇييا جان رىشتەسىغە تەگدى مىزرابى ئانىڭ.
(ئەي ناۋايى، كوڭلۇم نەغمىچىنىڭ سازىدىن بەھرىمەن بولدى،
گوياكى ئۇنىڭ زەخمىگى جان رىشتىسىگە ئۇرۇلغاندەك.)

قەسدى جانىم قىلدى ھەجر، ئەي قاتىلى خونخوار، كەل،
قان توكۇپ جانىمنى ئالماق ئىستەسەڭ زىنھار كەل.
(ھىجران جېنىمغا قەست قىلدى، ئەي قانخور قاتىل، كەلگىن،
قان توكۇپ، جېنىمنى ئالماقچى بولساڭ، چوقۇم كەلگىن.)

ئەشكى دۇررىن كوزدە، جان نەقدىن ئاۋوچدا ئاسرادىم،
كىم، قاچان كەلسەڭ يولىڭغە قىلغامەن ئىسار، كەل.
(ياش ئۈنچىلىرىمنى كوزۇمدە، جان غەزىنىسىنى چاڭگىلىمدا ساقلاپ تورۇمەن،
قاچان كەلسەڭ، مەن ئۇنى يولۇڭغا چاچىمەن.)

روھۇم ئايرىلمىش بەدەندىن، گەر تىلەرسەن ئەي ھەبىب،
ئەيلەمەك ئىيسايۇ روھىللاھ دەمىن ئىزھار، كەل.
جېنىم تېنىمدىن ئايرىلىپ كەتتى، ئەگەر خالىساڭ،
ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ جانبەخش دىمىنى ئېلىپ كەل.)

ئەيتمايىن كەلگىل داغى قىلغىل تەۋەققۇف لەھزەئى،
كەلگەچ ئوق بارغىل، ۋەلى جانىمنى ئالغاچ بار-كەل.
(ئېيتماستىنلا كەلگىن ھەم بىرئاز توختا، كەتسەڭمۇ،
كەلسەڭمۇ جېنىمنى ئالغاچ كېتىپ، ئالغاچ كەل.)

جان يېتىبىتۇر ئاغزىمە، دەرمەن لەبىڭغە تاپشۇراي،
لوتف ئېتىپ قىلغىل مېنى جان بىرلە مىننەتدار، كەل.

(جېنىم ئاغزىمغا كېلىپ قالدى، ئۇنى لېۋىڭگە تاپشۇرۇپ
بېرەي دەيمەن، شۇڭا كېلىپ، مېنىمۇ، جېنىمنىمۇ مىننەتدار قىلغىن.)

دەير ئارا مەي ئىچكەلى كەلگۇم دىسەم، دەر مۇغبەچە:
بوت قاشىدا باش قويۇپ، باغلار ئىسەڭ زۇننار، كەل!
(مەيخانىغا مەي ئىچكىلى كېلىمەن دىسەم، مەيچى بالا:"بويىنۇڭغا
زۇننار باغلاپ، بوت ئالدىغا باش قويساڭ، كەل" دەيدۇ.)

چۈن نەۋائى بىنەۋا جانىنى سەنسىز ئىزدەمەس،
ئانى جانىنىڭ، جانىنى ئانىڭ رەنجىدىن قۇتقار، كەل.
(بىچارە ناۋايى سەنسىز جان ئىزلىمەيدۇ، كېلىپ ئۇنى
جانىنىڭ ئازاۋىدىن، جانىنى ئۇنىڭ ئازاۋىدىن قۇتقازغىن.)

دىمەكىم مەستلىقدىن قەددى بولمىش ھەرقايان مايىل،
كى ئاھىم يىلدىندۇر ھەريان ئول سەرۋ رەۋان مايىل.
(مەسلىكتىن قەددى ئۇيان - بۇيان سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپتۇ، دىمە،
بۇ ئاھىم شامىلىدىن ئۇ سەرۋى بويىلۇقىنىڭ ھەريانغا ئىغاڭلاپ
تۇرغىنى.)

يۈزى ئاللىدا باش ساجىد، چۈچۈك نۇتقىغە تىل زاكىر،
خەتى سەبزىغە كۆز راغىب، لەبى لەئلىغە جان مايىل.
(بېشىم يۈزى ئالدىدا سەجدە قىلغۇچى، تىلىم چۈچۈك گەپلىرىنى
تەكرارلىغۇچى،
كۆزۈم مىيىقلىرىغا مەپتۇن، جېنىم ياقۇت لېۋىگە مايىل.)

قۇيۇندەك پويە بىرلە كويىن ئىستەرمەن، ئەجەب ئىرمەس،
ۋەتەنغە بولسا ھەر سەرگەشتەئى بىخانۇمان مايىل.
(مۇساپىرلىقتا گاڭگىراپ يۈرگەنلەر ئۆز يۇرتىغا تەلپۈنگەندەك،
مەن ئۇنىڭ كوچىسىغا قۇيۇندەك ئۇچۇپ بارسام، ھەيران قالماڭلار.)

ئېسەم ھىجرانىدىن مۇھرىق ئول ئوتلۇق يۈزنى ئىستەرمەن،
نىكىم زەئفىن فۇزۇن ئەيلەر ئاڭادۇر ناتەۋان مايىل.
(ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ تۇرۇپ يەنە ئوتلۇق يۈزگە ئىنتىلىمەن،
كېسەلمۇ نىمە ئاجىزلاشتۇرسا، شۇنىڭغا مايىل بولىدىغۇ.)

قىلىچىڭ مەيلى، تاڭ يوق، بولسا جانى خاكسارىمغە،
نى يەركىم پەستراق سۇ ئول يان ئولغاي بىگۇمان مايىل.

(قىلىچىڭ ئاياق - ئاستى بولغان جېنىمغا يۈگۈرسە، ئەجەپ ئەمەس،
چۈنكى قەيەر پەسرەك بولسا سۇمۇ شۇيەرگە يۈگرەيدىغۇ.)

مەھال ئۈممىد ئىلە كۆلبەمدە دائىم مۇنتەزىردۇرمەن،
كى شايەد ئول پەرى بۇ جانىب ئولغاي ناگەھان مايىل.
(بەلكى ئول پەرى تۇيۇقسىز بۇ تەرەپكە كېلىپ قالاردەپ،
ھۇجرامدا ھەممىشە قۇرۇق ئۈممىت بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرىمەن.)

ئەگەر مەسجىددە كىردىم ھەلقەئى زىكرىڭ ئارا، ئەي شەيخ،
ۋەلى مەيخانەۋو مۇترىب سارى مەن ھەرزەمان مايىل.
(ئەي شەيخ، ئەگەر مەسچىتكە بېرىپ زىكرى - سوھبىتىڭ
ھالقىسىگە كىرىپ قالساممۇ، لېكىن كۆڭلۈم ھامان مەيخانە ۋە
سازەندىگە مايىل.)

نەۋائىنىڭ بۇزۇغ كۆڭلىنى مەنزىل قىلدى غەم خەيلى،
نىچۈككىم توشكەلى ۋەيرانغە بولغاي كارۋان مايىل.
(غەم لەشكەرلىرى ناۋائىنىڭ ۋەيرانە كۆڭلىنى مەنزىل قىلدى،
خۇددى كارۋان ۋەيرانىلىقنى قونالغۇ قىلىشقا مايىل بولغىنىدەك.)

نى ئەجەب مەيل ئەيلەسەم يوقلۇققە ھەردەم، ئەي كوكۇل،
كىم يوق ئولسام يوقتۇرۇر يوقلاركىشىم ھەم، ئەي كوكۇل.
(ئەي كوكۇل، مەن ھەمىشە يوقلۇلۇشنى خالىسام، نىمە بوپتۇ؟
مەن يوقالسام يوقلايدىغان كىشىمۇ يوق بولىدىغۇ!)

فىكر ئېتىپ بىلمان نى نەۋئ ئېركەن كوكۇل خۇررەملىغى،
كورمەدىم ھەرگىز سېنى بىردەم چۇ خۇررەم، ئەي كوكۇل.
(شۇنچە ئويلاپ، كوكۇل خۇشلىغىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلەلمىدىم،
ئەي كوكۇل، مەن سېنىڭ بىردەممۇ خۇش بولغىنىڭنى كورمىدىم.)

ئالەم ئەھلىغە ۋەفا كوپ قىلدىمۇ، كوردۇم جەفا،
ئۇلفەتىڭ بۇخەيلىدىن سەن بارى قىل كەم، ئەي كوكۇل.
(ئالەم ئەھلىگە ۋاپا قىلغانسېرى جاپا كوردۇم، ئەي كوكۇل،
ئەمدى سەن بۇنداق ئۇلپەتلەرنى ئازايتقىن.)

گەر تەكەللۇف قىلماسام سەندىن ئىدى ھەرنېچەكىم،
جانىمە يۇزلەندى دەردى مىھنەتۇ غەم، ئەي كوكۇل.
(ئەي كوكۇل، ئوزەمنى قىينىماي دەيمەن، بىراق، جېنىمغا
جاپا، دەرت، غەمنىڭ ھەرقانداقى سەندىن كەلدى.)

قايداكىم ھوسن ئەھلىدىن ئالەمغە تۇشتى ئافەتى،
ئىشقدىن قىلدىڭ مېنى رەسۋايى ئالەم، ئەي كوكۇل.

(ئەي كوكۇل، ئالەمگە گۇزەللەرنىڭ ئاپىتى چۇشۇشى بىلەنلا،
مېنى ئىشق يولىدا رەسۋايى ئالەم قىلدىڭ.)

كوزلەرىم شورابەسىن، ۋەھكىم، ئاقىزدىڭ يۇزسارى،
ھەرمەلاھەت ئەھلى توككەچ گۇلگە شەبنەم، ئەي كوكۇل.
(ئەي كوكۇل، خۇددى گۇزەللەر گۇلگە شەبنەم توككەندەك،
كوز ياشلىرىمنى يۇزۇمگە شۇنچە تامدۇردۇڭغۇ.)

بىر پەرىكىم ئاچتى بىردىۋانەنىڭ قەسدىغە زۇلف،
ئەيلەدىڭ زەنجىرىنى بوينۇمغە مەھكەم، ئەي كوكۇل.
(بىرپەرى بىرساراڭنى تۇتۇش ئۇچۇن زۇلپىنى يايغان ئىدى،
ئەي كوكۇل، شۇ زەنجىرگە بوينۇمنى باغلاپ بەردىڭغۇ.)

ئوتكەن ئوتتى، بارى، ئەمدى ئەيلە بۇ پەندىم قەبۇل،
كىم يانا قىلما ھەۋايى جىنسى ئادەم، ئەي كوكۇل.
(ئەي كوكۇل، ئوتكەن ئىش ئوتتى، ئەمدى بۇ نەسىھەتىمنى
قوبۇل قىلغىنكى، ئادەم جىنسىغا ھەرگىز ھەۋەس قىلما.)

نى ئۇچۇن سېۋدىڭ بىراۋنى چۇن قەرىب، ئەت تەركى ئىشق،
بەس، نەۋائى ئۇزرىنى تۇتقىل مۇسەللەم، ئەي كوكۇل.
(ئەي كوكۇل، قېرىغاندا نىمە دەپ بىرەۋنى سۇيىسەن، بولدى،
ئىشقتىن ۋازكەچ، ناۋائىنىڭ بۇ ئوزرىنى قوبۇل قىلغىن.)

باردى يارۇ يوق ھەددىم بارماققە ھەم تۇرماققە ھەم،
چىن دىسەم رەشك ئۆلتۈرۈر، تەگرىگە تاپشۇرماققە ھەم.
(ياركەتتى، مېنىڭ يا بىرىشقا، ياتۇرۇشقا ھەددىم يوق، راستىنى ئېيتسام رەشك ئۆلتۈرۈدۇ، تەگرىگە تاپشۇراي دىسەم، يەنە...)

كورسەم ئول يۈز كوزگۈسىن تەغيىر ۋەھىمدىن ئەمەس،
قاتىق ئاھ ئۇرماققە ھەم ساكىن نەفەس ئۇرماققە ھەم.
(ئۇنىڭ نۇرانە يۈزىنى كورسەم، ۋەھىمىگە چۈشۈپ، قاتتىق ئاھ ئۇرۇشقىمۇ، بوش نەپەس ئېلىشقىمۇ ئامالسىز قالىمەن.)

ئول پەرىدىن لۇتف يا زۇلم ئولسا ئانداق تەلبەمەن،
كىم، شۈكۈرىم يوق سېۋەنمەكلىككە، قايغۇرماققە ھەم.
(ئۇ پەرىدىن شەپقەت ياكى زۇلۇم يەتسە ئۆزەمنى يوقىتىپ، ياخوشال بولۇشنى يا قايغۇرۇشنى ئۇقماي قالىمەن.)

ئۆلتۈرۈپ يانغە مەن كىم مەن يۈزىنى ئۆپمەكىم،
يوق ھەددىم كويىدا يەر ئۆپمەككە، ئۆلتۇرماققە ھەم.
(ماڭا ئۇنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈپ يۈزىنى سۆيۈش نەدە، ھەتتا كوچىسىدا ئولتۇرۇشقىمۇ، يەرنى سۆيۈشكىمۇ ھەددىم يوق.)

ناتەۋان جىسمىمدا يۈز ناۋەك فىراقىڭ خەيلىدىن،
كىم كۆچۈم يەتمەس بىرىن تارتارغە، سىندۇرماققە ھەم.

(ئاجىز جىسمىمغا پىراقىڭ لەشكەرلىرى ئاتقان ئوقلار ھېسابسىز، ئۇنىڭ بىرەرسىنىمۇ سۇغۇرۇۋېتىشكە يا سۇندۇرۇۋېتىشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ.)

دىمەگىل ئىشقىن نىھان تۇتقىل مەنى ئۇريانغەكىم،
تىغى زەخمىن يوق تەنىم باغلارغە، ياشۇرماققە ھەم.
(ماڭا ئىشقىنى يوشۇرۇن تۇتقىن دىمە، مەن يالاڭغاچىنىڭ تېنىمدىكى تىغ زەخىملىرىنى باغلاشقا يا يوشۇرۇشقا نىمە ئامالى بار.)

تۇت نەۋائى ئىشقى زۇلمىن خوش، چۇ يوقتۇر ئىختىيار،
ئول كوڭۇل ئالماققە ھەم سەن كوڭلۈك ئالدۇرماققە ھەم.
(نەۋايى، مۇھەببەت ئازاۋىغا خۇش بولغىن، چۈنكى ئۇنىڭ كوڭلىنى ئېلىش ياكى كوڭلۈڭنى ئالدۇرۇش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس.)

مەنكى ھەردەم دوستلار بىداد ئىتەردىن زار ئىسەم،
دوستلار ئەيىب ئەتمەسۇن دۇشمەنلەرىمغە يار ئىسەم.
(مەن دوستلارنىڭ زۇلمىدىن دائىم زارلانسام، ھەتتا دوشمەنلەرگە دوست بولسام، دوستلار مېنى ئەيىپكە بۇيرىمىسۇن.)

جان فىدا قىلسام، قىلۇرلار دوستلار دۇشمەنلىغىم،
زەئىفىدىن ئاغزىمغە سۇ تامىزغۇدەك بىمار ئىسەم.
(جېنىمنى پىدا قىلساممۇ، ھەتتا كېسەلدىن ئاجىزلىشىپ، ئاغزىمغا سۇ تامدۇرىدىغان چاغدىمۇ دوستلار ماڭا دۇشمەنلىك قىلىدۇ.)

ياغدۇرۇرلەر تاش قاتتىق سوز بىلە، ۋەھ،نى ئەجەب،
سەنگسار ئولغان كەبى باشدىن ـ ئاياغ ئەفگار ئىسەم.
(ماڭا قاتتىق سوز بىلەن تاش ياغدۇرىدۇ، ئاھ، شۇڭا تاش بوران ئىچىدە قالغاندەك پۈتۈن ۋوجۇدۇم زەخىملىنىپ كەتسىمۇ ـ نىمە دىگۈلۈك؟)

دۇشمىنىم جان ئالسا خۇشتۇر، دوست مىننەت قويسا يوق،
نى ئەجەب دۇشمەنغە ئەر جان بىرلە مىننەتدار ئىسەم.
(دۇشمىنىم جېنىمنى ئالسا خۇش بولىدۇ، لېكىن دوستلۇرۇم جېنىمنى ئېلىپمۇ مىننەت قىلىدۇ، شۇڭا دۇشمەنگە جېنىم بىلەن مىنەتتار بولسام، ھەيران قالماڭلار.)

فارىغ ئەيلەر بۇ بەلالاردىن دەمى بىھۇشلۇق،
بەس، تاڭ ئېرمەس، ساكىنى سەرمەنزىلى خەممار ئىسەم.
(بۇبالالاردىن مېنى بىھۇشلۇق خالى قىلىدىكەن، شۇڭا مەيخانىنى باش مەنزىل قىلىپ ئارام تاپسام، ئەجەپ ئەمەس.)

دەۋر ئاياغىدىن مېنى تىركوز دەمادەم ساقىيا،
كىم ئولەرمەن دەۋر زۇلمىدىن دەمى ھۇشيار ئىسەم.
(ئەي ساقى، ئىچكۈلۈك بەزمىسىنىڭ جامىنى بېرىپ، مېنى تىرىلدۈرۈپ تۇر،
چۈنكى ھۇشيار بولغان ھامان زامان زۇلمى دەستىدىن ئولۇپ قالىدىكەنمەن.)

دىلبەرىم لەيلى سىفەتدۇر، ئاڭلاڭىز، ئەي ئەھلى ئىشق،
بۇ سەبەبدىندۇر ئانىڭ ھەجرىدە مەجنۇنۋار ئىسەم.
(ئەي ئاشىقلار، مېنىڭ دىلبىرىم لەيلىگە ئوخشايدۇ، مېنىڭ مەجنۇندەك يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ!)

ئەيكى، ئەيتۇرسەن: نەۋائى خەلقدىن ئازۇردەدۇر،
يۈز تۈمەن ئازار كورمەك بار ئىكەن مەن بار ئىسەم.
(ئەي، ناۋايى كىشىلەردىن ئازارىيدى دەيسەن، مەن بار ئىكەنمەن، ماڭا يۈز تۈمەن ئازار چېكىشمۇ بار.)

قۇرۇق تەنىمدە تۇگەن كويدۇرۇردە بىباكىم،
فەتىلە ئوتى يېتىشكەچ تۇتاشتى خاشاكىم.
(ئۇ زادى ھېيىقماي قاخشال تېنىمگە ئوت قويدى، تۇترۇق
پىلىك تېگىپلا خەشەك تېنىم ئوت ئالدى.)

تەن ئىچرە تەلبە كوڭۇل ئىزتىراب ئىتەر ئەسرۇ،
تىكىب نى نەۋئ ئوڭالسۇن بۇ سىنەئى چاكىم.
(تەلۋە كوڭلۇم تېنىم ئىچىدە تىپىرلاپ تۇرىدۇ، بۇ كوكسۇم
يىرىغىنى قانداقمۇ تىكىپ ئوڭشىغىلى بولسۇن.)

ھەزىن كوڭۇلنى مەگەر چاك قىلغاسەن ئەي گۇل،
كى غۇنچە يەڭلىغ ئاچىلغاي دەمى بۇغەمناكىم.
(ئەي گۇل، غەمكىن كوڭۇلنى پارە قىلغىن، بۇغەمكىنلىكىم
ئەمدى خۇددى غۇنچىدەك غوزا يىرىپ ئېچىلسۇن.)

ھەۋايى ئىشقىڭ ئارا ئوزگە ئالەمىم باردۇر،
كى ئەنجۇم ئەشكىم ئېرۇر، ئاھ دۇدى ئەفلاكىم.
(سېنىڭ ئىشقىڭ دەردىدە باشقىچە بىر دۇنيامەن، يۇلتۇزلار
مېنىڭ كوز يېشىم، ئاسمان بولسا ئاھىمنىڭ تۇتۇنى.)

دېدىم: باشىمنى چاپىب، ئىتلارىڭە ئەت تۇئمە،
دېدى: بۇ يۇكدىن ئۇزۇلمىش يېقىمىدا فىتراكىم.

(بېشىمنى چېپىپ، ئىتلىرىڭغا ئوزۇق قىلىپ بەر دېسەم، ئۇ: بۇنداق
يۇكتىن يېقىمدا غانجۇغام ئۇزۇلۇپ كەتتى، دەيدۇ.)

فىغانكى، ئىشق ھەدىسى دەقىق ئېرۇر ئانداق،
كى قاسىر ئولمىش ئانى ئاڭلاماقدىن ئىدراكىم.
(ئاھ، مۇھەببەت سوزى شۇنداق نازۇك مەنىگە ئىگىكى،
مېنىڭ ئىدراكىم ئۇنى چۈشۈنۈشكە ئاجىزلىق قىلىدىكەن.)

دېدىڭ: نەۋائى ئىمىش ھۇشمەند، بارى دېگىل،
جەھاندا كىمدۇرۇر ئانداق خارابۇ رەسۋاكىم.
(ناۋايى ھۇشى بار ئادەم ئىكەن دەيسەن تېخى، قويە،بەلكى جاھاندا
ئۇنىڭدەك ۋەيرانە، رەسۋا بولغان كىم بار، دېگىن.)

قان يۇتۇپ ئۆمرى جەھان ئەھلىدە بىر يارئىستەدىم،
لېكىن ئۇل كەمرەك تاپىلدى، گەرچە بىسيار ئىستەدىم.
(بۇ دۇنيادا ئۆمۈر بويى يارئىزلەپ قان يۇتتۇم، شۇنچە كوپ ئىزلىسەممۇ ئۇنداق يار ئاز تېپىلدى.)

كىمگە كىم جانىم فىدا ئەيلەپ ساغىندىم يار ئېرۇر،
ئېرمەس ئېردى يارلىقدا چۇن ۋەفادار ئىستەدىم.
(مەن يار بولىدۇ دەپ بىرسىگە جان پىدا قىلسام، بىراق بۇ مەن ئىزلىگەن ۋاپادار يار بولماي چىقتى.)

بىلمەدىم، ئالەم ئېلىدە يوقتۇرۇر مۇتلەق ۋەفا،
ۋەھكى، ئۆمرۈم ئولچە يوقتۇرساغىنىپ يارئىستەدىم.
(كىشىلەردە مېھرۇ-ۋاپا يوقلىغىنى ئۇقماپتىمەن، ۋاي-ۋاي، يوق يارنى ئارزۇلاپ، ئۆمرۈم بويى ئىزلەپتىمەنا.)

ئولكى تاپىلماس بەشەر خەيلىدە، ۋەھ، غەيلەت كورۇك،
كىم پەرى خەيلىدە مەن، دىۋانەئى زار ئىستەدىم.
(كورۇكلار بۇدۇتلۇكنى، ئادەملەر ئارىسىدا تېپىلمايدىغان، پەرىگە تەئەللۇق گۈزەلنى سارائلارچە ئىزلەپ يۇرۇپتىمەن.)

سىررى ئىشقىمنى كوڭۇل كوز بىرلە فاش ئەتمەك نىتاڭ،
قەلىب تەر دامەننى مەن چۇن ساھىب ئەسرار ئىستەدىم.

(كوڭلۇم بىلەن كوزۇم ئىشقىمنىڭ سىررىنى ئاشكارىلاۋەتكىنى نىمىسى؟ چۈنكى مەن شۇنداق ساختا، تۇراقسىزلارغا سىرداش بولغان-دە.)

شەيخ بىرلە خانىقەھدىن چۇن يارۇغلۇق تاپمادىم،
دەير پىرى خىزمەتىغە كويى خەممار ئىستەدىم.
(شەيخ ۋە خانىقادىن يورۇقلۇق تاپالماي، مەيخانىچىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ مەيپۇرۇش بولۇشنى خالىدىم.)

ئەي نەۋائى چۇن رەفىقى تاپمادىم بۇ غۇسسەدىن،
ئۇزنى بېكەسلىك بەلاسىغە گىرىفتار ئىستەدىم.
(ئەي ناۋايى، بۇقايغۇ-غەم ئىچىدە دوست تاپالماي، ئۆزەمنى يەككە-يىگانىلىق بالاسىغا مۇپتەلا قىلدىم.)

ئانچەكىم شىرىنۇ لەيلىدىن سىنىڭ ھۆسنۈڭ فۇزۇن،
مەندە ھەم فەرھادۇ مەجنۇندىن فۇزۇن ئىشقى جۇنۇن.
(سىنىڭ گۈزەللىكىڭ شىرىن بىلەن لەيلىنى بېسىپ چۈشىدۇ، مېنىڭ ئىشقىم بىلەن سەۋدايىلىقىممۇ پەرھات بىلەن مەجنۇننى بېسىپ چۈشىدۇ.)

غەم ئەمەس، چۈن خاك راھىدىن تاپارمەن جان ئىبسى،
گەرچە موھلىك غەم يۈكى قەددىمنى ئەيلەبتۇر نىگۈن.
(گەرچە ھالاكەتلىك غەم يۈكى قەددىمنى ئېگىپ مۈكچەيتىپ قويسىمۇ، نىمە غەم، چۈنكى ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن ھاياتلىق بويىنى تاپىمەن.)

زۇلفۇڭ ئاللىدا فۇسۇنگەر كۆزلەرىڭ ھەرگوشەدىن،
گويى ئول موشكىن يىلان قەيدىغە ئەيلەرلەر فۇسۇن.
(ئورۇم چېچىڭ ئالدىدىكى كۆزۈڭ، گويا ئىلانغا سېھىر باغلايدىغان قاراسېھىرگەرنى ئەسلىتىدۇ.)

ياغدۇرۇپ ناۋەك، بۇزۇق كۆڭلۈم ئىمارەت ئەيلەدىڭ،
گويىيا ھەلپۇش ئېتىپ قويدۇڭ ئاڭا ھەريان سىتۇن.
(كىرپىك ئوقۇڭنى ياغدۇرۇپ، بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى خۇددى ھەل بەرگەن تۈۋرۈكلەرنى قويۇپ، يېڭى ئىمارەتكە ئايلاندۇردۇڭ.)

لەبلىرىڭ ھەجرىدە كىريان كۆزلەرىمنىڭ قانلارى،
قەترەئى گەر تامسا بىردەريانى ئەيلەر لەئلىگۈن.

(لەۋلىرىڭنىڭ پىراقىدا كۆزۈمدىن ئاققان قانلارنىڭ بىرەر تامچىسى تېمىپ كەتسە، بىر دەريانى ياقۇت رەڭگىگە بويايدۇ.)

ۋەسل ئەييامىدا خۇش تۇت زەررەلەرنى ئەي قۇياش
كىم، بۇ كۆنلەرنى بەغايەت قىسقە ئەيلەر چەرخ دۇن.
(ئەي قۇياش، ۋىسال كۈنلىرىدىكى زەررىلەر غەنىمەت، چۈنكى پەلەك چاقى بۇنداق كۈنلەرنى تولىمۇ قىسقارتىۋېتىدۇ.)

باشىم ئۇزرە فۇرقەتىڭ تاشىنى كۆرسەڭ، دىگەسەن:
نۇقتە زاھىر ئەيلەمىش گويا نەۋائى ئۇزرە «نۇن»
(بېشىم ئۈستىدىكى پىراقىڭ تېشىنى كۆرۈپ، ناۋائىينىڭ بېشىدىكى چېكىت، يەنى "ن" ھەرپىنىڭ چېكىتى شۇنىڭدىن پەيدا بوپتىكەن دەپ قالىسەن.)

بىنەۋامەن ئايرۇ خەيلى ھەمدەمۇ ھەمرازدىن،
زەئىفلىغ ئۇل تارىيەگۈلىغكىم ئۈزۈلگەي سازدىن.
(ھەمنەپەس ۋە سىرداشلىرىمدىن ئايرىلىپ بىچارە بولۇپ قالدىم،
زەئىپلىكتىن سازنىڭ ئۈزۈلەي دەپ قالغان تارىغا ئوخشىدىم.)

قالدىمۇ ناز ئۇيقۇسىندا تۈنۈ ـ كۈن كافىر كوزۇڭ،
يا ئاچىلماس ناتەۋانلار سارى ئەينى نازدىن.
(رەھىمسىز كوزۇڭ كېچە ـ كۈندۈز ناز ئۇيقۇ بىلەنلا ئوتەمدۇ؟
نازىڭ چەشمىسى بىچارىلار تەرەپكە ئېچىلاي دىمەيدىغۇ.)

سوز دىمان جانبەخش لەئلىڭكىم ئولوكنى تىرگۈزۈر،
كورسە روھىللا ئانى دەم ئورماغاي ئەئجازدىن.
(جانبەخش لېۋىڭنىڭ ئولۈكنى تىرىلدۈرۈشى سوزسىز، ئەگەر
ئەيساپەيغەمبەر ئۇنى كورسە ئوزى دەم ئالالماي قالىدۇ.)

ھىچ جانىب كويىدىن كوڭلۇم قىلا ئالماس ھەۋا،
ئويلە قۇش يەگلىغكى، قالمىش بولغاي ئۇل پەرۋازدىن.
(كوڭلۇم ئۇنىڭ كوچىسىدىن باشقا ياققا پەرۋاز قىلالمايدۇ، گويا ئۇ
ئۇچۇشتىن قالغان قۇشقا ئوخشاپ قالدى.)

ناۋەكئەنداز ئولغالى كافىر كوزۇڭ، ئەي قاشى يا،
كىمسەگە جان قالماغاي فەھم ئەيلەدىم ئەندازدىن.

(ئەي قېشى يا، رەھىمسىز كوزۇڭ مەرگەن بولغاچقا، بايقىغىدەك
بولسام، ئەنىڭ ئوق ئېتىشىدىن ھىچكىم ساق قالمىغىدەك.)

تا سىرىشكىم قىلدى سىررىم فاش، كوزدىن سالمىشام
ئېھتىراز، ئەي دوستلار، ۋاجىبدۇرۇر غەممازدىن.
(كوز يېشىم سىرىمنى پاش قىلىۋەتتى، ئەي دوستلار
سىرىمنى يايغۇچى بۇ كوزدىن ھىزى بولمىسام بولمىغىدەك.)

چەرخ ئورتانغاي قۇياش ئوتىغە كويگەننى دىسەم،
ئۇل قۇياش بىدادىيو چەرخى جەفا پەردازدىن.
(ئۇ قۇياشنىڭ زۇلمىدىن ۋە پەلەكنىڭ جاپاسىدىن كويگەن دەردىمنى
ئېيتسام، فەلەك قۇياش ئوتىدا ئورتىنىدۇ.)

قورقۇتۇپ ئەلنى تەمۇغ، لېكىن مېنى قىسمى ئەزەل،
ئەلگە ۋەھم ئەنجامدىن، ئەمما ماڭا ئاغازدىن.
(دوزاق كىشىلەرنى ۋەھىمىلىك ئاقىۋەت بىلەن قورقۇتىدۇ، ئەمما
مېنى ئوز قىسمىتىم ئالدىنالا قورقىتىدۇ.)

دەھر ئارا نى كوپكە چۇن تاپقۇڭ بەقانى ئازغە،
ئەي نەۋائى، ئازۇ كوپ سوز دىمە كوپۇ ئازدىن.
(زاماندىن كوپ نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، بىراق ئولمەس نەرسىنى
ئاز تاپىسەن، ئەي ناۋايى، كوپ توغرىلىق ئاز سوزلە، ئازتوغرىلىق
كوپ سوزلە.)

گەرچە توكتى قان كوزۇم سەنسىز ھەمان، كوڭلۇم ھەمان،
نى كوڭۇلدىن بىر زەمان چىقتىڭ، نى كوزدىن بىر زەمان.
(سەنسىز ھەممىشە كوزۇم، كوڭلۇم قان توكسىمۇ، يا بىردەم
كوڭۇلدىن چىقمايسەن، يا بىردەم كوزدىن.)

چۇن تەنىمنى ھەجر ئوتى كويدۇردى ئاھ ئۇرسام، نىتاڭ،
دۇد قىلماي نەيلەگەي ئەخگەر ئوزە تۇشكەن سامان.
(ئاھ ئۇرسام پىراق ئوتى تېنىمنى كويدۇردى، ھەيران بولما،
چوغنىڭ ئۇستىگە سامان چۇشسە تۇتۇن چىقماي قالامدۇ.)

ھەجر ئوتىنىڭ دۇدى كوز ئاچماققە قويماس، ئاھكىم،
كوز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ھىجران زۇلمىدىن تاپمان ئامان.
(جۇدالىق ئوتىنىڭ تۇتۇنى كوزنى ئاچقۇزمايدۇ، ئاھ، بۇ ھىجران
زۇلمىدىن كوز يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ئارام تاپالمايسەن.)

دەھر ئاراياخشى ـ يامان ئىچرە بەسى قىلدىم نەزەر،
دىلبەرىمدىن ياخشى يوق، ئانداقكى يوق مەندىن يامان.
(دۇنيادا ياخشى ـ يامانلارغا كوپ نەزەر سالدىم،
دىلبىرىمدىن ياخشىسى يوق ئىكەن، مەندىن يامىنى.)

ۋەھشەتىم دەشت ئوزرە زاھىردۇر جۇنۇندىن ئانچەكىم،
ۋەھشكىم مەجنۇنغە رام ئېردى، ئېرۇرمەندىن رەمان.

(سەۋدايىلىقتىن بۇ دەشت ـ چولدە شۇنداق ياۋايىغا ئايلاندىمكى،
مەجنۇندىن قاچمايدىغان ياۋايى ھايۋانلار مەندىن ئۇركۇپ قاچ-
دىغان بولدى.)

ساقىيا، ھىجراندىن ئول دەم ئەيلەگىل بىخۇد مېنى
قۇي تولاكىم بادە، ياخود زەھر ئىكەننى تالغامان.
(ئەي ساقى، شۇتاپتا مېنى ھىجران دەردىنى سەزمەس قىلىپ قوي،
قەدەھكە مەي قۇيامسەن، زەھەرمۇ، تاللىماي ئىچىۋېرىمەن.)

ئەي نەۋائى، ھەر زەمان گەر ۋەسل تاپساڭ ئەيش قىل،
كىم زەمانغە مۇمكىن ئېرمەس ھىچكىم بولماق زىمان.
(ئەي ناۋايى، قاچان ۋىسال تاپساڭ، پەيزى قىلغىن،
چۇنكى، زامانغا ھىچكىم كېپىللىك قىلالمايدۇ.)

مېھرئەمەس، مەشئەل يارۇتقان قەلئەئى ئەفلاكدىن،
كىم فەلەككە سالدى ئوت رۇخسارى ئاتەشناكدىن.
(ئۇ، قۇياش ئەمەس، بەلكى فەلەك قەلئەسىدە يورىغان مەشئەلكى،
بۇ ئۇنىڭ ئاتەش رۇخسارىدىن پەلەككە قويۇلغان ئوت.)

ئىشقىدىن كويىدى تەنىمدە ھەر چۇرۇك بولغان سۆڭەك،
كىم كۆرۈپتۇر مۇنداق ئەۋج ئالماق چاقىن خاشاكدىن.
(تېنىمدىكى قۇرۇق سۆڭەكلەر ئىشق ئوتىدا كويدى، خەشەككە
تۇتۇشۇپ مۇنداق ئەۋج ئالغان چاقماقنى كىم كۆرگەن؟)

بەس مۇناسىبدۇر تىكەر ھالەتتە كوكسۇم چاكىنى
ئىپ سۇۋۇرماق كوڭلەكىم جەيبىنى قىلغان چاكدىن.
(كوكسۇمنىڭ يىرتىقلىرىنى تىكىدىغان چاغدا ئەڭ ياخشىسى
كوينەكىمنىڭ يىرتىلغان ياقىسىدىن يىپ سۇغۇرۇپ ئېلىش كېرەك.)

سەرگەرانمەن ئىشقىدىن، چاپساڭ باشىمنى باغلا بىرىك،
كىم چاپاردا رەخش، ئۈزۈلۈپ قالماغاي فىتراكدىن.
(ئىشق دەردىدە كاللام ئېغىرلىشىپ كەتتى، بېشىمنى چاپساڭ،
مەھكەم باغلا، ئېتىڭنى چاپتۇرغاندا غانجۇغاڭ ئۈزۈلۈپ
چۈشۈپ قالمىسۇن.)

گەر غەزەب ۋەقتى قولىغا تۇشتۇمۇ تىغى يالاڭ،
باك ئەمەس، ئالماڭ مېنى ئول قاتىلى بىباكدىن.
(غەزىۋى تۇتۇپ قىلىچىنى يالاڭغاچلىغان چاغدا قولىغا چۈشۈپ
قالدىم، كېرەك يوق، ئۇ رەھىمسىز قاتىلدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن
دىمەڭ.)

مەست ئەگەر مەيخانەدە ئولدۇم، مېنى ئەي دوستلار،
مەي بىلە يۇپ، باغلاڭىز بىغىشىم، بىلىمنى تاكدىن.
(ئەي دوستلار، ئەگەر مەن مەس ھالەتتە مەيخانىدا ئولۇپ
قالسام،مەي بىلەن يۇيۇپ، بەل، بىغىشلىرىمنى تەك بىلەن
باغلاڭلار.)

دىمە پاكا پاك كەج مەندىن نەۋائىي، نىگەكىم،
پاكلىكدىن بولماغاي كەچمەك سىنىڭدەك پاكدىن.
(ناۋايى، مەندىن پاك ـ پاكىزە كەچ، دىمە. ياق،
سەندەك پاكدىن كېچىش پاكلىقتىن ئەمەس.)

تۇپراغىمدىن ئەھلى ئىشق ئەتسە تەنۇرى شادمەن،
كىم ئىچىمدە ئىشق ئوتى يانماق بىلەن مۇئتادمەن.
(ئاشىقلار توپامدىن تونۇر قىلىۋالسا، خۇش بولىمەن. چۈنكى
مەن ئىچىمدە ئىشق ئوتىنىڭ كۆيۈشىگە كۆنۈپ قالغان.)

ئادەملىغدىن مېنى شاد ئىستەمەڭ، ئەي دوستلار
كىم، مەنى مەجنۇن، پەرى ھىجرانىدىن ناشادمەن.
(ئەي دوستلار، مېنى ئادەملىگىدىن خۇشال بولىدۇ دېمەڭلار،
مەن بىر پەرىنىڭ پىراقىدىكى غەمكىن مەجنۇنمەن.)

ئىشق ئارا قازدىم بەلا تاغىنى تىرناغىم بىلە،
ئۇيلە ساغىنماڭكى، شىرىن ئاشىقى فەرھادمەن.
(مېنى يەنە شىرىننىڭ ئاشىقى پەرھاتمىكىن دەپ قالماڭلار،
مەن بولسام بالا تېغىنى تىرنىقىم بىلەن قازغان ئاشىقمەن.)

شامى ھەجر ئول كوي ئارا ئەي سەر - سەرى ھەجر ئەسمەكىم،
ئۇيلە تۇفراغمەنكى، سوبھ ئەنفاسىدىن بەربادمەن.
(ئەي ھىجران شامىلى، ھىجران كېچىسى بۇ كوچىدا ئۇچۇپ
يۈرمە، چۈنكى مەن تاڭنىڭ نەپەسلىرىدىن توزۇپ تۇرغان توپا.)

زۇلمۇ بىدادىڭدىن ئەلگە ئاھۇ - ئەفغان سالما كىم،
زۇلم ئەگەرسەن ئەيلەگۈڭ، مەن قابىلى بىدادمەن.

(جەۋرە - زۇلمۇڭ بىلەن باشقىلارنى زارلاتما، زۇلۇم
قىلساڭ ماڭا قىل، مەن ئۇنى كوتۈرەلمەيمەن.)

گەر بېرىپ قۇللۇققە خەت، بىر ساغەر ئىچتىم دەير ئارا،
قىلماڭىز ئەيبىمكى، ئالەم فىكرىدىن ئازادمەن.
(مەيخانىدا قۇللۇق تىل خېتى بېرىپ بىر قەدەھ ئىچسەم،
ئەيىپكە بۇيرۇماڭلار. مەن بۇنىڭ بىلەن خەلقى ئالەمنىڭ گەپ -
سۆزىدىن ئازات بولىمەن.)

ئەي نەۋائى، ئىشق ئارا گەردۇنغە سۇنماسمەن بويۇن،
لىكىن ئول خۇرشىد ئەگەر تىغ ئۇرسا ھەم مۇنقادمەن.
(ئەي ناۋايى، ئىشق يولىدا تەقدىرگە بويۇن ئەگمەيمەن،
بىراق، ئۇ قۇياش تىغ تەڭلىسە، بويسۇنىمەن.)

ئاشىق ئۇلدۇم، نېچە جەۋر ئەھلى زەمانىدىن تارتايىن،
ئۇلكىم ئاشۇبى زەماندۇر، بارى، ئاندىن تارتايىن.
(ئاشىق بولدۇم، كىشىلەردىن قانچىلىك جەۋرە كورسەم - كورەي،
زامانى زىلزىلىگە سالغۇچىدىن تارتقۇلۇق بولسىلا تارتاي.)

يار ئىلە ئەغيار زۇلمى ھەددىن ئۇتتى، ۋەھ، نېچە،
ۋەسل ئۇچۇن جەۋرۇ - جەفا ياخشى - يامانىدىن تارتايىن.
(يارنىڭ ھەم غەيرىنىڭ زۇلمى چېكىدىن ئاشتى، ئاھ ۋىسال
ئۇچۇن ياخشى ھەم يامانىدىن قانچىلىك جەۋرۇ - جاپا
كەلسىمۇ، تارتقۇلۇق.)

ھەجر گىردابىدادۇر كوڭلۇم، كەمەندى ۋەسل بەر
كىم، سالىپ ئانى بۇ بەھرى بىكەراندىن تارتايىن.
(كوڭلۇم جۇدالىق قايىنىمىدا، ۋىسال ئاغامچىسىنى بېرىڭلار.
مەن ئۇنى بۇ پايانسىز دېڭىزدىن تارتىپ چىقىراي.)

سەن تەنەئئۇم گۇلبۇنىدىن ئۇز فەراغەت غۇنچەسى،
مەن بەلا پەيكانى جىسمى ناتەۋاندىن تارتايىن.
(سەن نىمەت گۇلىدىن راھەت غۇنچىسىنى ئۇز، مەن بالا
ئوقلىرىنىڭ جىسمىمغە سالغان دەردىنى تارتاي.)

بارغالى كويىگە ئىگنىمدىن چىقار گويا قانات،
جەۋرىدىن دىسەم ئاياق ئۇل ئاستاندىن تارتايىن.

(كوچىسىغا بېرىش ئۇچۇن گويا يەلكەم قانات چىقىرىدۇ،
بىراق، جەۋرىنى دىسەم، بوسۇغۇسىغا دەسسىمەي دەيمەن.)

مېھمانىم بولساڭ ئالىمدا ھەۋادىس توھفەسىن،
نېش تەندىن، ئوق كوڭۇلدىن، نالە جاندىن تارتايىن.
(ئالدىمدا مېھمانىم بولساڭ بېشىمغا كەلگەن بالالارنى، يەنى
تېنىمدىن تىكەننى، يۈرەكتىن ئوقنى، جېنىمدىن نالە - زارنى
چىقىراي.)

ئەي نەۋائى، نېچە قىلغايلار ئىتەكدەك پايمال،
مەن داغى ئەمدى ئىتەك ئەھلى زەماندىن تارتايىن.
(ئەي ناۋايى، ئىتەكنى دەسسىگەندەك ئاياق ئاستى قىلىۋېتە-
دىكەن، مەنمۇ ئەمدى زاماندىشلاردىن پېشىمنى تارتاي.)

بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مىنىڭدەك كورمەمىش دەۋران،
قۇيۇندەك ھەر زامان بىر كورمەگەن ۋاديدا سەرگەردان.
(مەجنۇن بالا دەشتىدە مەن كورگەندەك كۈننى كورگىنى يوق،
ماڭا ئوخشاش قۇيۇندەك پىقىراپ يۇرۇدىغان سەرگەردانى
كورمىدى.)

نى ئەندوھ مەلالىمغە بەلىيەت دەشتىدەك غايەت،
نى سەۋداۋۇ جۇنۇنۇمغە مەلامەت بەھرىدەك پايان.
(قايغۇم ۋە بىزارلىقىم بالا دەشتىدەك چەكسىز، سەۋ-
دايىلىقىمغا، ساراڭلىقىمغا تاپا-تەنە دېڭىزدەك پايانسىز.)

تۈنۈم دەيجۇر، ئۇزۇم رەنجۇر، ئىچىم غەمناكۇ باغرىم چاك،
تىلىم لالو، تەنىم بىھال، ئىشىم ئەفغان، سىرىشكىم قان.
(كېچەم بەكمۇ قاراڭغۇ، ئوزەم كېسەل، ئىچىم غەملىك، باغرىم
چاك، تىلىم گاچا، بەدىنىم هالسىز، ئىشىم ئاھ-زار، كوز يېشىم قان.)

زەئىفو دەردۇ غەم پىشە نەھىفو مىھنەت ئەندىشە،
زەلىلو بىسەرو سامان، قەتىلى خەنجەرى ھىجران.
(ئاجىزلىق، دەردو غەم، ئورۇغلۇق، جاپا چېكىش، ئەندىشە—
مىنىڭ كەسپىم، ھىچكىمى، ھىچنىمىسى يوق خار-زارمەن،
ھىجران خەنجىرى بىلەن ئولتۈرۈلگەنمەن.)

فىغانىمدىن فەلەك غەمكىن، سىرىشكىمدىن جەھان رەڭگىن،
نى دەردىم ئوتىغە تەسكىن، نى ھەجرىم دەردىغە دەرمان.
(پىغانىمدىن پەلەك غەمكىن، كوز يېشىمدىن جاھان قىزىرىپ
كەتكەن، دەردىمنىڭ ئوتى پەسىيەي دىمەيدۇ، يا ھىجرانىمنىڭ
دەردىگە دەرمان يوق.)

باشىم غەم تاشىدىن پارە، تەنىم ھەجر ئوقىدىن يارە،
كوڭۇل بۇ پارەغە چارە تاپارغە تاپمايىن ئىمكان.
(بېشىم غەم تېشى زەربىدىن پارە، تېنىم ھىجران ئوقىدىن يارا،
كوڭلۇم بۇ پارە-پارەلىققا ئىلاج تېپىشقا ئىمكانسىز.)

كوزۇم نەملىق، بويۇم خەملىق، ئىچىم ئەندوھى ماتەملىق،
نى ھەمدەملىق، نى مەھرەملىق تاپىپ بۇ مىھنەتى پىنھان.
(كوزۇم نەملىك، بەستىم ئېگىك، ئىچىم ماتەم قايغۇسىغا تولغان،
بۇ يوشۇرۇن دەردىمگە ئولپەت، ھەمنەپەس نەدە.)

ماڭانى يار،نى ھەمدەم، ماڭانى دوستۇئى مەھرەم،
ماڭا نى چارە، نى مەرھەم، ماڭا نى سەبرۇ نى سامان.
(يا يار-ھەمدىمىم يوق، يا سىرداش دوستۇم، يا چارەم يوق،
يا دورام، يا سەۋرە-تاقىتىم يوق، يا ئارام.)

ھەم ئەھۋالى تەباھىمدىن، ھەم ئاھى سوبھى گاھىمدىن،
ھەم ئوتلۇق دۇدى ئاھىمدىن قارارىب كۆلبەئى ئەھزان.
(خاراپ ھالىمدىن، تاڭغىچە چەككەن زارىمدىن. ئوتلۇق ئاھىم
تۈتۈنىدىن غەمكىن كەپەمنى قاراڭغۇ باستى.)

فەلەك رەھزەن، زەمان دۇشمەن، بەدەن رەۋزەن ئوزەرەۋزەن،

قالىب جان ھەسرەتىدىن تەن، چىقىپ تەن كىشۋەرىدىن جان.

(پەلەك قاراقچى، زامان دۈشمەن، بەدىنىم ھوتىمۇ توشۇك،
جان تەن يۇرتىدىن چىقىپ كېتىپ، تەن جان ھەسرىتىدە
قالدى.)

نەۋائى بولسا مىھنەت كوپ، ئىچەكور جامى ئىشرەت كوپ،
نېچە بولسا سەئۇبەت كوپ، قىلۇر ۋەھدەت مەيى ئاسان.
(ناۋايى، جاپا قانچە كوپ بولسا، خوش قىلىدىغان شاراپنى
شۇنچە كوپ ئىچ، مۇشكۇلۇك قانچە كوپ بولمىسۇن، ئۇنى
تەنھالىق شارابى ئاسان قىلىدۇ.)

سىپىھرى ئايىنەگۇن گەردەمىمدىن بولدى قاراڭغۇ،
ئەسەر يوق ئەمدى دەمىمدىن قويۇلسا ئاغزىمە كوزگۇ.
(ئەينەكتەك ئاسمان مېنىڭ دىمىمدىن قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ئىكەن،
ئەمدى ئاغزىمغا ئەينەك تۇتۇپ بېقىڭلار، تىنىقىمدىن ئەسەر يوق.)

فىراق بەزمىدە ئىبرەمەس سۇراھى ئاغزىدا قۇل - قۇل،
كى قىلدى قەھقەھە بىرلە غەرىب ھالىمە كۇلكو.
(جۇدالىق بەزمىدە مەي قۇيغاندا شىشىنىڭ ئاغزى بۇلدۇقلاۋاتىدۇ
دىمەڭلار، بەلكى ئۇ مېنىڭ غەلىتى ھالىمغا قاقاخلاپ كۇلۇۋاتىدۇ.)

سىپىھر بەھرىدە باقساڭ يۇزۇڭ ئەكسدۇرۇر مىھر،
كورۇنۇر ئىكى قۇياش، چۇن بولۇر قۇياشقە سۇ ئوترۇ.
(ئاسمان دېڭىزىغا باقساڭ، قۇياش يۇزۇڭنىڭ ئەكسىدەك
كورۇنۇدۇ، دەرۋەقە، قۇياشنىڭ شوئلىسى سۇغا چۇشسە قۇياش
ئىككى كورىنىدىغۇ.)

يۇزۇڭدە قەترەئى خوي خال نوقتەسىنىمۇ ياشۇردى،
ۋە يا چومۇب نەفەس ئاسرار ھايات سۇيىدە ھىندۇ.
(يۇزۇڭدىكى تەر تامچىسى قارا خالىڭنى يوشۇرۇۋالدىمۇ؟
ياكى بىر ھىندى راھەتلىنىش ئۇچۇن ئابىھايات سۇيىگە چومۇلۇۋاتامدۇ؟)

نېتىپ ھەبىب ۋىسالىن تەمەئ قىلاي، مەن شەيدا
كى تەلبە بىئەدەب، تۇندخوي ئىررۇر پىرى ئەسرۇ.

(يار ۋىسالىنى نىمە دەپ تاما قىلاي، مەن بولسام بىئەدەپ شەيدا، ئۇ بولسا بەكمۇ نازۇك مىجەز.)

يارۇق گەر ئولمادى شەمئى مۇرادىڭ، ئەيتمۇ كوپ سوز،
كىشى قەزا بىلە بولماس ئۇرۇشماق، ئەيلەمە يارغۇ.
(مۇرات چىرىغىڭ يورىمىسا، زارلاپ نىمە قىلىسەن، تەقدىر بىلەن ئۇرۇشقىلى بولمايدىكەن، ئوزەڭگە ئازاب سالما.)

نەۋايى ئىستەر ئىسەڭ يار لەئلى كامىنى، جان بەر،
ئوزۇڭدە، ئەلگە تىرىلمەكلىك ئولمەگۇنچە بولۇرمۇ؟
(ناۋائى، يارنىڭ لېۋىگە ئېرىشەي دىسەڭ، جېنىڭنى بەر، ئوزەڭ دىگىنە، كىشىگە ئولمىگىچە تىرىلمەكلىك نەدە؟)

لەبىڭغە تا يېتىپتۇر بارماغىم ھەيرەتدىن ئېركىنمۇ،
كى تشلەرمەن ئانى ھەر لەھزە يالەززەتدىن ئېركىنمۇ؟
(بارمىغىم لېۋىڭگە تېگىپ كەتتى، بۇ شەيدالىقتىنمىكىن؟
ئۇنى چىشلەپ - شوراپلا كەتتىم، لەززىتى شۇنداق قىلدۇرغانمىكىن؟)

چاقىلغاچ بەرقى ھوسنۇڭكىم، خەلايىقنىڭ كوزى يارۇر،
مېنىڭ ئورتەنمەكىم ئول شوئلە يا غەيرەتدىن ئېركىنمۇ؟
(ھوسنۇڭ چاقمىغى چاقسا، خالايىقنىڭ كوزى يورۇيدۇ،
مېنىڭ ئورتۇنۇشۇم ئەشۇ شوئلىدىنمىدۇ ياكى ھەسەتتىنمىدۇ؟)

ساچىڭ رەڭگۇ ئېسىدىنكىم دىماغىم بولدى ئاشۇفتە،
بۇ سەۋدادىنمۇ ئىركىن، يوقسە ئول نەكھەتدىن ئېركىنمۇ؟
(چېچىڭنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىغىدىن دىمىغىم ھوزۇر تاپتى،
بۇ، سەۋدايىلىقتىنمۇ، يا شۇ خۇشپۇراقتىنمۇ؟)

نەسىمى يەتتىكىم، روھۇمنى قىلدى تازە ئۇ بىلمان،
كى ئانىڭ كويىدىن يا رەۋزەئى جەننەتدىن ئېركىنمۇ؟
(بىر شامال كېلىپ روھىمنى جانلاندۇرۇۋەتتى، بىلمىدىم، بۇ شامال ئۇنىڭ كوچىسىدىن كەلدىمۇ، ياكى جەننەت بېغىدىنمۇ؟)

تەنىمدە تاشلار زەربى، ئىچىمدە نىشلەر زەخمى،
جۇنۇن بىدادىدىن يا ئىشق ئارا شىددەتدىن ئېركىنمۇ؟

(تېنىمدىكى تاش زەربىسى، ئىچىمدىكى نەشتەر زەخمى،
ساراڭلىق دەردىدىن بولغانمىدۇ ياكى ئىشقنىڭ كۈچلۈكلىگىدىن؟)

تەمۇغ ئوتى بۇ يەڭلىغ تېز ئىكەنمۇ، ئەي كوكۇل، ياخود
ئاڭا مۇنچە ھارارەت شۇئلەئى فۇرقەتدىن ئېرىكەنمۇ؟
(ئەي كوكۇل، دوزاق ئوتى ئەسلى شۇنداق ئۇلۇقمۇ؟
ياكى ئۇنىڭغا مۇنچىلىك ھارارەت پىراق ئوتىدىن كەلگەنمۇ؟)

بۇ كىم ئالەم ئارا ئىشقىم سوزىدىن ئوزگە سوز يوقتۇر،
ئوتۇم تەسرىدىن ئېرىكەنمۇ يا شوھرەتدىن ئېرىكەنمۇ؟
(جاھاندا مېنىڭ ئىشقىم ئوتىدىن باشقا سوز يوقتۇر،
بۇ ئوتۇمنىڭ تەسرىدىنمۇ ياكى داڭقىم پۇر بولۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ؟)

ئىچىمدە زەئىفدۇر، ساقى، قەدەھ بەر، گەرچە بىلمانىكىم
خۇمار ئاسىيدىن، يادەۋر ئارا مېھنەتتىن ئېرىكەنمۇ؟
(ئەي ساقى، قەدەھ سۇن، مادارىم يوق، بىلمىدىم،
خۇمارنىڭ دەردىدىنمۇ ياكى زامانىڭ جاپاسىدىنمۇ؟)

فەنا لافىن ئۇرۇپ، ئۆزىن ئۇلۇسقە ئەيلەمەك مۇھتاج،
بۇ دەۋا ئىچرە كېزبى مەھز، يا ھەممەتدىن ئېرىكەنمۇ؟
(يوقلۇشتىن لاپ ئۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۆزىنى مۇھتاج قىلماقلىق —
ھىممەتتىنمۇ ياكى يالغان پاكلىقتىنمۇ؟)

مەنۇ مۇغ دەيرىدىكىم، ھەرسايىل ئاندا شەھ سارى بارماس،
دىگىل، ئەي شەيخ، ھىممەتدىنمۇ يا شەۋكەتدىن ئېرىكەنمۇ؟

(مەنمۇ مەيخانىدا، بۇ يەردىن ھېچبىر تىلەمچى پادىشانىڭ ئالدىغا
بارمايدۇ، ئەي شەيخ، ئېيتقىنا، بۇ ھىممەتتىنمۇ ياكى
شەۋكەتتىنمۇ؟)

نەۋائى كوڭلى يانىپ ئىشقىدىن كويمەكنى بەس قىلدى،
نەدامەتدىن ئېكىن يا ئىرتەكى ئادەتدىن ئېرىكەنمۇ؟
(ناۋائىنىڭ كوڭلى ئىشق ئوتىدا شۇنچە كويدى، ئەمدى
كويۇشنى توختاتتى. بۇ پۇشايماندىنمۇ ياكى بۇرۇن شۇنداق
ئادىتى بارمىدى؟)

قىلماغىل بارغالى شتاب يەنە،
سالما كوڭلۈمگە ئىزتىراب يەنە.
(يەنە كېتىمەن دەپ ئالدىرىما،
كوڭلۈمنى يەنە بىارام قىلما.)

كەلدىڭ، كۈلبەم ئولدى قەسرى بىهشت،
قىلما ئانى چىقىپ خەراب يەنە.
(كەلگەندىڭ، كەپەم خۇددى جەننەت سارىيىغا
ئايلانغان ئىدى، چىقىپ كېتىپ خاراپ ئەيلىمە.)

بىردەم ئاهىم يىلى چۇ ئىلتور ئانى،
سالما رۇخسار ئۈزە نىقاب يەنە.
(جامالىڭغا نىقاپ تارتما،
ئاهىم شامىلى ئۇنى بەرىبىر ئۇچۇرۇۋېتىدۇ.)

لەبى لەئلىڭغە ئوخشماس ياقۇت،
يەنە دۇر تاش لەئلى تاب يەنە.
(ئۇ قىزىل لېۋىڭگە قانداق ئوخشىسۇن،
پاقىراق ياقۇت بەرىبىر تاش.)

ساقىيا تۇت قەدەهكى رەنجى خۇمار،
قىلادۇر جانىمە ئەزاب يەنە.

(ئەي ساقى، قەدەھ تۇتقىن، خۇمار
يەنە جېنىمنى ئازاپلاۋاتىدۇ.)

مەيكەدە باغلىق ئېردى، توكتۇم ئەشك،
ئانچە كىم بولدى فەتھ باب يەنە.
(مەيخانا تاقاغلىق ئىكەن، يىغلاۋەرگەن ئىدىم،
ئەشكى يەنە ئېچىلدى.)

ئىچ نەۋائى، قەدەهكى، تۇزدى نەۋا
بەزم ئارا ئۇد ئىلە رەباب يەنە.
(ناۋايى قەدەھ ئىچ، چۈنكى بەزمدە ئۇد بىلەن
راۋاپ نەغمىگە چۈشتى.)

يارەب، ئۇل يۈزنى دەمى كۆزۈمگە پىنھان ئەيلەمە،
يا كۆزۈمنى ئاندىن ئۆزگە يۈزگە ھەيران ئەيلەمە.
(ئەي خۇدا، ئەشۇ يۈزنى بىردەممۇ كۆزۈمدىن نېرى قىلما،
كۆزۈمنىمۇ ئۇنىڭدىن باشقا يۈزگە شەيدا قىلما.)

چېھرەسىغە مىزبان ئولسۇن كۆزۈم، ئۇل چېھرەنى
كۆزلەرىم ئۆيىدىن ئۆزگە كۆزگە مېھمان ئەيلەمە.
(كۆزۈم ئۇنىڭ چېھرىسىگە ساھىپخانە بولسۇن، ئۇچېھرىنى
كۆزلىرىم ئۆيىدىن باشقا كۆزگە مېھمان قىلما.)

ئاچمايىن زۇلف، پەرىشان كۆڭلۈمە چەكتۇرمە ئاھ،
يەتمەيىن ئاھىم يېلى، زۇلفىن پەرىشان ئەيلەمە.
(زۇلپىنى يايمىسۇن، پەرىشان كۆڭلۈمنى ئاھ ئۇرغۇزما، ئاھىم
شامىلى يېتىپ بارماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ زۇلپىنى يايدۇرما.)

جانىمە لەئلىدىن ئۆزگە لەئلىدىن بەرمە ھايات،
لەئلىغە جانىمدىن ئۆزگە جاننى قۇربان ئەيلەمە.
(ماڭا ئۇنىڭ ياقۇت لېۋىدىن بولەك يەنە بىر ياقۇت لەۋدىن ھايات
بەرمە،
ئۇنىڭ ياقۇت لېۋىگە مېنىڭ جېنىمدىن باشقا جاننى قۇربان قىلما.)

باشىمە كويىدىن ئۆزگە كوينى قىلما ۋەتەن،
كويىدا باشىمدىن ئۆزگە باشنى غەلتان ئەيلەمە.

(بېشىمغا ئۇنىڭ كوچىسىدىن باشقا پانا جاي بەرمە، ئۇنىڭ
كوچىسىدا مېنىڭكىدىن باشقا باشنى يۇمۇلاتما.)

ئەي كۆڭۈل، دەۋر ئەھلىدىن مىلك يىلچىلىق يول گوشە تۇت،
يا ئالاردىن يەتسە يۈزمىڭ غۇسسە، ئەفغان ئەيلەمە.
(ئەي كۆڭۈل، دەۋر ئەھلىدىن مىڭ يىللىق يول نېرى بول،
ياكى ئۇلاردىن يۈزمىڭ ئەلەم كەلسىمۇ زارلانما.)

ئىستەسەڭ، ئەي گۇل، نەۋائىدەك خوشئەلھان بۇلبۇلى،
غۇنچەدەك كۆڭلىن مەلامەت خاردىن قان ئەيلەمە.
(ئەي گۇل، ناۋايىدەك خۇشئاۋاز بۇلبۇلنى ئىزلىسەڭ، مالامەت
تىكىنىنى سانچىپ ئۇنىڭ غۇنچىدەك كۆڭلىنى قان قىلما.)

ئارەزىڭ ھەجرىدا زار ئىبردىم قۇياش باتقان چاغى،
كىم سەبا پەيكى ماڭا يەتكۈردى بىر گۈل يافراغى.
(كۈن پېتىش بىلەن جامالىڭدىن ئايرىلىپ زارلانغان ئىدىم،
تاڭنىڭ شامال ئەلچىسى ماڭا بىر گۈل ياپرىقىنى يەتكۈزدى.)

تولدى شەۋقىڭ گەۋھەرىدىن بەھرى ئىشق ئىچرە كوڭۇل،
گوييا بولمىش مېنىڭ كوڭلۇم سەدەفنىڭ قورساغى.
(كوڭلۇم ئىشق دېڭىزىدا ئىشتىياقىڭ گوھىرى بىلەن تولۇپ،
خۇددى سەدەفنىڭ قوسىقىغا ئوخشاپ قالدى.)

يەرگە تامغاچ ئەشكى ھەيۋان چەشمەسى بولماق نىتاڭ،
قايسى كوز ئىچرەكى يەر تۇتسا ئاياغىڭ تۇفراغى.
(قايسى كوزگە سېنىڭ ئايىغىڭنىڭ توزىڭى كىرىپ كەتسە،
ئۇ كوزدىن ئاققان ياش ئابىھايات بۇلىغى بولسا، ئەجەپ ئەمەس.)

سورتسەم مىژگان كەفى پايىڭغە، كوپ ۋەھم ئەتمە كىم،
قىلمادى ئەفگار گۈل بەرگىنى بۇلبۇل تىرناغى.
(تاپىنىڭغا كىرپىكلىرىمنى سۈرتسەم ۋەھىمىگە چۈشمە، بۇلبۇل
تىمىقى گۈل بەرگىنى زەخىملەندۈرمەيدىغۇ.)

نېتىپ ئاسراي ئۆزنى ھالىمنى ئول ئاي چىققان زامان،
ئاڭلاتۇر يانىمغە ئولتۇرغانىغە كوڭلۇم سالماغى.

(ئۇ ئاي چىقىپ كەلسە ئۆز ھالىتىمنى قانداقمۇ ساقلىيالايمەن،
چۈنكى يۈرىكىمنىڭ سېلىشى ئۇنى يېنىمدا ئولتۇرغانلارغا بىلـ-
دۈرۈپ قويىدۇ.)
ياشىم ئەللىك بولدى، يۈز ھەسرەت يېسەمكىم، سود يوق،
ئۆزنى مەيدىن خۇش تۇتاي، چون ئوتتى ئومرۇم خۇشراغى.
(يېشىم ئەللىككە باردى، يۈز ھەسرەت چەككىنىم بىلەن، پايدىسى يوق،
ئومرۇمنىڭ خوشال مەزگىلى كېتىپتۇ، ئەمدى ئۆزەمنى مەي
بىلەن خۇش قىلاي.)

ئەي ناۋائى، ۋامىقۇ فەرھادۇ مەجنۇن باردىلار،
بولما غافىل دەمبەدەم قىلغۇڭ ئەزىمەت سەن داغى.
(ئەي ناۋايى، ۋامىق، پەرھات، مەجنۇنلارنىڭ ھەممىسى كەتتى،
ھېچ ۋاقىت بىپەرۋالىق قىلما، ئارقىدىن سەنمۇ يولغا راۋان
بولىسەن.)

قان ئەيلەدىڭ كوڭۇلنى نىھانى،
كورگىل ئىككى كوزۇمدە نىشانى.
(كوڭلۇمنى تۇيغۇزماي قان قىلدىڭ، قارا،
ئىككى كوزۇمدە ئۇنىڭ نىشانى تۇرۇپتۇ.)

تۇشتى قىغانغە كوڭلۇم ئول ئايدىن،
تاڭ يوق، يېتىشسە كوككە قىغانى.
(ئۇ ئاينىڭ ئىشقىدا كوڭلۇم پەريات كوتەردى،
بۇ پەريات پەلەككە يەتسە، ھەيران قالما.)

ھەجرىڭ تۇنگە تۇشكەلى كوڭلۇم،
بولمىش كوزگە تىرە جەھانى.
(كوڭلۇم ھىجرانىڭ تۇنىگە كىرىپ قالغانلىقتىن،
پۈتۈن جاھان كوزۇمگە قاپ - قاراڭغۇ كورۇندى.)

ھەسرەت گۇلى ھەمۇلدەم ئاچىلغاي،
باغرىمنىڭ تامسا كويىدا قانى.
(ئۇنىڭ كوچىسىغا جىگەر قېنىم تامسا، شۇئان ھەسرەت
گۇلى ئېچىلىدۇ.)

ھەر كىمسەگە نى توھمەت ئېتەيكىم:
"ئىتكەن كوڭۇلنى ئالدى فەلانى"؟

("يۇتتۇرۇپ قويغان كوڭلۇمنى پالانى ئالدى" — دەپ
كورگەنلا ئادەمگە توھمەت قىلايمۇ؟)

ئەيلەردە ئىشقىڭ شەرھىنى تەھرىر،
سىغماس قەلەمۇ تىلگە بەيانى.
(ئىشقىڭنى شەرھلەشكە تىرىشسا كەلسە،
ئۇنىڭ بايانىغا قەلەممۇ، تىلمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ.)

خىسرەۋ، نەۋائىيا، سېنى كورسە،
شەھنى دىگەي مۇلكىشەھ سانى.
(ئەي ناۋايى، مۇبادا خىسرەۋ سېنى كورسە،
شاھنى ئىككىنچى پادىشا دېيىشى مۇمكىن.)

سەھەر خاۋەر شەھى چەرخ ئۈزرە كىم خەيلى ھەشەم چەكتى،
شۇئائى خەت بىلە كوھسار ئۈزە ئالتۇن ئەلەم چەكتى.
(شەرق شاھى سەھەردە ئاسمان بويلاپ قوشۇن تارتتى، نۇر سىزىقى بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تۇغىنى تاغ ئۈستىدە جەۋلان قىلدۇردى.)

قەزا فەرراشى چەكتى سۇبھىنىڭ سىمىن سۇپۇرگۇسىن،
مۇزەھھەب پەرلەرىن ئانداقكى تاۋۇسى ھەرەم چەكتى.
(تەقدىر خىزمەتكارى سەھەرنىڭ كۈمۈش سۇپۇرگىسىنى ئىشقا سالغان ئىدى، گويا ھەرەم ئىچىدىكى تاۋۇسلار ئالتۇن قۇيرىقىنى يايغاندەك بولدى.)

كىتابە سونئى كىلكى سورەئى «ۋەششەمس» تەفسىرىن
فەلەك تاقى ھەۋاشىسىدا زەرھەلدىن رەقەم چەكتى.
(ياراتقۇچىنىڭ قەلەمى پەلەك گۈمبىزىنىڭ تۈرۈسلىرىغا "قۇياش" سۈرىسىنىڭ شەرھىنى ئالتۇن قەلەم بىلەن پۈتتى.)

مۇئەززىن كەئبە تاقى ئۈزرە گۈلبانگى سەمەد ئۇردى،
بەرەھمەن دەير ئەيۋانىدا ئاھەڭگى سەنەم چەكتى.
(مەزىن كەبە مۇنارى ئۈستىدە ئەزەن ياڭراتتى، ئاتەشپەرەست روھانىسى بۇت كۈيىنى چالدى.)

ياقا چاك ئەتتى گاھى سۇبھە ئول ماتەمغە ئاشىقكىم
بۇ مۇھلىك شامى ھىجران ئىچرە يۈز خۇنابى غەم چەكتى.

(ئولتۇرگۇچى ھىجران تۈنىدە ئاشىقلار غەم زەردابىنى يۇتقاچقا، تاڭ ماتەم قايغۇسىدا ياقىسىنى يىرتىۋەتتى.)

زامانى كۆلدى ئول غافىلغەكىم دەۋران سىتەم تىغىن
ئاڭا ئۇرماقنى ئاڭلاب ئۆزگەگە تىغى ستەم چەكتى.
(بىر زامان ئۇ بىپەرۋاغا كۈلۈپ قارىدى، چۈنكى فەلەك زۇلۇم تىغىنى ئۇنىڭغا ئۇرماقچى بولغانلىقىنى سېزىپ، بۇ تىغنى باشقىغا ئۇردى.)

خوشا ئۇلكىم مۇنىڭدەك چاغ ۋەفاسىز ئومرىنى ئاڭلاپ،
سەبۇھى جامىنى ئەھباب بىرلە دەمبەدەم چەكتى.
(شۇسى ياخشى بولدىكى، مۇنداق پەيتتە دوستلار ئۆمۈرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى سېزىپ، سەھەر شارابىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىچىشتى.)

مەئانى ئەھلى گاھى نۇكتە ئۈزرە قىلۇ قال ئەتتى،
تەغەننى خەيلى نەغمە ئىچرە گاھى زىرۇ - بەم چەكتى.
(مۇتەپەككۇرلەر چوڭقۇر - نازۇك پىكىرلەردىن گەپ ئاچتى، سازەندىلەر بولسا بوم ۋە زىل تارلىرىنى چېكىپ نەغمىگە چۈشتى.)

ئەگەر كوڭلىدە بىر گۈل ھەجرىدىن خارى فىراق ئۇلسە،
بەھانە يىغلىماققە بىر نىچە جامى ئەلەم چەكتى.
(يۈرىكىگە بىر گۈلنىڭ جۇدالىق دەردىنىڭ تىكىنى سانچىلغان ئادەم، يىغلاشقا باھانە تېپىش ئۈچۈن ئەلەم شارابىنى ئىچتى.)

ۋەگەر خۇد ۋەسلى ئىقبالى مۇيەسسەر ئۇلسە ئول سائەت،
فەرىدۇن تەختى ئۈزرە بەزم تۈزدى، جامى جەم چەكتى.

(ئەگەر ئاشىق ۋىسال پەيتىگە ئېرىشسە، ئۇ چاغدا پەردۇن
تەختىدە بەزمە قىلىپ، جەمشىت جامىنى ئىچكەندەك بولىدۇ.)

بولۇپ مەتلۇب رۇخسارىغە مەھۇۋجامدىن سەرمەست،
يۈزىن تۇفراققە قويدى، باشنى ئالىغە ھەم چەكتى.
(كىشى يار جامالىنى كورگەندە ئۆزىنى يوقىتىپ، مەسلىكتىن
ئۇنىڭ ئالدىغا ئېگىلىدۇ ۋە يۈزىنى تۇپراققا قويىدۇ.)

نى دەۋلەتدۇركى، ئانداق باردى بۇ ھالەت ئۆزىدىنكىم
بەقا ئىقلىمىدىن رەختىنى تا مۇلكى ئەدەم چەكتى.
(مۇشۇنداق ھالەتتە كىشى ئۆزىدىن كېتىپ، پۈتۈن ۋەسلى بىلەن
ھاياتلىق ئىقلىمىدىن ماماتلىق زېمىنىغا ماڭسا، نىمە دىگەن دۆ-
لەت - ھە!)

نەۋائى، شايەد ئول رەھرەۋغە بۇ مەقسەد نەسىب ئولغاي،
كىم ئول دەشتى فەنا قەتئى ئەتكەلى يىللار قەدەم چەكتى.
(ناۋايى، يىللار يۇقۇلۇش دەشتىنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن قەدەم
قويدى، يولۇچىغا بۇ مەقسەت نېسىپ بولسا، ئەجەپلەنمىگۈلۈك.)

يوقتور ئەندوھى مەلالەت ئوتىغە خەس مەن كەبى،
بىدىلو بىچارەۋۇ بىمارۇ بىكەس مەن كەبى.
(مەندەك قايغۇ - ئەلەم ئوتىدا كويگەن خەس يوق،
مەندەك بىچارە، غەمكىن، ئاغرىقچان مىسكىن يوق.)

ئەيكى مەجنۇن ۋەسفىن ئەتتىڭ ئولمادى، يارئاللىدا،
مەن قىلىپ يۈزجان فىدا، ئول بولماغاي بەس، مەن كەبى.
(ئەي، مەجنۇن سۈپەت بولساڭمۇ كارى بولمىدى، يار ئالدىدا
مەن يۈزجان پىدا قىلساممۇ، ئۇ مەندەك قىلمايدىكەن.)

دىمە پەرۋانە كويەر مەندەككى سوز شەمئ ئۆزرەدۇر،
نى ئۇچۇنكىم، ئول داغى غەم شامى كويمەس مەن كەبى.
(پەرۋانە مەندەك كويىدۇ، دىمە، ئۇ چىراق يورۇقىدا كويىدۇ،
بىراق مەندەك غەم تۈنى قاراڭغۇسىدا كويمەيدۇ - دە.)

تۈركى ئەنجۈمغە دىدىم: ھوسن ئىچرەسەن، يا ئول فۆزۈن،
دىدىكىم: بولغاي ئاڭا يۈز بەندە جىركەس مەن كەبى.
(قۇياشقا: "گۈزەللىكتە سەن ئارتۇقمۇ، ئۇمۇ؟" دىسۇدىم،
ئۇ: "مەندەك يۈز چىركەس ئۇنىڭ قۇلى" دىدى.)

قاشلارىڭ يايىغا قۇربان قىلغالى يىللار تىلەپ،
تاپماغاي بىربوكوھەن تاقى مەقەۋۋەس مەن كەبى.

(يىللار بويى قاشلىرىڭ ياسىغا قۇربان بولۇشنى تەلەپ قىلغان
بۇ قەدىمى پەلەك مېھرابىمۇ ماڭا ئوخشاش ئارماندا.)

ئەيكى، دەھر ئەھلى ۋەفاسى يوق دىبان ئازۇردەسەن،
ئاشنالىغنى ئالاردىن سەن ھەم ئەت بەس، مەن كەبى.
(ئەي كىشى، زامان ئەھلىدە ۋاپا يوق دەپ رەنجىپ يۈرسەن،
ياخشى، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇلار بىلەن بولغان دوسلوقنى
توختات.)

ئەي ناۋائى، ئەيشنى ھەر كىم يارۇتماق ئىستەسە،
يەر يۈزىندە تۇتماغاي تۇترۇق ئۈچۈن خەس مەن كەبى.
(ئەي ناۋائى، كىمكى شاد كۆڭلىرىنى يورۇتۇشنى خالىسا، يەر يۈزىدە
مەندەك خەسنى تۇترۇق قىلىش ئۈچۈن كوتىرىپ يۈرمىسۇن.)

چۈن ئايان قىلدى لەبىڭ ئەكسىنى جام، ئەي ساقى،
بادەدىن جان ئىيسى كەسب ئەتتى مەشام، ئەي ساقى.
(ئەي ساقى، جام لىۋىڭنى ئەكس ئەتتۈردى،
دىمىغىم مەيدىن جان پۇرىقىنى ئالدى.)

مەستلىقدۇر ماڭا ھەم مەيدىن ھەم ئەكسىڭدىن،
نىلەر ئەيلەر قەدەھى ئايىنە فام، ئەي ساقى.
(مەيدىن ھەم قەدەھكە چۈشكەن شولاڭدىن مەس بولۇپ
قالدىم، بۇ جىلۋىدار ئەينەك نىمىنى كورسىتەيدۇ؟)

كەيفىيەتدىن ئەمەس، ئەل باشى قويىڭىم، قىلادۇر،
ھوسنۈڭە بەزم ئەھلىنىڭ ئىشقى سەلام، ئەي ساقى.
(كىشىلەرنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىشى، كەيپىلىكتىن ئەمەس،
بۇ، بەزمە ئەھلىنىڭ ھوسنۈڭگە ئاشىقانە سالام قىلىشى.)

گەرچە بىز قان يۇتەدۇربىز لەبىڭە تەلبە قەدەھ،
ساڭا بولسۇن تەرەبى ئەيشى مۇدام، ئەي ساقى.
(بىز ـ لىۋىڭنىڭ ئىشقىدا تەلۋە بولغانلار قان يۇتىمىز، ئەي ساقى،
بولدى، راھەت ـ خوشاللىق ساڭىلا بولسۇن.)

قويما ئوي ئەزمىغە كىم ئەمدى بولۇپسەن سەرخۇش،
قىلما بەزم ئەھلىغە ئىشرەتنى ھەرام، ئەي ساقى.

(ئەمدى خۇش كەيىپ بوپسەن، ئۇيگە كېتسەن دەپ،
بەزمدىكىلەرنىڭ پەيزىنى هارام قىلما.)

لەبىڭ ئۇپمەككە نى هەددىم، گېزەك ئەتكەن قەندىڭ،
ئاغزىمە يەتسە، بۇ بەسدۇر ماڭا كام، ئەي ساقى.
(لېۋىڭنى سۇيۇشكە نىمە هەددىم بولسۇن، راسلىغان قەن-
گېزەكلىرىڭگە ئېغىز تەگسەم، مۇشۇ يېتەر.)

ۋەئدە قىلدىڭ چۇ سەبوهىغە ۋە مەست ئۇلىمىشسەن،
ئۇيۇساڭ نىتى، بىزىڭ بىرلە بۇ شام، ئەي ساقى.
(تاڭ ئاتقىچە ئىچىمىز دەپ ۋەئدە قىلىۋىدىڭ، مەس بولۇپ
قاپسەن، بۇ ئاخشام بىز بىلەن بىللە ئۇخلاپ قالساڭ بولمامدۇ؟)

بىلگەلى كۇفردۇرۇر مىللەتىڭ، ئەيلەبتۇرمەن
خانىقەدىن چىقىبان، دەيرى مەقام، ئەي ساقى.
(ئەي ساقى، سېنىڭ دىنسىزلىغىڭنى بىلىپ، خانىقادىن
چىقىپ مەيخانىدىن جاي ئالدىم.)

گەر نەۋائى دىسە "ئىچمانكى قىلىپ تەۋبە"
يىقىبان بوغزىغە قۇي بىر تولاجام، ئەي ساقى.
(ئەي ساقى، ئەگەر ناۋايى "تۈۋا قىلدىم، ئىچمەيمەن"—دىسە،
بېسىپ تۇرۇپ، لىپمۇ - لىپ بىر جامنى كانىيىغا قۇي!)

روزە بولدىيۇ ماڭا ئىچمەك - يىمەك كەم بولمادى،
ئىچمەكىم جۇز قان، يىمەك جۇز غۇسسەۋۇ غەم بولمادى.
(روزا كەلدى. ئەمما يەپ - ئىچىشنى توختاتمىدىم، بىراق،
ئىچىشىم قان، يېيىشىم غەم - قايغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس.)

ئەلنى سىراب ئەيلەدى ئىشرەت زۇلالى شامى ئەيش،
غەيرى كوز سەيلابىدىن ئېرنىم مېنىڭ نەم بولمادى.
(باشقىلار راهەت شەربىتى، كېچە راهىتىگە غەرق بولدى، بىراق،
مېنىڭ كوزۇم سەل ئىچىدە تۇرغاندىن باشقا لېۋىم نەم بولغىنى
يوق.)

ئەل ياكى ئاي كوردىيۇ مەن كورمەدىم قاشىڭ خەمىن،
ئەلگە بەيرەم بولدى، ئەمما ماڭا بەيرەم بولمادى.
(كىشىلەر يېڭى ئاينى كوردى، بىراق مەن ئەگمە قېشىڭنى كورەلمىدىم،
دىمەك، كىشىلەرگە بايرام بولدى، ماڭا بايرام بولمىدى.)

ئالەم ئاشۇبى ئۇچۇن مەيدانغە كىردىڭ سەكرەتىب،
ئول زەمانكىم قالدى كىم رەسۋايى ئالەم بولمادى.
(جاهاننى زىلزىلىگە سېلىش ئۇچۇن مەيدانغا ئات چاپتۇرۇپ
(كىردىڭ، ئەنە شۇ چاغدا رەسۋايى ئالەم بولمىغان كىم قالدى.)

ياڭى ئاي ئۇلغاچ ئەيان يۇلغىل هىلالى جامكىم
جۇز بۇ ئىش ئەتمەسىغە قەددى ئانىڭ خەم بولمادى.

(يېڭى ئاي كۆرۈنسە، ئۇنى يۈلۈپ جام قىلىۋال، چۈنكى بۇ
ئىشتىن باشقىغا ئۇنىڭ قەددى پۈكۈلمىدى.)

ھەجر زىندانىدىن ئازاد ئەت مېنىكىم، يوق بۇ كۈن
ھېچ زىندانىكى مەخلەس بىرلە خۇررەم بولمادى.
(مېنى ھىجران زىندانىدىن ئازات قىلىۋەت، چۈنكى ئۆزىنىڭ
باشپانا بولۇشى بىلەن خوشال بولمايدىغان بىرمۇ زىندان يوق.)

ئەي نەۋائى، ئەيد ئولۇپ ئەل ئىچتىلەر مەي دەمبەدەم،
بىزگە جۇز خونى جىگەر جامى دەمادەم بولمادى.
(ئەي ناۋايى، ھېيت بولۇپ، كىشىلەر مەي ئىچكىلى تۇردى،
بىراق، ماڭا يەنىلا جىگەر خۇنىنى يۇتۇشتىن باشقا نەرسە يوق.)

ئاچماغاي ئېردىڭ جەمالى ئالەم ئارا كاشكى،
سالماغاي ئېردىڭ بارى ئالەمغە غەۋغا كاشكى.
(كاشكى، ئالەمگە جامال ئاچمىغان بولساڭ، ئالەمگە مۇنچە
غەۋغا سالمىغان بولاتتىڭ.)

چۈن جەمالىڭ جىلۋەسى ئالەمغە سالدى رۇستەخىز،
قىلماغاي ئېردى كوزۇم ئانى تاماشا كاشكى.
(جامالىڭ جىلۋىسى ئالەمدە قىيامەت كۆتەردى، كاشكى
كۆزۈم ئۇنى كۆرمىگەن بولسىچۇ.)

بولماغاي ئېردى كوزۇم ئوتلۇق يۈزۈڭ كورگەن زەمان،
ئىشقىڭ ئوتى شوئلەسى كوڭلۇمدە پەيدا كاشكى.
(كاشكى كۆزۈم ئوتلۇق يۈزۈڭنى كۆرمىگەن بولسا، كۆڭلۈمدە
ئىشقىڭ ئوتىنىڭ يالقۇنى يانمىغان بولاتتى.)

ئەيلەگەچ ئىشقىڭ بەلاسى زار كوڭلۇمنى ھەزىن،
قىلماغاي ئېردىڭ مېنى مەھزۇنغە پەرۋا كاشكى.
(ئىشقىڭ بالاسى بىچارە كۆڭلۈمنى غەمكىن قىلىۋەتتى، كاشكى،
مەن غەمكىنگە پەرۋا قىلمىغان بولساڭچۇ.)

تۇشمەگەي ئېردى فىرىب ئامىز لۇتفۇڭ بىلمەيىن،
ناتەۋان كوڭلۇمگە ۋەسلىڭدىن تەمەننا كاشكى.

(كاشكى، سىنىڭ ساختا مەرھەمەتىڭنى چۈشەنمەي، ئاغرىق كۆڭلۈمدە ۋەسلىڭ تەمەنناسى پەيدا بولۇپ قالمىغىدى.)

لۈتۈف ئىلە كۆڭلۈمنى ۋەسلىڭدىن تەمەكار ئەيلەبان،
قىلماغاي ئىردىڭ يانا زۇلم ئاشكارا كاشكى.
(مەرھەمەت كۆرسۈتۈپ، كۆڭلۈمنى ۋەسلىڭگە ئۈمىتۋار قىلىپ قويۇپ، كېيىن زۇلۇم كۆرسەتمىسەڭ بولاتتىغۇ.)

ئەمدىكىم دىۋانەۋۇ رەسۋايى ئالەم بولمىشام،
ۋەسل چۈن مۇمكىن يوق، ئۆلتۈرگەي بۇ سەۋدا كاشكى.
(ئەمدى ساراڭدەك رەسۋايى ئالەم بولدۇم، چۈنكى ۋىسالغا مۇمكىنلىك يوق، بۇ سەۋدا ئۆلتۈرسە بولاتتى مىنى.)

ئەي نەۋائى، بىۋەفادۇر يار، بەس، نى فايدە،
نىچە كىم دىسەڭ "ئەگەر" ياخود "مەگەر" يا "كاشكى"
(ئەي ناۋايى، يار بىۋاپا ئىكەن. بولدى ئەمدى، قانچە "ئەگەر"، "مەگەر" يا "كاشكى" دىگىنىڭ بىلەن پايدىسى يوق.)

نىچە مەن مىھنەت چېكىپ، ئول ئاي تەنەئئۇم ئەيلەگەي،
ئاشكارا يىغلاسام، پىنھان تەبەسسۇم ئەيلەگەي.
(مەن شۇنچە جاپا چېكىمەن، ئۇ ئاي يۈزلۈك راھەتتە ئوتىدۇ، مەن ئاشكارا يىغلىسام، ئۇ يوشۇرۇن كۈلىدۇ.)

جەۋرىدىن ئول نەۋئ خۇشمەنكىم ئۆلۈم ھالى بولۇپ،
ۋەھم ئەتەرمەنكىم كۆرۈپ ناگەھ تەرەھھۇم ئەيلەگەي.
(ئۇنىڭ جەۋرىدىن ئۆلەر ھالەتكە كەلگىنىمگە خۇش، بىراق كېلىپ بۇ ھالەتتىن مىنى قۇتۇلدۇرمىغىدى دەپ ئەنسىرەيمەن).

نۇكتە سورگەچ لەئلى، ئۆلگەنلەر تاپار ئۆمرى ئەبەد،
ئۆمردە ئىيسا قاچان مۇنداق تەكەللۇم ئەيلەگەي.
(لېۋى چىرايلىق گەپ ئاچسا ئۆلگەنلەر مەڭگۈلۈك ئۆمۈر تاپىدۇ، ئەيسا پەيغەمبەرمۇ ئۆمرىدە مۇنداق سوزلىيەلىگەن ئەمەس.)

تىغى زۇلمى تەگمەكىدىن ئەيلەسە ئەل كوڭلى بىم،
تەگمەسۇن غەيرىمغە دەب كوڭلۈم تەۋەھھۇم ئەيلەگەي.
(كىشىلەر ئۇنىڭ زۇلۇم تىغىنىڭ ئۆزىگە تېگىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، كۆڭلۈمدە بولسا باشقىلارغا تەگمىگەي دەپ ئەنسىرەيمەن.)

دىمە زۇلمۇم كوپ دەب كوڭلۈم تەزەللۇم ئەيلەمىش،
كىم، ئەگەر ئاز بىسە، شايەد كىم تەزەللۇم ئەيلەگەي.

(بەك زۇلۇم قىلۋەتتى دەپ كۆڭلى زارلىنىدىكەن دىمە، بەلكى،
بۇنداق زۇلۇمدىن ئايرىلغان ئادەم زارلىنىدۇ.)

ئەي كۆڭۈل، بىرلەھزە ھىجران شىددەتىغە ئەرزىمەس
گەر ۋىسال ئىچرە كىشى يۈز يىل تەنەئئۇم ئەيلەگەي.
(ئەي كۆڭۈل، ئادەمنىڭ ۋىسال ئىچىدە كۆرگەن يۈز يىللىق
راھىتى بىر دەملىك ھىجران زەربىسىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.)

يار بەزمىغە چۇ يول تاپماس نەۋائىي،نى ئاسىغ،
دىلخەراش ئەفغانۇ گەر دىلكەش تەرەننۇم ئەيلەگەي.
(ناۋايى يار بەزمىسىگە ئېرىشەلمىسە، "دىلخەراش"— ئەفغانى
ۋە يېقىملىق كۈيدىن نىمە پايدا.)

كۆڭۈلنىڭ ھەجر ئارا جاندىن مەلالى،
كى يوق سەنسىز تىرىكلىك ئىھتىمالى.
(كۆڭلۈم ھىجران دەردىدە جاندىنمۇ كەچكۈسى كەلدى،
چۈنكى سېنىڭسىز ماڭا تىرىكلىك ئېھتىمالى يوق.)

قەددىن سەرۋىغە يەتتى خىجالەت،
كى تۈزلۈكتە يوق ئېردى ئىئتىدالى.
(سۇمباتىدىن سەرۋى دەرىخى خىجىل بولۇپ قالدى،
چۈنكى، تۈزلۈكتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى.)

خەيالى بەس، چۇ يوق ۋەسلىغە ھەددىم،
ۋىسالى بولماسا، بارى خەيالى.
(ئۇنى خىيال قىلسامالا يېتەرلىك، چۈنكى ۋەسلىنى تەلەپ
قىلىشقا ھەددىم يوق، ۋىسالى بولمىسىمۇ، خىيالى بارغۇ.)

نىھالىدۇر قەدى تۇبىدىن ئارتۇق،
ئەگەرچە يوقتۇرۇر تۇبى نىھالى.
(قەددى - قامىتى تۇبى دەرىخىدىن ئىسىل، تۇبى
دەرىخى ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئوخشىسۇن.)

ياڭى ئاي شامغا مەيل ئەيلەگەندەك
ئۇلانمىش زۇلفىغە مۇشكىن ھىلالى.

بەدائىئۇلۋەسەت
دىن تاللانما

(يېڭى ئاي قاراڭغۇغا مايىل بولغاندەك ئۇنىڭ ھىلالدەك
ئەككى قارا قېشى زۇلفىغا ئۇلاندى.)

لەبى جانبەخش سوز ئەيتۇردە قالماس
مەسىھانىڭ دەم ئۇرماققە مەجالى.
(ئۇنىڭ جانبەخش سوزى ئالدىدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ
دەم سېلىشقا ماجالى بارمۇ؟)

نى غەم، ساقى، ئەگەر خودجامۇ خۇم يوق،
يېتەر مەيخانەنىڭ سىنغان سەفالى.
(ئەي ساقى، ئەگەر جام، كوزا بولمىسا، مەيلى، مەي-
خانىنىڭ سۇنۇق ساپىلىمۇ بولۇۋېرىدۇ.)

مېنى بىھال قىل بىرمەي بىلەكىم،
كوكۇلنىڭ ئوزگەدۇر ھەر لەھزە ھالى.
(مېنى بىر قەدەھ مەي بىلەن ھالسىزلاندۇر، كوڭلۇم
ھالى ھەردىن ـ ھەرگە بىر قىسما بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.)

نەۋائى، سەن چۇ ھىجران لايىقى سەن
يېتورمە، ۋەسلى سەۋدايى مەھالى.
(ناۋايى، ساڭا ھىجران دەردى لايىق، ئۇنى يوقىتىپ
قويما، ۋىسال سوداييسى بولۇپ قالساڭ، ئىش تەس.)



ئەي نەۋ بەھارى ئارەزنىڭ سۇبھىغە جان پەرۋەرھەۋا،
ئاندىن گۇلۇ بۇلبۇل تاپىب يۇز بەرگ بىرلە مىڭ نەۋا.
(ئەي، جامالىڭ باھارى تاڭ ـ سەھەرنى جانلاندۇردى، ئۇنىڭدىن گۇل يۇزلەپ بەرگ، بۇلبۇل مىڭلاپ نەۋا تاپتى.)

توبىيۇ شاخى سىدرەدۇر كويۇڭ گىياھى نىگە كىم،
ئۇششاق ئەشكۇ ئاھىدىن ھەردەم تاپارسۇۋۇ ھەۋا.
(سىنىڭ كوچاڭدىكى گىيالار خۇددى توبى① ۋە نىلۇپەر شاخلىرىدەك ياشنىغان، چۇنكى ئۇ ئاشىقلارنىڭ كوز يېشىدىن سۇ ئىچىپ، ئاھىدىن ھاۋا ئالىدۇ.)

---

(1) توبى ــ جەننەت دەرىخى.

زەھرى فىراقىڭدىن قايۇ ئاشىققە بولدى تەلخكام،
نۇشى ۋىسالىڭ يەتمەسە، ئىيسا ئاڭا تاپماس دەۋا.
(پىراقىڭ زەھرىدىن قايسى ئاشىق ئازاپلانغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ۋىسالىڭ شەربىتى بولمىسا، ئەيسا پەيغەمبەرمۇ داۋا تاپالمايدۇ.)

چۈن قازىيولھاجات سەن، دەئۋايى مېھرىڭ قىلغالى،
دەردو فىراق ئەندۇھىدىن كەلتۈرمىشەم ئىككى گۇۋا.
(سەن ھاجەتلەردىن چىققۇچىسەن، مەن شەپقىتىڭنىڭ دەۋاسى ئۈچۈن دەرت ھەم پىراق قايغۇسىدىن ئىككى گۇۋاچى باشلاپ كەلدىم.)

قىلماي قەبۇل ئىجادىنىڭ ئىمكانى يوق سوڭرە يەنە،
مەقبۇلىنى رەد ئەيلەمەك لۇتفۇڭدىن ئولغايمۇ رەۋا.
(قوبۇل قىلماي تۇرۇپ، يارىتىشىنىڭ ئىمكانى يوق ئىدى، ئارقىدىنلا ياقتۇرغىنىڭنى قوغلاش سېنىڭ لۇتپى-مەرھەمىتىڭگە توغرا كېلەمدۇ؟)

زاھىد كوڭۇلنىڭ خىلۋەتىن مەتلۇبى غەيرىدىن ئەرىت،
سەن سەيرقىلساڭ قىل، كېرەك كوڭلۇڭگە بولسا ئىنزىۋا.
(ئەي زاھىد، كوڭۇل بوشلۇغىنى يات تەلەپلەردىن تازىلا، كوڭلۇڭ خىلۋەتنى تارتسا سەير قىلغىن.)

دىسەڭ نەۋائى جان ئارا مەھبۇب بولغاي جىلۋەگەر،
ئەۋۋەل كوڭۇل كوزگوسىدىن مەھۋ ئەيلە نەقشى ماسىۋا.
(ناۋايى، مەھبۇب جېنىڭدا جىلۋىلەنسۇن دىسەڭ، ئالدى بىلەن كوڭلۇڭ ئەينىگىدىن باشقىلارنىڭ سۈرىتىنى تازىلا.)

ئولكى ئىشق ئەھلىنى ئولتۈرمەك ئېرۇر ئادەت ئاڭا،
جان كېرەك بولسا كوڭۇل ئەيلەمەگەي رىغبەت ئاڭا.
(ئۇنىڭ ئادىتى ئاشىقلارنى ئولتۈرۈش، جان كېرەك بولسا، كوڭۇلنى ئۇنىڭغا مايىل قىلمىغۇلۇق.)

ھەجر مۇھلىك ئىكەنىن مۇنداق ئەگەر بىلسەم ئىدى،
تۇتماغاي ئېردىم ئەگەر ئولسەم ئىدى ئولفەت ئاڭا.
(ئەگەر ھىجراننىڭ مۇشۇنداق ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئولسەممۇ ئۇنى ئولپەت تۇتماس ئىدىم.)

ئول پەرى سۇرەتىغە تەلبە كوڭۇل بولدى ئەسىر،
ئىشق ئارا، ۋايكى، يۇزلەندى ئەجەب سۇرەت ئاڭا.
(ئاھ، تەلۋە كوڭلۇم ئۇ پەرىنىڭ سۇرىتىگە ئەسىر بولۇپ، ئىشق ئارا ئۇنىڭغا ئەجەپ بۇ سۇرەت يۇزلىنىپ قالدى.)

يۇزى كوزنى يارۇتۇر، لىك قۇياش خىرە قىلۇر،
بىلۇر ئولكىم كوزى باركىم مۇڭا يوق نىسبەت ئاڭا.
(يۇزى كوزنى يورۇتىدۇ، بىراق قۇياش خىرەلەشتۇرىدۇ، كوزى بار كىشى ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.)

تاش ئۇرارلەر مەنى مەجنۇنغەكى، قازمىش فەرھاد،
ئىشق ئارا مەنچە قاچان ئېردى ئىكىن شىددەت ئاڭا.

(پەرھات قازغان تاشلار بىلەن مەن مەجنۇننى ئۆرۈشىدۇ، ئىشق
ئارا مەن كورگەن زەربىنى پەرھات نەدە كورگەن؟)

ئۆلدى مەجنۇن كورۇبان دىلبەرىنى مەن كورمەي،
مەنچە يوق ئېردى ئىكىن ئۆلگەنىدە ھەسرەت ئاڭا.
(مەجنۇن ئۆزىنىڭ دىلبىرىنى كورۇپ ئۆلدى، مەن كورمەي
ئۆلىدۇم، شۇڭا ئۆلۇم ئالدىدىكى ئۇنىڭ ھەسرىتى مېنىڭكىچىلىك
ئەمەس.)

دىدە پا بوسىن ئاياغىڭغە مەگەر ئىلتور ئەشك،
يوق ئىسە مۇنچە يۈگۈرمەكتە نىدۇر سۇرئەت ئاڭا.
(كوزۈمنىڭ ئايىغىڭنى سۆيۈشىنى پەقەت توككەن يېشىم يەتكۈزىدۇ،
ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭغا نىمانچە تېز يۈگۈرىدۇ.)

مەنى سەرگەشتەدە ھىجران ئوقىدىن مىڭ پەيكان،
چەرخى گەردانغە مۇشابىھ كورۇنۇر ھەيئەت ئاڭا.
(مەن بېشى ئايلانغان مەسنىڭ جىسمىدە مىڭلاپ ھىجران ئوقى بار،
بۇ سىياقى بىلەن ئۇ چوگىلەپ تۇرغان پەلەككە ئوخشاپ قالدى.)

دەھرنىڭ گۈلشەنىدىن بويى ۋەفا تۇتمە تەمەئ،
كىم سەبا باستەسى سەپمەدى بۇ نەكھەت ئاڭا.
(دۇنيا باغىدىن ۋاپا ھىدىنى تاما قىلما، چۈنكى تاڭ پەيزى بۇ
ياققا ئۇنداق خۇشپۇراق سەپكىنى يوق.)

ئەي خۇش ئول رىندكى مۇغ دەيرىنى قىلدى مەسكەن،
يەتسە ھەم مۇغبەچەلەر ئىشقىدا يۈز ئاپەت ئاڭا.
(ئۇ ھاراقكەش مەيخانىدىن ماكان تۇتتى، گەرچە مۇغبەچەلەر
ئىشقىدا يۈز ئاپەتكە يولۇقسىمۇ، پەيزى شۇنىڭ.)

ئەي كوڭۈل، قويما نەۋائىنىكى، ھۇشيار ئولغاي،
كوب يېتەردەك ئىسە دەۋران ئىلىدىن مېھنەت ئاڭا.
(ئەي كوڭۈل، زامان ئەھلىدىن ناۋائىيغا كوپ جاپا كېلىدىكەن،
شۇڭا ئۇنى ھۇشيار ھالەتتە قويما.)

لەبلەرىڭدىن گەرچە قان يۇتماق دەمادەمدۇر ماڭا،
گەردەمى جامى ۋىسالىڭ يەتسە نى غەمدۇر ماڭا.
(لەۋلىرىڭ ئىشتىياقىدا ھىلىدىن ھىلىغا قان يۇتىمەن،
بىر دەملىك ۋىسالىڭ جامىغا ئېرىشسەم مەندە غەم قالاتتىمۇ.)

پەند ئىشىتمەي، كورۇپ ئانى يۈز بەلاغە ئۇچرادىم،
كوزلەرىم چىقسۇنكى، يۈز مۇنچە سەزا كەمدۇر ماڭا.
(نەسىھەت ئاڭلىماي، ئۇنى كورۇپ يۈز بالاغا ئۇچرىدىم، شۇڭا
كوزلىرىم ئېقىپ كەتسۇنكى، ئۇنىداق يۈزلەپ جازامۇ ماڭا ئازلىق
قىلىدۇ.)

قان شەۋقىم شەرھىنى تەقرىر قىلدىم، ۋەھ، نى سۇد،
كىم ئاڭا ئىرسال ئۇچۇن سىمۇرغ مەھرەمدۇر ماڭا.
(ئىشتىياقىم كۇيىقاپىنىڭ شەرھىنى يازدىم، بىراق نىمە پايدا؟
چۇنكى بۇنى يەتكۇزۇش ئۇچۇن سۇمرۇغ بىلەن سىرداش بولۇش
لازىم ئىكەن.)

يارىكىم مۇنداق نىھاندۇر كوزدىنۇ مەن تەلبەمەن،
كىم دىگەي كىم فىتنە بولغان نەسلى ئادەمدۇر ماڭا.
(يار كوزۇمگە كورۇنمەس، مەن سارالڭ. ماڭا بۇ غەۋغانى
سالغۇچىنى ئادەم پۇشتى دىگەن كىم ئۇ؟)

قارەچىرماپ ياش توكۇپ ئەفغان قىلۇر مەن خامەدەك
ئەتكەلى نالان كوڭۇل بۇ نەۋئ ماتەمدۇر ماڭا.
(قارا باغلاپ، خۇددى قەلەمگە ئوخشاش پەريات چېكىپ ياش
توكىمەن، كوڭۇل زارىنى توكۇش ئۇچۇن مۇشۇنداق ماتەمدار
بولۇشۇم كېرەك.)

ئوزگە يۈزگە باقما دەپ بىر - بىر كوزۇمگە باستى مۇھر،
يارىنىڭ ھەر باقىشى بىر نەقش خاتەمدۇر ماڭا.
(باشقا يۈزگە قارىما دەپ كوزلىرىمگە بىر - بىرلەپ موھۇر باستى،
يەنى يارىنىڭ ماڭا ھەر بىر بېقىشى مۇھرىدىن بېسىلغان نەقش.)

دەھر ئارا تۇشكەن ھەۋادىسدىن ئوتى مانىئ ئەمەس،
كوز ياشىمدىن گەرچە كوز تۇشكۇنچە پۇرنەمدۇر ماڭا.
(دۇنيادا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئالدىدا بۇ ئوت پەسىيىدىغاندەك
ئەمەس، ھەتتا ياشلىرىم كوزۇمنى ئېقىتىپ كەتكىدەك ئاقسىمۇ.)

ساقىيا، جامى جەھانبىن تۇتكى، ئاندىن كەشف ئېتەي
كىم، كوب ئىش بۇ كارگاھ ۋەزئىدە مۇبھەمدۇر ماڭا.
(بۇ دۇنيا نىزامىدا نۇرغۇن ئىش ماڭا تۇتۇق، ئەي ساقى، ماڭا
جاھاننەما جامىنى تۇت، مەن بۇ سىرنى ئاچاي.)

دىلبەرى ئاللىندە مەجنون نەقدى جان سەرف ئەتمەدى،
ئەي نەۋائى، ئىشق ئەتۋارى موسەللەمدۇر ماڭا.
(مەجنۇن دىلبىرى ئۇچۇن دەرھال جېنىنى پىدا قىلمىدى،
ئەي ناۋايى، مەن بولسام مۇھەببەت يوسۇنىغا كەم - كۇتىسىز
ئەمەل قىلىمەن.)

لەبلڭ سارى تاكىم نەزەردۇر ماڭا،
ياش ئورنىدا خۇنى جىگەردۇر ماڭا.
(لېۋىڭگە نەزەر سالغان هامان،
كوزۇمدىن ياش ئورنىغا جىگەر خۇنى ئاقىدۇ.)

دىمە: مەندىن ئايرىل، داغى ئۇمر سۇر،
كى ئول ئۇمر ئولۇمدىن بەتەردۇر ماڭا.
(مەندىن ئايرىلىپ ياشاۋە، دىمە،
چۈنكى بۇنداق ياشاش مەن ئۇچۇن ئولۇمدىنمۇ يامان.)

توگەنلەر دىرەم شەكلىدۇر زاد ئۇچۇن،
ئەدەم سارى چۈنكىم سەپەردۇر ماڭا.
مەندەك يوقۇلۇش سەپىرىگە چىققۇچى ئۇچۇن
دەرت داغلىرى خەجلەيدىغان كۈمۈش تەڭگە).

قىلۇر ئەيب ئاشىقلىغىم بارچە خەلق،
ئولۇس ئەيبى ۋەھكىم هونەردۇر ماڭا.
(هەممە ئادەم مېنىڭ ئاشىقلىغىمنى ئەيىپلەيدۇ،
ئاھ،كىشلەر ئەيىپ كورگەن نەرسە ماڭا كەسىپ بولۇپ قالدى.)

تەبىبا، يەنە سەبردىن دىمە سوز،
كى بۇ شەربەتىڭدىن زەھەردۇر ماڭاھ

(ئەي تىۋىپ، ماڭا سەۋر قىل دەپ تەسەللى بەرمە،
ماڭا بۇ شەربىتىڭ زىيان قىلىدۇ.)

دىمە: مەينى تەرك ئەتكى، ساقى يۈزى
كى بۇ كوزگو ئارا جىلۋەگەردۇر ماڭا.
(ماڭا مەي ئىچىشنى تاشلا دىمە، چۈنكى ساقىنىڭ
يۈزى ماڭا شىشىدىن جىلۋە كورسىتىپ تۇرۇپتۇ.)

نەۋائى ئول ئاي هەجرىدە تۈنۇ-كۈن،
قاتىق شامۇ تىرە سەھەردۇر ماڭا.
(ناۋائى كېچە-كۈندۈز ئاشۇ ئاينىڭ پىراقىدا؛
كېچە ئۈنىڭ ئۇچۇن قاتتىق، سەھەر بولسا قاراڭغۇ.)

ۋەھكى، رەسۋامەن يەنە دىۋانەۋو ئاقىل ئارا،
بۇلئەجەب ھالىم بولۇپ ئەفسانە ھەر مەھفىل ئارا.
(ئاھ، مەن يەنە جىندى ھەم ئاقىللار ئارىسىدا رەسۋا بولدۇم،
بۇ غەلىتى ئەھۋالىم ھەممە سورۇندا سوز - چوچەك بولدى.)

مۇزتەر ئېردىم ھەجرىدىن، يار ئەتكەن ئىرمىش تەركى مىھر،
مۇشكىلىدۇر ئىشقىدىن ھەردەم ماڭا مۇشكىل ئارا.
(مەن ھىجرانلىقتا گاڭگىراپ يۈرسەم، يار ئۆز ئىشقىدىن ۋاز كېچىپتۇ،
ئىشق دەردىدىن ماڭا مۇشكۇللۇك ئۈستىگە مۇشكۇللۇك چۈشتى.)

ئەقلۇ سەبرۇ ھوش كېتىب، كوڭلۇمدە قالدى داغلار،
كارۋان كوچسە قالۇر ئوتلار يىرى مەنزىل ئارا.
(ئەقلىم، سەۋرىم، ھۇشۇم كېتىپ، كوڭلۇمدە داغ قالدى،
خۇددى كارۋان كوچسە مەنزىلدە ئوتلىرى قالغاندەك.)

ئوقلارىڭ مىژگان كەبى گىريان كوزۇم ئەترافىدا،
راست باردۇر ئول قەموشلىقكىم پۇتەر ساھىل ئارا.
(خۇددى قومۇشلۇق دەريا بويىدىن جاي ئالغىنىدەك،
ئوقلىرىڭ كىرپىككە ئوخشاش ياشقا تولغان كوزۇم ئەتراپىغا
ئورناشتى.)

كىرپىگىڭ تۇشكەن كوڭۇل ئىچرە خەيالىڭ، ئەي پەرى،
گۇيىيا يۇسۇف نۇزۇل ئەتمىش چەھى بابىل ئارا.

(ئەي پەرى، گويا يۇسۇپ بابىل قۇدۇغىغا چۈشكەندەك،
كىرپىك ئوقۇڭ سانچىلغان كوڭلۇمگە ئوي - خىيالىڭ چۈشتى.)

قۇللۇغۇڭ داغىدىن ئولسەم ئىستەمان ئازادلىغ،
كىم بۇ تەمغادۇر نشانى مۇدبىرو موقبىل ئارا.
(قۇللۇق دېغىدىن ئولۇپ كەتسە مەيلى، ئازاتلىق تىلىمەيمەن،
چۈنكى بۇ تامغا ھەم بەختسىزلىك ھەم بەختىيارلىقنىڭ نىشانى.)

مەسكەنىڭ ئىستەر نەۋائى، نىسيە جەننەت ئەھلى زۇھد،
مۇنچە ئوق بولۇر تەفاۋوت ئالىمۇ جاھىل ئارا.
(ناۋايى سەن تۇرغان جاينى خالايدۇ. زاھىتلار بولسا نىسى، جەننەتنى،
ئالىم بىلەن جاھىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نىمە دىگەن چوڭ - ھە!)

ئۇتقە سالغىل سەرۋىنى ئول قەددى مەۋزۇن بولماسا،
يەلگە بەرگىل گۈلنى ئول رۇخسارى گۈلگۈن بولماسا.
(سەرۋى دەرىخى ئەگەر تۈز بولمىسا، ئۇنى ئوتقا يېقىۋەت، گۈل ئەگەر چىرايلىق، رەڭدار بولمىسا، ئۇنى شامالغا ئۇچۇرۇۋەت!)

سەرسەرى ئاھىم ئىبىسەر غەم شامى ھىجران تاغىغە،
ياخشىدۇر تاڭ ئاتقۇچە بۇ تاغو ھامۇن بولماسا.
(ھىجران ئاخشىمى ئاھىم شامىلى غەم تېغىغا ئۇچۇدۇ، تاڭ ئاتقىچە بۇ تاغ ـ دالا بولمىسا ياخشى بولاتتى.)

تەلبەلىكدىن، ۋەھكى، ھەردەم دەردىم ئەفزۇندۇر، ئەگەر
ئول پەرى ئىشقىدا ھەردەم دەردىم ئەفزۇن بولماسا.
(تەلۋىلىكتىن دەردىم بارغانسېرى كوپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر ئاشۇ پەرى ئىشقىدا بارغانسېرى دەردىم كوپەيمىسە، بۇنداق بولماس ئىدى.)

گەر كوكۈل، قەتل ئىستەبان سەن ۋەئىدە قىلدىڭ تاڭلا دەپ،
ئۇشبۇدەم ئولتۇر بۇ ئىھسان بىرلە مەمنۇن بولماسا.
(ئەتىلىككە ئولتۇرەي دەپ ۋەئىدە قىلىۋىدىڭ، ئەگەر كوڭۇل بۇ ياخشىلىقىڭدىن خۇش بولمىسا ھازىرلا ئولتۇرۇۋەت.)

خىرقە جىنسىن رەھن ئۇچۇن، ئەي شەيخ، ئالماس پىرى دەير،
بادە بەرمەس تاكى ئۇزلۇك جىنسى مەرھۇن بولماسا.

(ئەي شەيخ، مەيخانىچى سوپىلىق پەرىجىسىنى گوروگە ئالمايدۇ، تاكى شەخسىيەت گوروگە قويۇلمىغىچە، ئۇ شاراپ بەرمەيدۇ.)

ئەي نەۋائىي، تانما، گەر دەر ئول پەرى مەجنۇن سېنى،
ئاشىق ئولغايمۇ پەرىخە ئولكى مەجنۇن بولماسا.
(ئەي ناۋايى، ئۇ پەرى سېنى مەجنۇن دىگەن بولسا، بۇنىڭدىن تانما، چۈنكى مەجنۇن بولمىغان ئادەم پەرىگە ئاشىق بولالمىدۇ.)

بەھى رەڭگىدەك ئۇلمىش دەردى ھەجرىڭدىن ماڭا سىما،
دىماغىم ئىچرە ھەر بىر تۇخمى يەڭلىغ دانەئى سەۋدا.
(ھىجرىڭ دەردىدە چىرايىم بەھى رەڭگىگە كىردى، دىمىغىمدا بەھى ئۇرۇغىدەك سەۋدايىلىق دانىلىرى بار.)

مەزەللەت توفراغى سارىغ يۈزۈمگە باردۇر ئانداقكىم،
بىھىدا گەرد ئولتۇرغان مەسەللىك تۈك بولۇر پەيدا.
(سېرىق يۈزۈمگە خار-زارلىق توپىسى قوندى، خۇددى بىھىنىڭ يۈزىدە چاڭ-توزاڭ باسقان تۈك پەيدا بولغاندەك.)

ئاقارتىپ ئىشق باشىمنى، نىھان بولدى سارىغ چىھرەم،
ماموغ ئىچرە بىھىنى چىرماغان يەڭلىغ كىشى ئەمدا.
(خۇددى كىشىلەر بىھىنى پاختىغا ئوراپ قويغاندەك، مۇھەببەت مېنىڭ بېشىمنى ئاقارتىپ سېرىق چىرايىمنى يوشۇردى.)

يۈزۈمدىن تىغى ھەجرىڭ زەخمى ھەر سارى ئېرۇر، نىۋەجھ،
بىھىنى تىغ بىلەن چۈن قەتئ قىلماق رەسم ئەمەس ئەسلا.
(نېمىشقىدۇ، ھىجرانىڭ تىغى يۈزۈمگە تىلىم-تىلىم زەخمە سالدى، بىھىنى تىغ بىلەن كېسىدىغان قائىدە يوق ئىدىغۇ.)

يۈزۈم توفراغدادۇر ھەردەم قۇرۇغان جىسم رەنجىدىن،
بىھىگە سەرنىگۈنلۈك شاخى زەئفىدىن بولۇر گويا.

(كېسەلدىن جىسمىم قۇرۇغاچقا، يۈزۈم توپا ئۈستىدە، خۇددى شېخى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىھى پەسكە ساڭگىلىغاندەك.)

بۇ گۈلشەن ئىچرە بىھبۇد ئىستەگەن دائىم بىھى يەڭلىغ،
كىيىپ پەشمىنە تائەتقە قەدىن خەم ئاسراماق ئەۋلا.
(بۇ گۈلشەن ئىچىدە نىجاتلىق ئىزلىگۈچىلەر ھەمىشە بىھىگە ئوخشاش يۇڭ پەشمەت كىيىپ ئىبادەت ئۈچۈن ئېگىلىپ تۇرغىنى ياخشى.)

نەۋائى گەر قۇياش نارەنجىدىن بىھرەك كورەر، تاڭ يوق،
بىھىكىم، لوتف قىلمىش مەھد ئولىيا ئىبسەتۇد دۇنيا.
(ناۋايى، بىھىنى قۇياش لىمونىدىن ئەۋزەل كورۇدۇ، چۈنكى بۇنى دۇنيانىڭ ئىپپەتلىكى-مەھدى ئولىيا — خانىش تەقدىم قىلدى.)

لەبىڭدىن خەستە جانىم بولدى بىتاب،
ئەمەس بىتاپ، ئاڭا ئېرور شەكەر خواب.
(لېۋىڭدىن تاۋىم ئۆزگىرىپ، جېنىمنى كېسەل باستى،
ياق، كېسەل ئەمەس، بەلكى شىرىن ئۇيقۇ باستى.)

ياشىمدىن ئابرۇيۇم باردى، بىلدىم،
كى رەۋنەقسىز قىلۇر ئالتۇننى سىماب.
(بىلدىمكى، ئالتۇننى سىماپ يالتىراقسىز قىلى-
ۋەتكەندەك، كۆز يېشىم مېنى ئابرۇيسىز قىلىۋەتتى.)

قاشىڭ ھەجرىدا ھەرنەئىلىكى كەسسەم،
كىلۇر پەيۋەستە جانا شەكلى مىھراب.
(ئەگمە قېشىڭ پىراقىدا تاقايسىماقچى بولسام،
كۆز ئالدىمغا ھەمىشە مىھراپ شەكلى گەۋدىلىنىدۇ.)

قىلىچ باغى بىلىڭ قۇچقان ھەسەددىن،
كوزۇمگە ئەژدەرىدۇر شەكلى قەللاب.
(بېلىڭنى قۇچقان قىلىچ بېغىنى كۆرگەندە رەشكىم كېلىپ،
كۆزۈمگە قارماق شەكلىدىكى ئەژدەرھا كېلىدۇ.)

كوزۇم ئاللىدەدۇر لەئلىڭ خەيالى،
ئەمەس كىرپىكلارىم ئاستىدە خۇناب.

(كىرپىكلىرىم ئاستىدىكى قان ئەمەس، بەلكى
ياقۇت لېۋىڭنىڭ كۆز ئالدىمغا كەلگەنلىكى.)

فىراق ئىلكى فىغان جان رىشتەسىدىن
چىقارۇر تاردىن ئانداقكى مىزراب.
(زەخمەك تاردىن سادا چىقارغاندەك، پىراق قولى
جان رىشتىسىنى چېكىپ پىغانىمنى ياڭرىتىدۇ.)

فەلەك باشىڭغە قاپلاب ئىت تېرەسىن،
سەن ئانى جەھلدىن دەپ كىشۇ- سەنجاب.
(پەلەكنىڭ بېشىڭغا ياپقىنى ئىت تېرىسى، سەن ئۇنى،
نادانلىقتىن، قۇندۇز ياكى سولەيسۇن دەپ قالما.)

ئەجەپ يوق ئادەمىلىكنى ئونۇتساڭ،
ئوزۇڭنى سەن بىر ئىت بەزمىدە ئاسراب.
(ئادەمىلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالساڭ نىمە ھەيران بولغۇلۇق، چۈنكى
سەن ئۆزەڭنى ئىتلار بەزمىسىدە ئاسراپ كەلگەن تۇرساڭ.)

نەۋائى، رەنج كورمە ئاغزىن ئىستەپ،
كىم ئول بىر جەۋھەرىدۇر ئەسرو ناياب.
(ناۋايى، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېرىشىمەن دەپ ئۆزەڭنى دەرتكە قويما،
ئۇ بىر جەۋھەر بولسىمۇ، سەن ئۇچۇن تېپىلماس نەرسە.)



ئۇن چىدەرمەن ئىشق ئارا بىر نەرگىسى جادۇ كورۇب،
باغلاغان ئىتتەككى، فەرياد ئەيلەگەي ئاھۇ كورۇب.
(ئىشق ئارا بىر جادۇ كوزلۇكنى كورۇش بىلەنلا توۋلىۋېتىمەن،
(خۇددى باغلاقتىكى ئىت كېيىكنى كورگەن ھامان سۇرەن
كوتەرگەندەك.)

ۋەھ، نېتىپ مەششاتەنى ئاللىدا كورگەيمەنكى،يار
ئەكسىدىن غەيرەت قىلۇرمەن ئىلكىدە كوزگۇ كورۇب.
(ئاھ، نىمىشقىمۇ يارنىڭ ئالدىدا پەدەزچىنى كورەي، ئۇنىڭ
قولىدا ئەينەك كورسەم يارنىڭ ئەكسىدىن رەشك قىلىمەن.)

ئارەزىڭ، خالىڭ خەيال ئەتكەچ يېتىشتى ناۋەكىڭ،
قىلدى ئول قۇش مەيل گويا دانە بىرلە سۇ كورۇب.
(يۈزۈڭ ھەم خالىڭنىڭ خىيالىغا بېرىلىۋىدىم، كىرپىك ئوقۇڭ
سانچىلدى، بۇ خۇددى قۇش سۇ بىلەن داننى دەپ دامغا
چۈشكەندەك ئىش.)

چەكتى باش خەتتىڭ لەبۇ خالىڭ قاشىدا، ۋەھ، نىتاڭ،
گەرمولايىم بولسا توتى شەككەرۇ ھىندۇ كورۇب.
(پاھ، لېۋىڭ بىلەن خالىڭنىڭ قېشىدا نازۇك موي ئۈنۈپتۇ،
تۇتى شېكەر بىلەن ھىندىنى كورۇپ مۇلايىم بولۇپ قالسا
ئەجەپلەنمىگۈلۈك.)

لەبلەرى خەندان بولۇر كورگەچ كوزۇمدە يىغلاماق،
كوزلەرىم يىغلار لەبى جانبەخشىدە كۈلكۈ كورۇپ.
(كوزۇمدە ياش كورسە ئۇنىڭ لەۋلىرىگە كۈلكە يۈگرەيدۇ، ئۇنىڭ
جانبەخش لېۋىدە كۈلكە كورسە، كوزۇمگە يىغا يامىشىدۇ.)

ناسىھا، نى نەۋئ مەي جامىنى ئاغزىمدىن ئالاي،
كىم، ئىچەرمەن مەيدە ساقى ئارەزىن ئوترۇ كورۇب.
(ئەي نەسىھەتچى، مەن قانداقمۇ جامدىن ئاغزىمنى ئالاي،
شاراپتا ساقى يۈزى كورۇنۇپ تۇرسا، ئىچىمەن ـ دە.)

گەر نەۋائى موفرىت ئەفغان ئەتسە، جانا، قىلمە ئەيب،
سەن ھەلاك ئەتكەن كوڭۈل سوگىدە يىغلار ئوكورۇب.
(ئەي يار، ناۋايى قاتتىق پەريات چەكسە، ئەيىپكە بۇيرۇما، ئۇ،
سەن ھالاك قىلغان كوڭلىنىڭ ماتىمىدە ھوكىرەپ يىغلايدۇ ـ دە.)

نچە كم كوڭلۇمدە بار ئول دىلرەبانىڭ يادى كوب،
يارنىڭ ياد ئەتمەگى ئازراق، ۋەلى بىدادى كوب.
(كوڭلۇمدە ئۇ دىلرابانى شۇنچە كوپ ياد قىلىمەن،
بىراق ئۇنىڭ مېنى ياد ئېتىشى ئاز، زۇلمى كوپ.)

تاپماغاي نەخلى قەدىڭدەك بىرنىھالى خۇشخىرام،
گەرچە بولغاي باغبانىنىڭ سەرۋ ئىلە شەمشادى كوب.
(گەرچە باغۋەنىنىڭ سەرۋى ۋە شەمشاد دەرەخلىرى كوپ بولسىمۇ،
لېكىن سېنىڭ قامىتىڭدەك كېلىشكەن بىر كوچەت تېپىلمايدۇ.)

تەلبە كوڭلۇمدىن ئىمان رازىكى، ھەرتۇن كويىدا
ئىتلارىنىڭ ئاغرىتۇر باشىن ئانىڭ فەريادى كوب.
(تەلۋە كوڭلۇمدىن رازى ئەمەسمەن، چۈنكى ھەر ئاخشىمى
ئۇنىڭ كوچىسىدا پەريات قىلىۋېرىپ، ئىتلىرىنىڭ بېشىنى
ئاغرىتىۋەتتى.)

لەيلىيۇ شىرىنۋەشىمنىڭ ئىشق دەشتۇ تاغىدا
مەنچە بىر يوق، گەرچە بار مەجنۇن ئىلە فەرھادى كوب.
(ئىشقىنىڭ تاغ - باياۋانلىرىدا لەيلى ۋە شىرىنگە ئوخشاش
گۈزەللەرنىڭ مەجنۇن، پەرھاتلىرى كوپ بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭدىگى
يوق.)
خوبلەر ۋادىسىدا تاپىلماس تەل كوڭلى قۇشى،
نېۋوچۇنكىم، باردۇرۇر بۇ بىشەنىڭ سەييادى كوب.

(گۈزەللەر ۋادىسىدا كىشلەرنىڭ كوڭۇل قۇشى يوق، چۈنكى
بۇ جاڭگالنىڭ ئوۋچىلىرى كوپ.)

كىرپىگىڭگە قەتل تەئلىمىن ئەجەل بەرمىش، ۋەلىك
ئوزىدىن ئوستادراق ئەتمىش ئانىڭ ئۇستادى كوب.
(كىرپىگىڭگە قاتىللىق تەلىمىنى ئەجەل بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن
بۇ ئوستاز شاگىرتىنى ئوزىدىنمۇ بەك ماھىر قىلىۋېتىپتۇ.)

شەيخ ئىلە ئەھلى رىياۋۇ دەيرپىرى بىرلە رىند
كىم، فەنا ئېچرە كېرەكتۇر پىرنىڭ ئىرشادى كوب.
(شەيخ بىلەن رىياكار سوپى ۋە مەيخانىچى بىلەن ئېچەر-
مەنلەرگە فەنا① بابىدا پىر - ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىگى كوپ بولىدۇ.)

ئومر قەسرىن نېچە كۈن تۈتقىل غەنىمەتكىم، دەرىغ،
خۇش بىنادۇر پايدار ئېرمەس، ۋەلى بۇنيادى كوب.
(ئومۇر سارىيىنى بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ غەنىمەت بىل، گەرچە
بۇ چىرايلىق بىنانىڭ ھۇلى قېلىن بولسىمۇ، تۇرغۇن ئەمەس.)

دەۋر ئاياغىدۇر ئىلاجى، كىمكى دەۋران ئەھلىنىڭ
جەۋرىدىن ئازۇردە بولمىش خاتىرى ناشادى كوب.
(كىمكى زامان كىشلىرىنىڭ جەۋرىدىن ئازار يەپ كوڭلى سۇنسا،
ئۇنىڭ ئىلاجى ئايلىنىپ كەلگەن قەدەھ.)

تارقالىڭ، ئەي ئوششاقكىم، سەيد ئەتتى بىزنى، مۇغبەچە،
دەير ئارا سىز ھەم كىرىڭ كوفر ئەھلىنىڭ ئەۋلادى كوب.

فەنا — بۇ يەردە سوپىلار تەلىماتىدا مەنىۋى كامالەتكە يېتىشنىڭ
يەتتىنچى ئالى دەرىجىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

(ئەي ئاشىقلار، تارقاڭلار. بىزنى مەيچى بالا قىلتاقىا چۈشەردى،
يا بولمىسا ھەممىڭلار مەيخانىغا كىرىڭلار، بۇ رەھىمسىزلەرنىڭ
ئەۋلادى كوپ ئىكەن.)

تىفلىلەر ئوينار نەۋائى بىرلە مەجنۇن دەپ مەگەر،
تىفل ئىكەندە ئول داغى شەۋقۇم بىلەن ئوينادى كوب.
(كىچىك باللار ناۋايىنى ساراڭ كورۇپ، ئوينۇشىدۇ، ماڭا
ئوخشاشلار بىلەن ئويناشقاندىن كېيىن، ئۇمۇ كىچىك بالا
ئىكەن ـ دە.)

جەۋر ئوقىنى خالى تەنىمگە ئۇرما كوپ،
كوككە بۇ توفراغنى ساۋۇرما كوپ.
(ئاياق ـ ئاستى بولغان تېنىمگە جەۋر ئوقىنى
ئېتىۋەرمە، بۇ توپىنى كوككە سورۇۋەرمە.)

ئىشقىدىن بەسدۇر ماڭا ئورتەنمەگىم،
ھەجر بەرقى بىرلە ھەم كويدۇرمە كوپ.
(ئىشق ئوتىدا ئورتەنگىنىممۇ يېتەر،
ھىجران چاقمىقى بىلەن كوپ كويدۇرمە.)

يۈزىڭگە، ئەي كوز، چۇ يوق تابى نەزەر،
بەس، ئانىڭ سارى باقىپ تەلمۇرمە كوپ.
(ئەي كوز، ئۇنىڭ قارىغۇدەك ھالى يوق،
بەس، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ تەلمۇرۇۋەرمە.)

نوشى لەئلىڭدىن ئەگەر جان ئىستەدىم،
بۇ گۇناھ ئۇچۇن مېنى ئولتۇرمە كوپ.
(شىرىن لېۋىڭدىن جان تاپاي دەيمەن،
بۇگۇناھىم ئۇچۇن مېنى ئولتۇرمىگىن.)

دائىما رەسمى مۇھەببەت بار ئىمىش،
بىزنى ئۇشبۇ جۇرم ئۇچۇن يازغۇرما كوپ.

(قاچانلا بولمسۇن مۇھەببەت ئىزھار قىلىش يوسۇنى
بار ئىكەن، بىزنى بۇ گۇنا ئۈچۈن ئەيىپلەۋەرمە.)

ۋەسلىگە چۈن يوق نىھايەت جۇز فىراق،
بەس، ۋەفا ئەھلىن قاشىڭدىن سۈرمە كوپ.
(ۋىسال يولىدا جۇدالىق دەردىدىن باشقا نەرسە
يوقمۇ؟ بەس، ۋاپادارلارنى يېنىڭدىن قوغلاۋەرمە.)

ھىچ ئىش ئولماس ئايرو خالىق ئەمرىدىن
ئىلتىجا مەخلۇقىغە كەلتۈرمە كوپ.
(يارانقۇچىنىڭ ئەمرىدىن تاشقىرى ھېچقانداق
ئىش يوق، يارالغۇچىنى كوپ يىغلىندۇرما.)

ئەي گەداچۈن شەئىيىللا دىدىڭ ئوت،
ئەيلەبان ئىبرام باقىپ تۇرما كوپ.
(ئەي گاداي، خۇدا يولىدا سەدىقە سورايسەن،
بولدى. بەك بىزىرىپ تۇرۇۋالما.)

تۈت گەدالىغنى نەۋائى مۇغتەنەم،
شاھلار ئاللىندا باش ئىندۇرمە كوپ.
(ناۋايى، گادايلىقنى غەنىمەت بىل،
پادىشالار ئالدىدا باش ئېگىۋەرمە.)

جان فەرەھ تاپتى لەبىڭ جەۋھەرى بولغاچ ئاڭا قۇت،
ئەللاھ ـ ئەللاھ، نى مۇفەررەھ بولۇر ئىرمىش ياقۇت.
(جېنىم لېۋىڭ جەۋھىرىدىن ئوزۇقلىنىپ راھەتلەندى،
يائاللا، ياقۇت دىگەن نىمانچە ھوزۇر بەخش نەرسە ـ ھە!)

نالە مەنئىن قىلاسەن خاتەمى لەئل ئاغزىمە قوي،
بۇ نىگىن نەقش بىلە قويغىل ئاڭا موھرى سۈكۈت.
(نالە قىلما دىسەڭ، ياقۇت لېۋىڭ ئۈزۈگىنى ئاغزىمغا باس،
بۇ جىلۋىدار ئۈزۈك تامغىسى بىلەن ئاغزىمنى ھىملاۋەت.)

مەيى لەئلىڭ نى ئەجەب بادەكى، كەيفىيەتىدىن
روھى لايەئقەلو ئاندىن خىرەد ئولمىش مەبھۇت.
(لېۋىڭ شەربىتى ئاجايىپ شاراپ ئىكەن، ئۇنىڭ كەيپىدىن
روھ گاللۇاڭلىشىپ، ئەقىل ھەيرانلىقتا قالىدىكەن.)

خەنجەرىڭ تىغىدا يۈز كوردۇمۇ ئەشكىم ياغدى،
يامغۇر ئىرمەس ئەجەب ئولغاندا قۇياش مەنزىلى ھوت.
(خەنجىرىڭنىڭ تىغىدا يۈزكورۇپ، كوزيېشىم ياغدى، توۋا!،
قۇياش ھوت مەنزىلىدە تۇرغاندا يامغۇر ياغمايتتىغۇ.)

ھوسن مولكى ئۆزە ئايا، نى پەرى ئىركەنسەن،
كىم، بولۇر سەدقە ساڭا چەرخ ئۆزە خەيلى مەلەكوت.

(ئايهاي، هوسن ئېلىدە سەن شۇنداق بىر پەرى ئىكەنسەنكى،
ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ساڭا سەدىقە بولىدىكەن.)

ئۆزلۈگى باقىيۇ زاھىد ئورادۇرلافى ۋۇسۇل،
فانى ئۆلماي كىشى تاپقايمۇ بۇدەئۋاغە سەبۇت.
(زاھىت شەخسىيەتنى باقى بىلىپ، ۋىسالدىن لاپ ئۇرۇدۇ تېخى.
كىشى فانى بولماي تۇرۇپ، ۋىسال دەۋاسى ئىسپات تاپالامدۇ؟)

جان ھەلاك ئۆلدى نەۋائىغە ۋەتەن زار نەھىف،
ئۆل ئۆلوككە ياسامىش ئۇشبۇ سوڭەكدىن تابوت.
(ناۋايىنىڭ جېنى ھالاك بولۇپ، قاخشال تېنى قالدى،
ئۇ ئۆلۈككە مۇشۇ قاخشال سوڭەكتىن تاۋۇت ياسايدۇ.)

ۋەھكى، لەئلىڭ قىلدى باغرىم تەھ-بەتەھ قان ئاقىبەت،
قەترە-قەترە كوزدىن ئۆل قان بولدى غەلتان ئاقىبەت.
(ئاھ، لېۋىڭ ئىشتىياقى باغرىمنى ئاخىر قاتمۇ-قات قان قىلدى،
كوزۈمدىن ئاققان قان تامچىلىرى يۈزۈم بويلاپ دومىلىدى.)

باردىڭۇ ئاغزىمە قويدۇڭ موھر ئەفغان چەكمە دەپ،
بۇ ئىشكىنىڭ موھرى بولدى داغى ھىجران ئاقىبەت.
(پىغان چەكمە دەپ ئاغزىمغا موھۇر باستىڭ-دە، كەتتىڭ،
بۇ ھىجران دېغى ئاخىر بۇئىشىككە چاپلانغان پىچەت بولۇپ قالدى.)

فۇرقەتىڭ تىغى بۇزۇغ كوڭلۇمنى بۇزدى ئاھكىم،
سەيلى ئافەت بىرلە يۇيىلۇردى بۇ ۋەيران ئاقىبەت.
(ئاھ، پىراقىڭ تىغى ۋەيرانە كوڭلۇمنى يەنە بۇزۇۋەتتى، ئاپەتنىڭ كەل-
كۈنى بىلەن بۇ ۋەيرانە كوڭۈل ئاقىۋەت پاك-پاكىز تۈگەيدىغان بولدى.)

كوڭلۇمە قاشىڭ خەيالى بولدى تەنۋىن "نون" دەك،
ئۆيلە "نون" غە نۇقتە بولدى داغى پىنھان ئاقىبەت.
(قېشىڭنىڭ خىيالى كوڭلۇمدە "ن" ھەرپى ئۈستىدىكى تەنۋىن①
بولدى، يوشۇرۇن داغ ئاقىۋەت مۇشۇ "ن" ھەرپى ئۈستىدىكى چېكىت
بولدى

① تەنۋىن — ئەرەپ گىرامماتىكىسىدا سۆزنىڭ ئاخىرىنى "ن" لەشتۈرۈپ ئوقۇش. "ن" ھەرپى ئۈستىدىكى تەنۋىن "،" ياكى "=" شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ يەردە سۆز ئويۇنى بار.

ئۆلمىش ئېردىم غەم تۈنى، لەئلىڭ خەيالى بەردى جان،
زۇلمەت ئىچرە بولدى پەيدا ئابىھەيۋان ئاقىبەت.
(غەم ئاخشىمى ئۆلگەن ئىدىم، بىراق لېۋىڭنىڭ خىيالى جان
كىرگۈزدى، زۇلمەت غارى ئىچىدە ماڭا ئاخىرى ئابىھايات يولۇقتى.)

ئەي نەۋائى، يار ۋەسلى گەرچە بەس دىشۋار ئىدى،
فانى ئۆلغاچ بۇيلە دىشۋار ئولدى ئاسان ئاقىبەت.
(ئەي ناۋايى، يارنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش تەس بولسىمۇ، لېكىن
يوقىلىپ پۈتكەندىن كېيىن بۇ تەس نەرسە ئاسانغا ئايلىنىدۇ.)

تەنىمنى قىلسا غەمزەڭ يۈز جەراھەت،
يېتەر ھەر زەخمىدىن جانىمغە راھەت.
(غەمزەڭ تېنىمدە يۈزلەپ جاراھەت پەيدا قىلسا،
ھەربىر زەخمىدىن جېنىمغا راھەت كېلىدۇ.)

ھەلاۋەت تاپمايىن جانىم لەبىڭدىن،
سالۇر زەخمىم ئارا تۈز ئول مەلامەت.
(لېۋىڭدىن جېنىمغا ھالاۋەت يەتمەي تۇرۇپ،
تاپا-تەنىلەر يارامنىڭ ئۈستىگە تۈز سەپتى.)

جەمالىڭ سۇبھى ئاچىب ئېردى يۈزگۈل،
قۇياش سارغاردى كورگەچ ئول مەلاھەت.
(ھۆسنۈڭ تېڭى يۈزلەپ گۈللەرنى ئېچىلدۇرغان ئىدى،
قۇياش بۇگۈزەللىكنى كۆرۈپ سارغىيىپ كەتتى.)

سۇپۇردۇم كوز بىلەن كويۇڭ فەزاسىن،
كى جانلار جىلۋە گاھىدۇر بۇ ساھەت.
(كوچاڭ مەيدانىنى كوزۇم بىلەن سۇپۇردۇم،
چۈنكى بۇ مەيدان جانىنىڭ جىلۋىگاھىدۇر.)

بولۇر زاھىر لەبىڭدىن قەتل ئېتەر چاغ،
ئۆلۈكنى تىرگۈزۈردەك يوز فەساھەت.

(ئولتۇرۇش ۋاقتىدا لېۋىڭدىن ئولۇكنى تىرىلدۇرىدىغان يېقىملىق سوزلەر توكۇلىدىكەن.)

چۇ سەندىن ئايرۇ ئېرمەس يار، ئىدۇر،
ئويىن ئىستەب جەھان قىلماق مەساھەت.
(يار سەندىن يىراق ئەمەس، نىمشكە يەنە ئۇنىڭ ئويىنى ئىزلەپ جاھاننى كېزىدىغانسەن.)

قەيىھ ئەتتى نەۋائى ھەق جاھاننى،
ئىلىدىن تۇتماغىل كوز جۇز قەباھەت.
(ناۋايى، خۇدا جاھاننى يامان ياراتتى، كىشىلەردىن يامانلىقتىن باشقىنى كوزلىمىگۇلۇك.)

يارەب، ئول ئاي ھوسنىنىڭ ئىدراكىن ئەلگە مۇبھەم ئەت،
كوز بىلە كوڭلۇمنى ئول سىررى خەفىغە مەھرەم ئەت.
(ئەي خۇدا، ئۇ ئاي ھوسنىنىڭ ئىپادىسىنى ئەلدىن يوشۇر، ئۇنىڭ يۇشۇرۇن سىرىغا كوزۇم بىلەن كوڭلۇمنىلا سىرداش قىل.)

كويىيو قەددۇ لەبى يادىن ماڭا قىلغىل فۇزۇن،
جەننەتۇ توبى بىلە كەۋسەر تەمەنناسىن كەم ئەت.
(يارنىڭ كوچىسى، قامىتى ۋە لېۋى توغرۇلۇق خىيالىمنى كوپەيتىپ، مېنىڭ جەننەت، توبى دەرىخى، كەۋسەرگە بولغان تامايىمنى كەمەيتكىن.)

دىدە كورمەك ئىستەسە ئانىڭ يۇزىدىن ئوزگە يۇز،
قىرلار بىرلە بۇئىككى سوقبە جەۋفىن مەھكەم ئەت.
(كوزۇم ئۇنىڭ يۇزىدىن باشقا يۇزنى كورمەكچى بولسا، بۇ ئىككى توشۇكنىڭ بوشلىغىنى قاراموم بىلەن ئېتىۋەت.)

گەر كوڭۇل ۋەسلىدىن ئوزگە ۋەسل سوزىن ئىستەسە،
قىسم ئاڭا ھىجران سىيەھ ھالىدە دايىم ماتەم ئەت.
(ئەگەر كوڭلۇم ئۇنىڭ ۋەسلىدىن باشقا ۋىسال سوزىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭ قىسمىتىنى ھىجران قارىسى بىلەن ماتەم تۇتۇشنى ئۇنىڭ نىسىۋىسى .قىل.)

خاتىرى سەۋدايى گەرچە زۇلفىدىن ئوزگە ھەۋەس
قىلسا، ئانى زۇلفىدەك ئاشۇفتە ھالو دەرھەم ئەت.

(سەۋدايى خىيالىم ئۇنىڭ چېچىدىن باشقىسىغا ئىنتىلسە، ئۇنى ئەشۇ چاچتەك پەرىشان، چىگىش ئەھۋالغا سېلىپ قوي.)

روھ ئۇل قەد جىلۋەسىدىن ئۆزگە قىلسا ئارزۇ،
ھەجر ئوتى ئىچرە ئاڭا دەۋزەخ ئەزابىن ھەردەم ئەت.
(جېنىم ئۇنىڭ قامىتىنىڭ جىلۋىسىدىن باشقىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭغا ھەردايىم ھىجران ئوتى ئىچىدە دوزاق ئازاۋىنى كورسەتكىن.)

كوڭلۇم ئولدى ھەجر ئوتىدىن رىش، ئەي ساقى، ماڭا
بادەئى كافورگۇن دەردىدىن ئالىب مەرھەم ئەت.
(ئەي ساقى، كوڭلۇم ھەجر ئوتىدىن زەخىملەندى،
مېنى ئاپپاق شاراپ ئازاۋى بىلەن داۋالا.)

يوق چۇ ئالەم باغىدا بويى ۋەفا، ئەي پىرى دەير،
جىلۋەگەر بىرجام ئىلە كوڭلۇمگە ئۆزگە ئالەم ئەت.
(ئالەم بېغىدا ۋاپا پۇرىغى يوق ئىكەن، ئەي مەيخانىچى، جىلۋىلىك بىرجام بېرىپ، كوڭلۇم ئۇچۇن باشقا بىر ئالەم پەيدا قىل.)

ئىشق جۇرمىغە نەۋائىنى قاۋارسەن، ئەي پەرى،
قاۋما، جەۋرۇ زۇلم قىل، دىۋانەۋۇ رەسۋا ھەم ئەت.
(ئەي پەرى، ئىشقى گۇناھى ئۇچۇن ناۋايىنى قوغلاۋاتىسەن،
مەيلى جەۋرى-زۇلۇم سال، دىۋانە قىل، رەسۋاقىل، ئەمما قوغلىما.)

مېنىڭ مەجنۇنلۇغۇمغە ئىشقىڭ سەۋدا گەر ئېرۇر بائىس،
ۋە لېكىن بۇ ئىشكە بىر پەرى پەيكەر ئېرۇر بائىس.
(مېنىڭ مەجنۇنلۇغۇمغە مۇھەببەت، ئىشتىياق سەۋەپچى بولسىمۇ،
لېكىن بۇ ئىككى نەرسىگە بىر پەرى پەيكەر سەۋەپچى.)

دىمە، بائىس نىدۇركىم، تەلپۇنۇرسەن ھەر كېچە تا سۇبھ،
تىكىلگەن كىرپىگىڭدىن جانغا يۇز نەشتەر ئېرۇ بائىس.
(ھەر كېچە تاڭ ئاتقىچە تەلپۇنۇشۇڭگە نېمە سەۋەپچى دىمە،
بۇنىڭغا سېنىڭ كىرپىگىڭدىن جېنىمغا تىكىلگەن نەشتەر سەۋەپچى.)

كوڭۇلگە ئاتەشىن لەئلىڭ غەمى، نى ئەيب كويسەمكىم،
تۇتاشماققە تەنىم خاشاكى ئول ئەخگەر ئېرۇر بائىس.
(ئاتەش لېۋىڭنىڭ غېمى كوڭلۇمگە چۇشسە، كويسەم، نېمە بوپتۇ؟
خەشەككە ئايلانغان تەنىنىڭ كويۇشى ئۇچۇن چوغ سەۋەپچى ئەمەسمۇ؟)

ئوقۇڭدىن پەر چىقاردىم، كويۇڭە قىلسام ھەۋا، تاڭ يوق،
كى ئۇچماق مەيلى قىلماققە بۇ بالو پەر ئېرۇر بائىس.
(سانچىلغان ئوقىڭدىن پەر - قانات چىقاردىم، كوچاڭغا ئۇچۇپ

بارسام ھەيران قالما، مىنىڭ ئۇچۇشۇمغا ئاشۇ پەر - قاناتـ
لار سەۋەبچى.)

فىراقىڭ بىيمىدىن يۈز قاتلاجان بەرگەي ئىدىم لېكىن،
ھەياتىمغە ئۈمىدى لەئلى جانپەرۋەر ئېرۇ بائىس.
(پىراقىڭ خەۋپىدىن يۈز قېتىم جان بېرەتتىم، لېكىن ئولمەي
قېلىشىمغا جانبەخش لېۋىڭنىڭ ئۈمىدى سەۋەبچى بولدى.)

چۇ مەنـدىن يۈز ئوگۇردۇڭ، تاڭ ئەمەس،
باشىڭغە ئېۋرۇلسەم،
بۇ سەرگەدانلىغىمغە گەردىشى ئەختەر ئېرۇر بائىس.
(بېشىڭدىن ئايلانسام، مەندىن يۈز ئورىدىڭ، بۇمۇ ھەيران
قالارلىق ئەمەس، چۈنكى بۇ سەرگەندانلىغىمغا بەخت يۇلتۇزۇمـ
نىڭ گەردىشى سەۋەبچى.)

ئەگەر رەھن ئولـدى تەسبىھـۇ رىدا مەيخـانەدە، ئەي
شەيخ،
ئىچەرگە دەيرى پىرى ئىلكىدىن ساغەر ئېرۇر بائىس.
(ئەي شەيخ، گەرچە مەيخاندا تەسۋى، پېرىجە گورۇگە
قويۇلغان ئىكەن، بۇنىڭغا مەيخانىچى قولىدىن ئالغان قەدەھ
سەۋەبچى.)

فەنا بەھرىغە چۈمماقدىن غەرەز تالىبقە ۋەسل ئولدى،
كى غەۋۋاس ئولمەكىگە غەرق ئولۇب گەۋھەر ئېرۇر
بائىس.
(تەلەپكار ئۈچۈن يوقلۇش دېڭىزىگە شۇڭغۇشتىن مەقسەت —
ۋىسال، دېڭىزچىنىڭ غەرق بولۇپ ئولۇشىگە سەۋەبچى—گوھەر.)

نەۋائى جىسمىنىڭ زەئىفىغە بائىس بولدى بىدىللىق،
ۋەلى بىدىللىغىن سورساڭ، ئاڭا دىلبەر ئېرۇر بائىس.
(ناۋايى جىسمىنىڭ زەئىپلىشىگە، دىلىنىڭ ئۈزۈكلىگى سەۋەبچى،
بىراق، دىلىنىڭ ئۈزۈكلىگىگە دىلبەر سەۋەبچى.)

تەلبە كوڭلۇم پويەسىغە ئەنبەرىن بەندىك ئىلاج،
خەستە جانىم زەئىفىغە لەئل شەكەر خەندىك ئىلاج.
(تەلۋە كوڭلۇمنىڭ قاترايدىغان كېسىلىگە ئەنبەر چېچىڭنىڭ زەنجىرى داۋا. ئاغرىق جېنىمنىڭ زەئىپلىگىگە لېۋىڭنىڭ شېرىن كۇلكىسى داۋا.)

سالىپ ئېردى چاكلار باغرىمغە تىغىڭ ھەر تەرەف،
بولدى مىژگان ئوقىدىن ھەر سارى پەيۋەندىك ئىلاج.
(تىغىڭ ھەر تەرەپتىن باغرىمنى تىلىۋەتكەن ئىدى، بىراق كىرپىك ئوقۇڭنىڭ سانچىلىپ يەملىشى بىلەن ساقايدى.)

موھلىك ئولدى شەۋق، يا سۇر تىغ، يا قىل جىلۋەكىم،
بۇ ئىكىدىن ئوزگە تاپماس ئارزۇ مەندىك ئىلاج.
(ئىشتىياقىڭ جېنىمغا تاقالدى، يا تىغىڭنى سانچىغىن، يا جىلۋە قىل، ھاجەتمەنلىگە بۇ ئىككىدىن باشقا ئىلاج يوق.)

ھەجر قەتلىدىن مېنى تىرگۇزدى لەئلى، ئەي مەسىھ،
ئاجىز ئېردىڭ سەن نەفەس ئاسرا، گەر ئورگەندىك ئىلاج.
(مېنى ھىجران ئولۇمىدىن يارنىڭ لېۋى قۇتقازدى، ئەي ئەيسا، سەن دەم سېلىپ داۋالاشنى ئۇگەنگەن بولساڭمۇ، دىمىڭنى ئاسرا، بۇ يەردە سەن ئاجىزلىق قىلىسەن.)

يۇزۇ لەئلى ھەجرىدىن بىمار ئولۇبمەن، ئەي ھەكىم،
ئومر زايىئ قىلما، قىلماس چۇنكى گۇلقەندىك ئىلاج.
(مەن يۇزى ۋە لېۋىنىڭ پىراقىدا كېسەل بولدۇم، ئەي ھەكىم، ئومۇرنى زايا قىلما، بەرگەن گۇلقىنىڭ ماڭا شىپالىق بېرەلمەيدۇ.)

دەردى ھەجرىم سەئب ئېرۇر، كەل ئەي ئەجەل باشىمغەكىم،
ۋەسلىدىن ئايرۇ ئەمەس مەئلۇم مانەندىك ئىلاج.
(پىراقىم دەردى ئېغىر، ئەي ئەجەل بېشىمغا كەل، ۋىسالىدىن باشقا ساڭا ئوخشاش چارە يوق.)

كوڭلۇك، ئەي بۇلبۇلكى، يۇز پەركەند ئېرۇر، گەر كەلسە گۇل،
بەرگ ـ بەرگىدىن تاپار پەركەند ـ پەركەندىك ئىلاج.
(ئەي بۇلبۇل، كوڭلۇك يۇز پارە، ئەگەر گۇل كەلسە بۇ پارە ـ پارەلىرىڭ، ئۇنىڭ بەرگى ـ بەرگىدىن شىپا تاپىدۇ.)

ئول پەرى ھىجرانىدا بولغان نەۋائى، ناسىھى،
ئەيلەي ئالغايمۇ جۇنۇن مەغلۇبىغە پەندىك ئىلاج.
(ئەي نەسىھەتچى، ناۋايىنىڭ ئۇ پەرى ھىجرانىدىن بولغان مەجنۇنلۇق دەردىگە سېنىڭ نەسىھىتىڭ كار قىلامدۇ.)

مىنى ھەۋاسىدە دىۋانە ئەيلەدى ئۇل شوخ،
جۇنۇنى ئىشق ئىلە ئەفسانە ئەيلەدى ئۇل شوخ.
(ئۇ گۈزەل شوخ مىنى ئىشتىياقىدا دىۋانە قىلدى، ئىشقىنىڭ
جۇنۇنلىغىغا سېلىپ، سوز - چوچەككە قالدۇردى.)

پەرى كەبى چىقىبان ھوشۇ ئەقىل غارەت ئېتىب،
نىھان ئولۇپ مىنى دىۋانە ئەيلەدى ئۇل شوخ.
(ئۇ، پەرى كەبى چىقىپ، ئەقلۇ - ھۇشۇمنى تالان - تاراج
قىلدىيۇ، ئارقىدىنلا يوشۇرۇنۇپ مىنى ئەقىلدىن ئازدۇردى.)

ئۇشاتتى شىشەئى جامۇ قەدەھنى بەزم ئىچرە،
ئۇيۇن تەرىقىنى تېفلانە ئەيلەدى ئۇل شوخ.
(ئۇ شوخ بەزمىدە شىشە، جام، قەدەھلەرنى سۇندۇرۇپ،
ئۇيۇن قائىدىسىنى باللارچە بۇزدى.)

قولاق سالىڭكى، خەرابات ئىچرە غەۋغادۇر،
مەگەر ئەزىمەتى مەيخانە ئەيلەدى ئۇل شوخ.
(قۇلاق سېلىڭلار، مەيخانىدا غەۋغا كوتىرىلدى، تايىنلىق
ئۇ يەرگە ئاشۇ شوخ باردى.)

قەدەھقە خىرقەم ئېتىب رەھن، ۋەھكى، سۇبھەمنى،
قىمار ئەيلەگەلى دانە ئەيلەدى ئۇل شوخ.

(ئۇ شوخ پىرىدجەمنى قەدەھ ئۇچۇن گوروگە قويدۇرۇپ،
تەسۋىيىمنى قىمارنىڭ ئۇرۇقچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.)

چۇ ئالدى ئويناغالى نەقدى ھوشۇ - سەبرىمنى،
يانا تاپىلمادىلەر تانە ئەيلەدى ئۇل شوخ.
(ئويۇندا ئەقىل بىلەن سەۋرىمنى ئۇتۇۋېلىپ، ئۆزى يوقۇ-
لۇپ كەتتى، ئۇنى نىمە قىلغاندۇ؟)

قىلىب نەۋائى ئاۋارەنى جەلاي ۋەتەن،
بىلاد دەردىغە ھەمخانە ئەيلەدى ئۇل شوخ.
(ئۇ شوخ ئاۋارە ناۋايىنى يۇرتىدىن بەزدۇرۇپ، دەردۇ -
بالا مەملىكىتىگە ئاپىرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.)

ئۆزىن شەككەر دېسە لەئلىڭغا مانەند،
قىلاي تىشلەپ ئانى پەركەند - پەركەند.
(شېكەر ئۆزىنى لېۋىڭگە ئوخشاش شېرىنمەن دېسە،
ئۇنى چىشلەپ پارچە - پارچە قىلىۋېتەي.)

لەبىڭ ئۆپمەككە ھەددىم يوق، بولۇبمەن
تەخەييۇل بىرلە ئۆپمەكلىككە خۇرسەند.
(لېۋىڭنى سۆيۈشكە ھەددىم يوق، پەقەت خىيالەن
سۆيۈش بىلەنلا خوشالمەن.)

مېنى چۇن ئول پەرىۋەش تەلبەرەتتى،
نى سۇد، ئەي ناسىھ، ئەمدى تەلبەگە پەند.
(مېنى ئۇ پەرىۋەش سارالڭ قىلىپ قويدى،
ئەي نەسىھەتچى، ئەمدى سارالڭغا نەسىھەتنىڭ نېمە پايدىسى؟)

مەگەر تەڭرىگە ئادەم خىلقەتىدىن
مۇراد ئولدى سېنىڭدەك تۇرفە فەرزەند.
(خۇدانىڭ ئادەملەرنى يارىتىشتىكى مەقسىدىمۇ پەقەت
ساڭا ئوخشاش ئاجايىپ پەرزەنتنى يارىتىش ئىكەن.)

لەبىڭنىڭ شەككەرى ئەيلەپ تەبەسسۇم،
گۈلى خەندانغە كورگۈزدى شەكەر خەند.

(لېۋىڭنىڭ شېكىرى تەبەسسۇم قىلىپ، كۈلگۈنچەك گۈلنىڭ
كۈلكىسىگە شېرىنلىك بەخش ئەتتى.)

جەھان رەئناسىغە بەرمە كوڭۇلكىم،
ئاڭا ئالدۇرمامىش كوڭلىن خىرەدمەند.
(جاھان رەئناسىغا كوڭلۈڭنى بەرمە، ئەقىللىق كىشىلەر
ئۇنىڭغا كوڭلىنى ئالدۇرمايدۇ.)

نەۋائى نەيلەبان سەندىن ئۈزۈلغاي،
چۇ تاپتىڭ رىشتەئى جانىغە پەيۋەند.
(ناۋايى سەندىن قانداقمۇ ئاجرىسۇن، چۈنكى سەن
ئۇنىڭ جېنىنىڭ رىشتىسىگە ئۇلىنىپ قالدىڭ.)

ئەي، جەمالىڭ قاشىدا لال خىرەد،
ئىشقىڭ ئاشۇبىغە پامال خىرەد.
(ئەي، جامالىڭ ئالدىدا ئەقىل لال، ۋە ئىشقىڭ توپىلاڭى ئالدىدا ئاياق - ئاستى.)

ئاندا كىم سەن قىلىبان جىلۋەئى ھوسن،
ھۇش ئولۇپ زايىلۇ بەدھال خىرەد.
(سەن ئۇندا ھوسنۇڭنى جىلۋىلەندۇرگەندە،
ھۇش يوقۇلۇپ، ئەقىل ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.)

ئىشق مەسىخ ئەيلەدى، گەرچە بار ئىدى،
ئىلىم ئىشكالىغە ھەللال خىرەد.
(ئەقىل بار ئىدى ۋە ئىلىمنىڭ مۇشكۇل مەسىلىلىرىنى يەشكۈچى ئىدى، بىراق مۇھەببەت ئۇنى ئاينىتىپ قويدى.)

چىقمادى تۈز يولىدىن ئىشق ئەھلى،
نىچەكىم ئەيلەدى ئىزلال خىرەد.
(ئەقىل ھەر قانچە ئاداشتۇرسىمۇ، لېكىن
ئاشىق ئۆزىنىڭ تۈز يولىدىن چىقمىدى.)

ئەقىلغە ئىشق دەلىل ئولماسا، كور،
نى قالۇر، چۈنكى كىتەر دال، خىرەد.

(ئەقىلگە مۇھەببەت يول كورسەتكەچكە ئۇ خىرەد (ئېقىل) دۇر. قاراڭلار، ئەگەر دال ("د" ھەرپى) بولمىسا ئۇ خىرە بولۇپ قالمامدۇ؟)

ئىچ مەي ئىشقو نەۋائى مەست ئول،
كەلتۈررۈر بولسا كوپ ئىشكال خىرەد.
(ئەي ناۋايى، ئەگەر ئەقىل ساڭا مۇشەققەت كەلتۈرسە،
ئىشق شارابىنى ئىچىپ مەس بول.)

زەئىفلىغ جىسمىم قاچان نازۇك بىلىگىگە چىرمانۇر،
زۇلفۇڭ ئىككى تارى گويا بىر - بىرىگە تولغانۇر.
(ئىككى ئورۇم چىچىڭ بىر - بىرىگە تولغاشقاندەك، مېنىڭ
زەئىپ جىسمىم سېنىڭ نازۇك بىلىگىگە قاچان چىرمىشار.)

قامەتىڭغە سەرۋ تەقلىد ئەيلەبان تاپتى شىكەست،
بۇ سەزادۇر گەر گىياھ سەرۋى سەھىغە ئۇتكەنۇر.
(سەرۋى دەرىخى قامىتىڭگە ئۇزىنى ئوخشىتىمەن دەپ
سونۇپ كەتتى، باشقا گىيامۇ سەرۋىنى دۇرايدىغان بولسا
شۇنداق جازاغا ئۇچرايدۇ.)

زۇلفۇڭە ھەمسەرلىك ئەتمەك ئوزدە تاپماس نېچەكىم،
سۇنبۇلى مۇشكىن قۇيۇندەك ئوز - ئوزىگە ئايلانۇر.
(قارا سۇمبۇل ئوزىنى چاغلىماي زۇلفۇڭ بىلەن تەڭلەشمەك
بولىۋىدى، قۇيۇندەك ئوز - ئوزىگە چىرمىشىپ قالدى.)

ۋاقىف ئېركىن ئىشق ئوتىنىڭ سوزىدىن ھوسن ئەھلىكىم،
شەمئ ئەگەر پەرۋانەنى ئورتەر، ئوزى ھەم ئورتەنۇر.
(گۇزەللەر ئىشق ئوتىنىڭ كويدۇرۇشىدىن خەۋەردار بولسا كېرە-
رەك، چۇنكى شام پەرۋانىنى ئورتەپ، ئوزىمۇ ئورتۇنۇپ
تۇگەيدۇ.)

ئويناماق بىرلە سالۇر دەۋرانغە رەخشى قوزغالان،
ھەر قاچانكىم بەزمىدىن ئول شوخ سەرخۇش ئاتلانۇر.
(ئۇ شوخ قاچانكى بەزمىدىن شىركەيپ ئاتلانسا، ئۇنىڭ
تاماشا ئۇچۇن ئات چاپتۇرۇشى ئالەمدە توپىلاڭ پەيدا
قىلىدۇ.)

بۇ چەمەندە تارتىبان بۇلبۇل تاڭ ئاتقۇنچە فىغان،
ئىشق دەرسىن گۇيىيا گۇل دەفتەرىدىن ئورگەنۇر.
(بۇ چىمەندە بۇلبۇلنىڭ تاڭ ئاتقىچە پىغان چەككەنلىگى،
گويا گۇل دەپتىرىدىن ئىشق دەرسىنى ئوقۇۋاتقانلىغى.)

دىمە سارغاردى نەۋائىنىڭ يۈزى ئىشق ئىچرە كىم،
بويلە ئالتۇننى قىلۇرغە پايماللىڭ قازغانۇر.
(ناۋايىنىڭ يۈزى ئىشق دەردىدە سارغىيىپ كېتىپتۇ دەپ قالما،
سەن ئالتۇننى شۇنداق پايمال قىلىپ، ھاسىل قىلىسەن.)

ئۆلكى سالغاي شوئلە ئەئزاسىغە ئۇتلۇغ ئاھلار،
قايدا بىلگەي كويمەگىن زەربەفت كىيگەن شاھلار.
(ئۇ ئۇتلۇق ئاھلىرى بىلەن ئەزاسىغا يالقۇن سالىدۇ، زەربىاب كىيگەن پادىشالار ئۇنىڭ كويۇۋاتقىنىنى نەدىن بىلسۇن.)

باغرىدىن قان تامغۇچى ئۇششاق زەخمىن بىلمەگەي،
تىغىدىن قان تامغۇچى بىرەھمى ئالىجاھلار.
(تىغىدىن قان تامىدىغان بىرەھىم ھوكۇمرانلار باغرىدىن قان تامىدىغان ئاشىقلارنىڭ دەردىنى بىلمەيدۇ.)

شىددەتىم فەرھاد قىلغاي فەھم، يوق پەرۋىزكىم،
دەردنى خاكىلار ئاڭلار، يوق فەلەك دەرگاھلار.
(چەككەن ئازاۋىمنى پەرۋىز ئەمەس، پەرھات چۈشىنىدۇ، دادىمنى پەلەك دەرگاھى ئەمەس، توپىدا قالغانلار ئاڭلايدۇ.)

جانۇ كوڭلۇم كىردىلەر غەم دەشتىغە گۇم بولغالى،
مەن ھەم ئەتتىم ئەزم چۇن ئەزم ئەتتىلەر ھەمراھلار.
(جېنىم ھەم كوڭلۇم يوق بولۇش ئۈچۈن غەم دەشتىگە كىردى، چۈنكى ھەمراھلىرىم كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا مەنمۇ ماڭاي.)

بولسەلەر ئاگەھكى بىر غەمكىننى ھىجران ئۆلتۈرۈر،
فىكر ئېتەر ھالىغە ھىجران دەردىدىن ئاگاھلار.

(ھوشيار غەمكىننى ھىجران ئۆلتۈرۈدۇ، چۈنكى ھوشيار ئادەم ھىجران دەردىنى ھىس قىلىدۇ.)

ۋەھ، نى بىلگەي ھەجر زەنجىرىدە دىلخاھىم نىدۇر،
ھەلقە ئۇرغان بەزم ئەيشى دەۋرىدە دىلخاھلار.
(شاتلىق بەزمىسىدە چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئوڭلۇق كىشىلەر كوڭلۇم ھىجران زەنجىرىدە نىمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيدۇ.)

ئەي نەۋائى، شاھلارغە چۇن گەدالار فىكرى يوق،
ئەيتكىل ھەم تەڭرى دەرگاھىدا "شەيئىللاھ" لار.
(ئەي ناۋايى، پادىشالار گادايلارنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ، سورايدىغىنىڭنى خۇدانىڭ دەرگاھىدا سورا.)

ئۇن سەكىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئەگەر باشىندەدۇر،
نى ئەجەب، چۈن سەرۋىنازىم ئۇن سەكىز ياشىندەدۇر.
(ئەگەر ئۇنىڭ بېشىدا ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم غەۋغا كۆتەرسە، ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى بۇ گۈزەلىم ئۇن سەككىز ياشتا.)

دىمە بولغايكىم، يەنە ھەم ئۇن سەكىز يىل ھۆسنى بار،
ئۇن سەكىز ياشىندە مۇنچە فىتنەكىم باشىندەدۇر.
(ئۇن سەككىز يېشىدا بېشىدا مۇنچىلىك غەۋغا كۆتۈرۈلگەن ئىكەن، يەنە ئۇن سەككىز يىللىق ھۆسنى بولسا، نىمە بولار؟)

ئۇن سەككىز يىل دىمە يۈزسەكسەن يىل ئولسە، ئول دۇرۇر
ھۆسن شاھى، ئول بالالاركىم كۆزۈ - قاشىندەدۇر.
(ئۇن سەككىز يىل دىمە، يۈزسەكسەن يىل بولسىمۇ، ئاشۇ بالا - قازا كۆز قېشى بار ئىكەن، ئۇ يەنىلا گۈزەللىك شاھى بولىدۇ.)

ھەيرەت ئېتمان ھۆسنى نەقشىدەكى ھەر ھەيرەتكى بار
بارچەسى ئېزىد تەئالا سۇنئى نەققاشىندەدۇر.
(ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل سۈرىتىگە ھەيران قالمايمەن، چۈنكى بۇنىڭ ھەممىسى خۇدايى تائالانىڭ رەسساملىق سەنئىتى.)

تەن ئاگا سىمۇ ئىچىندە تاش مۇزمەر كۆڭلىدىن،
ئەقلغە يۈز ھەيرەت ئول ئاينىڭ ئىچۇ - تاشىندەدۇر.

(ئۇنىڭ كۈمۈش بەدىنى ئىچىدە تاش كۆڭلى يوشۇرۇنغان، بۇ ئاينىڭ ئىچى - تېشى ئەقلىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.)

مەي كېتۇر، ئەي مۇغكى، يۈز ھەيرەت ئارا قالمىش مەسىھ،
بولئەجەبلەركىم، بۇ ئېسكى دەير خەففاشىندەدۇر.
(ئەي مەيپۇرۇش، مەي بەرگىنە، ئەيسامۇ ھەيرەتتە قالدى، ئەڭ قىزىقى مۇشۇ كونا مەيخانىدا قاراڭغۇلۇقتا كىرىۋېلىش.)

تا نەۋائى توكتى ئول ئاي فۇرقەتىدىن بەھرى ئەشك،
ھەر قاچان باقساڭ، قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندەدۇر.
(نەۋايى ئۇ ئاينىڭ پىراقىدا ياش دېڭىزىنى توكتى، ھەر دائىم قارىساڭ، قۇياش ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىدۇ.)

دوستلار، مەن تەلبە ئەھۋالىغە يىغلاڭ زار-زار،
كىم سالادۇر گەھ-گەھ ئوت كوڭلۈمدە توشكەن خار-خار.
(دوستلار، مەن تەلۋىنىڭ ئەھۋالىغا زار-زار يىغلاڭلار، كوڭلۈمگە سانچىلغان تىكەنلەر ئوت بولۇپ يېنىۋاتىدۇ.)

ئىستەمەس بولسا سەبا بىر-بىر كوڭۈل جەمئ ئەيلەمەك،
نىگە زۈلفۈڭنى پەرىشانلىغدىن ئەيلەر تار-تار.
(ئەگەر سابا كوڭۈلنى بىر يەرگە جەم قىلىشنى خالىمىسا، نىمە ئۈچۈن چۇۋۇلغان زۈلپۈڭنى تال-تال قىلىدۇ.)

سەن قۇياش بىرلە مۇناسىبسەن، ئويۈندا خوبلەر
ئىككى-ئىككى چۈنكى كىرگەيلەر ئاتاشىب يار-يار.
(سەن قۇياشقا مۇناسىپ-جۈپسەن، شۇڭا ئويۇندا گۈزەللەر جۈپ-جۈپ بولۇپ يار-يار ئېيتىشىدىغۇ.)

قورقارمەكىم، بولماغاي ئازۈزدە نازۈك قامەتىڭ،
ئىگىنىگە خۇش-خۇشكى سالمىش جەئدە ئەنبەر بار-بار.
(نازۈك قامىتىڭ رەنجىپ قالمىسۇن دەپ قورقىمەن، خۇش پۇراق چاچىدىغان سىكىلەكلىرىڭ كىيىمىڭگە تولىمۇ ياراشقان ئىكەن.)

ھەلقە-ھەلقە بۈيىنۇمە سالمىش تەنابى زۈلفىنى،
جۈرمى ئىشقىمغە مەگەر ھوكم ئەيلەدى دىلدار، دار.

(زۈلپى تاناۋىنى ھالقا قىلىپ بويىنۇمغا سالدى، ئىشقىم گۇناھى ئۈچۈن ئۇ دىلدار مېنى دارغا ئېسىشقا ھوكۇم قىپتۇ.)

ئىشق ئېرۇر ئانداق مۇرەببىكىم، قىلۇر يەتكەچ ئەسەر،
بۈلبۈل ئولغاي ئاچسا يۈز بىر سەرۋ گۈلرۇخسار، سار.
(ئىشق شۇنداق تەربىيىچىكى، ئۇنىڭ تەسىرىدە بىر سەرۋى بويلۇق گۈلجامال يۈزىنى ئاچسا قارا قۇچقاچ بۈلبۈلغا ئايلىنىدۇ.)

ئەي نەۋائى، بولدى ئول بۇت كافىرى ئاتەش پەرەست،
نى ئەجەب، ۋەھ-ۋەھ گەر ئۆرسا جانىغە زۇننار نار.
(ئەي ناۋايى، ئۇ سەنەم ئاتەشپەرەس كاپىر ئىكەن، شۇڭا جېنىمغا زۇننار ئوت چاچراتسا ئەجەپلەنمە.)

نى ئەجەب ھەر يان مېنى مەجنۇن باشدە يارەلەر،
بەسكى ياغدى ئۈستىمگە ئەتفال تاشدىن خارەلەر.
(مەن مەجنۇننىڭ بېشى شۇنچە يارا بولۇپ كەتكەنلىكى ئەجەپ-
لىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۈششاق باللار تاش ئېتىپ شۇنداق
قىلىۋەتكەن.)

ئارەزىڭ ئەتراپىدا گۈلدۇر كورۇنگەن، ئەي پەرى،
يا قەمەر دەۋرىدە سەف تارتىب دۇرۇر سەييارەلەر.
(ئەي پەرى، يۈزۈڭ ئاتراپىدىكى گۈلمۇ، ياكى ئاينى دەۋرە قىلىپ
سەپ تارتقان يۇلتۇزلارمۇ؟)

ھەر قۇيۇن گوياكى بىر سەرگەشتە ئاشىق گەردىدۇر،
بەسكى، تۇفراق ئولدى ئىشقىڭ دەشتىدە بىچارەلەر.
ھەر بىر قۇيۇن بىر بېشى ئايلانغان ئاشىقنىڭ توزاڭى، دىمەك،
ئىشقىڭ دەشتىدە ئۇ بىچارىلەر توپىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.)

ئاڭلاكىم، ئەھبابنى كوڭلۈمدە مېھمان ئەتمىشەم،
ئىتلارى ئاغزىدا گەر كورسەڭ باغىردىن پارەلەر.
(ئىتلىرىنىڭ ئاغزىدا جىگەر پارىلىرىنى كورسەڭ، ئۇ مەھبۇبىنى
كوڭلىدە مېھمان قىلغان ئىكەن دەپ بىلگەيسەن.)

ئاندا مەجنۇنمەن، بۇيان لەيلى-سەن، ئەتكەچ ئىجتىمائ
بىر تەرەف دىۋانەلەر، بىريان پەرى رۇخسارەلەر.

(بىر تەرەپكە ساراڭلار، بىر تەرەپكە گۈزەل پەرىلەر توپلانغانلىغى
ئۈچۈن، مەن مەجنۇن ئۇياندا، سەن لەيلى بۇياندا.)

خانەقەھ ۋەخفى سۇيىن ئىچمەسلەر، ئەي شەيخ، ئاڭلاغىل،
گەر خۇمار ئولسە فەنا دەيرىداغى مەيخارەلەر.
(ئەي شەيخ، ئاڭلاپ قوي، يوقۇلۇش مەيخانىسىدىكى ئىچەرمەنلەر،
خۇمارى تۇتسا، خانىقانىڭ ۋەخپى سۇيىنى ھەرگىز ئىچمەيدۇ.)

ئەي نەۋائى، ئىشق ئارا ئولمەكتىن ئوزگە چارە يوق،
بەس، غەلەت بولغاي دىمەك ئوششاقنى بىچارەلەر.
(ئەي ناۋايى، ئىشق يولىدا ئولمەكتىن باشقا چارە يوق،
شۇڭا ئاشىقلارنى بىچارە دىيىشمۇ غەلىتى گەپ.)

گەر ئۇلماسام ئىدى ئول ئايغە ئاشنا ھەرگىز،
باشىمغە ياغماس ئىدى چەرخدىن بەلا ھەرگىز.
(ئەگەر ئۇ ئايغا ئاشنا بولمىغان بولسام، پەلەكتىن بېشىمغا ھەرگىزمۇ مۇنچىۋالا بالا ياغماس ئىدى.)

تەرىقى ئىشق ئارا بىئېتىدال ئېسەم يوق ئەيب،
نىدىنكى تۇشمەمىش ئېردى بۇ ئىش ماڭا ھەرگىز.
(ئىشق يولىدا ئۇزەمنى تۇتۇۋالالمىغان بولسام، ئەيىپلىمەڭ، چۈنكى مۇنداق ئىش زادى بېشىمغا چۈشۈپ باقمايتتىكەن.)

جەفاسىدىن دىمەكىم ئىشق تەركىنى تۇتقىل،
بۇ ئىش بولۇرمۇ ۋەفا ئەھلىغە رەۋا ھەرگىز.
(جاپاسىنى چېكىسەن، ئىشقىدىن ۋاز كەچكىن دىمە، بۇنداق قىلىش ۋاپا ئەھلىگە ھەرگىز راۋا ئەمەس.)

بەلايى ئىشقىغە مەن مۇبتەلادا، ئىستەمەگەي
قۇتۇلماق ئىلە بەلادىن بۇ مۇبتەلا ھەرگىز.
(مەن ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان، بۇ مۇپتىلا ھەرگىزمۇ بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنى خالىمايدۇ.)

دەۋا چۇ مۇمكىن ئەمەس ئىشق دەردىغە، ۋەھكىم،
ئىلاج تاپمادى بۇ دەردى بىدەۋا ھەرگىز.
(ئىشق دەردىگە داۋا يوق ئىكەن، ئاھ، شۇڭا بۇ داۋاسى يوق دەرتكە داۋا تاپالمىدىم.)

يايىلدى ۋامىقو فەرھاد ئىشقى، يوق ئىدى لىك
مېنىڭ ئىشىم كەبى ھەريان بۇ ماجرا ھەرگىز.
(ۋامىق، پەرھاتلارنىڭ ئىشقى ھەممە يەرگە پۇر بولۇپ كەتتى، بىراق، ھېچ يەردە مېنىڭ ئىشىمدەك ماجرا بولغان ئەمەس.)

كوڭۈلنى دەھردىن ئاشۇفتە قىلماكىم، خۇشتۇر
كى تىرە بولماسا جامى جەھاننەما ھەرگىز.
(زامان قايغۇسى بىلەن كوڭۈلنى پەرىشان قىلما، جامى جاھاننەمانىڭ زادى خىرەلەشمىگىنى ياخشى.)

ساڭا زەمان ئېلىدىن يەتسە كوپ جەفا، مۇنى دەي
كى، كىم كورۈپ ئىدى بۇ خەيلدىن ۋەفا ھەرگىز.
(ساڭا زامانداشلاردىن كوپ جاپا يەتكەن بولسا، شۇنى ئېيتايكى، زادى كىم بۇ خەقتىن ۋاپا كورۈپتىكەن؟)

نى كەلسە خۇش تۇت ئۇزۇڭنىكى خەلق كوڭلى ئۈچۈن،
رەقەم ھەك ئەيلەمەدى كاتىبى قەزا ھەرگىز.
(خەلقنىڭ كوڭلى ئۈچۈن بېشىڭغا نىمە كەلسە ئۇزەڭنى خۇشال تۇت، چۈنكى قىسمەتنىڭ كاتىۋى بولىدىغان ئىشلارنى قالايمىقان يازغان ئەمەس.)

دىسەڭكى خام تەمەئ بىرلە بولمايىن رەنجۇر،
ۋىسال ئەيلەمە ئىشق ئىچرە موددەئا ھەرگىز.
(خام تاما بىلەن ئاغرىپ قېلىشنى خالىساڭ، ئىشق يولىدا ھەرگىز ۋىسال ئارزۇسىنى قىلما.)

نەۋائى، ئىستەمە كوپ ئىشق ئارا نەۋا، نىگە كىم
بۇ باغ بۇلبۇلىغە يەتمەدى نەۋا ھەرگىز.
(ناۋايى، ئىشقتىن بەھرى ئېلىشقا كوپ ئۇرۇنما، چۈنكى بۇ باغ بۇلبۇلى ھېچقانداق بەھرى تاپالمىدىغۇ.)

كوكسۇمنى تىغى مېھنەت ئىلە يارە ئەيلەگىز،
تارتىپ ئۇزۇلۇك كوڭۇلنىيۇ يۈز پارە ئەيلەگىز.
(كوكسۇمنى جاپا تىغى بىلەن يارا قىلىڭلار،
كوڭۇلنى تارتىپ ئۇزۇپ، يۈز پارە قىلىڭلار.)

ھەر پارەسىنى كويدۇرۇبان كۆل قىلىپ ساچىپ،
ھەر زەررەسىنى ھەر سارى ئاۋارە ئەيلەگىز.
(ھەربىر پارىسىنى كويدۇرۇپ كۆل قىلىپ چېچىپ،
ھەربىر زەررىسىنى ھەر ياققا توزۇتۇپ تىرى - پىرەن قىلىڭلار.)

ئول كۆلدىن ئەيلەبان فەلەك، ئاھىم شەرارەسىن
ھەر جانىبدا كەۋكەبى سەييارە ئەيلەگىز.
(ئۇ كۆلنى ئاسمانغا ئايلاندۇرۇپ، ئاھىم ئۇچقۇنلىرىنى
ھەر تەرەپتە سەييارە يۇلتۇزى قىلىڭلار.)

ھەرنەۋئ مۇمكىن ئولسە ئانى فانى ئەيلەبان
بىدادىدىن بۇ شىفتەغە چارە ئەيلەگىز.
(قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى يوق قىلىپ، زۇلمىدىن
ئاشىقنى قۇتۇلدۇرۇش چارىسىنى قىلىڭلار.)

ئول شوخ ئىشقىن ئىستەگەن ئەل، سالماگىز نەزەر
ئانىڭ سارىكى، كوڭلۇمە نەززارە ئەيلەگىز.

(ئۇشوخ گۈزەلنىڭ ئىشقىنى ئىزلىگەنلەر، ئۇنىڭغا
نەزەر سالماستىن، كوڭلۇمگە قاراپ بېقىڭلار.)

چەرخ ئولدى زال ھىلەگەر، ئانىڭ تەرىقى مىكىر،
تەجرىد ئەھلى تەلاقى بۇ مەككارە ئەيلەگىز.
(پەلەك ھىلىگەر كەمپىر، ئۇنىڭ ھۈنىرى مەككارلىق،
يالغۇزلۇقنى خالىغانلار بۇ مەككارنى تالاق قىلىۋېتىڭلار.)

ئاۋارە كوڭلى كەلسە نەۋائىنىڭ ئازىبان،
ئەي خەيلى دودى ئاھ، يۈزىن قارە ئەيلەگىز.
(ناۋائىينىڭ ئاۋارە كوڭلى ئېزىقىپ كېلىپ قالسا،
ئەي ئاھ تۇمانلىرى، ئۇنىڭ يۈزىنى قارايتىۋېتىڭلار.)

مېنى مەن ئىستەگەن ئۆز سوھبەتىغە ئەرجۇمەند ئەتمەس،
مېنى ئىستەركىشىنىڭ سوھبەتىن كوڭلۇم پىسەند ئەتمەس.
(مەن خالىغان كىشى مېنى ئۆز سوھبىتىگە قاتمايدۇ، مېنى
خالىغان كىشىنىڭ سوھبىتىنى مېنىڭ كوڭلۇم ياراتمايدۇ.)

نى بەھرە تاپقامەن ئاندىنكى، مەندىن ئىستەگەي بەھرە،
چۇ ئۆلكىم بەھرەئى ئاندىن تىلەرمەن بەھرەمەند ئەتمەس،
(مەندىن نەپ ئىزلىگەنلەردىن مەن قانداق نەپ تاپارمەن،
چۈنكى مەن نەپ تىلىسەممۇ، ئۇلار نەپ بەرمەيدۇ.)

نېتەي ھورۇ پەرى بەزمىنكى، قەتلىم يا ھەياتىمغە
ئەيان ئول زەھر چەشم ئەيلەپ، نىھان بۇنۇشخەند ئەتمەس.
(ھورۇ - پەرى بەزمىنى نىمە قىلاي، ئۇلار ئۆلۈك - تىرىكلىگىمگە
ئاشكارە زەھەرلىك نەزىرىنى سېلىپ، يوشۇرۇن بولسىمۇ شېرىن
كۆلكىسىنى كورسەتمەيدۇ.)

كېرەكمەس ئاي ئىلە كۈن شەكلىكىم، ھوسنۇ مەلاھەتدىن
ئىچىم ئول چاك-چاك ئەتمەس، تەنىم ئول بەند- بەند ئەتمەس،
(ماڭا ئاي بىلەن كۈننىڭ سىياقى لازىم ئەمەس، چۈنكى
ئۇز گۈزەللىگى بىلەن يا ئىچىمنى چاك - چاك قىلالمايدۇ، يا تې-
نىمنى ئۇگى- ئۇگىسىدىن پارچىلاپ تاشلىيالمايدۇ.)

كېرەك ئۇز چابوكى مەجنۇنۋەشى قاتىل شىئارىمكىم،
بۇزۇغ كوڭلۇمدىن ئۇزگە يەردە جەۋلانى سەمەند ئەتمەس.
(ئۇزەمنىڭ ئاشۇ سارالڭ مىجەز، قاتىل سۇپەت چەۋەندازىم ياخشى،
چۈنكى ئۇ دۇلدۇلىنى مېنىڭ ۋەيرانە كوڭلۇمدىن باشقا يەرگە چاپ-
تۇرمايدۇ.)

كوڭۇل ئۇز چەرخ زالىدىن، قىرىبىن يىمەكىم، ئاخىر
ئەجەل سەررىشتەسىدىن ئۇزگە بوينۇڭغە كەمەند ئەتمەس.
(قاقۋاش پەلەكتىن كوڭلۇڭنى ئۇز، ئالدىنىپ قالما. ئۇ بەرىبىر
ئەجەل ئاغامچىسىدىن باشقا نەرسىنى بوينۇڭغا باغلىمايدۇ.)

ئول ئاي ئوتلۇغ يۈزىن ئاچسا، نەۋائى تەگمەسۇن دەپ كوز،
مۇھەببەت تۇخمىدىن ئۇزگە ئول ئوت ئۇزرە سىپەند ئەتمەس.
(ئۇ ئاي جامال ئوتلۇق يۈزىنى ئاچسا، كوز تېگىپ كەتمىسۇن دەپ،
ناۋايى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئۇرۇغىدىن باشقا نەرسىنى ئىسرىق
قىلمايدۇ.)

نىگىم قىلغۇر كۆرۈنۈر ئول بوتى سىتەمگەر خۇش،
چۈنازۇ ئىشۋە بىلە بەزمىدىن چىقار سەرخۇش.

(ئۇ زالىم سەنەم نىمىلا قىلمىسۇن يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن بەزمىدىن خۇش كەيپ چىقىدۇ.)

يۈزۈڭدە خۇش كۆرۈنۈر جامى لەئلىڭ ئول يەڭلىغ
كى، تازە گۈلشەن ئارا لەئل رەڭگى ساغەر خۇش.

(يۈزۈڭگە ياراشقان قىزىل لېۋىڭ، گويا ياش گۈلشەن ئارىسىدا تۇرغان ياقۇترەڭ قەدەھدەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.)

قەمەرنىڭ ئىككى يانىدا سۇھەيلو زۆھرە كەبى
كۆرۈندى ئىككى قولاغىڭدا دۇررۇ گەۋھەر خۇش.

(ئىككى قۇلىغىڭدىكى ئۈنچە ـ گوھەر، خۇددى ئاينىڭ ئىككى يېنىدا سوھەيل ھەم زوھرە يۇلتۇزلىرى تۇرغاندەك پاقىراپ كۆرۈنىدۇ.)

كوزۇڭكى ئارەز ئۇزە ياتتى خۇش كۆرۈندىكى، بار
غەزالە ياتماق ئۈچۈن لالە بەرگى بىستەر خۇش.

(كوزۇڭ يۈزۈڭنىڭ ئۈستىدە، گويا لالە بەرگىنى ياستۇق قىلىپ ياتقان كېيىككە ئوخشايدۇ.)

نى نەۋئ جىنسى بەشەر سوھبەتىنى خۇش كۆرگەي،
بىراۋكى بولسا پەرىزادۇ ھور پەيكەر خۇش.

(بىرسى پەرىزات ياكى گۈزەل ھور بولسا، ئۇ ئادەم پۇشتىنىڭ سوھبىتىنى قانداقمۇ خۇش كۆرسۇن؟)

مەنۇ جەمالىن ئانىڭ بىر كۆرەرگە بەرمەك جان،
ئەگەر بۇ ناخۇش ئېرۇر ئەھلى دەۋر ئارا گەر خۇش.

(مەن ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن جېنىمنى بېرەي، گەرچە بۇنداق قىلىش ياخشى بولمىسىمۇ، زامانداشلارغا ياقىدۇ.)

نەۋائىيا، ساڭا گەر ياردىن غەرەزدۇر، يار
جەفا ۋۇ لوتفىنى كورسەڭ كېرەك بەرابەر خۇش.

(ئەي ناۋايى، ساڭا يار كېرەك بولسا، ئۇنىڭ كولپىتىنىمۇ، شەپقىتىنىمۇ باراۋەر كۆرۈشۈڭ لازىم.)

نى خەم قاشلاردۇر كىم ھەسرەتتى قەددىمنى يا قىلمىش،
نى كىرپىكلەر ئوقىكىم روزگارىمنى قارا قىلمىش.
(بۇ قانداق قاشلاردۇ، ئارمىنى قەددىمنى يادەك ئېگىۋەتتى،
بۇ قانداق كىرپىك ئوقلىرىدۇ، مېنى قارا كۈنلەرگە سېلىپ قويدى.)

نى پېچۇتاب، نى ھەدسىز دامى زۇلف ئېركىنكى، ئاچىلغاچ
دىمەي كۆڭلۈم قۇشىكىم، ئۇيلە يۈزنى مۇبتەلا قىلمىش.
(زۇلفىنىڭ دامى نىمانداق تولغىماچ، نىمانداق ئۇزۇندۇ، بىر ئېچىلسا،
كۆڭلۈم قۇشىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن يۈزنى بەند قىلىدۇ.)

نى كۆزلەردۇركى ئالمىش كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇنچە كۆڭلۈمنى،
قىلىپ ھەر گوشەدە بىمارۇ قىسمى يۈز بەلا قىلمىش.
(بۇ قانداق كۆزدۇ، كۆز يۇمۇپ - ئاچقىچە كۆڭلۈمنى
ھەر دوقمۇشتا كېسەل ۋە يۈز خىل بالاغا گىرىپتار قىلىدۇ.)

نى ئارەز لالەسىدۇر كىم، كۆكۈلنى قان ئېتىپ دەردى
تۇگەن قويغان بىلە دەفئىغە ئۇل قاننىڭ دەۋا قىلمىش.
(بۇ قانداق رۇخسارلالىسىدۇ، ئۇنىڭ دەردى كۆكۈلنى قان قىلىدۇ ۋە
ئۇ قاننىڭ جاراھىتىنى داغمال بېسىپ ساقايتىدۇ.)

نى نازۇك خۇي ئىرۇركىم، ئەيلەمىش ئوترودا يۈز دەشنام،
گەدايىكىم ئانىڭ زۇلفۇ كۆزۈ قەددىن دۇئا قىلمىش.

(ئۇنىڭ مىجەزى نىمانچە نازۇكتۇر، ئۇنىڭ چېچى، كۆزى ۋە
قامىتىدىن سەدىقە سوراپ ئالدىغا كەلگەن گادايىنى يۈز دەشنام
بىلەن قوغلىۋېتىدۇ.)

بىراۋكى جەننەتو دوزەخ سوزىن شەرھ ئەيلەمىش گويا
كىنايەت ۋەجھى بىرلە ۋەسلۇ ھىجرانىن ئەدا قىلمىش.
(بىراۋ جەننەت بىلەن دوزاختىن سوز ئاچسا، ۋىسالنى جەننەتكە،
ھىجران ئازاۋىنى دوزاققا ئوخشۇتۇپ ئىپادىلەيدۇ.)

ئەجەب كور، ئىشق ئارا كىم مور ئىتەرگە ئەژدەھالارنى،
فۇسۇندىن مورخەتلەر قەيد زۇلفىن ئەژدەھا قىلمىش.
(قارا بۇ ئاجايىپ ئىشنى، ئىشق يولىدا ئۇچرىغان ئەژدىھالارنى
چۈمۈلىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەپسۇن بىلەن قاپقارا چىگگىلەكلىك
چېچىنى ئەژدىھا قىلىدىكەن.)

قەزادىندۇر ماڭا ئىشق ئويناماق، ئەي ناسىھى نادان،
كوروبسەنمو كىشى ھەرگىزكى تەغيىرى قازا قىلمىش.
(ئىشق بىلەن ئويناش ئەزەلدىن پېشانەمگە پۈتۈلگەن، ئەي نادان
نەسىھەتچى، سەن تەقدىرنى ئۆزگەرتكەن كىشىنى كورگىنىڭ بارمۇ؟)

نەۋائىدەك خەلاسىم يوق ئىدى ئۇل غەمزە كوفرىدىن،
خۇسۇسەن زۇلفى زۇننارى داغى بويىنۇمغا تاقىلمىش.
(ئۇنىڭ كاپىر كۆزى غەمزە قىلىپ تۇرسا، بولۇپمۇ، چېچىنى زۇننار
قىلىپ، بويىنۇمغا سالسا، مېنىڭمۇ، ناۋايىدەك ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشۇم
يوق گەپ.)

ئۆمرۈر ئىشقىنىڭ مېنى مەھزۇنغە مەخسۇس،
كى لەيلى دەردىدۇر مەجنۇنغە مەخسۇس.
(لەيلىنىڭ دەردى مەجنۇنغا خاس بولغىنىدەك، سېنىڭ
ئىشقىڭ مەن غەمكىنگە خاس.)

قويۇق ئەي سەرۋ سەۋسەن جىلۋەكىم، بار
بۇ ئىشق ئول قامەتى مەۋزۇنغە مەخسۇس.
(ئەي سەرۋ، سەۋسەن دەرەخلىرى، جىلۋەگلارنى قويۇڭلار،
بۇ ئىش ئەشۇ سۇمباتلىققا خاس.)

كوزۇم گىردابى جىسمىمنى چومۇردى،
ئەمەس بۇ دىجلەۋۇ جەيھونغە مەخسۇس.
(كوز ياشلىرىم جىسمىمنى چوكتۇردى، دىجلە ۋە جەيھۇن
دەريالىرىمۇ ئۇنىڭچىلىك ئەمەس.)

ماگا بى بەھرسەن سەن ھەم فەلەك ھەم،
بۇ ئىش بار ئاي بىلە گەردۇنغە مەخسۇس.
(سەنمۇ، پەلەكمۇ ماڭا شەپقەتسىز، بۇ ئىش پەقەت
ئاي بىلەن ئاسمانغا خاس.)

كورۇب مەست ئەيلەمەك لافىن قوي، ئەي مەي،
كى بۇ بار ئول لەبى مەيگۇنغە مەخسۇس.

(ئەي مەي، بىر كورۇنۇشۇم بىلەنلا مەس قىلىۋېتىمەن دەپ
لاپ ئۇرما، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قىزىل لىۋىگە خاس.)

قوي، ئەي ئاي، تۈننى يارۇتماقىندىكىم، بار
بۇ ئىش ئول ھوسن روز ئەفزۇنغە مەخسۇس.
(ئەي ئاي، تۈننى يورۇتىمەن دىمە، بۇ ئىش پەقەت ئۇنىڭ
كۈنسېرى تولۇپ بېرىۋاتقان ھوسنىگە خاس.)

نەۋائىي ئاتەشىن گۇل غۇنچەسىدەك،
ئېرۇر كويمەك سېنى دىلخۇنغە مەخسۇس.
(ناۋايىنىڭ قىپ-قىزىل گۇل غۇنچىسىدەك كويۇشى سەن
يۈرىگى خۇن بولغۇچىغا خاس.)

ھەجردىن ھەردەم قىلۇر بۇ خاتىرى ئەفگار خەۋف،
زاھىر ئەتكەندەك ئۆلۈمدىن ھەر زەمان بىمار خەۋف.
(خۇددى كېسەل ئۆلۈم خەۋپىنى ئاشكارىلىغاندەك، ھىجرانلىق
دەردى زەخمىلىك كۆڭلۈمگە ھەمىشە ئۆلۈم خەۋپىنى يەتكۈزىدۇ.)

ئەيكى، كامىلىق دوست ۋەسلىدىن ئېرور تاپماق ھەيات،
قەتل تىغى سۇرسە دۈشمەن قىلماغىل زىنھار خەۋف.
(ئەي، مەقسىدىڭ دوست ۋىسالىدىن ھاياتلىق تېپىش ئىكەن،
دۈشمەن قاتىللىق تىغىنى تەڭلىسىمۇ زادى خەۋپسىرىمە.)

ۋەسل بوستانىدا گەر ئىمىن ئەمەسمەن، ئەي رەفىق،
نەيلەيىنكىم، خارۇ ھىجراندىن ئىچىمدە بار خەۋف.
(ئەي دوست، مەن ۋىسال بوستانىدا خاتىرجەم ئەمەسمەن،
چۈنكى، ھىجران تىكىنىدىن ئىچىمدە خەۋپ بار.)

ھەجر شامىدۇر مەخوفى قاتىل، ئەي مەھۋەش، نىتاڭ،
ئۆيلە مۆھلىك تىرە تۈندە ئەيلەسەم ئىزھار خەۋف.
(جۇدالىق كېچىسى قاتىلدەك خەۋپلىك، ئەي گۈزەل، بۇنداق
ھالاكەتلىك كېچىدە خەۋپكە چۈشسەم ئەجەپلەنمە.)

نېچەكىم دەۋزەخدىن ئۆلسە خەۋف مەھشەر ئەھلىغە،
مەندە ھەجرىڭ شوئلەسىدىندۇر يۈز ئەل مىقدارى خەۋف.

(مەھشەردىكىلەر دوزاقتىن قانچىلىك قورقسا، ماڭا ھىجرى
ئوتىدىن كەلگەن خەۋپ ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسە ئېغىر.)

سالماي ئۆزلۈك نەقدىن ئۆزدىن تۇتماغىل دەشتى فەنا،
كىم ئاغىر يۈكلۈككە بۇ يولدا يەتەر بىسيار خەۋف.
(شەخسىيەت يۈكىنى تاشلىۋەتمەي تۇرۇپ، فانا دەشتىگە كىرمە،
چۈنكى بۇ يولدا[1] يۈكى ئېغىرلارغا خەۋپ كوپ.)

ئەي نەۋائى، ھۇشۇڭ ئۆلسا كوزلەردىن خەۋف ئېرۇر،
ئۆل سىفەتكىم مەستلەردىن ئەبلەگەي ھوشيار خەۋف.
(ئەي ناۋايى، ھۇشۇڭ بار بولسا، ئۇنىڭ كوزلىرى خەۋپلىك،
چۈنكى ھۇشيارلار مەسلەردىن خەۋپسىرەيدىغۇ.)

ئەي جەمالۇ نازۇ - ئېشۋەڭ بىر - بىرىدىن خوبراق،
قامەتىڭ مەرغۇبۇ ئاندىن پەيكەرىڭ مەرغۇبراق.
(ئەي، سېنىڭ جامالىڭ، نازۇ - كەرەشمەڭ بىر - بىرىدىن
چىرايلىق، قامىتىڭ يېقىملىق، تۇرقۇڭ ئاندىنمۇ يېقىملىق.)

مەندە بولسا مىڭ ھۇنەر، چۈن يارنىڭ مەردۇدىمەن،
ئالەم ئىچرە يوق مېنىڭدەك بىر كىشى مەئيوبراق.
(مېنىڭ پەزىلىتىم بولسىمۇ، يارنىڭ ئالدىدىن قوغلانغانمەن،
دۇنيادا مېنىڭدەك ئەيىپدار ئادەم يوق ئىكەن.)

ئىشق ئارا فەرھادۇ مەجنۇن داغى بىخۇد ئېردىلەر،
كىمسە مەندىن غالىبا بۇ ئىشدە يوق مەغلوبراق.
(ئىشق ئارا پەرھات ۋە مەجنۇنلارمۇ ئېسىنى يوقاتقانلار ئىدى،
بىراق، بۇ ئىشتا مەندىن بەتتەرى يوق.)

ھەرنى قىلساڭ ناتەۋان كوڭلۇم سىۋەر جاندىن سېنى،
ھەق ياراتماپدۇر ئىكىن سەندىن كىشى مەھبوبراق.
(ھەر نىمە قىلساڭمۇ ئاغرىق كوڭلۇم سېنى جاندىن سۆيىدۇ،
چۈنكى خۇدا سەندىن سۆيۈملۈگرەك ئادەمنى ياراتماپتىكەن.)

تالىب ئېرسەڭ قەتلىمە، جانا، ساڭا جانىم فىدا،
نى ساڭا مەتلۇبراق ئولدۇر ماڭا مەتلوبراق.

(ئەي جانان، ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلساڭ، جېنىم پىدا، سەن
نىمىنى تەلەپ قىلساڭ، مەنمۇ شۇنى تەلەپ قىلىمەن.)

كىم تىلەر دەيرى فەنا ئەزمىنى ئۇسلۇب ئەيلەگەي،
ئۇزلۇكىدىن ئىش كىرەكمەس كوڭلىگە مەسلوبراق.
(كىمكى پانىلىق دۇنياسىنى تىلىسە، سەپەرگە چىقىشنى ۋەزىپە
قىلىۋالىدۇ، ئوز شەخسىيىتىگە باغلىق ئىشلارنى نېرىگە
چۆرۈپ تاشلايدۇ.)

گەر نەۋائى بار ئىدى مەقبۇلۇڭ، ئەتكىل رەھىم،
ئاندىن ئەمدى يوقتۇرۇر ئوششاق ئارا مەنكوبراق.
(ناۋايى كوڭلۇڭگە لايىق كەلسە، رەھىم قىلغىل، چۈنكى
ئاشىقلار ئىچىدە ئۇنىڭدەك قىينالغان ھېچكىم يوق.)

باغ ئىچرە ساڭا ساچتى گۈل ئاقۇ قىزىل يافراق،
شاھ باشىغە ئانداقكىم، ئەل ئاقۇ قىزىل يارماق.
(خەلق پادىشانىڭ بېشىغا تەنگە - تىللا چاچقاندەك، باغ ئىچىدە
گۈللەر ساڭا ئاق ۋە قىزىل بەرگلەرنى چاچىدۇ.)

نى يارلىغ ئولغايكىم، ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇنچە
سەن ئەيش ئىلە ئۇيقۇدا، مەن رەنجى بىلە ئويغاق.
(بۇ قانداق دوستلۇق؟ ھەر كېچە تاڭ ئاتقىچە سەن راھەتلىنىپ
ئۇخلايسەن، مەن كېسەل تارتىپ، ئويغاق.)

كوز مەردۇمى كويۇڭنىڭ گەردىن تىلەبان باردى،
قانىكى ئاقار ئانى قان تارتتىيو يا تۇفراق.
(كوزۇمنىڭ قارچۇغى كوچاڭنىڭ توزىڭىنى ئارزۇلاپ باردى،
ئەگەر قان ئاقسا، ئۇنىقان قىساسى تۇتقان ياكى تۇپراق ئوزىگە
تارتقان.)

كورگەچ ئانى ھەيرەتدىن ئىلكىمنىكى تىشلەبمەن،
بارماققا باتىب بو رېش تىلنى كىسبان تىرناق.
(ئۇنى كورۇش بىلەنلا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قولۇمنى چىشلىگەن
ئىدىم، چىشىم بارمىغىمغا پېتىپتۇ، تىرنىغىم تىلىمنى كېسىپتۇ.)

جان نەقدىن ئەجەل بىرلە ھەجرىڭ ئىككى بولمىشلەر
ئانداقكى تاپىپ سودى ئايىرغان ئىكى ئورتاق.

(جان سەرمايىسىنى پىراقىڭ بىلەن ئەجەل ئىككىگە بولىۋەتتى،
خۇددى پايدا ئىككى شېرىكنى ئايرىۋەتكەندەك.)

كويۇڭ كېرەك ئۇجماغ يوقكىم ئۇجماغۇ كويوڭدا
ئول نەۋ تەفاۋۇتدۇركىم تامۇغ ئىلە ئۇجماق.
(ماڭا جەننەت ئەمەس، كوچاڭ كېرەك، كوچاڭ بىلەن
جەننەتنىڭ پەرقى خۇددى جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ پەرقىدەك.)

ھەم دەھر بەقاسىزدۇر ھەم ئومر ۋەفاسىزدۇر،
خۇشتۇر نەفەسى ئوزىن ئەھباب ئىلە خۇش تۇتماق.
(دۇنيا دېگەن باقى ئەمەس، ئومۇرمۇ ۋەپاسىز، ئەڭ ياخشىسى
بىردەم بولسىمۇ دوستلار بىلەن خوشال ئوتۇش.)

يەتمەكلىك ئېرۇر موشكۇل مەقسەتكە نىدىنكىم، بار
كوز خىرەۋۇ تۈن تىرە، ئات ئاقساقۇ يول تايغاق.
(مەقسەتكە يېتىش شۇنىڭ ئۇچۇن قىيىنكى، كوز خىرەلەشكەن،
تۈن قاراڭغۇ، ئات ئاقساق، يول تايغاق.)

دەپسەنكى، نەۋائىنى كەلگۇم داغى ئولتۇرگۇم،
ئول ئولدى بۇ ھەسرەتدىن، كەل تەڭرى ئۇچۇن پاتراق.
(ئەمدى كەلسەم ناۋايىنى ئولتۇرۇمەن دەپسەن، ئۇ مۇشۇ
ھەسرەتتىن ئولدى، خۇدا ھەققى پاتراق كەلگىن.)

كۆڭلۈم بولۇرغەمنىڭ تۈنى ھەرلەھزە قايغۇلۇق،
چۈن شام بولدى ھەر نەپەس ئارتار قاراڭغۇلۇق.
(سېنى ئويلىغان كېچىسى كۆڭلۈمنى دائىم قايغۇ باسىدۇ، خۇددى
كەچ بولۇشى بىلەن بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك.)

ئول كۆزكى ئالەم ئەھلىدىن ئالمىشدۇر ئۇيقۇنى،
بەختىم كەبى نى ئەيب ئەگەر بولسا ئۇيقۇلۇق.
(ئاشۇ كۆز جاھان خەلقىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېلىپ قاچتى، ئۇ
مېنىڭ بەختىمدەك ئۇيقۇلۇق بولسا نىمە بولاتتى؟)

سەبرۇ قارارۇ ھۇشنى ئالماغلىغىڭ نىدۇر،
ئەي جانلار ئاپەتى، ساڭا جانىمدۇر ئالغۇلۇق.
(ئەي جانىنىڭ ئاپىتى، ئالىدىغىنىڭ جېنىم ئەمەسمۇ، سەۋر -
تاقەت ۋە ھۇشۇمنى ئالغىنىڭ نىمىسى؟)

دەشتى فىراق ئىچرە تىرىك يوق چۇ ۋەھش تەير،
گويا يېلى سەمۇمۇ گىياھىدۇر ئاغۇلۇق.
(پىراق دەشتىدە ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋايى قۇشلار تىرىك
قالمايدۇ، چۈنكى بۇ يەرنىڭ شامىلى ھالاكەتلىك، گىيالىرى
زەھەرلىك.)

مۇغ كويى ئەزمىدىن مېنى مەنئ ئەتمە، ئەي رەفىق،
بۇ يول ئېرۇر چۇ ئەھلى مەلامەتقە بارغۇلۇق.

(ئەي دوست، مېنى مەيخانە كوچىسىغا بېرىشتىن توسما،
بۇ يول، دەشنامغا قالغانلار بېرىشقا تېگىشلىك يول.)

ئاندىن فەلەكنى ئىلماس ئىكەن كۆزگە پىرى دەير،
كىم بۇ ئېرۇر ھەقىر، خەيالى ئۇنىڭ ئۇلۇق.
(مەيخانىچى فەلەكنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىكەن، گەرچە ئۆزى
خار بولسىمۇ، ئوي - پىكرى ئۇلۇغ.)

تا غەمدەدۇر نەۋائى، ئاڭا دەھر تىرەدۇر،
شاد ئاڭلاماس ئولۇسنى بىراۋ بولسە قايغۇلۇق.
(ناۋايى غەمگە چۆكۈش بىلەن جاھان ئۇنىڭغا قاراڭغۇ بولدى،
بىرسى قايغۇلۇق بولسا، خەلقىمۇ خوشال كۆرۈنمەيدۇ.)

ئاغزىڭىم سوزدە مەسىھادەك قىلۇر ئەلنى تىرىك،
بەس ئۇلۇغ سوزلۇكدۇرۇر گەرچە ئېرۇر ئەسرۇكىچىك.
(ئۇ سوزدە ئەيسادەك ئولوكنى تىرىلدۇرىدۇ، گەرچە ئاغزى
بەك كىچىك بولسىمۇ، سوزى ئۇلۇغ.)

قەددى قوپقاچ، سەرۋ ئەگەر توشسە ئاياغىن ئوپكەلى،
يوق ئەجەبكىم پەست ئولۇر سايە قۇياش بولغاچ بىيىك.
(ئۇ قەددىنى رۇسلىغاندا سەرۋى ئۇنىڭ ئايىغىنى سۇيۇش ئۇچۇن
ئېگىلسە ئەجەپلەنمەڭ، چۇنكى قۇياش ئورلىگەندە سايە قىسقىرايدىغۇ)

ھەم ئوشۇل تۇفراغدىن ساچىپ قۇرتۇڭ نامەنى،
يازساڭىز ئول ئايغە جىسمىم تۇفراغ ئولغاندىن بىتىك.
(ئۇ ئايغا جىسمىمنىڭ توپىغا ئايلانغانلىقىنى توغرىلىق يازسىڭىز،
بۇ خەتنىڭ سىياسىنى توپا سېپىپ قۇرۇتۇڭ.)

تىغى زەخمىن باغلاسا ئەھباب، غەم يوق، ئەي كوڭۇل،
بىرئىشك باغلانسا ئىشق ئىچرە ئاچىلغاي يۇزئىشىك.
(ئەي كوڭۇل، دوستلار ئۇنىڭ تىغىدىن زەخمىلەنگەن يارامنى تاڭسا،
قايغۇرما. مۇھەببەتتە بىر ئىشىك ئېتىلسە، يۇز ئىشىك ئېچىلىدۇ.)

ھەجرتاشىن باشىمە، مىھنەت بالاسىن جىسمىمە
قايدا بىلگەي ئىشق ئاڭا كورگۇزمەگەن قاتتىغ يىرىك.

(ئىشق جۇدالىق تېشىنى بېشىمغا، جەۋرى - جاپا بالاسىنى جىسمىمغا —
تۇيغۇزماستىن ياغدۇرۇشنى نەدىن بىلىۋالغاندۇ.)

ئۇچقىل، ئەي بۇلبۇل، بۇگۇلشەندىن، نىدىنىكىم ھەرنېچە
گۇل ۋەفادا كۇند ئېرۇر، جەۋرئىچرەدۇر خارى ئىتىك.
(ئەي بۇلبۇل، بۇگۇلشەندىن ئۇچۇپ كەت، چۇنكى ھەرقانداق
گۇل ۋاپا بابىدا قاشاڭ، تىكىنى جاپا بابىدا ئىتتىك.)

گەرنەۋائى قەتلىگە كەلمەيدۇر ئول ئۇسرۇك نىگە،
بەس ئىتەك سانچىب، قىلىچ تارتىب، شىمالىبدۇر ئىلىك.
(ئۇ مەس پەشنى قىستۇرۇپ، بېلىگىنى شىمايلاپ، قىلىچىنى
يالاڭغاچلاپ تۇرۇپتۇ. نىمە ئۇچۇن ناۋائىنى ئولتۇرگىلى كەلمەي-
دىغاندۇ؟)

بەسكى كوكسۇم چاكى تىككەن ئىگنەدىن بولدى توشۇك،
كوڭلەكىم چاكىدەك ئولمىشدۇر، ۋەلى ئاندىن چۇرۇك.
(كوكسۇم سانچىلغان يىڭنىدىن توشۇك-توشۇك بولۇپ كەتتى، گويا ئۇ يىرتىق كوينىگىمگە ئوخشايدۇ، يەنە كىلىپ ئۇنىڭدىنمۇ چۇرۇك.)

جانفەزا لەئلىڭ بىلەن قاتىل كوزۇڭ ھىجرانىدا
ئويلە ھالىم باركىم، بىلمان تىرىكمەن يا ئولۇك.
(جانبەخش لېۋىڭ بىلەن قاتىل كوزۇڭ ھىجرانىدا شۇنداق ئەھۋالغا قالدىمكى، يا ئولۇك، يا تىرىكلىگىمنى بىلمەيمەن.)

خاتەمى لەئلىڭ ئەگەر ئاغزىمغە يەتكەچ تىشلەگۇم،
مۇھر ئىنەردە موم ياپۇشقان كەبى باسقاچ ئۇزۇك.
(موھۇر باسقاندا ئۇزۇككە موم يېپىشىپ قالغاندەك، لېۋىڭ ئۇزۇگى ئاغزىمغا تەگسىلا چىشلىۋالىمەن.)

فورقەتىڭدىن لالەدەكتۇر چاك-چاك ئولغان كوڭۇل،
نىگەكىم ھەم قان ئارا بولمىش بوياغلىق ھەم كويۇك.
(پىراقىڭدا يارىلانغان كوڭلۇم لالىغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇ قانغا بويالغان ھەم كويگەن.)

ئاتەشىن لەئلىڭ ئەگەر جانىمنى ئورتەر، تاڭ ئەمەس،
كىم ئىبرۇر ئەسرۇ ئىسسىغ، نىكىم ئىبرۇر ئەسرۇ چۇچۇك.

(چوغدەك لېۋىڭ جېنىمنى ئورتەۋەتسە، ئەجەپلەنمىگۈلۈك، چۈنكى ئۇ بەك ئىسسىق، شۇنداقلا بەكمۇ شىرىن.)

دىمە دەشتى ئىشق ئارا ئىلك خەيلى ئىشق ئەھلى قانى،
ئىتتى بۇ پايانى يوق سەھرادا ھەريان بىر سۈرۈك.
(ئىشق دەشتىدىكى مىڭلىغان ئاشىقلار نەگە كەتتى دىمە، ئۇلار توپ-توپى بىلەن بۇ پايانسىز دەشتتە يوقالدى.)

ئەي نەۋائى، فەقر يولىدا بۇرۇن ئۇزلۇكنى سال،
كىم بۇ يولدا پويەغە مانىئدۇر ئول ئارتۇقى يوك.
(ئەي ناۋايى، پېقىرلىق يولىغا كىرىشتىن بۇرۇن، شەخسىيەتنى تاشلا، چۈنكى ئارتۇقچە يۈك بۇ يولدا يۈرۈشكە كاشىلا قىلىدۇ.)

ئەيتمانكىم لەئلى جانبەخشنىڭ ئېرۇر جاندىن چۈچۈك،
كىم ئېرۇر ھەرنىكى يوق ئاندىن چۈچۈك ئاندىن چۈچۈك.
(جانبەخش لېۋىڭ جاندىن تاتلىق دىمەي، گەرچە ھېچنەرسە
جاندىن تاتلىق بولمىسەمۇ، سېنىڭ لېۋىڭ ئۇنىڭدىنمۇ تاتلىق.)

نىچەكىم بولسۇن چۈچۈك شىرىن تەكەللۇم سوزلىرى،
لېكىن ئېرمەس ئول كەلامى شەككەر ئەفشاندىن چۈچۈك.
(سوزمەنلەرنىڭ سۆزلىرى قانچە تاتلىق بولسىمۇ،
لېكىن ئاشۇ شېكەر توككۈچىنىڭ سوزىدىن تاتلىق ئەمەس.)

نۇش لەئلىڭدىن ماڭا چۈن زەھر ھەجر ئولدى نەسىب،
نى ئاسىغ گەر بولسا ئول ئارتۇغراق ئىمكاندىن چۈچۈك.
(شىرىن لېۋىڭدىن ماڭا ھىجران زەھرى نېسىپ بوپتۇ، ئۇ گەرچە
ھەرقانداق نەرسىدىن ئارتۇقراق تاتلىق بولسىمۇ، ماڭا نىمە
پايدىسى بار.)

نەي ئۇقۇڭ بىھەد چۈچۈكدۇر جانغە، گويا چىقمامىش،
بىر قامىش مۇنداق شەكەر بۇتكەن نەيساندىن چۈچۈك.
(نەيسىمان ئوقۇڭ جانغا بەك لەززەت بېرىدىكەن، ھېچقانداق
شېكەر قومۇشلىغىدا بۇنىڭدەك تاتلىق قومۇش چىقمايدۇ.)

ناۋەكىڭ ئۇزرە باشاق گويا ئېرۇر ھەببى نەبات،
كىم كوڭۇل كامى بولۇر ئول شەكلى پەيكاندىن چۈچۈك.

(كىرپىك ئوقۇڭنىڭ ئۇچى مەن ئۇچۇن خۇددى ناۋات،
كوڭۇل ئارزۇسى ئاشۇنداق ئوقتىن ھۇزۇر تاپىدۇ.)

ساقىيا جامىمدا ئەزگىل زەھركىم، ھەرنىچە ئول
بولسا ئاچچىغ، بولغۇسىدۇر زەھر ھىجراندىن چۈچۈك.
(ئەي ساقى، قەدەھكە زەھەر ئېزىپ بەر، ئۇ ھەر قانچە
ئاچچىق بولسىمۇ، جۇدالىق زەھرىدىن تاتلىققۇ.)

ئەي نەۋائى، جانفەزا نەزمىڭ لەبى ۋەسفىدە بار
شىرەئى جاندىن ئېزىلگەن ئابىھەيۋاندىن چۈچۈك.
(ئەي ناۋايى، ئۇنىڭ لېۋىنى تەسۋىرلىگەن جانغا راھەت
نەزمەڭ شىرىنىسى قوشۇلغان ئابىھاياتتىنمۇ تاتلىق.)

گۈلشەن ئىچرە يوقتۇر ئارامىم، دىلارامىم كېرەك،
سەرۋۇ گۈلنى نەيلەيىن سەرۋ گولەندامىم كېرەك.
(گۈلشەن ئىچرە ئارامىم قالمىدى، دىلارامىم بولسا بولاتتى،
سەرۋى، گۈلنى نىمە قىلاي، گۈل يۈزلۈگۈم بولسا بولاتتى.)

گەرپەرىلەر قۇش كەبى رەم قىلسالار مەن تەلبەدىن،
غەم يوق ئول شوخ پەرى پەيكەرى مېنىڭ رامىم كېرەك.
(پەرىلەرمەن ساراڭدىن قۇشقا ئوخشاش ئۈزكۈپ قېچىپ كەتسە
غېمىم يوق، پەقەت مېنى بويسۇندۇرغۇچى شوخ، گۈزەل يار بولسا
بولدى.)

ئافىيەت كويىدا مەھۋەشلەرغە يوقتۇرنىسبەتىم،
ئول مۇقامىر شىۋە شوخ بادە ئاشامىم كېرەك.
(ئامانلىق كوچىسىدا ئاي يۈزلۈك گۈزەللەر بىلەن تەڭ بولالمايمەن،
ماڭا قىمارۋاز مىجەز، شوخ ئىچەرمەن يار لازىم.)

كەئبەدە ناكام ئىلەدىن ئەھلىغە يوق جۇز نىفاق،
دەير ئىچىندە كافىرى بىباك خۇدكامىم كېرەك.
(كەئبىدە دىندارلارغا مەھرۇملۇق بىلەن مۇناپىقلىقتىن باشقا
نەرسە يوق بولسا، ماڭا بۇتخانىدىكى شەخسىيەت بىلەن كارى يوق
كاپىر دوست لازىم.)

گۈل بىلە سەۋسەن كېرەكمەستۇر ماڭا، ئەي باغبان،
زۇلفى سۇبۇل ئەترلىق روخسار گۇلفامىم كېرەك.

(ئەي باغۋەن ماڭا قىزىلگۈل، سەۋسەن گۈللەر لازىم ئەمەس،
بەلكى ئاشۇ سۇمبۇل چاچلىق، خۇشبۇي گۈل يۈزلۈگۈم كېرەك.)

ئەي خەرابات ئەھلى، رەسۋا كوڭلۈم ئەتمىش بۇ تەرەف،
كەلمىشەم تاپىپ سوراغ ئول رىند بەدنامىم كېرەك.
(ئەي مەيخانە ئەھلى، مېنى كوڭلۈم رەسۋا قىلدۇەتتى. ماڭا ئىچەرمەن
دىگەن يامان ئات لازىم بولغانلىقتىن، بۇ يەرگە ئۇنى ئىزلەپ كەلدىم.)

ئەي نەۋائى، خانقەھدە تاپمادىم جۇز تەفرىقە،
خۇم كەبى مەيخانەنىڭ كۇنجىدە ئارامىم كېرەك.
(ئەي ناۋايى، خانىقادا پەرىشانلىقتىن باشقا نەرسە تاپالمىدىم،
ماڭا مەيخانە بۇلۇڭىدا مەي ئىدىشدەك ئاراملىق لازىم.)

ئاشىق ئولدۇم، پەند بەرمەك، چارەم ئەسبابىن تۈزۈك،
ئىشق زارئەتكەندىگە زۇلم ئەتمەك، تەرەھھۇم كورگۈزۈك.
(مەن ئاشىق بولدۇم، نەسىھەتنى قويۇپ، چارە - تەدبىر تېپىڭلار،
ئىشقتىن ئىڭرىغۇچىغا زۇلۇم سالماي، شەپقەت قىلىڭلار.)

ئەيكى، دەرسىز ئىشق ئارا سەبرىڭ ئۆيىن ئاباد قىل،
مۇنداق ئەتكۈنچە ھەياتىم قەسرى بۇنيادى بۇزۇك.
(ئەي، ئىشق ئارا سەۋرىڭ ئۆيىنى ئابات قىل دەيسىز، بۇنداق
قىلغىچە ھاياتىم قەسرىنىڭ ھۇلىنى بۇزۇۋېتىڭ.)

سەرۋ نازىنىكىم بارۇر كوز باغىدىن، قىلمان قەبۇل
گەر ئانىڭ ئورنىدا تۇبى نەخلىنى ئولتۇرغۇزۇڭ.
(ئۇ سۇمباتلىق گۈزىلىم كوزۇم بېغىدىن يوقالغان ئىكەن،
ئۇنىڭ ئورنىغا تۇبى كوچىتىنى تىكسىڭىز قوبۇل قىلمايمەن.)

ئانسىزىن، ئەي دوستلار، نى زەھرۇ نى ئابىھايات،
كىم مۇساۋىيدۇر ماڭا گەر ئولتۇرۇڭ، گەر تىرگۈزۈڭ.
(ئەي دوستلار، ئۇنىڭسىز ماڭا زەھەر نىمە، ئابىھايات نىمە،
ھەيلى ئولتۇرۇڭ، مەيلى تىرىلدۈرۈڭ، ئەھمىيىتى يوق.)

گەر ئەجەل تۇرغازمادى جىسمىمنى ئول ئاي كويىدا،
دوستلار، نەئشىمنى بارى ئاندا بىردەم تۇرغۇزۇڭ.

(ئەجەل مېنىڭ جىسمىمنى ئۇ ئاينىڭ كوچىسىدا تۇرغۇزمىدى،
دوستلار، تاۋۇتۇمنى بولسىمۇ شۇ يەردە بىردەم تۇرغۇزۇڭلار.)

دۇرد كەلتۇردۇڭ دىبان يازغۇرماڭىز، ئەي ئەھلى ئىشق،
باك يوق زۇھدۇم رىداسى كۇنجىگە سالىپ سوزۇڭ.
(ئەي ئاشىقلار، مېنى دۇغ شاراپ ئەكەلدى دەپ ئەيىپلىمەڭلار،
نىمە قورقۇش، ئۇنى سوپىلىق پىرىجەمنىڭ پېشىدا سۈزۈڭلار.)

چۈن نەۋائى كوڭلىنى قىلدى گىرىھ بىر تارى زۇلف،
دوستلار سەررىشتەئى ئۇممىدىنى ئاندىن ئۈزۈك.
(ناۋائىينىڭ كوڭلى ئۇنىڭ بىر تال چېچىغا باغلىنىپ قالدى،
دوستلار، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىت رىشتىسىنى ئۈزۈڭلار.)

نى بولدى دەردىمە، ئەي بىۋەفا، دەۋا قىلساڭ،
ۋەفاغە ۋەئدە قىلىپ، ۋەئدەغە ۋەفا قىلساڭ.

(ئەي بىۋاپا، دەردىمگە دەۋا قىلساڭ نىمە بولار، ۋاپا قىلمەن دەپ ۋەدە قىلۋېدىڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلساڭ نىمە بۇلار.)

تەنىمنى قۇرب فەزاسىدا خاكى راھ ئەتتىڭ،
باشىمنى ۋەسل ئىشىگىگە ئاشنا قىلساڭ.

(تېنىمنى يېقىنلىق مەيدانىدا ئاياق - ئاستى قىلدىڭ، بېشىمنى ۋىسالىڭ ئىشىگىگە ئاشنا قىلىپ قويساڭ، نىمە بۇلار.)

سۇنۇپ قولۇمنى يۈزۈڭگە مۇراد ئېتىپ ھاسىل،
ئاچىپ يۈزۈڭنى كوزۇم ھاجەتىن رەۋا قىلساڭ.

(مەن قولۇمنى يۈزۈڭگە سۇنۇپ، مۇرادىمنى ھاسىل قىلسام، سەن يۈزۈڭنى ئېچىپ، كوزۇمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلساڭ نىمە بۇلار.)

ۋىسال ئەۋجى بىيىك، ئەي كوڭۇل قۇشى، سەن پەست،
يېتىشمەك ئاندا نى مومكىن ئەگەر ھەۋا قىلساڭ.

(ئەي كوڭۇل قۇشى، سەن پەستە، ۋىسال چوققىسى بەك ئىگىز، قانچە پەرۋاز قىلساڭمۇ ئۇنىڭغا قانداق يېتەلەيسەن.)

جاھان غەمىن چۇ ئالۇر بىر قەدەھ مەي، ئەي ساقى،
ئالۇرمەن ئىككى جەھان مۇلكىگە بەھا قىلساڭ.

(ئەي ساقى، بىر قەدەھ مەي جاھان غېمىنى ئېلىپ كېتىدىكەن، ئىككى ئالەم بايلىقىدەك باھا قويساڭمۇ، ئالىمەن ئۇنى.)

زەمانە ئەھلى جەفاسىن تەغافول ئەيلەرسەن،
ئالار تەغافۇل ئېتىپ كاش سەن جەفا قىلساڭ.

(زاماندىشلارنىڭ جاپاسىنى بىلمەسكە سالىسەن، كاشكى سەن جاپا قىلغان بولساڭ، ئۇلار بىلمەسكە سالسىچۇ.)

ئەگەرچە ئەھلى نەۋادۇر، ۋەلى ئۇل ئاي باقماس،
نەۋائىيا، نېچە بۇلبۇل كەبى نەۋا قىلساڭ.

(ناۋايى، ئۇ ئاي گەرچە نەغمە - ناۋا ئەھلى بولسىمۇ، لېكىن سەن بۇلبۇلدەك قانچە ناۋا قىلغىنىڭ بىلەن كارى يوق.)

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كوردى ھەيران بولدى گۈل،
بەرگسىز قالدى ئىددىنىكىم، بەس، پەرىشان بولدى گۈل.
(باغ ئىچىدە جامالىڭنى كورۈپ گۈل ھەيران قالدى ۋە بەرگلىرىدىن ئايرىلىپ پەرىشان بولدى.)

بادەدىن گۈل - گۈل كورۈپ ئول يۈزنى، ئانىڭ ھەجرىدىن
چاك - چاك ئولغان كوڭۈلدەك تەھ - بەتەھ قان بولدى گۈل.
(گۈل، مەي تەپتىدىن گۈلگە ئايلانغان يۈزنى كورگەن گۈلدە ئۇنىڭ ھەجرىدە تىلىنغان كوڭۈلدەك، قات - قات قان باغلىدى.)

گۈلئۇزارىم كىشۋەرى ھوسن ئىچرە بولدى پادىشاھ،
راست ئانداقكىم چەمەن مۇلكىدە سۇلتان بولدى گۈل.
(خۇددى قىزىلگۈل گۈلزارلىقنىڭ سۇلتانى بولغىنىدەك، گۈل يۈزلۈكۈم گۈزەللىك مەملىكىتىگە پادىشا بولدى.)

سەير باغ ئەيلەردە دەۋران چەشمى زەخمى دەفئىغە
ھەر تەرەفدىن چابكوم دەۋرىدە قالقان بولدى گۈل.
(باغنى سەيل قىلغاندا زامان كىشىلىرىنىڭ كوزى تەگمىسۇن دەپ، گۈللەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ قالقان بولدى.)

لەئل كامىمدۇر قاشىمغە كەلسە ئول گۈل خىرمەنى،
مەي تىلەر كوڭلۈم چۇ بەزمىدە فەراۋان بولدى گۈل.

(ئۇ گۈزەل گۈلدەك ئىچىلىپ قېشىمغا كەلسە، ياقۇت لىۋىدىن بەھرىمەن بولسەمەن، گۈللەر باراقسان بولۇپ، بەزم ئۇيۇشتۇرۇلغاندا كوڭلۈم مەينى خالايدۇ.)

كېچە - كۈندۈز قىلما گۈلباڭىڭنى، بەس، ئەي ئەندەلىپ،
كىم ساڭا بەش كۈن بۇ گۈلشەن ئىچرە مېھمان بولدى گۈل.
(ئەي بۇلبۇل، بەس، كېچە - كۈندۈز سايراۋەرمە، بۇ گۈلشەندىكى گۈل ساڭا بىرنەچچە كۈنلۈك مېھمان.)

گۈل چاغى يارى سەفەر ئەيلەپ، نەۋائى جانىغە
ھەر بىرى بىر تازە قانلىغ داغى ھىجران بولدى گۈل.
(گۈل پەسلىدە يارى سەپەرگە كەتتى - دە، جۇدالىق ناۋائىينىڭ جېنىغا يېڭىدىن قانلىق گۈلدەك داغلارنى سالدى.)

يارغه يەتكەچ ئەلەم تۈنتى كوڭۈل خەيلىنى غەم،
شەھغە چۈن رەنجى يېتەر رەنجۈر ئۇلۇر مولك ئەھلى ھەم.
(پادىشا ئاغرىپ قالسا، پۈتۈن خەلقى ئازاپ چەككەندەك، يارغا ئەلەم كەلسە، پۈتۈن كوڭلۈمنى غەم باسىدۇ.)

يار ئويىدىن چىقماسا ئالەم كوزۈمگە تىرەدۇر،
چۈن قۇياش چىقماس جەھاندىن مورتەفئ بولماس زەلەم.
(قۇياش چىقمىسا جاھاندىن زۇلمەت كوتىرىلمىگەندەك، يار ئويىدىن چىقمىسا ئالەم كوزۈمگە قاراڭغۇ.)

نى ھەرارەتدۇر ساڭا كىم، كويدى، ئاندىن ئالەمى،
ئۈيلەكىم ئورتەر جەھاننى مىھر ئوتى ئۇرغاچ ئەلەم.
(سەندىكى قانداق ھارارەت؟ قۇياش بايرىغىنى تىككەندە جاھان ئورتەنگەندەك، تەپتىڭدىن ئالەم كويدىغۇ.)

نى ئەرەقدۇر كىم ئىچىندە غەرقەدۇر نازىك تەنىڭ،
بەرگى گۈلدەككىم گۈلاب ئىچرە چومەر سەرتا قەدەم.
(بۇ قانداق تەركى، نازۇك تېنىڭ ئۇنىڭغا غەرق بولۇپتۇر، ياق، بۇ پۈتۈنلەي گۈل شەربىتىگە چومۇلگەن گۈل بەرگىغۇ.)

سەرۋغە باغ ئىچرە ھەريان جىلۋە قىلماق خۇشتۇرۇر،
سايەدەك نېۋچۈن ياتىپتۇر سەرۋ گۈلزارى ئىرەم.

(سەرۋى دەرىخى باغ ئىچىدە ھەريان جىلۋە قىلسا بەك يارىشاتتى، نىمىشقىدۇ، ئىرەم گۈلزارىنىڭ سەرۋىسى سايىدەك ياتىدۇ؟)

سەنسىز ئىچىمەك ئۈيلەدۇركىم مەرگى جامى ئىچرە زەھر
ئابىھەيۋان بىرلە گەر بولسا لەبالەب جامى جەم.
(سېنىڭسىز جەمشىت جامىغا تولدۇرۇلغان ئابىھاياتنى ئىچىش، خۇددى، ئەجەل جامىدا زەھەر ئىچكەنگە ئوخشاش.)

ئەي نەۋائى، سەدقەسى بولغىل ئەلەم دەفئى ئۈچۈن،
مەن ئولۇپ، گەر ئول سەلامەت بولسا ھېچ ئېرمەس ئەلەم.
(ئەي ناۋايى، ئەلەمنى يوقىتىش ئۈچۈن سادىغا بول، مەن ئولسەم نىمە ئەلەم، ئۇ سالامەت بولسىلا بولدى.)

سەھەر كوردۇم يۈزىن، ئاقشامغىچە كويدى ھەزىن جانىم،
بۇ ئېردى سۇبھى ۋەسلىم، تا نى بولغاي شامى ھىجرانىم.
(سەھەردە يۈزىنى كورسەم، غەمكىن جېنىم كەچكىچە كويدى،
ۋىسال تاڭى شۇنداق بولسا، ھىجران تۈنى قانداق بولار؟)

قۇياش كۈلبەمغە ئىنگەندىن ماڭا يۈز قەتلە خۇشراقدۇر
قاراشامىنى رەۋشەن ئەيلەگەن شەمئى شەبىستانىم.
(ھۇجرامنىڭ چىرىغى قاراڭغۇ كېچەمنى يورۇتسا، مەن ئۇچۇن
ئويۈمگە قۇياش كىرگەندىنمۇ بەك خۇش بولىمەن.)

نى يەڭلىغ ياشۇراي ھىجران غەمىنكىم، فاش ئېتەر ھەردەم
ئاغىزدىن شوئلەلىق ئاھىم، نەزەردىن ئەشكىسىز قانىم.
(ئاغزىمدىن ئوتلۇق ئاھىم، كوزۈمدىن قانلىق يېشىم پاش قىلىپ
تۇرسا، مەن بۇ ھىجران غېمىنى قانداقمۇ يوشۇرالايمەن.)

ئەجەبتۇر تاپىرى ۋەسل ئىستەمەك كۈلبەمغە قونماقىم،
ياقىندۇر نەسر ۋاقئىنى ئۇچۇرغاي كوكتىن ئەفغانىم.
(مېنىڭ ئاھ ـ پىغانىم كوكتىكى شۇڭقار يۇلتۇزنى ئۇچۇرغۇدەك
بولۇۋاتسا، ۋىسال قۇشىنىڭ ئويۈمگە كېلىپ قونۇشىنى ئۈمىت قىلىش
غەلىتىغۇ.)

قەدىڭ نەخلى خەيالى كوزدەدۇر، ئەي نەۋبەھارى ھۇسن،
مە ئازەللاھ، ئەگەر قۇتقارغاي ئانى سەيلى مىژگانىم.

(ئەي گۈزەللىك باھارى، قامىتىڭ كوچىتى كوز ئالدىمدا بولىدىكەن،
ئۇنى كوز يېشىم كەلكۈنىدىن خۇدايىم ساقلىسۇن.)

دىدىم سوزان كوڭۈلدىن چەكمەگىل بىردەم خەدەڭنى،
دىدىكىم قالسە بىردەم سۇ بولۇر ئول يەردە پەيكانىم.
(كويگەن كوڭۈلدىن ئوقۇڭنى بىردەم تارتماي تۇر، دىسەم،
پەيكانىم ئۇ يەردە بىردەم قالسا، سۇ بولۇپ كېتىدۇ، دىدى.)

بەلىيىەت تاشى ياغدۇرغان كەبى ۋەيرانىمە گەردۇن،
مەزەللەت گەردى ھەردەم ياغدۇرۇر باشىمغە ۋەيرانىم.
(پەلەك ۋەيرانە كۈلبەمگە بالاتېشىنى ياغدۇرغاندەك، ۋەيرانە
كۈلبەم بېشىمغا خار ـ زارلىق توزىڭىنى ياغدۇردى.)

قەدەھ دەۋرىن ئۇيۇر، ئەي دەيرى پىرى، تاكى مومكىندۇر،
كى دەۋران رەنجىنى تارتارغە ئەمدى يوقتۇر ئىمكانىم.
(ئەي مەيخانىچى، قەدەھنى مۇمكىن بولغانچە دەۋر قىلدۇرۇۋە،
ئەمدى مېنىڭ دەۋر ئازاۋىنى تارتقۇچىلىكىم قالمىدى.)

دىمە جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەھرى،
نەۋائى، جان بېرىپ ئول جامنى چەكمەكتۇر ئەرمانىم.
(يوقىلىش جامىغا ئەجەل زەھرى قۇيۇلغان دىمە، ناۋايى،
مېنىڭ ئارمانىم جاننى بېرىپ ئەشۇ جامنى ئىچىش.)

كىمگە قىلدىم بىر ۋەفاكىم، يۈز جەفاسىن كۆرمەدىم،
كۆرگۈزۈپ يۈزمېھر، مىڭ دەردۇ بەلاسىن كۆرمەدىم.
(بىراۋغا مەن بىر ۋاپا قىلىپ يۈز جاپاسىنى كۆرمەي قالغىنىم بارمۇ؟
يۈز مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىپ، مىڭ دەردۇ - بالاسىنى كۆرمەي
قالغىنىم بارمۇ؟)

كىمگە باشىمنى فىدا قىلدىمكى، باشىم قەستىغە
ھەر تەرەفدىن يۈز تۈمەن تىغى جەفاسىن كۆرمەدىم.
(بىراۋغا بېشىمنى پىدا قىلىپ، ھەر تەرەپتىن بېشىمنى
قەستلىگەن يۈز تۈمەن جاپا تىغىنى كۆرمەي قالغىنىم بارمۇ؟)

كىمگە كۆڭلۈم ئەيلەدى مېھرۇ مۇھەببەت فاشكىم،
ھەر ۋەفاغە يۈز جەفا ئانىڭ جەزاسىن كۆرمەدىم.
(كۆڭلۈم بىرسىگە مېھرۇ - مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ھەر ۋاپا ئۈچۈن
يۈز جاپالىق جازانى كۆرمەي قالغىنىم بارمۇ؟)

كىمگە جانىمنى ئەسىر ئەتتىمكى، جانىم قەتلىغە
غەيرى سارى خولقو لۇتفى جان فەزاسىن كۆرمەدىم.
(مەن بىراۋغا جېنىمنى تۇتقۇن قىلىپ بەرسەم، ئۇنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈش
ئۈچۈن باشقىلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، جانبەخش قىلغىنىنى
كۆرمەي قالغىنىم بارمۇ؟)

كىمگە سالدىم كۆز قاراۋۇ ئاقىنى ئەشك ئىچرەكىم
قان ئارا پىنھان كۆزۈم ئاقۇ قاراسىن كۆرمەدىم.

(مەن بىراۋغا ياش تۆكۈپ كۆزۈمنىڭ ئاق - قارىسىنى تىكسەم،
كۆزلىرىم قانغا بويۇلۇپ، ئاق - قارىسى يوقالماي قالمىدى.)

سەن ۋەفا ھوسن ئەھلىدىن قىلما تەۋەققۇئ ئەي رەفىق،
كىم مەن ئۇشبۇ خەيلنىڭ ھوسنى ۋەفاسىن كۆرمەدىم.
(ئەي دوست، گۈزەللەردىن ۋاپا تاما قىلما، چۈنكى مەن بۇ
تائىپىنىڭ ۋاپا ھوسنىنى كۆرمىدىم.)

ئەي نەۋائى، تەۋبە ئاندىن قىلمادىم شەيخ ئاللىدا،
كىم بۇ ئىشدە دەير پىرىنىڭ رىزاسىن كۆرمەدىم.
(ئەي ناۋايى، شەيخ ئالدىدا تەۋبە قىلمىدىم. چۈنكى
بۇ توغرۇلۇق مەيخانىچىنىڭ رازىلىقىنى ئالغىنىم يوق.)

ئىشق دەشتىنى ھىچ غۇربەتكەش مۇسافىر كۆرمەسۇن،
مەن غەرىپ ئۇل دەشت ئارا كۆرگەننى كافىر كۆرمەسۇن.
(ئىشقنىڭ دەشتى ـ باياۋاننى ھېچبىر غېرىپ ـ مۇساپىر كۆرمىسۇن، مەن غېرىپ بۇ دەشتتە كۆرگەننى كافىرمۇ كۆرمىسۇن.)

يارماغىز فەرھادۇ مەجنۇن ئاللىدا كۆكسۈمنىكىم،
باتىنىمنىڭ دەرد داغىن ئەھلى زاھىر كۆرمەسۇن.
(پەرھات بىلەن مەجنۇن ئالدىدا كۆكسۈمنى يارماڭلار، ئىچكى دەردىم دېغىنى سىرتتىكى كىشىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن.)

دەھرنى قىل تىرە يارەبكىم، ئانىڭ تۇفراغىنى،
ھەرنى كۆز مۇمكىن ئىسە بولماققا نازىر، كۆرمەسۇن.
(ئەي خۇدا، دۇنيانى قاپ ـ قاراڭغۇ قىلىۋەت، ھەرقانداق كۆز نەزەر سالسىمۇ ئۇنىڭ تۇپرىغىنى كۆرەلمىسۇن.)

بىر باقىشدا قەتلىئام ئەيلەر كۆرۈڭكىم، دەھر ئىلى
ھېچكىمنى سەن كەبى بۇفەندە ماھىر كۆرمەسۇن.
(كۆزۈڭ بىر بېقىش بىلەن ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئالەم ئەھلى بۇھۈنەردە سەندەك ماھىرلىقنى باشقا ھېچكىمدە كۆرمىسۇن.)

ۋائىزا، كۆپ ۋەسف قىلدىڭ سامىرى① نىڭ سېھرىنى،
ھازىر ئۇلغىلكىم، سېنى ئۇل كۆزى ساھىر كۆرمەسۇن.
(ئەي ۋەزچى، سامىرىنىڭ سېھرىنى بەكمۇ تەرىپلەپ كەتتىڭ، ھېزى بول، سېنى ماۋۇ سېھرى بار كۆز كۆرۈپ قالمىسۇن.)

كىمكى ئاشىقلىق ئەسىرىدۇر، تەخەييۇل بىرلەھەم
ئىشق كويىدا ئۇزىنى ئاسۇدە خاتىر كۆرمەسۇن.
(كىمكى ئىشقنىڭ ئەسىرى ئىكەن، ئىشق كوچىسىدا ئۆزىنى ھەرگىزمۇ خاتىرجەم ـ ئارامخۇدا ئوتىمەن دەپ، ھېس قىلمىسۇن.)

كىم نەۋائىدەك فەنا ۋادىسىدا ئىستەر ھۇزۇر،
كەچسۇن ئۆزدىن بەلكى خود ئۆزلۈكنى ھازىر كۆرمەسۇن.
(كىمكى، ناۋايىغا ئوخشاش يوقىلىش دەشتىدە بولۇشنى خالىسا، ئۆزىدىن كەچسۇن، بەلكى ئۆز شەخسىيىتى كۆز ئالدىغا كەلمىسۇن.)

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مۇسا پەيغەمبەر زامانىسىدا سامىرى دېگەن بىر سېھرىگەر بولۇپ، ئۇ گەپ قىلالايدىغان بىر مىزابىنى ياساپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ، مۇساغا قارشى چىققان ئىكەن، سامىرى ئەدەبىياتتا جادۇگەر، سېھرىگەر سىموۋۇلى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

لەبىڭدە نىلگۇن خالىڭدۇر ئەي جان،
ئىچۇككىم شەربەت ئىچرە تۇخمى رەيھان.
(ئەي سۆيۈملۈكۈم، لىۋىڭ يېنىدا بىر قارا خال تۇرۇپتۇ، ئۇ خۇددى
شەربەت ئىچىدە تۇرغان رەيھان ئۇرۇغىدەك كۆرۈنىدۇ.)

قىزىل رەڭلەر كۆزۈمدە ھەجر ئوتىدىن،
بەلا بەھرىدە بۈتكەن شاخى مەرجان.
(كۆزۈمنىڭ تومۇرلىرى ھىجىر ئوتىدىن قىزاردى، ئۇ بالا دېڭىزىدىكى
مارجان شاخلىرىنى ئەسلىتىدۇ.)

يۈزۈڭكىم مەيدىن ئولمىش گۈل ئوزەگۈل،
كۆڭۈل باغلانمىش ئاندىن قان ئوزە قان.
(مەي ئەپتىدىن يۈزۈڭ گۈل ئۈستىگە گۈل بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ
ئىشقىدىن كۆڭلۈمدە قان ئۈستىگە قان.)

سىنى بارماغ بىلە كۆرسەتمىش ئەلكىم،
بىلىپ ئولمەكنى ئەرز ئەيلەرلەر ئىمان. *
(سىنى كىشىلەرنىڭ بارمىغى بىلەن كۆرسىتىشى —
ئۆلىدىغىنىنى بىلىپ ئىمان ئېيتقىنى.)

* بۇ يەردە بارماقنىڭ "ئىلىپ" (ا) شەكلى ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ "ئاللاھ" (الله) دېگىنىدىكى باش ھەرپىگە ئوخشىتىلىدۇ.

كوڭۇل سەيدى كۆزۈڭدىن ھىچ قۇتۇلماس،
نى مۇندا تۇزدىلەر ئول خەيلى مىژگان.
(كۆزۈڭ كىرپىك ئوقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەتلەپ تۇرسا، كۆڭۈل
كېيىگى قۇتۇلالمايدۇ.)

ۋەفا ئەھلى ئىسەڭ ئىچ دەۋر ئاياغىن،
كىم ئەسرو بىۋافادۇر ئەھلى دەۋران.
(ۋاپا ئەھلى بولساڭ، دەۋر قىلىپ كەلگەن قەدەھنى ئىچىپ تۇر،
چۈنكى دەۋران ئەھلى بەكمۇ ۋاپاسىز.)

سەنو گۈلباڭ، ئەي بۇلبۇلكى، تارتار
نەۋائى گۈلرۇخىدىن ئايرو ئەفغان.
(ئەي بۇلبۇل، سەنمۇ نالە قىلسەن، ناۋايى ئوزىنىڭ گۈل يۈزلۈگىدىن
ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن پىغان چېكىدۇ.)

هەرتەرەپكىم بارۇر ئەغيار ئىلە جانان، تالاشۇرمەن،
چۇن ئەجەل قەسد قىلۇر ئۇلمەكىمە، جان تالاشۇرمەن،
(جانان باشقىلار بىلەن قەيەرگە بارسا، مەن ئۇنى تالىشىمەن،
خۇددى ئەجەل جېنىمغا قەست قىلغاندا، جان تالاشقاندەك.)

ھەجر تىغ ئۇرسا تالاشمىنى ئۇلۇم خەۋپى ساغىنىما،
كىم شەھىدلىك بولايىن دەپ مېنى ھەيران تالاشۇرمەن.
(ھىجران تىغ ئۇرغاندا تىپىرلىسام، ئۇلۇمدىن قورقۇۋاتىدۇ دېمە،
بەلكى مەن شەيدا سېنىڭ شەھىتىڭ بولۇشنى تالىشىمەن.)

باشاق ئۇستىدە تالاشقان كەبى مەزرەئىدە گەدالار،
دەشتى ئىشقىڭ ئارا ئۇششاق ئىلە پەيكان تالاشۇرمەن.
(ئېگىزلىقتا گادايلار باشاق تالاشقاندەك، مەن ئىشقىڭ
دەشتىدە ئاشىقلار بىلەن ئوق تېگىشنى تالىشىمەن.)

ئەي پەرى، چۇن كىيىك ئوخشار ئىكى كوزۇڭگە بەئەينى،
بۇجەھەتدىن مېنى دىۋانە بەيابان تالاشۇرمەن.
(ئەي پەرى، ئىككى كوزۇڭ بەئەينى كېيىككە ئوخشايدۇ،
شۇڭا مەن دىۋانە باياۋان تالىشىمەن.)

گەرچە ئەغياردىن ئالماغلىغ ئەمەستۇر سېنى مۇمكىن،
تۇرماغۇمدۇر باقىبان ئانچەكى ئىمكان تالاشۇرمەن.

(سېنى ياتلاردىن ئېلىۋېلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ،
قاراپ تۇرماستىن ئىمكانىڭ بېرىچە تالىشىمەن.)

ئاچچىغىم كەلگەلى، كەۋسەرنى ئاچىغ بادەغە تەرجىھ
خىرەد ئەھلى چۇ قىلۇرلەر، مېنى نادان تالاشۇرمەن.
(ئاقىللار ئاچچىق مەيدىن كەۋسەرنى ئەۋزەل دەيدۇ،
لېكىن مەن نادان ئاچچىغىم كېلىپ ئاچچىقنى تالىشىمەن.)

قول سالىب ھەجر ئوتىدا ئول كىشى يەگلىغكى سۇ
ئەي نەۋائى چۇ ئاشار شۇئلەئى ھىجران تالاشۇرمەن.
(ناۋايى مەن ھىجران ئوتىغا چىدىماي سۇغا يۇگرەيدىغانلاردىن
ئەمەس، بەلكى ئۇلغىيىدىغان ھىجران ئوتىنى تالىشىمەن.)

بىر يۈزى ئوتلۇق شەرار ئىشقىدىن مەھرۇرمەن،
دوستلەر ئورتەنسەم ئەتمەك ئەيىبكىم، مەئزۇر مەن.
(بىر يۈزى ئوتلۇقنىڭ مۇھەببەت يالقۇنىدا كۆيمەن. دوستلار
كۆيگىنىمنى ئەيىپكە بۇيرۇساڭلار، ئۆزرەم بار.)

ئىشقىنى نى سود پىنھان تۇت دىمەكتىن، ئەي رەفىق،
ئەمدىكىم ئىشق ئىچرە رەسۋالىق بىلەن مەشھۇر مەن.
ئىشق ئارا رەسۋالىقبىلەن مەشھۇر بولۇپ بولدۇم. ئەي دوست،
ئەمدى ئىشقىڭنى پىنھان تۇت دېيىشىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟)

مەن كىمۇ ئۇيقۇغە كۆزيۇمماق چۇ يۇقتۇر تاقەتىم،
ئارەزىدىن كۆزيۇمۇب ئاچقۇنچە گەرمەھجۇرمەن.
(مەن شۇنداق كىشىمەنكى ئۇخلاش ئۈچۈن كۆزيۇمۇشقىمۇ تاقىتىم
يوق، چۈنكى كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك، ئۇنىڭ جامالىدىن ئايرىلىپ
قالىدىكەنمەن.)

نى ئەجەب فەرھادو مەجنۇن زىكرىدىكىم بولمىش ئۆنۈت،
كىم مەن ئەل ئىچرە جۇنۇنۇ ئىشق ئىلە مەزكۇرمەن،
(پەرھات، مەجنۇنلارنىڭ گېپى ئۇنتۇلۇپ، ساراڭلىق ۋە
مۇھەببەت بابىدا مېنىڭلا گېپىم قالغانلىقى، ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس)

ئابىھەيۋان ئىچمەگەيمەن ئىستەبان دەفئى خۇمار،
مەنكىم ئول مەيگۈن لەبى جانبەخشىدىن مەخمۇرمەن.

(مەن خۇمارىمنى باسىمەن دەپ ئابىھايات ئىچمەيمەن،
چۈنكى مەن ئاشۇ جان بەخش قىزىل لەۋدىن مەس بولغان.)

ئەي نەۋائى، ۋەسل ئۈمىدىن تاقماغىل تۇھمەت ماڭا،
كىم، مەن ئول مەھۋەشنى بىر كۆرمەك بىلە مەسرۇرمەن
(ئەي ناۋايى، ماڭا ۋىسالنى ئۈمىت قىلىدۇ دەپ تۆھمەت چاپلىما،
مەن ئۇ گۈزەلنى پەقەت بىر كۆرگەنگىلا خۇش ئىدىم.)

كىشى ۋىسال تۇنى يارى بىرلە ياتقۇنچە،
جامالى شەمئىغە قىلسۇن نەزەر تاڭ ئاتقۇنچە.
(كىشى ۋىسال ئاخشىمى يارى بىلەن بىللە بولغاندا،
تاڭ ئاتقىچە ئۇنىڭ نۇرانە جامالىغا قاراپ چىققۇلۇق.)

مۇيەسسەر ئولمادى جان بەرمەگو لەبىن ئۆپمەك،
نېدىنكى قالمادى جانىم ئانى ئۇناتقۇنچە.
(ئۇنىڭغا جان بېرىشمۇ، لېۋىدىن ئۆپۈشمۇ نېسىپ بولمىدى،
نىمىشقىدۇ ئۇنى ئۇناتقىچە جېنىممۇ بىر يەرگە باردى.)

مېنى يوق ئەتكەن ئېرۇر ھەجر سەنگبارانى،
نىدىنكى ياغدى تەنىم تاش ئېچىگە باتقۇنچە.
(مېنى جۇدالىقنىڭ تاش بورىنى يوق قىلدى،
چۈنكى بۇ تاش تېنىمنى كۆمۈۋەتكىچە ياغدى.)

مەلالدىن مېنى بىرجورئە بىرلە ساتقۇن ئال،
خۇرۇشۇ ئەربەدە بىرلە جاھانغا ساتقۇنچە.
(مېنى ۋاقىراپ،جاقىراپ جاھانغا بازار قىلغىچە،
قايغۇ ئىلكىدىن بىريۇتۇم مەي بىلەن سېتىۋال.)

كوڭۈل جەراھەتىغە ياق ۋىسال مەرھەمىنى،
فىراق خارەسى بىرلە باشىم ئۇشاتقۇنچە.

(بېشىمنى جۇدالىق تېشى بىلەن يانچىماي،
كوڭۈل جاراھىتىگە ۋىسال مەلھەمىنى ياقساڭچۇ.)

سەلاھ تونىنى چاك ئەتسە ياخشىراق، ئەي شەيخ،
رىيا يۇرۇنى بىلە خىرقەنى ياماتقۇنچە.
(ئەي شەيخ، جەندىنى رىيا يۇرۇقچىلىرى بىلەن يامىغىچە،
پاكلىق تونىنى يىرتىۋەتكەن ياخشى.)

نەۋائى ئەھلى فەنا دەيرى ھەلقەسىن خۇش تۇت،
ئوزۇڭنى زۇھدۇ رىيا مەجمەئىغە قاتقۇنچە.
(ئەي ناۋايى، ئوزۇڭنى رىياكار سوپىلار قاتارىغا قوشقىچە،
فەنا مەيخانىسىنىڭ سورۇنىغا كىرىشنى ئەۋزەل كور.)

كوڭلۈم ئالغاچ ئول پەرى مەجنۇنۇ شەيدا قىلدىلا،
ئەقلى ھۇشۇمنى جۇنۇن دەشتىدە يەغما قىلدىلا.
(ئۇ پەرى كوڭلۈمنى ئېلىپ، مېنى مەجنۇن ـ شەيدا قىلدى.
ئەقلى ھۇشۇمنى جۇنۇنلۇق دەشتىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.)

ئوزگەچە زولمۇ تەئەددىلەر بىلەن قانىم توكەر،
تۇرفە ئېردى تۇرفە ئىشلارداغى پەيدا قىلدىلا.
(قىسما ـ قىسما زۇلۇم، تاپا ـ تەنىلەر بىلەن قېنىمنى توكتى،
ئاجايىپ ئىشلار ئۇستىگە ئاجايىپ ئىشلارنى پەيدا قىلدى.)

ھورمەتى تەقۋى تۇتار ئېردى ۋەلى مەست ئاتلانىب،
باشىمە چاپماق بىلە ئالەمغە رەسۋا قىلدىلا.
(تەقۋالىق ھورمىتىنى قىلاتتى، بىراق مەست ھالدا ئاتلىنىپ چىقىپ،
بېشىم ئۇستىدە چېپىپ، مېنى ئالەمگە رەسۋا قىلدى.)

ئاھكىم چەكتىم كورۇب جەۋلانىنى، بى ئىختىيار،
ياشۇرۇن ئىشقىم ئولۇسقە ئاشكارا قىلدىلا.
(ئۇنىڭ جەۋلانىنى كورۇپ ئىختىيارسىز ئاھ ئۇردۇم،
بۇ ھال يوشۇرۇن ئىشقىمنى خەلققە ئاشكارا قىلىۋەتتى.)

بىر قەدەھ قۇيماق بىلە ئاغزىمغە ھەمخىرقەمغە ھەم،
خىرقە مەيغە رەھن، ئوزۇمنى بادە پەيما قىلدىلا.

بىر قەدەھنى ئاغزىمغىمۇ، پىرىجەمگىمۇ قۇيدى ـ دە، پىرىجەمنى مەي ئۇچۇن گورەگە قويدۇرۇپ، ئوزەمنى ساقىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.)

دەير ئارا جامى لەبالەبكىم ئىچۇردى، ھالىمە،
خانىقاھ ئەھلى كېلىپ بىر ـ بىر تاماشا قىلدىلا.
(مەيخانىدا جامنى توشقۇزۇپ ئىچكۈزۈۋەتتى،
خانىقا ئەھلى بىر ـ بىرلەپ كېلىپ تاماشا كوردى.)

بىخود ئولغاچ زولف زونناريغە دىن نەقدىن بېرىب
ئىشق بازارىدا كوڭلۈم تۇرفە سۇدا قىلدىلا.
(كوڭلۈم بىخوتلۇقتىن ئىشق بازارىدا شۇنداق سودا قىلدىكى،
ئىمانىمنى ئۇنىڭ زۇلپى زوننارىغا بېرىۋەتتى.)

مەنۇ ئەمدىيۇ فەنا دەيرىدە بولماق مەي پەرەست،
موغبەچە ئىشقى ئولۇسقە سىررىدىم ئىفشا قىلدىلا.
(مەن ئەمدى پانا مەيخانىسىدا ئىچەرمەن بولدۇم، مۇغبەچىنىڭ
ئىشقى مېنىڭ سىررىمنى خەلقى ئالەمگە يېيىۋەتتى.)

گەر ۋەتەن دەير ئىچرە تاپتىم كىمسەگە يوق ھىچ ئەيب،
دەير پىرىدىن نەۋائى بۇ تەمەننا قىلدىلا.
(ناۋايى مەيخانىچىدىن شۇنى تىلەيدۇ: مەيخانىنى ماكان
قىلسام، بۇنىڭغا ھېچكىم ئەيىپلىك ئەمەس.)

نى ئىشق ئىدىكى ئەدەم ئەيلەدى ۋۇجۇدۇمنى،
چۇ ئۇردى سائىقە گەردۇنغە چەكتى دۇدۇمنى.
(بۇقانداق ئىشق بولغىيدى، بارلىقىمنى يوققا ئايلاندۇردى.
گويا چاقماق چېقىپ ئاھىم تۈتۈنىنى ئاسمانغا يايدى.)

نى نۇكتە بۇدۇ نەبۇدومدىن ئەيتايىنكىم ئول،
نەبۇد قىلدى فەنا ئوتى بىرلە بودۇمنى.
(بار يوقلۇقۇمدىن نىمە دەپ سوز ئاچاي، چۈنكى
ئۇ يوقلۇقنىڭ ئوتى بىلەن بارلىقىمنى يوق قىلدى.)

ئەگەر شىگاف ئىسە كوكسۇم ياقا كەبى نى ئەجەب،
كى ھەجر بىر - بىرىدىن ئۈزدى تارۇ پۇدۇمنى.
(كوكسۇم ياقامغا ئوخشاش چاك - چاك كەتكەن بولسا،
ئەجەپلەنمەڭ، چۈنكى ھىجران ئورۇش - ئارقىقىمنى بىر - بىرلەپ
ئۈزۈۋەتتى.)

بۇ يولدا سۇدۇ زىياندىن تەكەللۇم ئەتمەگىكىم،
تۈگەتتى ئىشقىدا سودا زىيانو سۇدۇمنى.
(بۇيولدا پايدا - زىياندىن سوز ئاچماڭ، چۈنكى ئىشق سودىسى
پايدا - زىيان دىگەننى تۈگەتتى.)

چۇ ئىشق كۇفرى ئارا بەلگە باغلىدىم زۇننار،
بۇت ئاللىدا يانا ئەيب ئەيلەمەڭ سۇجۇدۇمنى.

(ئىشق كۇپپارلىغى ئىچىدە بېلىمگە زۇننار باغلىدىم،
شۇڭا بۇت ئالدىدا سەجدە قىلسام، ئەيىپكە بۇيرۇماڭ.)

يۈزۈڭ موشاھەدەسى قىلمىش ئۈيلە مۇستەغرەق،
كى ھەجر سەلب قىلائالماس ئول شوھۇدۇمنى.
(كوڭلۇمدە يۈزۈڭ تاماشاسىغا شۇنداق غەرق بولدۇمكى،
بۇ تاماشىنى ھىجران يوققا چىقىرالمايدۇ.)

نەۋائى، ئۈزىن ئەسەر تاپمان ئولغالى ئاشىق،
نى ئىشق ئىدىكى ئەدەم ئەيلەدى ۋۇجۇدۇمنى.
(ناۋايى، ئاشىق بولۇش بىلەن ئوزەمدىن دېرەك تاپالمىدىم،
بۇ قانداق ئىشق بولغىيدى، بارلىقىمنى يوققا ئايلاندۇردى.)

ۋەھكى، ھەجرىڭ ئوتى جىسمى ناتەۋانىم ئورتەدى،
ناتەۋان جىسمىغە تۈشكەن شۇئلە جانىم ئورتەدى.
(ئاھ، ھىجرىڭ ئوتى ئاجىز جىسمىمنى ئورتىدى، ئاغرىق جىسمىمغا چۈشكەن ئوت جېنىمنى ئورتىدى.)

قوزغابان كوڭلۇم ئالاخانۇ ئالامان ئەيلەدى،
نى ئالاخانو ئالامان، خانۇمانىم ئورتەدى.
(كوڭلۇمنى پەرىشان قىلىپ مېنى ئىگە-چاقىسىز قىلىۋەتتى، ياق، ئىگە-چاقىسىز قىلىۋېتىپلا قالماي، ئۆي-بىساتىمنىمۇ ئور-تىدى.)

بەرقى ئىشقىڭ چۈنكى تۈشتى خانۇمانىم بولدى كۆل،
تۇرفە ئوت ئىردىكى پەيداۋۇ نىھانىم ئورتەدى.
(ئىشقىڭ چاقمىقى چۈشۈپ ئۆي-بىساتىمنى كۆل قىلدى، بۇ ئا-جايىپ ئوت ئىكەن، ئوچۇق-يېپىقىنىڭ ھەممىسىنى ئورتىۋەتتى.)

دىمە ئىشقىڭ نەيلەدىكىم، روزگارىڭدۇر قارا،
ئورتەدى، ئەي قاتىلى نامىھرىبانىم ئورتەردى.
(قاراكۈنگە قاپسەن، ئىشق سېنى نىمە قىلدى دىمە، مېنى ئىشۇ رەھىمسىز قاتىلىم ئورتىدى.)

لەئل مەھلول ئەيلەگەندىن ئوت ياقىپ خاشاك ئىلە،
ھەجر جانىم كويدۇرۇپ، جىسمىمدە قانىم ئورتەدى.

(خەس-چاۋا بىلەن ئوت يېقىپ قىزىل مەي ئېرىتكەندەك، ھىجران جېنىمنى كويدۇرۇپ، جىسمىمدىكى قانىنى ئورتىدى.)

بولماسا نامۇ نىشانىم ئەيب قىلماڭكىم، فىراق
روزگار ئەۋراقىدا نامۇ نىشانىم ئورتەدى.
(نامۇ-نىشانىم قالمىسا، ئەيىپلىمەڭ، چۈنكى پىراق مېنىڭ ھايا-تلىق سەھىپىسىدىكى نامۇ-نىشانىمنى ئورتىۋەتتى.)

شامى ھەجرىدە شەفەق كورسەڭ نەۋائى، بىل يېقىن
كىم، فەلەكنى شۇئلەئى ئاھو فىغانىم ئورتەدى.
(ناۋائىي، ھىجران ئاخشىمى شەپەق كورسەڭ، پەلەكنى مېنىڭ ئاھ-پىغانىم ئوتى ئورتەپتۇ، دەپ بىلگىن.)

كېچە كەلگۈمدۇردىبان ئۇل سەرۋ گۈلرۇ كەلمەدى،
كوزلەرىمگە كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئۇيقۇ كەلمەدى.
(ئۇ سۇمباتلىق گۈل يۈزلۈگۈم كەچتە كېلىمەن دەپ كەلمىدى،
شۇڭا تاڭ ئاتقىچە كوزۇمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.)

لەھزە - لەھزە چىقتىمۇ چەكتىم يولىدا ئىنتىزار،
كەلدى جان ئاغزىمغەۋۇ ئۇل شوخ بەدخو كەلمەدى.
(ئىنتىزارلىقتا پات - پات چىقىپ يولىغا كوزتىكتىم، جېنىم ئاغ-
زىمغا كەلدىيۇ، لېكىن ئۇ شوخ بەتخۇي كەلمىدى.)

ئارەزىدەك ئايدىن ئېركەندە گەرئەتتى ئېھتىيات،
روزگارىمدەك ھەم ئولغاندا قاراڭغۇ، كەلمەدى.
(ئوزجامالىدەك يورۇق ئايدىڭدە كېلىشتىن ئېھتىيات قىلسا كېرەك،
مېنىڭ روزگارىمدەك قاراڭغۇلۇق چۈشكەندىمۇ كەلمىدى.)

ئۇل پەرىۋەش ھەجرىدىنكىم يىغلادىم دىۋانەۋار،
كىمسە بارمۇكىم ئاڭا كورگەندە كۈلكۈ كەلمەدى.
(ئۇ پەرى يۈزلۈكنىڭ پىراقىدا ساراڭلاردەك يىغلىدىم، بۇنى
كورۇپ كۈلگىسى كەلمىگەن ئادەممۇ بارمىدۇ؟)

كوزلەرىڭدىن نېچە سۇ كەلگەي دەپ ئولتۇرمەڭ مېنى،
كىم بارى قان ئېردى كەلگەن، بۇ كېچە سۇكەلمەدى.

(كوزلىرىڭدىن قانچىلىك سۇكېلىدۇ دەپ مېنى ئولتۇرمەڭ،
بۇ ئاخشام كوزۇمدىن كەلگىنى سۇ ئەمەس، قان.)

تالىبى سادىق تاپىلماس، يوقسەكىم قويدى قەدەم
يولغەكىم ئەۋۋەل قەدەم مەئشوقى ئوترۇ كەلمەدى.
(سادىق ئاشىق تېپىلمايدىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ يارنىڭ
يولىغا قەدەم قويغاندا، نىمىشقا مەشۇقى قارشى ئېلىشقا كەلمەيدۇ؟)

ئەي نەۋائى، بادە بىرلە خۇررەم ئەت كوڭلىڭ ئويىن،
نى ئۇچۇنكىم، بادە كەلگەن ئويگە قايغو كەلمەدى.
(ئەي ناۋائى، مەي بىلەن كوڭلۈڭ ئويىنى شاتلاندۇرغىن،
چۈنكى مەي كەلگەن ئويگە قايغۇ كەلمەيدۇ.)

بىر كۈن مېنى ئۇل قاتىلى مەجنۇن شىئار ئۆلتۈرگۈسى،
ئۇسرۇك چىقىپ جەۋلان قىلىپ دىۋانە ۋار ئۆلتۈرگۈسى.
(مەجنۇنلۇقنى كەسىپ قىلىۋالغان ئۇ قاتىل بىر كۈنى مېنى ئۆلتۈرۈدۇ، مەست چىقىپ، جەۋلان قىلىپ، ساراڭلارچە ئۆلتۈرۈ-
دۇ.)

گەر زەئىپ ئىلە ئاجىزلىغىم كوڭلىغە رەھىم سالسا ھەم،
باشىمغە يەتكەچ سەكرەتىپ بىئىختىيار ئۆلتۈرگۈسى.
(زەئىپ-ئاجىزلىغىم كوڭلىدە شەپقەت قوزغىسىمۇ، بېشىمغا كەلسە ئىختىيارسىز ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆلتۈرۈدۇ.)

ۋەسلى ئارا گەر ئۆلتۈرۈر، جانىمغە يۈزمىڭ شۈكرىئېرۇر،
چۈن قالسام ئاندىن بىرزەمان ھىجرانى زار ئۆلتۈرگۈسى.
(ۋەسلى بىلەن ئۆلتۈرسىمۇ يۈزمىڭ شۈكرى، بىراق، ئۇنىڭدىن قالسام، كېيىن ھىجرانى خارلاپ ئۆلتۈرۈدۇ.)

ئاشىق بولۇردە بىلمەدىم مەن ناتەۋانى خەستەكىم،
ھەجر ئۇلسا غەم كويدۇرگۈسى، ۋەسل ئۇلسا يار ئۆلتۈرگۈسى.
(مەن بىچارە كېسەلمەن ئاشىق بولىدىغان چاغدا بىلمىگەن ئى-
دىم، ھىجرانىدا قالسام غەم، ۋىسالىنى تاپسام يار ئۆلتۈرۈدىكەن.)

مەيدان ئارا، ئەي ئەھلى دىن، كىرمەڭ تاماشاسىغە كىم،
يۈز كورمەيىن ئۇل كافىرى چابۇكسۇۋار ئۆلتۈرگۈسى.
(ئەي دىندارلار، ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرىمەن دەپ مەيدانغا كىرمەڭلار، ئۇ كاپىر چەۋەنداز قارىماي ئۆلتۈرۈۋېرىدۇ.)

لەئلىڭ زەكاتى مەي تۇتۇپ ئىرگوزمەسەڭ، ئەي مۇغبەچە،
دەير ئىچرە مەن دىل خەستەنى رەنجى خۇمار ئۆلتۈرگۈسى.
(ئەي مۇغبەچە، لىۋىڭ زاكاتى ئۈچۈن مەي ئىچكۈزۈپ، ھا-
ياتلىق بەرمىسەڭ، مەيخانىدا مەن زىدە يۈرەكنى خۇمار ئازاۋى ئۆلتۈرۈدۇ.)

دەرلەر نەۋائى قەتلىغە گۈل-گۈل ئاچىبتور ئارەزىن،
كورگۈنچە ئانى، ۋايكىم، بۇخار-خار ئۆلتۈرگۈسى.
(ناۋايىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جامالىنى گۈلدەك ئېچىپتۇ، دېيى-
شىدۇ ۋاي، ئۇنى كورگىچە تىكەن ئۆلتۈرۈدىغان ئوخشايدۇ.)

نىچاغلىق تاشكىم فەرھاد ئۇشاتتى،
فەلەك بارىن يىغىپ باشىمغە ئاتتى.
(پەرھاد قانچىلىك تاش قېزىپ چىقارغان بولسا، ھەممىسىنى
يىغىپ پەلەك مېنىڭ بېشىمغا ئاتتى.)

مېنىڭ ئەفسانەم ئېردى بول ئەجەبراق،
نېچە مەجنۇن سوزىن راۋى ئۇزاتتى.
(داستانچى مەجنۇن توغرۇلۇق شۇنچە بايان قىلدى، لېكىن
مېنىڭ ئەپسانەم تېخىمۇ ئاجايىپ.)

تەھەررۇك قىلمادى ھەجر ئاقشامى چەرخ،
سىرىشكىمدىن مەگەر بالچىققە باتتى.
(ھىجران كېچىسى پەلەك چاقى قىمىرلىمىدى، بەلكى ئۇ كوز-
يېشىمدىن پەيدا بولغان پاتقاققا پېتىپ قالسا كېرەك.)

ئۇلۇم سەردابەسى ئېردىكى، گەردۇن
ماڭا ئارام ئۇچۇن مەسكەن ياراتتى،
(پەلەك ئارام تاپسۇن دەپ ماڭا
شام گوردىن ماكان تەييارلاپتۇ.)

فىراق ئاللىندە ئېردى شەھد يەڭلىغ،
مەزاقىمغە ئۇلۇم زەھرىنى تاتتى.

(تىل - تامىغىم ھەسەلدەك شىرىن ئىدى،
پىراقنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم زەھرىنى تېتىدى.)

كوپ ئېردى ئىشق بازارىدە سەۋدا،
مېنى گەردۇن ۋەلى ئالەمغە ساتتى.
(ئىشق بازارىدا سودا شۇنچە جىق تۇرۇپ،
پەلەك مېنى ئالەمگە ساتتى.)

نەۋائى لەئل سىرابىڭ غەمىدىن،
يۈرەك قانىنى كوزياشىغە قاتتى،
(ناۋايى لېۋىڭ شەربىتىنىڭ تەشنالىقىدا
يۈرەك قېنىنى كوزيېشىغا قاتتى.)

فۋائىدۇلكىبىر

دىن تاللانما

لەئەلەك ئول ئوتكىم، كوڭۈل مەجمەر ئاڭا،
يا كوڭۈل دۇرجو لەبلەك گەۋھەر ئاڭا.
(لىۋىڭ ئوت، كوڭۈل ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوتدان، ياكى
لىۋىڭ گوھەر، كوڭۈل ئۇنىڭ ئىسىل قۇتىسى.)

غەمدىن ئايرۇ ياماندىر تۇشمىش،
ئۇنىس بۇ خاتىرى غەم پەرۋەر ئاڭا.
(غەمدىن خالى بولۇش يامان ئىكەن،
چۈنكى بۇ غەم كوڭۈلنى ياشناتقۇچى ئۇلپەت ئىدى.)

زاردۇر تەلبە كوڭۈلكىم، كورۇنۇر،
هەر دەم ئول هور- پەرى پەيكەر ئاڭا.
(تەلۋە كوڭلۇم بەك پەرىشان، چۈنكى هەمىشە ئۇنىڭغا
هور - پەرىنىڭ سۈرىتى كورۇنۇپ تۇرىدۇ.)

قان كوڭۈلدىن، نى ئەجەب، تۇرماسا كىم،
كىرپىگىڭ هەردەم ئۇرار نەشتەر ئاڭا.

(كوكۇلدە قان تۇرمىسا ئەجەپلەنمىگۈلۈك، چۈنكى
كىرپىكلىك ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز تىغ سانجىپ تۇرۇۋاتسا.)

ھەجر ئوتىدىن تەنىم ئول نەۋئى كويەر،
كىم ئېرور ئاستىدا كۈل بىستەر ئاڭا.
(تېنىم ھىجران ئوتىدا شۇنداق كويدىكى كۈل — ئاستىغا
سالىدىغان توشەك، كورپەم بولدى.)

ھەجرىدىن ھالىم ئېرۇر ئانداغكىم،
بولماغاي كورمەگۈنچە باۋەر ئاڭا.
(جۇدالىق شۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا سالدىكى، ئۇنى
كورمىگىچە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.)

دەھر خۇش گۈلشەن ئېرۇر نەيلەيكىم،
يوق ۋەفا گۈللەرىدىن زىۋەر ئاڭا.
(جاھان شۇنداق گۈزەل گۈلشەن بولسىمۇ، لېكىن
گۈللىرىنىڭ زىننىتى ئۇزۇن تۇرمايدۇ.)

جان ئالۇردە غەمى ھەجر، ئەي ساقى،
چارەدۇر بادە بىلەن ساغەر ئاڭا.
(ئەي ساقى ھىجران غېمى جېنىمنى ئالغىلى تۇرغاندا،
ئۇنىڭ ئىلاجى مەي بىلەن قەدەھ.)

يۈزى ۋەسلىغە نەۋائى تۈشمىش،
بەرگى گۈلدىن ياپىشقىز دەفتەر ئاڭا.
(ناۋايى ئۇنىڭ جامالىنى تەسۋىرلىمەكچى، شۇڭا —
ئالدىغا گۈل بەرگىنى دەپتەر قىلىپ يېيىڭلار.)

گۈل كېرەكمەستۇر ماڭا مەجلىسدە سەھبا بولماسا،
نەيلەيىن سەھبانى بىر گۈل مەجلىس ئارا بولماسا.
(ئەگەر يىغىلىشتا مەي بولمىسا، گۈلنىڭ نىمە كېرىگى بار،
ياكى يىغىلىشتا بىر گۈل بولمىسا، مەينى نىمە قىلاي.)

بەزم ئارا خۇشتۇر قەدەھ كەۋكەب، ۋەلى ئېرمەس تەمام،
مۇترىبى خۇش لەھجەئى خورشىد سىيما بولماسا.
(بەزمدە چاقناپ تۇرىدىغان قەدەھنىڭ بولغىنى ياخشى،
بىراق قۇياش يۈزلۈك خۇش ئاۋاز سازەند بولمىسا تەل بولمايدۇ.)

مىھرۇ ماھۇ مۇشتەرىيۇ زەھرەچۈن قىلدى تولۇئ
ھىچ نەھس ئەختەر تولۇئى ئاندا قەتئا بولماسا.
(قۇياش، ئاي، مۇشتىرى، زوھرە يۇلتۇزلىرى پەيدا بولغاندا،
شۇملۇق يۇلتۇزلىرى ھەرگىز كورۇنمىسە.)

مۇنچە ھەم بولسا مۇيەسسەر، جەمئ ئەمەس خاتىر، نى سۇد
تاكى مۇغ كويىدا بىر مەھفۇز مەئۋا بولماسا
(شۇنچىلىك نەرسىگە ئېرىشكەندىمۇ مەيخانە كوچىسىدا بىر ھىم
ئورۇن بولمىسا نىمە پايدا، كوڭۇل خاتىرجەم بولمايدىغۇ.)

چۈن بۇ يەردە ئىچكەرىدىن روست باغلاندى ئىشك،
ئادەم ئېرمەس ئول كىشىكىم بادە پەيما بولماسا.

(بۇ يەردە ئىشىك ئىچىدىن مەھكەم ئېتىكلىك ئىكەن،
ساقى بولمىغان ئادەم ئەمەس.)

خۇشتۇرۇر بۇنەۋئ ئەمنىيەت ۋەلى ئاقشەمغەچە
گەر فەلەكدىن بىر خىيانەت ئاشكارا بولماسا.
(ئەگەر پەلەكتىن بىرەر خىيانەت يۈز بەرمىسە، بۇنداق
خاتىرجەملىك كېچىچە داۋام قىلسا، نىمە دىگەن ياخشى.)

ھەر كىشىگە ئۆمرىدە بۇ نەۋئ بىر كۈن بەرسە دەست،
تا ئەبەد غەم يوق ئەگەر بولسا يانا يا بولماسا.
(ھەر كىشىگە ئۆمرىدە بۇنداق بىر كۈن مۇيەسسەر بولسا،
يەنە بولسىمۇ، بولمىسىمۇ، مەڭگۈ غېمى قالمىغان بولاتتى.)

ئۆمرى بەزمىدە نىشات ئەسبابى دىلكەشتۇر بەسى،
گەر ھەۋادىس شەھنەسىدىن ئاندا يەغما بولماسا.
(ئۇ يەردە ھادىسىلەر ساقچىلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلمىسا،
ئۆمۈر بەزمىسىدە تولىمۇ دىلغا ياقىدىغان شاتلىق ۋاستىلىرى بار.)

ئەي نەۋائى گەر نەسىبەڭدۇر ئەبەد ئۆمرى كېرەك،
خاتىرەڭدە ياردىن ئۆزگە تەمەننا بولماسا.
(ئەي ناۋايى ئەگەر كۆڭلۈڭدە باشقا بىر تىلىگىڭ بولمىسا،
مەڭگۈلۈك ھايات نىسىۋەڭگە ئېرىشىسەن.)

ۋەھكى، بولدۇم ئىشق ئارا بىر بىۋەفاغە مۇبتەلا،
بولماسۇن ئەھلى ۋەفا ئۇنداق بەلاغە مۇبتەلا.
(ئاھ، ئىشق ئارا مەن شۇنداق بىر بىۋاپاغە مۇپتىلا بولدۇمكى،
ھېچ بىر ۋاپا ئەھلى بۇنداق بالاغە مۇپتىلا بولمىسۇن.)

ئاڭلىغاي مەجنۇنلۇغۇ بىدىللىغىمنى ھەر كىشى،
كىم بولۇبتۇر بىر پەرىۋەش دىلرەباغە مۇبتەلا.
(مېنىڭ مەجنۇنلىقىمنى، ئاجىزلىقىمنى كۆرگەن كىشى بۇ بىر
پەرى سۈپەت دىلرەباغا مۇپتىلا بولغان ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ.)

زاھىدا رەسۋالىغىم تەئن ئەيلەدىڭ، جەھد ئىلەكىم،
بولماغايسەن ئول كۆزى قاشى قاراغە مۇبتەلا.
(ئەي زاھىد رەسۋالىغىم ئۈچۈن كۆچۈنۈپ تاپا قىلىۋاتىسەن،
بايقا، سەنمۇ، يەنە شۇ قارا قاش، قارا كۆزگە مۇبتىلا بولۇپ قالما.)

بولمايىن بىگانە يارۇ ئاشنادىن چارە يوق،
خاھ بول بىگانەغە، خاھ ئاشناغە مۇبتەلا.
(خاھى يات، خاھى يېقىنلارغا مۇپتىلا بول، ئاخىرى،
يارۇ - دوستلاردىن يىراقلاشماي مۇمكىن ئەمەس.)

پادىشا بىرلە گەدا ھالىغە كۆلسە، نى ئەجەب،
بولسا مەن يەڭلىغ گەدايى پادىشاغە مۇبتەلا.

(ماڭا ئوخشاش بىر گاداي پادىشاغا مۇپتىلا بولغان بولسا،
پادىشا بىلەن گادايىنىڭ ھالىغا كۈلسە، ئەجەپلەنمىگۈلۈك.)

بولمىش ئول كافىر غەمى دىۋانە كوڭلۇمدىن مەلۇل،
ھېچ كافىر بولماسۇن مەن مۇبتەلاغە مۇبتەلا.
(مېنىڭ ساراڭ كوڭلۇمنىڭ غېمىدىن كاپىرمۇ قايغۇرىدۇ،
مەن مۇپتىلاغە ھېچبىر كاپىر يولۇقمىسۇن.)

ساقىيا، مەي تۇتكى، دەردىنىڭ دەۋاسى بادەدۇر،
ھەجرىدىنكىم بولسا دەردى بىدەۋاغە مۇبتەلا.
(ئەي ساقى، مەي تۇت، ھىجرانلىقتا داۋاسى يوق دەرتكە
مۇپتىلا بولغانلارنىڭ دەردىگە مەي داۋا بولىدۇ.)

كىر خەرابات ئىچرەۋۇ، بول رىندىلەر ۋابەستەسى،
خانىقەھدە بولغۇچە ئەھلى رىياغە مۇبتەلا.
(خانىقادا رىياكارلار بىلەن بىللە بولغىچە، مەيخانىغا كىرىپ،
ئۇ يەردىكى ئىچەرمەنلەرگە قوشۇلۇپ كەت.)

ئەي نەۋايى، يانە ئول بەدئەھددىن بولسام خەلاس،
ئەھد قىلدىمكىم يانا بولماي يانەغە مۇبتەلا.
(ئەي ناۋايى، ۋەدىسىگە تۇرمايدىغانلاردىن قۇتۇلسام، ۋەدە
قىلدىمكى ، يەنە باشقا بىرسىگە مۇپتىلا بولماي.)

فەلەك نىلۇفەرىدىن چەشمەئى مېھر ئولدى گەر پەيدا،
يۈزۈڭدە نىلدىن ئول چەشمە قىلمىش نىلوفەر پەيدا.
(پەلەك نىلۇپەرىدىن قۇياش بۇلىقى پەيدا بولغان بولسا، يۈزۈڭدە
ئۇ بۇلاق كوكتىن نىلۇپەر پەيدا قىپتۇ.)

ئۇفۇقۇڭ كوڭلۇمگە كىرگەچ قەترە قانلار كىم مېھر كورمىش،
نىھال ئانداقكى، ئانى تىككەچ ئوق بولغاي سەمەر پەيدا.
(ئۇفۇقۇڭ كوڭلۇمگە سانچىلىش بىلەن قان تامچىلىرىدا قۇياش ئەكس
ئەتتى، خۇددى كوچەت تىكىلگەندىن كېيىن مېۋە پەيدا بولغاندەك.)

ئاچىغ سوز بىرلە بەل قەتلىمغە باغلار، تۇرفەراق بۇ كىم،
نەزەرغە نى ئاغىزدۇر قىلۇر ئاندىن كەمەر پەيدا.
(غەزەپلىك سوز بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلىدى، قىزىقى شۇكى،
نەزەرگە ئېغىزدىن نىمە كورۈنسە، ئۇنىڭدىن كەمەرمۇ تەييار.)

لەبى شەۋقى ئىچىمدە، يۈزدە قان ياشىم، ئەجەب ئىرمەس،
يۈزىندە لەئل يۇتقاننىڭ بولۇردەرلەر ئەسەر پەيدا.
(ئىچىمدە لىۋىنىڭ ئىشتىياقى، يۈزۈمدە قان - ياش، بۇنىڭغا ئە-
جەپلەنمەڭ، چۈنكى ياقۇت يۇتۇۋالغان كىشىنىڭ يۈزىدە ئۇنىڭ
ئالامىتى ئەكس ئېتىدىغۇ.)

كوڭۇلنى تا پەرىشان ئەيلەدىڭ، يۈز بەرقى غەم ساچتى،
نېچۈككىم ئوتنى قوزغارلار، بولۇر ئاندىن شەرەر پەيدا.

(ھىجران ئەھلىنىڭ قارا تۈنىنى ۋىسال شامى يورۇتتى، چۈنكى
ئۈتنى كوچىلىسا ئۇنىڭدىن ئۇچقۇن ئۇرلەيدىغۇ.)

يارۇتتى ۋەسلى شەمئى ئەھلى ھىجران تىرە ئەۋقاتىن،
مىنىڭ شامىمغە، ۋەھكىم، قىلمادى دەۋران سەھەر پەيدا.
(ھىجران ئەھلىنىڭ قارا تۈنىنى ۋىسال شامى يورۇتتى، ئاھ، زا-
مان مىنىڭ ھىجرانىم تۈنى ئۈچۈن سەھەر پەيدا قىلمىدى.)

ئەجەل قەسرىدىن ھەكىمى سۇنئ بەس مۇشكۇل تىلىسىم ئەتمىش،
كى ھەر كىم ئاندا كىردى، بولمادى ئاندىن خەبەر پەيدا.
(ياراتقۇچى ھەكىم ئەجەل سارىيىنى ئاچقىلى بولمايدىغان تىلسىم
قىلىپ بېكىتىۋەتكەن ئىكەن، شۇڭا كىمكى ئۇنىڭغا كىرىپ كەتسە،
دېرىكى بولمايدۇ.)

مەسىھادىن دەم ئۇرماڭكىم ھەبىبىم گەردىغە يەتمەس،
ئەگەر جىبرائىلدەك ئىگىندىن ئانىڭ بولسا پەر پەيدا.
(ئەيسادىن سۆز ئاچماڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغا جەبرائىلنىڭ قانىتى
پۈتسىمۇ مەھبۇبىمنىڭ چاڭ-توزىڭىغا يەتمەيدۇ.)

نەۋائى ئىشقىن، ئەي زاھىد، سىنىڭ پەندىڭ ئايان قىلدى،
بەلى، ئەيب ئۇلماغۇنچە ئاشكار ئۇلماس ھۈنەر پەيدا.
(ئەي زاھىد، ناۋائىنىڭ ئىشقىنى سىنىڭ نەسىھىتىڭ ئاشكارىلاپ
قويدى، دېمەك، بىرەر ئەيىب يۈز بەرمىگىچە پەزىلەت ئاشكارا
بولمايدىكەن.)

ماڭا نە مەنزىلۇ مەئۋا ئەيان نە خانۇمان پەيدا،
نەجانىمدىن ئەسەر زاھىر، نە كۆڭلۈمدىن نىشان پەيدا.
(مىنىڭ نە تۇرار جايىم بولسۇن، نە ئۆي-بىساتىم بولسۇن، نە
جېنىمدىن ئەسەر بولسۇن، نە كۆڭلۈمدىن نىشان.)

خىرەد مەخفى، بەدەن قانى، كۆڭۈل غايىب، تەرەب مەئدۇم،
بارى سەھل ئېردى بولسا ئېردى ئۇل نا مېھرىبان پەيدا.
(ئەقىل مەخپى، بەدەن نەدە، كۆڭۈل غايىپ، خۇشاللىق يوق،
ئەگەر ئۇ كويۇمسىز يار بولغان بولسا، باشقا ھەممىسى چاغلىق ئىدى.)

شەكىبۇ سەبرۇھوش ئېتمىش، قەرارۇ ئەقلى جان كەتمىش،
نە غەم گەر بولسا ئۇل ئارام رۇھ، ئۇل قۇتى جان پەيدا.
(چىدام-سەۋر يوقالدى، تاقەت، ئەقىل، جان كەتتى، ئەگەر ئۇ
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، جېنىمنىڭ ئوزۇقى بولغان بولسا نىمە غەم.)

خەيالى جاندە پەيدادۇر، سوزى ئەپغاندا پەيدادۇر،
ئۆزى ھەم يوتتى، ۋەھ، ئالىمدە بولسا بىر زەمان پەيدا.
(ئۇنىڭ خىيالى ھەمىشە كۆڭلۈمدە، كويۇگى ئاھ-زارىمدىن مەلۇملۇق،
ئۆزى يوتۇپ كەتتى، ئاھ، ئالدىمدا بىردەم پەيدا بولسىچۇ!)

كىسەر يۈز نەخلىنى ھەردەم، قىلور يۈز سەرۋىنى خۇررەم،
تەئەججۇب كوركى، بوگولشەندە ئىرمەس باغبان پەيدا.

(بىردەمنىڭ ئىچىدە يۈز كوچەتنى كېسىپ، يۈز سەرۋىنى خۇش قىلدۇ،
ئاجايىپلىغىنى قارا، بۇ گۈلشەندە ھېچ باغۋەن كۆرۈنمەيدۇ.)

قىيامەت ئىبردى ئانسىزكىم، يۈز ئاچتى ئەي موسۇلمانلار،
بولوك ۋاقىفكى، بولدى فىتنەئى ئاخىر زەمان پەيدا.
(ئۇنىڭسىز قىيامەت يۈز بەردى، ئەي مۇسۇلمانلار، خەۋەردار
بولۇڭلەركىم، ئاخىر زامان غەۋغاسى پەيدا بولدى.)

ئولەر ھالەتتە مەن ئانسىز، تەرەبدىن كورمەيىن ئولمەي،
دىمەك تەئجىل ئىلە ئول ئۇمر بولسا ناگەھان پەيدا.
(ئۇنىڭسىز ئولەر ھالەتتەمەن، ئەگەر ئۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولسا،
ئالدىراپ ئېيتىپ قويىماڭلار، خوشاللىقتىن ئولۇپ كەتمەي يەنە.)

ھەزەر قىلماق قەزا جەللادىدىن بولماس،
قىلۇر قەتل ئويلەكىم نەتىغ ئولور پەيدا، نەقان پەيدا.
(تەقدىرنىڭ جاللاتىدىن ساقلىنىپ بولمايدۇ، ئۇ شۇنداق
ئولتۇرىدۇكى، تىغىنىمۇ، قېنىنىمۇ كورسەتمەيدۇ.)

ساڭا جان شەۋقىدىن بەردى نەۋائى، يوق ئەجەلدىنكىم،
ئەجەل تاپقۇنچە ئىبرمەس ئول زەئىفى ناتەۋان پەيدا.
(ناۋايى جاننى ئەجەلگە ئەمەس، ساڭا ئارزۇلاپ بەردى، ئۇ شۇن-
داق زەئىپ-ئاجىزكى، ئەجەل تاپقۇچىلىگى يوق.)

ئول ئاي بۇ تەلبە بىلە يارمۇ ئىكىن، ئايا؟
زەمىرى ئىچرە غەمىم بارمۇ ئىكىن، ئايا؟
(ئۇ ئاي مەن تەلۋىگە يار بولۇرمۇ؟ ئۇنىڭ
كوڭلىدە مېنىڭ غېمىم بارمىدۇ؟)

بۇكىم فىراق ئوزۇمدىن خەبەرسىز ئەتتى مېنى،
ئوزى پەرۋەردە خەبەردارمۇ ئىكىن، ئايا؟
(پىراق مېنى ئوزەمدىن خەۋەرسىز قىلىپ قويدى، پىراقنى
پەيدا قىلغۇچى بۇنىڭدىن خەۋەردارمىدۇ؟)

كوزۇم تابانىغە كىم شامى ۋەسل سۇرتەرمەن،
ئۇ كوردىمۇ ئىكىن، بىدارمۇ ئىكىن، ئايا؟
(ۋىسال كېچىسى تاپىنىغا كوزۇمنى سۇرتىمەن، ئۇ بۇنى
كورگىلى ئويغاقمىدۇ-يوق؟)

مەن ئول تەرەف بارالمان، كوڭۇل كېلە ئالماس،
مېنىڭدەك ئول داغى بىمارمۇ ئىكىن، ئايا؟
(مەن ئۇياققا بارالمايمەن، كوڭلۇم قايتىپ كېلەلمەيدۇ،
ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش كېسەلمىدۇ؟)

كەمەند زۇلفىكى ئاچىلغاچ، ئۇچتى ئىمانىم،
رەسەنمۇ، رىشتەئى زۇننارمۇ ئىكىن، ئايا؟

(ئورۇم چىچىنى يېيىشۈپدى، ئىسمانىم ئۈچتى، بۇ
ئارقانىمدۇ ياكى زۇننارنىڭ يېپىمدۇ؟)

چۇ خىرقە بادەغە رەھن ئولدى، بولمىشام پىركىم
گەرەۋگە نەۋبەتى دەستارمۇ ئىكىن، ئايا؟
(پىر دىجەمنى مەي ئۈچۈن گورۇگە قويدۇم، قېرىغىنىمدا
گورو نىۋۋىتى سەللەمگە كەلگەنمىدۇ؟)

نەۋائى ئۆزلۇگىدىن كەچتى، داغى قويدى قەدەم،
بۇ يولدا ئەمدى سەبوكبارمۇ ئىكىن، ئايا؟
(ناۋايى شەخسىيەتتىن كېچىپ، قەدەم باستى،
ئەمدى بۇ يولنى يەڭگىل باسامدىكىن.)

كىمسە ھەرگىز كورمەدى چۇن ئەھلى دەۋراندىن ۋەفا،
ئولكى دەۋران ئافەتىدۇر نى تەمەئ ئاندىن ۋەفا.
(زامان ئەھلىدىن ھېچكىم ۋاپا كورمىدى، ئۇ بولسا زامان ئاپىتى،
ئۇنىڭدىن نېمە دەپ ۋاپا تاما قىلغۇلۇق؟)

جانۇ ئومرۇمدۇر ئول ئاي گەر بىۋەفا بولسا، نىتاڭ،
قايدا كورمىش كىمسە ھەرگىز ئومر ئىلە جاندىن ۋەفا.
(چۈنكى جان ۋە ھاياتىم بولغان ئۇ ئاي بىۋاپالىق قىلسا، نېمە
دېگۈلۈك ،جان ۋە ئۆمۈردىن ھېچكىمگە ۋاپا كەلمىدىغۇ.)

گەر ۋەفا قىلساڭ ئېرۇر ئاندىنكى باردۇرسەن بەرى،
يوقسە كىم ئالەمدە كورمىش نەۋئى ئىنساندىن ۋەفا.
(ئەگەر ۋاپا قىلساڭ ئۇنىڭ مىۋىسىنى كورسەن، ئۇنداق بولمىغان-
دا ئىنسان بالىسىدىن كىم ۋاپا كوردۇ؟)

ۋەھكى، دەۋران ئەھلىدىن جۇز بىۋەفالىغ كورمەدىم،
ھەرنىچە كىم كوردىلەر مەن زار ھەيراندىن ۋەفا.
(ئاھ، زامان ئەھلى مەن گاڭگىرىغان بىچارىدىن ۋاپا بولسىلا
كوردى، ئەمما مەن ئۇلاردىن ۋاپاسىزلىقتىن باشقىنى كورمىدىم.)

چۇن ۋەفا گول بەرگى دەۋران باغىدا ئاچىلمادى،
بى جىھەتتۇر كىمكى ئىستەر بۇ گۇلىستاندىن ۋەفا.

(زامان بىخىدا ۋاپا گۈل بەرگى ئېچىلغان ئەمەس، كىمنىڭ بولمىسۇن بۇ گۈلۈستاندىن ۋاپا ئىزدىشى ئورۇنسىز.)

كىمسە كوڭلىن كىمسەدىن ئىستەب ۋەفا ئالدۇرماسۇن،
كىم ماڭا خود يەتمەدى ئول كوڭلۈم ئالغاندىن ۋەفا.
(بىرەۋ يەنە بىرەۋدىن ۋاپا تىلەپ كوڭلىنى ئالدۇرۇپ قويمىسۇن، چۈنكى ماڭا كوڭلۈمنى ئالغۇچىدىن ۋاپا كەلمىدى.)

ئەي نەۋائى گەر ۋافاسىز چىقتى ئول سولتان ھوسەين،
تاپتىڭ ئەلدىنكىم، تىلەرسەن ئەمدى سولتاندىن ۋەفا.
(ئەي ناۋايى ئۇ سۇلتان ھوسەيىن ۋاپاسىز بولۇپ چىقتى، ۋاپانى ئەلدىن تاپتىڭ، ئۇنى يەنە سولتاندىن تىلەمسەن.)

ئۆرتەسە ئىشق مىنى، سورما سەبەب،
كويىسە خاشاك يالىندىن نى ئەجەب.
(ئىشق مىنى كويدۇرگەن ئىكەن، سەۋەبىنى سورىما، چۈنكى خەشەكنىڭ يالقۇندا كويۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس.)

چاكلىك جان قالۇر ئوتتۇ سۇ ئارا،
چۈن مەيى ئالود بولور ئول ئىككى لەب.
(ئىككى لېۋىدە شاراپ تەمى بولغاچقا، زەخىملىك جىنىم ئوت بىلەن سۇ ئارىسىدا قالغاندەك بولدى.)

ئاياغىڭ تۇفراغىن ئوپسەم بەسدۇر،
يار ئاياغىڭنى دىسەم تەركى ئەدەب.
(ئەي يار، ئايىغىڭ ئاستىدىكى توپىنى سۆيسەم، شۇ يېتەرلىك، ئايىغىڭنى سۆيەي دىيىش ئەدەپسىزلىك بولار.)

ئۆيلە دەردۇ غەمىڭە ئورگەندىم،
كىم ئۆنۆت بولدى ماڭا ئەيشۇ تەرەب.
(دەرت غېمىڭگە شۇنداق كونۇپ كەتتىمكى، شات-خوراملىق دىگەننى ئۇنتۇپ كەتتىم.)

زۇلفىدا زار كوڭۈل رەنجى نىتاڭ،
خەستەغە كوپرەك ئولۇر كېچە تەئەب.

(قارا چېچىنىڭ دەردىدە كوڭلۇم زارلانسا، ئەجەپلەنگۈلۈك ئەمەس،
چۈنكى قاراڭغۇ كېچىدە كېسەل ئادەم بەك قىينىلىدىغۇ.)

بىزگىمۇ ۋەسلى مۇرادى ھەيھات،
دۇررى ناياب ئېرۇر بىزگە تەلەب.
(ئاھ بىزگە ۋىسال ئارزۇسىنى كىم قويۇپتۇ، بۇ خۇددى
تېپىلماس گوھەرنى تەلەپ قىلغاندەك ئىشقۇ.)

جان تاپىب زار نەۋائى قوپقاي،
تۇپراغى ئۇستىگە سۇرسەڭ مەركەب.
(ئەگەر قەبرىسىنىڭ ئۇستىدىن ئېتىڭنى چاپتۇرۇپ ئۇتسەڭ، بىچارە
ناۋايى تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەر ئىدى.)

ئول قوپۇپ ئاتلانغالى مەركەب سارى سەرخۇش بارىب،
مەن باشىم ئاچىپ، ئاياغىغە قويوپ يۈز، يالبارىب.
(ئۇ مەسخۇش ھالدا تۇرۇپ ئېتىغا مىندى، مەن بېشىمنى ئۇنىڭ
ئايىغىغا قويۇپ، شۇنچە يېلىندىم.)

مەندە خۇد ھەد يوق، ۋەلى ئاللىدا جان ئەيلەي فىدا،
ھەركىشى ئەسھابىدىن كەلتۇرسە ئانى قايتارىب.
(مېنىڭ ھوشۇممۇ يوق، ئامالىممۇ يوق، كىمكى ئۇنى سوھبەتداشـ
لىرىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلسە، ئۇنىڭ ئالدىدا جېنىمنى پىدا قىلاي.)

بولدى راكىب، نىتتى كوڭلۇم ئويىدە قىلسە نۇزۇل،
تىغ ئىلە كىم تارتمىش ئازۇردە كوكسۇمنى يارىب.
(ئۇ ئاتلىق كېلىپ، تىغ تارتىپ دەرتلىك كوكسۇمنى
يېرىپ، كوڭلۇم ئويىگە چۈشسە نىمە بولىدۇ.)

ئوز ئويىگە تۇشمەكىن ھەم بىلماي ئولگۇم، كاشكى
بارسا قەتل ئەيلەپ مېنى جان مېھنەتىدىن قۇتقارىب.
(ئوز ئويىگە چۈشىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي ئولىدىغان ئوخشايمەن،
كاشكى ئۇ بېرىپ مېنى ئولتۇرۇپ، جان جاپاسىدىن قۇتقازسىچۇ.)

ۋەھ، نى يەڭلىغ سەئب ئىمش غەم بەزمىدە قالغان كىشى،
كوڭلىدە ئارامى قالماي، جانى ئارامى بارىب.
(ئاھ، غەم بەزمىدە قالغان كىشىنىڭ ھالى نەقەدەر ئېغىر، جېنىمنىڭ
ئارامى كېتىپ، كوڭۇلنىڭ ئارامى قالمايدىكەن.)

كىمگە دەۋران بىر ئاياغ مەي بەردىكىم، بولدى خەلاس،
سوڭرە ئانىڭ يۈز قەدەھ بىدادى زەھرىن سىپقارىب.
(زامان كىمگە بىر قەدەھ مەي بەرسە، ئارقىدىن يۈز قەدەھ زۇ-
لۇم زەھىرىنى ئوكتۇرۇپ ئىچىپ تۈگىشىدۇ.)

بىكەس ئۇلسام نى تەئەججۇبكىم ۋەفادا جان بېرىپ،
تاپمادىم ئەھلى ۋەفا يارى جەھاننى ئاختارىب.
(ۋاپا ئۈچۈن جان بېرىپ، ھەممىدىن ئايرىلسام نىمە بوپتۇ، چۈنكى
جاھاننى ئاختۇرۇپ ۋاپادار يار تاپالمىدىم.)

باش ئاقاردى، ئوزلەت ئەۋلادۇركى، ئول كافۇر بىلە
ساۋۇتۇر ئولكىم يىگىتلەر بەزمىدە كىرگەي قارىب.
(باش ئاقاردى، يالغۇزلۇق ياخشى ئىكەن، قېرىسىغاندا ئاق بېشى
بىلەن يىگىتلەر بەزمىسىگە كىرسە، بەزمىنى سوۋۇتۇپ قويىدۇ.)

ئەي نەۋائى، گويىيا يارىڭ كېلۇر يوقسە نىگە
مۈزتەرىبدۇرسەن تەنىڭ تىترەپ، ئۈزارىڭ سارغارىب.
(ئەي ناۋايى، يارىڭ كېلىدىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا نىمىشكە
تىترەپ، چىرايىڭ سارغىيىپ بىئارام بولىسەن؟)



بىۇزدى كوڭلۇم كىشۋەرىن ھىجران غەمى تۇغيان قىلىب،
ئاھۇ ئەشكىمدىن بىرىن سەرسەر، بىرىن توفان قىلىب.
(ھىجران غېمى توپىلاڭ كوتىرىپ-ئاھىم بوران، كوز يېشىم
توپان بولۇپ كوڭلۇم مەملىكىتىنى ۋەيران قىلدى).

دەرد ئويىن قىلدى بەنا ئىشقىڭ بۇزۇب كوڭلۇم ئويىن،
كىمسە يەڭلىغكىم بىر ئوي تۈزگەي، بىرىن ۋەيران قىلىب.
(ئىشقىڭ دەرت ئويىنى بىنا قىلىپ، كوڭلۇم ئويىنى ۋەيران قىلدى،
خۇددى بىراۋ بىر ئوينى ياساپ، بىر ئوينى بۇزغاندەك.)

تەندە ئاھىڭ شۇئلەسىن دەرلەر نىھان تۇت، ئاھكىم
بىر ئاۋۇچ خاشاك ئارا بولماس چاقىن پىنھان قىلىپ.
(ئاھىڭ ئوتىنى ئىچىڭدە پىنھان تۇت دېيىشىدۇ. ئاھ، بىر تۇتام
خەشەك ئىچىدە چاقماق ئوتىنى يوشۇرغىلى بولامدۇ.)

ھەجركويىندا يالاڭ جىسمىنى كورگەن ساغىنۇر،
كىم مېنى ئولتۇرگىلى ئىلتۇر جۇنۇن ئوريان قىلىب.
(ھىجرانلىق كوچىسىدا يالىڭاچ جىسمىنى كورگەنلەر ساراڭنى يا-
لىڭاچلاپ ئولتۇرگىلى ھەيدەپتۇ دەپ ئويلايدۇ.)

خارلار كوڭلۇمدەدۇر سەندىنكى، گەردۇن تۈزمەگەي،
ھەربىرىن ئاتسام بىر ئاھىم ئوقىغا پەيكان قىلىب.

(سەن كوڭلۈمگە سانچىغان تىكەنلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئوق قىلىپ
ئاتسام ئاسمانمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.)

سۇرما نېۋچۈن بىدىل ئۇلدۇڭ دەپ، ئۇزۇڭ چۈن ھەجر ئارا
كوزدىن ئاققۇزدىڭ كوڭۈلنى قەترە-قەترە قان قىلىپ.
(نېمىشقا غەمكىنسەن دەپ سورىما، چۈنكى سەن ئۆزەڭ جۇدالىق
دەردىنى سېلىپ كوڭلۈمنى قەترە-قەترە قان قىلىپ كوزۇمدىن
ئاققۇزۇۋەتتىڭغۇ.)

شۇكرىنى نەيلەپ ئۇلايلاركى ئەيلەرجىلۋە يار.
ئەلنى ھالىمغە، مېنى ئوز ھوسنىغە ھەيران قىلىپ.
(ئەلنى مېنىڭ ھالىمغا ھەيران قالدۇرۇپ، مېنى ئۆزىنىڭ ھوسنىگە
ھەيران قالدۇرۇپ يار جىلۋە قىلسا، شۇكرىنى قانداق بېجا كەلتۈرىمەن.)

دەھر ئېلىدىن جوز جەفا مۇمكىن ئىمەس تاپماق كىشى،
لىك ھەربىرگە ۋەفالەر ئانچە كىم ئىمكان قىلىپ.
(زامان ئەھلىگە ئىمكان قەدەر قانچىلىك ۋاپا قىلساڭمۇ، لېكىن
ئۇلاردىن جاپادىن باشقىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس.)

ياركوپ قىلسا جەفاكىم قىل نەۋائى نالە كىم،
گۇلگە بۇلبۇل ئورگەتە ئالماس ۋەفا ئەفغان قىلىپ.
(ناۋايى، يار جاپا سالغانسېرى سەنمۇ نالە قىل،
بۇلبۇل ئوز نالىسى بىلەن گۇلگە ۋاپانى ئۆگىتەلمەيدۇ.)

ئىراقىڭ ئارا ئەي گۇل، سەرۋقامەت،
نى سەرۋ، نى گۇل كورگەلى ئىستىقامەت.
(ئەي گۇل يۈزلۈك، سەرۋى بويلۇق، سەنسىز گۈل ۋە
سەرۋىگە قارىغىچىلىكىم يوق.)

چۇ كوردى جونۇنۇم تەبىب ئەيتتىكىم،
بۇ دىۋانەلىغ ئىشقدىن دۇر ئەلامەت.
(جۇنۇنلىغىمنى كورگەن تېۋىپ: بۇ
دىۋانىلىق ئىشقنىڭ ئالامىتى دېدى.)

قەدىڭ جىلۋەسىدىن ئۇلۇس بولدى ھالسىز،
دىمە ئانى قامەتكى، ئول بىر قىيامەت.
(قەددۇ-قامىتىڭنىڭ جىلۋىسىدىن كىشىلەر ھالدىن كەتتى،
بۇ نى قەددۇ-قامەت ئەمەس، بەلكى قىيامەت دېگۈلۈك.)

ماڭا سالىم ئول دەپ دۇئا قىلماڭىز كىم،
بىگەنمەس سالامەتنى ئەھلى مەلامەت.
(ماڭا سالامەت بول دەپ دۇئا قىلماڭلار،
يامان ئاتلىقلار سالامەتلىككە خۇشتار ئەمەس.)

چۇ كوڭلۇم بىلە ئاشىق ئولدۇم، گەر ئولسەم
قاچان سۇد قىلغاي بۇ سائەت نەدامەت.

(كۆڭلۈم بىلەن ئاشىق بولدۇم، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم
ئۇ چاغدا نادامەتتىن نىمە پايدا؟)

كەرەم ئەيلە، ئەي مۇغ، ماڭا بادە تۇتقىن،
قاچان شەيخ كورگۈزدى مۇنداق كەرامەت.
(ئەي مەيپۇرۇش، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا مەي تۇتقىنا،
شەيخ ھېچقاچان بۇنداق كارامەت كورسەتكىنى يوق.)

نەۋائى، ساڭا چۈن ئارا بولدى جانا،
سەن ئانىڭ، ئۈچۈن بول، ئىلاھا، سەلامەت.
(ناۋايى، يار سەن ئۈچۈن شاتلىق بەخش ئەتكۈچىدۇر،
سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن سالامەت بول، ئىلاھىم.)

كەلمەگىل مەيخانەغە، ئەي شەيخى ئالىجاھ، قايت،
يوقسە خىرقەڭ بادە رەھنى بولغۇسى بىللاھ، قايت.
(ئەي ئالى مەرتىۋىلىك شەيخ، مەيخانىغا كەلمە، قايتىپ كەت،
بولمىسا پىرىجەڭ چوقۇم مەي ئۈچۈن رەھنە بولۇپ
قالىدۇ، قايتىپ كەت.)

گەر دىسەڭكىم تۈشمەسۈن خىرقەڭغە رەسۋالىق ئوتى،
بولمايىن رىند خەراباتى ئىلە ھەمراھ، قايت.
(ئەگەر پىرىجەمگە رەسۋالىق ئوتى تۇتاشمىسۇن، بىپەرۋا
ئىچەرمەنلەر بىلەن ھەمرا بولۇپ قالماي دىسەڭ، قايتىپ كەت.)

دەير پىرى ئىلكىدىن زۇننار بەلگە باغلابان،
بۇت قاشىدا قىلماس ئىرسەڭ سەجدەنى ئىكراھ، قايت.
(ئاتەشپەرەست روھانىسى قولىدىن زۇننار ئىلىپ بەلگە باغلاپ،
بۇت ئالدىدا سەجدە قىلىشقا مەجبۇر بولماي دىسەڭ، قايتىپ كەت.)

رىندۇ رەئنالىق ئەگەر كوڭلۈڭ تىلەر بۇ دەير ئارا
جۈز فەنا يوقتۇر ساڭا، تاپىلماس ئول دىلخاھ، قايت.
(كوڭلۈڭ بۇ مەيخانىدا تاۋى نازۇكلۇق ـ گۈزەللىك تەلەپ قىلغۇدەك،
قايتىپ كەت، چۈنكى بۇ يەردە يوقۇلۇشتىن باشقا، كوڭلۈڭنى تار-
تىدىغان نەرسە يوق.)

سەن رىياغە ئورگەنىبسەن قانى ئولماق سەئب ئىرۇر،
دەير ئارا كىرسەڭ پۇشەيمان بولغاسەن ناگاھ، قايت.

(سەن رىياكارلىقتا ئۆگىنىپ قالغان، ئۆنىڭدىن كەچمەك تەس،
شۇڭا مەيخانىغا كىرىپ قالساڭ، پۇشايمان قىلىسەن، شۇڭا قايتىپ
كەت.)

ھەردەم ئۇچقۇنلۇق تۇتۇنلەر بىرلە كوڭلۇم شوئلەسىن
نىچە فاش ئەتكەيسەن ئاغزىمدىن چىقىپ، ئەي ئاھ، قايت.
(ئەي ئاھىم، ھەردەم ئاغزىمدىن ئۇچقۇنلۇق تۇتۇن چىقىرىپ،
كوڭلۇم يالقۇنىنى ئاشكارا قىلىدىكەنسەن، بىسىلغىنا.)

ساقى مەھۋەش ئىلكىدىن مەن ئىچمىشەم جانبەخش مەي،
بۇتەرەف يۈزلەنمە ئەمدى، ئەي غەمى جانكاھ، قايت.
(ئاي يۈزلۈك ساقى قولىدىن ھاياتبەخش مەي ئىچمەي،
ئەي جان قىيىنغۇچى غەم، ئەمدى بۇياققا يۈزلەنمەي، قايت.)

ئالەم ئەھلى بىۋەفادۇرلەر ئالارنىڭ مەيلىدىن،
ئەي كوڭۇل، بولساڭ ۋەفا ئايىنىسىدىن ئاگاھ، قايت.
(ئالەم ئەھلى بىۋاپا، ئەي كوڭۇل، ۋاپا يوسۇنىدىن خەۋەردار
بولساڭ، ئۇلارغا مايىل بولۇشتىن يان.)

نى ئىشىڭگە ئىتىماد ئەتكەي نەۋائى، ئەي پەرى،
كىم دەمى يۈزقاتلاكى كەل دەرسەن ئانى، گاھ، قايت.
(ئەي پەرى، بىر دەمدە يۈز قېتىم كەل دەپ، يەنە قايت دەيسەن،
ناۋايى سېنىڭ قايسى قىلىغىڭغا ئىشىنىدۇ؟)

ئىشق بىمارىغە يوق ئەلدىن دەۋاغە ئىھتىياج،
يوق ئۆلۈككە جۆزۋىسالى جانفەزاغە ئىھتىياج.
(ئۆلۈك جانبەخش ۋىسالدىن باشقىسىغا مۇھتاج ئەمەس،
ئىشق دەردىگە گىرىپتار بولغانلار كىشىلەردىن شىپا تىلەشكە مۇھ-
تاج ئەمەس.)

باغ ۋەسلى ئەترى جانىمدۇر، دەم ئۇرما ئەي مەسىھ،
كىم ماڭا ۋاقىئىدۇرۇر باد سەباغە ئىھتىياج.
(ۋىسال بېغىنىڭ خۇشپۇراقلىرى ماڭا جان، ئەي ئەيسا،
دەم سالما، ماڭا سەھەر شامىلىنىڭ ئىھتىياجى تۇغۇلدى.)

خاكى پايىڭكىم ئېرۇر كوھلولجەۋاھىر، تاپسا كوز،
ھەرگىز ئوزگە زاھىر ئەتمەس توتىياغە ئىھتىياج.
(ئاياق ئىزلىرىڭ ئىسىل سۈرمە، كوزۇم ئۇنى تاپسا،
تۇتىياغىمۇ ھەرگىز مۇھتاج بولمايدۇ.)

ئىشق چۇن بىگانە قىلدى ئاشنالاردىن مېنى،
يوق ماڭا بىگانە بىرلە ئاشناغە ئىھتىياج.
(مۇھەببەت مېنى يېقىنلىرىمدىنمۇ يىراقلاشتۇردى،
شۇڭا مەن ياتلارغىمۇ، يېقىنلارغىمۇ مۇھتاج ئەمەس.)

ھەرنى قىلساڭ كوڭلۇمە خۇشتۇر ئېرۇر سەندىن ماڭا،
ھەم ۋەفاغە ئىھتىياجوھەم جەفاغە ئىھتىياج.

(ئىمىلا قىلساڭ كوڭلۇمگە ياقىدۇ، ۋاپايىڭغىمۇ،
جاپايىڭغىمۇ مۇھتاجمەن.)

ئۇيلەكىم يوقتۇر گەداغە ئېھتىياجى شاھنىڭ،
شاھدىن يوق ئىشق، كويىدا گەداغە ئېھتىياج.
(خۇددى پادىشانىڭ گادايغا ئېھتىياجى چۈشمىگەندەك،
ئىشق كوچىسىدا گادايىنىڭ پادىشاغا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ.)

ئېھتىياجىمنى ئۇلۇستىن ئۈز خۇدايا، فەقرئىلە،
ئۇيلە فەقرىكىم ئاڭا بولماس خۇداغە ئېھتىياج.
(خۇدا، پېقىرلىق بىلەن كىشىلەرگە مېنى ھاجەتمەن قىلما،
شۇنداق پېقىر بولايكى، خۇداغىمۇ ھاجەتمەن بولماي.)

ئالەم ئەھلىدىن ۋەفا مۇھتاجى بولما، كىم ئېرۇر
ھەم چىكەرلەر بۇ مەتائى بىبەھاغە ئېھتىياج.
(ئالەم ئەھلى ئالدىدا ۋاپاغا مۇھتاج بولما، كىمكى ئۇنىڭغا
مۇھتاج بولسا، باھاسىغا چىقىش قىلغىلى بولمايدۇ.)

دىدىم: "ئەي گۈلرۇخ نەۋائىغە ناۋايەتكۇر"، دىدى:
"كىم كورۇپتۇر كورگەسەن بۇلبۇل نەۋاغە ئېھتىياج"
("ئەي گۈل يۈزلۈك، ناۋايىغا بىر ناۋايەتكۈز" دىسەم،
"بۇلبۇلنىڭ نەۋاغا مۇھتاجلىغىنى كىم كورۇپتۇ" دىدى.)

قاۋماغىل كوڭلۇمنى زۇلفۇڭ ئىچرە ئارام ئەيلەگەچ،
قۇشنى كىم ئازاد ئېتىبدۇر بەستەئى دام ئەيلەگەچ.
(چېچىڭ ئارىسىدا ئارام تاپقان كوڭلۇمنى قوغلىما،
كىم دامىغا ئىلىندۇرۇۋالغان قۇشنى قويۇۋېتىدۇ؟)

ئول نى جاندۇركىم گەدا ياڭلىغ قىلۇرلار شاھلار
يۈز دۇئا جانىغە ھەر قايسىنى دەشنام ئەيلەگەچ.
(ئۇ قانداق جاندۇر، ھەر بىرسىنى دەشنام قىلسىمۇ
شاھلار گادايغا ئوخشاش جېنىغا يۈز دۇئا قىلىدۇ.)

لەئلى شەۋقىن ياشۇرۇرمەن قان يۇتۇپ تا ساغىمەن
ئاسرا ئالمان ئوزنى گۈلگۈن بادە ئاشام ئەيلەگەچ.
(ساقلا بولسام، لېۋىنىڭ ئىشتىياقىنى قان يۇتۇپ تۇرۇپ ئىچىمدە
يوشۇرۇمەن، ئەمما گۈلرەڭ مەي ئىچسەم ئوزەمنى تۇتالمايمەن.)

گۈل پەرىشان بولدىيۇ سەرۋى سەھى تاپتى شىكەستە،
باغ ئارا گۈلگەشت ئول سەرۋ گۈل ئەندام ئەيلەگەچ.
(ئۇ سەرۋى بويلۇق، گۈل يۈزلۈك گۈزەل باغ ئارىلاپ تاماشاغا
چىقسا، گۈل پەرىشان بولۇپ، سەرۋ غولى ئەيىپناك بولۇپ قالىدۇ.)

دەھر گۈلزارىغە ئوت سالدى جەمالى بەرقىدىن
مەي ئوتىدىن كۈنەئى روخسارى گولفام ئەيلەگەچ.

(مەي تەپتىدىن رەڭگى گۈلدەك قىزاردى - دە،
جامالىنىڭ چاقمىغى جاھان گۈلزارىنى ئورتىدى.)

ساقىيا، مەي بەركى، ھىجران شىددەتى تۇغيانىدادۇر،
يىغلاماق تەسكىن تاپار مەيلى مەيۇجام ئەيلەگەچ.
(ئەي ساقى، مەي بەرگىنە، ھىجران دەردى بەك ئۇرلەپ كەتتى،
مەيگە مايىل بولغانىدىلا يىغىنى توختاتقىلى بولىدىكەن.)

گەر نەۋائى ھەجرىدىن ئۇلمىش، ۋەلى يۈزجان تاپار
لەئل رۇخ ئەفزاسىدىن بىر بوسە ئىنئام ئەيلەگەچ.
(ناۋايى ھىجرانىدىن ئۆلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جانبەخش لېۋى
بىر سۈيۈش ئىنئام قىلسا يۈزجان تاپىدۇ.)

زارمەن زۇلفۇ يوزى فۇرقەتىدىن شامۇ سەباھ،
ساقىيا، بادە كېتۇر، قايدا مەنۇ قايدا سەلاھ.
(چېچى بىلەن يۈزىنىڭ پىراقىدا كېچە - كۈندۈز زارلىنىمەن،
ئەي ساقى، مەي كەلتۈر، مەن نەدە، پاكلىق نەدە.)

بادە دەرياسىغە سالغىل مېنى، ئەي بادە فۇرۇش،
مەن غەرىق ئولسام ئەمەس غەم چۇ سەن ئولغۇك مەللاھ.
(ئەي مەيپۇرۇش، مېنى مەي دەرياسىغا تاشلىۋەت،
چوكوپ كەتسەم، سەن كېمىچى بارغۇ.)

مەن مەنۇ كويى خەراباتۇ مەي ئىچمەك كۈنۇ - تۈن
قويغىل، ئەي شەيخو سەلاھىمغە كوپ ئەتمە ئىلتىماھ.
(مەن مەيخانا كوچىسىدا، كېچە - كۈندۈز ئىچىدىغىنىم مەي،
ئەي شەيخ، قويە، پاك بولۇشۇمغا كوپ زورلىمىغىنا.)

خانىقەھدىن چۇ سەھەر مەيكەدەغە يۈزلەندىم،
ھەر تەرەفدىن يۈزۈمە ئاچتى ئىشكلەر فەتتاھ.
(سەھەردىلا خانىقادىن مەيخانىغا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدىم، ئىشكنى
ئاچقۇچى ئالدىمغا تەرەپ - تەرەپتىن مەيخانا ئىشكلىرىنى ئاچتى.)

شەھر مۇفتىسى بۇگۇن مەست ئىدى فەتۋا يازدى:
كى ھەرام ئولدى يامان ئىچسە كىشى، يوقسە مۇباھ.

(شەھەر مۇپتىسى مەس بولۇپ قېلىپ، بۇگۈن شۇنداق پەتىۋا يېزىۋەتتى: كوپ ئىچىۋەتسە ھارام بولىدۇ، ئازراق ئىچسە ھېچ گەپ يوق، ئۇنىڭغا رۇخسەت.)

قاچان ئۇل روھى موسەۋۋەركى سەمائ ئىچرە كىرەر
ئويرۇلور باشغە قۇددوس ئەمكىنەسىدىن ئەرۋاھ.
(ئۇ كوكۇلگە روھدەك نەقىش قىلىنغان يار ئۇسۇل - ساما ئوينىاشقا قاچان چۇشەر، ئۇلۇغلۇق ماكانىدىكى ئەرۋاھلار بېشىدىن ئورۇلگەن بولاتتى.)

ئەي نەۋائى، چۇ ئېرۇر زالى فەلەك خەسىسغە - خەسىم،
گەرنىگاھ ئۇلسە تەلاق ئەت، يوق ئىسە قىلما نىكاھ.
(ئەي ناۋائى، قاقۋاش پەلەك دۇشمەنگە - دۇشمەن، شۇڭا ئۇنى نىكاھىڭغا ئالما، نىكاھىڭغا ئالغان بولساڭ تالاق قىلىۋەت.)

ئۇل پەرىۋەش ھورنىڭ مەن تەلبەدەك شەيداسى چوخ،
نى ئەجەب گەر تۇتسا ئالەم مۇلكىنى غەۋغاسى چوخ.
(ئۇ گۇزەل ھورنىڭ مەن تەلۋىدەك شەيداسى جىق، ئۇنىڭ شۇ قەدەر غەۋغاسى ئالەم مەملىكىتىنى بىر ئالسا، ئەجەپلەنگۇلۇك ئەمەس.

ئەي كوكۇل، مۇمكىن ئەمەستۇر ۋەسلى، نېۋچۇنكىم ئېرۇر
سەبرۇ ھوشۇم ئازۇ ئانىڭ نازۇ - ئىستىغناسى چوخ.
(ئەي كوكۇل، ۋەسلىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، چۇنكى مېنىڭ سەۋرىم، ھوشۇم ئاز، ئۇنىڭ نازى، مەنمەنلىگى جىق.)

مەن گەدا نەيلەپ ساچى مۇشكى خەرىدارى بولاي،
كىم ئېرۇر شەھلەر دىماغىدا ئانىڭ سەۋداسى چوخ.
(مەن گاداي قانداقچە ئۇنىڭ ئىپاربوي چېچىغا خېرىدار بولالايمەن، چۇنكى دىمىغى ئۇستۇن شاھلار ئالدىدا ئۇنىڭ بازىرى جىق.)

ئەرمەنىدۇر گوييا ئۇل شوخى كافىر تۇركمەن،
كىم يېتەردىن مۇلكىگە قاتىل كوزى يەغماسى چوخ.
(ئۇ گوزەل كاپىر تۇركمەن گويا ئەرمەنگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قاتىل كوزىدىن مۇلكىنى ۋەيران قىلغىدەك.)

دىلرەبالىغنىڭ لىباسى خىجەستەسىدۇر گوييا،
كىم، ئانى كىيگەچ كوكۇل ئالۇر قەدى رەئناسى چوخ.

(مەھبۇبلۇق كىيىمى گويا تىنچ ئارام گاھىدۇر،
ئۇنى كەيسە رەنا قەددى تولىمۇ كۆڭۈلنى ئوزىگە جەلپ قىلىدۇ.)

قىيمەتى ئەجناسىدىن چۈن شۇددە باغلاپ ھەقتىرەڭ،
ھوسن بازارى ئارا زاھىر بولۇر كالاسى چوخ.
(ئىسىل رەختىن يەتتە خىل رەڭلىك بەلۋاغ باغلاپتۇ،
گۈزەللىك بازىرىدا ئۇنىڭ قىممىتى يۇقۇرى.)

سالالىنىپ چۈن جىلۋە ئەيلەر خەلقنى ۋالە قىلۇر،
ھەم قەدى رەئناسى ھەم ئەندامى روھ ئەفزاسى چوخ.
(ھەر يانغا تاشلىنىپ جىلۋە قىلىپ ماڭسا گۈزەل بوي،
روھلاندۇرغۇچى بەدەن - بەدىنى ھەممىنى شەيدا قىلىدۇ.)

لەئلىدىن كام ئىستەرەم، نى چارە يەتسە كوڭلومە،
كىرپىگىنىڭ نەيزەسىدىن زەخم ئىلە ئىزاسى چوخ.
(لېۋىدىن بەھرى ئالاي دىسەم، ئامال قانچە، كىرپىك نەيزىسىدىن
كوڭلۈمگە يېتىدىغان زەخمىسى، ئازارى كوپ ئىكەن.)

بەس باھادىرۋەش ئېرۇر، لىكىن مۇلايىم ھەم ئېرۇر،
كىم نەۋائى كوڭلىگە توشمىش ئانىڭ ۋەسۋاسى چوغ.
(ئوزى باتۇر مىجەز، لېكىن مۇلايىم ئىكەن. شۇڭا ناۋايىنىڭ كوڭلى
ئۇنىڭ نۇرغۇن ئېزىتقۇلىغا دۇچكەلدى.)

يوق ماڭا يۈز يىلدا ئۇل مەھۋەشقە بىر سوز دەرگە ھەد،
بولسا بىر سوز دەرگە ھەد، ئول ھەم ئېرۇر يۈز قاتلا رەد.
(مېنىڭ ئۇ ئاي يۈزلىككە يۈز يىلدىمۇ بىر ئېغىز سوز قىلىشقا
ھەددىم يوق، ئەگەر بىر ئېغىز سوز قىلىشقا ھەددىم بولسا،
يۈز قېتىم رەت قىلىندۇ.)

مىھرى خۇد يوق، لىك ئەمدەن زاھىر ئەيلەر ئىلتىپات،
كىم خەلايىق جانىمە قەسد ئەيلەگەيلەر يەب ھەسەد.
(مېھرىغۇ يوق، لېكىن ئەتەي ئىلتىپات كورسەتكەن بولىدۇ،
شۇنىڭغىمۇ باشقىلار ھەسەت قىلىپ جېنىمنى قەستلەيدىكەن.)

تۇرفەراق بۇ كىم، قىلىب ئالەمنى جانىم دۈشمەنى،
دوستلۇق ئىزھارى ھەر مەجلىسدە ئەيلەر بىئەدەد.
(شۇنىسى تېخىمۇ غەلىتىكى، يىغىلىشتا بەكمۇ دوستلۇق ئىزھار قىلىپ،
ئالەمنى مېنىڭ دۈشمىنىمگە ئايلاندۇرىدۇ.)

شەك ئەمەسكىم، بولغۇسىدۇر يارلار بى ئېئتىماد،
ھەر قاچان يار ئاللىدا ئەغيار بولسا موئتەمەد.
(شۈبھىسىزكى، يار ئالدىدا ھەمىشە ياتلار ئىشەنچىگە ئىگە بولسا،
يارلار ئىشەنچىسىز بولۇپ قالىدۇ.)

ئومر يەڭلىغ بىۋەفادۇر خەلق گويا، ئەي خىزىر،
چەكتى زۇلقەرنەين يەئجوج بىۋەفا ئاللىدە سەد.

(ئەي خىزىر، كىشىلەر خۇددى ئۇمۇرگە ئوخشاش ۋاپاسىز ئىكەن،
زۇلقەرنەيىن ① سەددى ئىسكەندەرنى ۋاپاسىز يەجۇجىدىن ساق-
لىنىش ئۈچۈن سوقتۇرغان ئەمەسمۇ.)

ئەي، خوش ئۈلكىم، گوشە تۇتقاي ئۆيلەكىم، تاپىلماغاي،
ئاختارىب دەۋراننى دەۋر ئەھلى ئەزەلدىن تا ئەبەد.
(زامان ئەھلى ئەزەلدىن ئەبەدكىچە زاماندىن ئاختۇرۇپ
تاپالمايدىغان بىر بۇلۇڭنى ماكان تۇتسا شۇنىسى ياخشى.)

ساقىيا، ئەبنايى دەۋران جەۋرىنىڭ پايانى يوق،
ئۆيلە ساغەر تۇتكى، زايىل ئەيلەگەي ھوشۇ خىرەد.
(ئەي ساقى، زاماندىشلارنىڭ جەۋرىسى چەكسىز ئىكەن،
شۇنداق بىر قەدەھ تۇتقىنكى، ئەقلى-ھوشۇمنى يوقىتىۋەتەي.)

تا بولاي ئول نەۋئ لايەئقەلكى، كەلمەي ھالىمە،
قىلسا يۈز فەرھاد ئىلە مەجنۇن نەسىھەتدىن مەدەد.
(شۇنداق ئەقلىمنى يوقىتايكى، يۈزلەپ پەرھات بىلەن
مەجنۇن نەسىھەت قىلىپ مەدەت بەرسىمۇ، ھوشۇمغا كەلمەي.)

ئەي نەۋائى، ئالەم ئەھلى جەۋر ئېتەردە تەڭ ئېرۇر،
خاھى شاھى چەرخ قەدرۇ، خاھى-ماھى سەرۋ قەد.
(ئەي ناۋايى، ئالەم ئەھلى، مەيلى يۇقۇرى مەرتىۋىلىك شاھ
بولسۇن، مەيلى ئاي يۈزلۈك سەرۋى بويلۇقلار بولسۇن، جەۋر
سېلىشتا ئوخشاش ئىكەن.)

① زۇلقەرنەيىن — (ئىككى مۈڭگۈزلۈك) — ئىسكەندەرنىڭ لەقىمى.

ۋەسلىدىن نەۋمىد ئىكەن چاغدا فىراقى كويدۇرۇر،
چۈنكى بولدى ۋەسل ئۇمىدى، ئىشتىياقى كويدۇرۇر.
(ۋىسالدىن ئۈمىت ئۈزگەن چاغدا، پىراقى كويدۇرىدۇ،
ۋىسال ئۈمىدى ھاسىل بولغاندا، ئىشتىياقى كويدۇرىدۇ.)

تۇرغالى بىرلە بىر ئاتەشپارەدۇر ئول شوخكىم،
يوقۇ بارىمنى ئانىڭ باشتىن-ئاياقى كويدۇرۇر.
(ئۇ گۈزەلنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى بىر پارچە ئوت،
باشتىن-ئايىغىغىچە ھەممىنىۋا يېرى بارۇ-يوقۇمنى كويدۇرىدۇ.)

ئاتەش سىراب لەئلى جانغا ئوت سالسا، نېتاڭ،
كىم مېنى ئول ئوت بىلە سۇ ئىتتىفاقى كويدۇرۇر.
(ئوت بىلەن سۇغۇرۇلغان لېۋى جېنىمغا ئوت سالسا، ئەجەپ-
لەنمىگۈلۈك، چۈنكى مېنى بۇ ئوت بىلەن سۇنىڭ ئىتتىپاقى كوي-
دۇرىدۇ.)

خالىن ئول يۈز ئورتەمىشكىم فىتنەئى دەۋران ئارا،
كىم جەھان ئەھلىن جەھاننىڭ ئېھتىراقى كويدۇرۇر.
(جاھاننىڭ ئوت ئېلىشى جاھان ئەھلىنى كويدۇرگىنىدەك،
دۇنياغا غۇلغۇلا سالغۇچى يۈزى خالىنى ئورتەپتۇر.)

بەزمە ئارا كويمەكدىن ئۆزگە يوق نەسىبەم، نىگەكىم،
خاھى گۈلگۈن بادە، خاھ ئول تۇرفە ساقى كويدۇرۇر.

(بەزىدە كۈيمەكتىن باشقا نەسۋەم يوق، چۈنكى گۈلرەڭ مەيمۇ كۈيدۈرىدۇ، ساقىمۇ ئاجايىپ كۈيدۈرىدۇ.)

ئىشق بىر ئوتدۇركى كۆڭلۈمدۇر ئاڭا ئاتەشكەدە،
ئول ۋىساقىن كۈيدۈرۈر، بىزنى ۋىساقى كۈيدۈرۈر.
(ئىشق بىر ئوت، كۆڭلۈم ئۇنىڭ ئوتخانىسى،
ئۇ خانىسىنى كۈيدۈرىدۇ. بىزنى خانىسى كۈيدۈرىدۇ.)

سالماق ئوت بارلاس ۋە تارخان ئارەزى نى سۇدكىم،
بىزنى كۈيگەن چېھرە بىرلە بىر يەساقى كۈيدۈرۈر.
(بارلاس بىلەن تارخان جامالى ئوت چېچىشتىن نىمە پايدا؟
بىزنى كۈيگەن چىرايى بىلەن بىر جازاسى كۈيدۈرىدۇ.)

كۈيدۈرۈرغە ئەلنى ھەم گاھى قىلۇرلار ئىتتىفاق،
يوقكى يالغۇز ئالەم ئەھلىنىڭ نىفاقى كۈيدۈرۈر.
(كۈيدۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنى بەزىدە توپلايدۇ،
ياق، پەقەت كىشىلەرنىڭ پارچىلىنىشى كۈيدۈرىدۇ.)

ئەي نەۋائى، ئاشىق ئولدۇڭ، بىلكى، ئالەم مۇلكىنى
ئىشق ئېتىپ تاراج ھەرنى قالسا باقى كۈيدۈرۈر.
(ئەي ناۋايى ئاشىق بوپسەن، شۇنى بىلگىنكى، ئىشق ئالەم مۈلكىنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، نىمە قالسا شۇنى داۋاملىق كۈيدۈرىدۇ.)

ئەي كۆڭۈل، دۈشمەنلەر ئانچە مىكر ئىلە فەن قىلدىلەر،
كىم ۋەفالىغ دوستىنى جانىمغە دۈشمەن قىلدىلەر.
(ئەي كۆڭۈل، دۈشمەنلەر شۇنچىلىك ھىلە - مىكرى ئىشلەتتىكى،
ۋاپادار دوستلارنى جېنىمغا دۈشمەن قىلدى.)

دۇد باشىمدىن چىقار گوياكى ھىجران تاشىدىن،
ياغدۇرۇپ ھەريان بۇ گونبەز ئوزرە رەۋزەن قىلدىلەر.
(بېشىمدىن تۈتۈن چىقتى، گوياكى ھىجران ھەر ياندىن تاش
ياغدۇرۇپ، بۇ گۈمبەزنى (باشنى) تېشىۋەتكەندەك.)

باشىمە جۇلدە ساچ ئېرمەسكى، زاغ ئەيلەپ غۇلۇ،
زەخمىلەردىن تۇئمە ئىستەرگە نىشمەن قىلدىلەر.
(بېشىم ئۈستىدە چاچ ئەمەس، بەلكى ئۇ يەرگە قاقىلدىغان
قاغا - قۇزغۇنلار يارىلاردىن ئوزۇق ئىزلەپ ئۇۋا سېلىۋالغان.)

ھەجر شامىدىن ئاسىب گەردۇن قارا كىز بوينۇمە
سۇبھ چاك ئەيلەپ ياقا ھالىمغە شىۋەن قىلدىلەر.
(پەلەك جۇدالىق قاراڭغۇلىقىدىن بوينۇمغە قارا كىگىز ياپتى،
سۇبھى ياقىسىنى يىرتىپ، مېنىڭ ھالىم ئۈچۈن نالە قىلدى.)

ئۈچمىش ئېردى ئىشق ئوتى خەسدەك تەنىمنى دەردۇ شەۋق،
كۈيدۈرۈپ گويا بۇ تۇپراغ بىرلە رەۋشەن قىلدىلەر.

(ئىشق ئوتى ئوچۇپ كېتىۋاتاتتى، بىراق دەرت ئوتى ئەخلەتتەك
تېنىمنى تۇپراق بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ، يالقۇنجاتتى.)

بادە تۇتكىم، ئەھلى ھېكمەت چەرخ بىمىھر ئىركەنىن،
جام دەۋرى خەتلەرى بىرلە مۇبەرھەن قىلدىلەر.
(مەي تۇتقىن، ھېكمەت ئەھلى پەلەك چاقىنىڭ شەپقەتسىز ئىكەنـ
لىكىنى، قەدەھ چۆرىسىگە ئېنىق پۈتۈپ قويغان.)

ئەي نەۋائى، كەئبە تۇت يادەيرىكىم، ئەھلى جەھان،
جۇرمۇ غەمدىن بۇ ئىككى مەنزىلنى مەئمەن قىلدىلەر.
(ئەي ناۋايى، يا كەئبىگە بار، ياكى شاراپ خانىغا، چۈنكى
جاھان ئەھلى گۇنا ۋە غەم سەۋەۋىدىن بۇ ئىككى مەنزىلىنى
ئارامگاھ قىلغان.)

ئانچە كوڭلۈمنى جۇنۇنۇ ئىشق يەغما قىلدىلەر،
كىم مېنى دىۋانەنى ئالەمغە رەسۋا قىلدىلەر.
(ئىشق ۋە جۇنۇنلۇق كۆڭلۈمنى شۇنچە تالان - تاراج
قىلىشتىكى، مەن دىۋانىنى ئالەمگە رەسۋا قىلىۋېتىشتى.)

خەلق بەزى كۇلدى، بەزى ئىبرەت ئالىب يىغلادى
ھەر قاچان مۇفرىت جۇنۇنۇمنى تاماشا قىلدىلەر.
(بەزىلەر كۈلدى، بەزىلەر ئىبرەت ئېلىپ يىغلىدى، قانداقلا
بولمىسۇن، مېنىڭ چېكىدىن ئاشقان جۇنۇنلۇقىمنى تاماشا
قىلىشتى.)

غەمزەسى ھەردەمكى خۇنى ئىستەدى، توكمەككە قان
كوزلەرى مەن قانى تولغان سارى ئىما قىلدىلەر.
(جىلۋىسى ھەممىشە قانغا خۇشتار، كۆزلىرى قان تۆكۈش
قەستىدە، مەن قانغا بۇلغانغۇچىنى كۆرسىتىپ تۇردۇ.)

مەن گەداكىم ۋەسل ئۈچۈنكىم كوردىلەر يۈز تىغى قەتل،
شەھلەر ئانىكىم خەيالدا تەمەننا قىلدىلەر.
(مەن گاداي ۋىسال ئۈچۈن يۈزلەپ تىغ زەخمىگە ئۇچرىدۇم،
شاھلار شۇنداق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىكەن.)

گويىيا كورگەچ مېنى مۇڭلۇغ، ھۇجۇم ئەتتى رەقىب،
ئويلەكىم ئىتلەر گەدا كورگەندە غەۋغا قىلدىلەر.
(خۇددى ئىتلار گادايىنى كۆرگەندە قاۋاشقاندەك، دۈشمەنلەر
مېنى مۇڭلۇق ھالەتتە كۆرۈش بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى.)

مەنچۇ ئاسراي ئالمادىم سىررىمنى، نەيلەپ ھەسب ئېتەي،
دۈشمەن ئايىن دوستلار گەر ئاشكارا قىلدىلەر.
(مەن سىررىمنى ساقلىيالمىدىم. ئۇنى دوستلار دۈشمەنلەرچە ئاشكارا قىلىۋەتكەن ئىكەن، نىمە دېگۈلۈك.)

ۋەھ نى زۇلۇم ئېردىكى كوزگە سارى سالدىڭ تىغى زۇلم،
ھەرنىچە كىم جان بىلە كۆڭلۈم تەۋەللا قىلدىلەر.
(زۇلۇم تىغىنى جان ۋە كۆڭلۈم ئارزۇ قىلىپ تۇرسا، سەن ئۇنى باشقىلارغا سانجىدىڭ، بۇنىسى بەك زۇلۇم بولدى.)

بادە ئىچكىم، غوسسەدىن فەرد ئولدىلەر ئول خەيلكىم،
بۇ كوھەن دەير ئىچرە مەيلى جامۇ سەھبا قىلدىلەر.
(مەي ئىچ بۇ كونا دونيادا جام ۋە مەيگە بېرىلگەنلەرلا غەم-قايغۇدىن خالى بولدى.)

ئەي نەۋائى، بەرگىل ئۇزلۇك نەقدى قىل كەسبى فەنا
كىم ئالارسۇدئەيلە دىلەركىم بو سەۋدا قىلدىلەر.
(ئەي ناۋائىي، شەخسىيەت دەسمايىسىنى بېرىپ، يوقۇلۇش كەسپىگە كىر، مۇشۇنداق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پايدا تاپىدۇ.)

ھەجر ئارا قالمىشمەن، ئەي ساقى، لەبالەب جام بەر،
دەمبەدەم شوئلەمغە سۇ قۇيماق بىلە ئارام بەر.
(ئەي ساقى، ھىجرانلىقتا قالدىم، جامنى تولدۇرۇپ مەي بەرگىن، ئوتۇمنىڭ ئۈستىدە ئۈزمەي سۇ قۇيۇپ ماڭا ئاراملىق بەر.)

بىر يۈزى گۈل فۇرقەتى ئەشكىمنى رەڭگىن ئەيلەمىش،
ساغەرى گۈلرەڭ ئىچىدە بادەئى گۈلفام بەر.
(بىر گۈل يۈزلۈكنىڭ پىراقى كوز يېشىمنىڭ رەڭگىنى قىزىل قىلىۋەتتى، گۈلرەڭلىك قەدەھكە گۈلرەڭ مەينى قۇيۇپ بەرگىن.)

ئەي سالامەت ئەھلى، ئوت مەيخانەدىن، يا مەن كەبى،
مەيغە سەججادىڭ گەرەۋ قوي، تەرك نىكۇنام بەر.
(ئەي ساق كىشىلەر مەيخانىدىن ئوتۇپ كېتىڭلار، يا بولمىسا ماڭا ئوخشاش جەينەمازنى مەي ئۈچۈن گورۇگە قويۇپ، يامان ئاتلىق بولۇڭلار.)

دەيردىن سەرخۇش چىقىپ يۈز ناز ئىلە ئەي موغبەچە،
ئەھلى تەقۋا ئىچرە ئوت سال بالىشى ئىسلام بەر.
(ئەي مۇغبەچە، مەيخانىدىن مەسخۇش چىقىپ، يۈز ناز بىلەن سوپىلارنىڭ ئىچىگە ئوت سال، ئىسلامنىڭ پۇلىنى تولە.)

تارتتىم يىللەر خۇمارى ھەجر ئارا ناكاملىق،
رەھم ئېتىب بىر قاتلە لەڭلىك بادەسىدىن كام بەر.

(يىللار بويى ھىجران خۇمارى ئىچىدە مەھرۇملۇق تارتتىم، رەھىمى قىلىپ بىرەر قېتىم لىۋىڭ شارابىدىن ئىچكۈزسەڭچۇ؟)

تەلبەلىكىدىن بىلمەدىم، نى ئەرز قىلدىم، ئەي رەسول،
تەگرى ھەققى، ئاللىدا ئەيتۇردە سەن ئەندام بەر.
(تەلۋىلىكتىن ئەرز ئېيتىشنىمۇ بىلمەيمەن، ئەي ئەلچى، خۇدا ھەققىدە دەيدىغىنىمنى ئۇنىڭ ئالدىدا سەن تۈزۈك دەپ بەرگىنە.)

ئەي نەۋائى، سەن گەداغە ئۇيلە سىيم ئەندامدىن
ۋەسلىنىڭ ئىمكانى يوق، تەركى خىيالى خام بەر.
(ئەي ناۋايى سەن گادايغا ئۇ كۈمۈش بەدەننىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىش ئىمكانى يوق، شۇڭا خام خىيالىڭدىن كەچ.)

ھورىكى، مېنىڭ جانىمە ئافەت يېتىلىبدۇر،
توبى كەبى قەد بىرلە قىيامەت يېتىلىبدۇر.
(ئۇ ھور - پەرى مېنىڭ جېنىمغا ئاپەت بولۇپ يېتىلىپتۇر، توبى دەرىخىدەك سۇمباتى بىلەن قىيامەت كوتۇرۇپتۇ.)

ئۇششاق كوزىدىن دۇررى گوھەرنى ئاقىزورغە
بىر بەھرى جەفا، كانى مەلامەت يېتىلىبدۇر.
(ئاشىقلار كوزىدىن دۇررى گۆھەر ئاققۇزۇش ئۇچۇن گۈزەللىك كانى بىلەن جاپا دېڭىزى پەيدا بوپتۇ.)

لەگلىك مەيىكىم سورغالى دىۋانە بولوبمەن،
شىرىن كورۇنۇر، لىك بەغايەت يېتىلىبدۇر.
(لىۋىڭ شارابىنى تىلەيدىغان دىۋانە بولدۇم، ئۇ كورۇنوشىدىنلا شىرىن، تازا ۋايىغا يېتىپتۇر.)

ئىشقىڭ چەمەنىدە نى تەرەب شاخىكى ئەكتىم،
ھەر بىرسى بىر نەخلى مەلامەت يېتىلىبدۇر.
(ئىشقىڭ چۈمەنزارلىقىدا شاتلىق شېخىنى ئەككەن ئىدىم، ھەر بىر شېخىدا تاپا - تەنە مىۋىسى يېتىلىپتۇر.)

يۈز دەررەچە سەرگەشتەلىگىم بولسا نىتاگىم،
يۈز مىھرىدىن ئول شوخ زىيادەت يېتىلىبدۇر.

(سەرسانلىغىم يۈز ھەسسە ئاشسا، تاڭ قالمىغۇلۇق، چۈنكى ئۇ
شوخ يۈز قۇياشتىنمۇ زىيادىراق يېتىلىپتۇ.)

بۇ باغ ئارا قالمايدۇر ئەجەل يېلىدىن ئازاد،
ھەر گۈلگەكى سەۋسەن كەبى قامەت يېتىلىبدۇر.
(بۇ باغدا ھەر بىر گۈلگە سەۋسەر گۈلدەك قامەت پۈتتۈلگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئەجەل شامىلىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ.)

ھىجران غەمىدىن ۋەھم ئەتتو شۈكر ئەيلە نەۋائى
بولەھزەكى ۋەسلىغە سەلامەت يېتىلىبدۇر.
(ناۋايى ھىجران غېمىدىن قورققىن، ئەمما شۈكرى قىلغىنكى،
شۇ تاپتا ۋىسالغا ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپتۇ.)

يانا سەنسىز ئاھ ئوتى شۇئلە زەندۇر،
كى گەردۇنغە ھەر ئۇچقۇن ئاتەش فىگەندۇر.
(سېنىڭسىز يەنە ئاھىم ئوتى يالقۇنجىدى، ئۇچقۇنلىرى
ئاسماندا چاقماق بولۇپ چاقنىدى.)

كىرىپ كۆلبەم ئىچرە كۆلۇ ئوتنى كورسەڭ،
بۇ سوزان كوڭۇل، ئول بىر ئازۇردە تەندۇر.
(ئۆيۈمگە كىرىپ، ئوت ھەم كۈلنى كورسەڭ، ئۇنىڭ بىرسى
كويگەن كوڭلۇم، بىرسى ئازار يىگەن تېنىم.)

دىمە لالەگۈن ھوللە ئىچرە ئولوبمەن،
كى ئىشقىڭ شەھىدىغە قانلىغ كەفەندۇر.
(مېنى لالىرەڭ شايى تون كېيىپتۇ دىمە، بۇ ئىشقىڭنىڭ شەھىتى
ئۇچۇن قانلىق كېپەن.)

قايان بولسا كوڭلۇم ئويىن دەردىڭ ئىستەر
نىدىنكىم، مۇسافىرغە مەيلى ۋەتەندۇر.
(خۇددى موساپىر ۋەتىنىگە ئىنتىلگەندەك، دەردىڭ نەدە
بولمىسۇن مېنىڭ كوڭلومنى ئىزلەيدۇ.)

فەلەك شوخىدىن مىھر كوز تۇتما، نىبۇچۇن
كى، جەۋرى ئاڭا شىۋە، جەفا ئاڭا فەندۇر.

(پەلەك گۈزىلىدىن شەپقەت كۈتمە، چۈنكى ئۇنىڭ ئادىتى
جەۋىر، ھۈنىرى جاپا.)

نەۋائى ھەزىن بولسا باغ ئىچرە، تاڭ يوق،
كى سەنسىز بۇ مەھزۇنغە بەيتولھەزەندۇر.
(ناۋايى باغ ئىچىدە غەمگە پاتسا، ھەيران قالمىغۇلۇق، چۈنكى
سېنىڭسىز باغ ئۇنىڭ ئۈچۈن غەم خانە.)

قەدىڭ تۈز، نەخلى گۇلزارى ئىرەم تۈز،
كى تۈز ئەشياغە بولمىش سايە ھەم تۈز.
(قەددىڭ تۈز، ئىرەم باغ گۈلزارىنىڭ كۆچەتلىرىمۇ تۈز،
چۈنكى تۈز نەرسىنىڭ سايىسىمۇ تۈز بولىدۇ.)

مەگەر كىم زۇلفىنى چەكسەم تۈز ئۇلغاي،
يوق ئېرسە بولماس ئانچە پىچۇخەم تۈز.
(جاپادىن تولغۇنۇپ، پۈكۈلگەن تېنىم، پەقەت چېچى
بىلەن چەككەندىلا تۈزلىنىدىغان ئوخشايدۇ.)

سىرىشكىمدىن قەدىڭ مەيل ئەتتى ھەريان،
كى قالماس ئوق ھەۋا بولغاندا نەم تۈز.
(كۆز يېشىمدىن قەددىڭ ھەر تەرەپكە ئېگىلدى،
ھاۋا نەم بولغاندا ئوق ئېگىلمەي قالمايدۇ.)

نىتاڭ، گەر تۈز چېكەرمەن شوئلەئى ئاھ،
كېرەك چۈن ئىشق خەيلىدە ئەلەم تۈز.
(ئاھىم ئوتىنى تۈز ئۆرلەتسەم، ئەجەپلەنمەڭلار،
چۈنكى ئىشق لەشكىرى تۇغىنى تۈز كۆتىرىش كېرەك.)

مۇقەۋۋەس چەرخ ئاھىمدىن خەم ئولمىش،
كىم ئول ئوقنى ئاتارمەن دەم - بەدەم تۈز.

(يادەك پەلەك ئاھىمدىن شۇنداق ئىگىلىپ كەتكەن، چۈنكى
مەن ئۇقنى شۇنىڭغا توغرىلاپ ئاتقان.)

رىيا يولىدا گەرخۇد پىچۇخەم بار،
قەدەم قويىكىم، ئىبرۇر دەشتى ئەدەم تۈز.
(رىياكارلىق يولى ئەگىر - توقاي، يوقۇلۇش
دەشتى تۈز، شۇ يولغا قەدەم قوي.)

بۇ دەير ئىچرە نەۋائى، ئەي مۇغەننى
نەۋائى نالەسىدىن زىرۇ بەم تۈز.
(ناۋايى مەيخانىدا، ئەي سازەندە، زىل ھەم بوم
تارلىرىڭ بىلەن "نەۋا" مۇڭىغا چال.)

نازىنىنلىق باغىدا قەددىڭ نىھال ئەي سەرۋ ناز،
پەرۋەرىش تابىب نىياز ئەھلى توكەردە ئەھلى راز.
(ئەي گۈزەل، قامىتىڭ نازىنىنلىق بېغىنىڭ كوچىتى، بۇ كوچەت
يالۋەرگۈچىلەر ئۆز قەلبىنى توككەندە پەرۋىش تاپقان.)

ئىشق سوزىدىن نىگە كويدۇڭ دىبان ئەيب ئەيلەمەڭ،
زولم ئىبرۇر نىۋچۈن چاقىندىن قىلمادىڭ دەپ ئىھتىراز.
(نىمە ئۈچۈن ئىشق ئوتىدا كويدۇڭ دەپ ئەيىپلىمەڭ، نىمىشقا
چاقماق چۈشۈشىدىن ئېھتىيات قىلمىدىڭ دىيىش ئادەمگە زۇلۇم
بولىدىكەن.)

سەرۋنازىم نىچەكىم ھەرلەھزە يۈزمىڭ ناز ئىتەر،
نىتكەمەن كورگۈزمەيىن ھەر نازىغە يۈزمىڭ نىياز.
(گۈزىلىم ھەر نەپەستە يۈزمىڭ ناز - جىلۋە كورسىتىپ تۇرسا،
ھەربىر ناز - جىلۋىسى ئالدىدا يۈزمىڭ يىلىنماي قانداق
قىلىمەن.)

بۇيلەكىم ھەق نۇرى زاھىردۇر يۈزۈڭدە بولمىغاي،
فىلھەقىقەت سىررى ئىشقىڭغە خەيال ئەتمەك مەجاز.
يۈزۈڭدە ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرسا، ئىشقىڭنىڭ سىرىنى
بىرەر نەرسىگە ئوخشۇتۇپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىكەن.)

شەمئ ئۇرتەر دىمەگىل پەرۋانەنى كىم، بىلدىكىم
شەمئغە پەرۋانە كوڭلى ئوتىدا ئىرمەس گوداز.

(چىراق پەرۋانىنى كويدۇرۇۋېتىدۇ دىمە، چۈنكى پەرۋانىنىڭ
كوڭلى چىراق ئوتىدا كويمىدىغان نەرسە ئەمەس.)

خەم بولۇب يەر ئوپمەكىم كويىدا ھەر ياندىن نى ئەيب،
كەئبەغە جائىزدۇرۇر ھەر ساردىن قىلسا نەماز.
(ئۇنىڭ كوچىسىدا ھەريان ئېگىلىپ يەرنى سۆيمىگىم ئەيىپ ئەمەس،
چۈنكى كەبىغە قايسى تەرەپتىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىۋېرىدىغۇ.)

راستلارنىڭ چۈن خوراسان ئىچرە يوقتۇر ھورمەتى،
ۋەقت ئېرور قىلساڭ نەۋائى ئەمدى ئاھەڭگى ھىجاز.
(راستچىلارنىڭ خوراساندا ھورمىتى يوق ئىكەن،
ئەي ناۋايى، ئەمدى مەككىگە يول سالىدىغان ۋاقتىڭ كەپتۇ.)

قوپ ئەي بادى سەبا، جانان سارى ئەس،
مەسىھ ئەنفاسى يەڭلىغ جان سارى ئەس.
(ئەي تاڭ شامىلى، قوزغۇلۇپ جانان سىرى ئۇچقىن،
ئەيسا نەپەسىدەك جان سىرى ئۇچقىن.)

ئانىڭ كويىدا قىل ئەرزۇ نىياز ھەم،
دەمى ئول رەۋزەئى رىزۋان سارى ئەس.
(ئۇنىڭ كوچىسىدا ئەرز - دات ئوقۇپ،
شۇ ھامان ئۇنىڭ جەننەت بېغىغا قاراپ ئۇچقىن.)

دەمى گۈل بىرلە سۇمبۇل خەيلىدىن ئوت،
زەمانى لالەئو رەيھان سارى ئەس.
(گۈلزار ۋە سومبۇلزاردىن ئوتۇپ،
ئاندىن لالە رەيھان تەرەپكە ئۇچقىن.)

چۇ ئول گولشەندىن ئولدۇڭ روھ پەرۋەر،
يانىب بۇ كۇلبەئى ئەھزان سارى ئەس.
(ئەشۇ گۈلشەنگە بېرىپ روھلىنىپ كەتتىڭ،
ئۇ يەردىن قايتىپ مېنىڭ غەمكىن كۇلبەمگە كەل.)

ئېسىدىن بەر تەنىمغە روھ، يەنى
كى بۇ فەرسودەئى ھىجران سارى ئەس.
(مەن جۇدالىقتەن ھالسىزلانغۇچىنىڭ قېشىغا كەلگىن
ۋە بۇ ئۇچۇشتىن تېنىمگە جان بەر.)

فەنا دەشتىدە، ئەي ھىجران سەمومى،
قۇيۇن يەڭلىغ بۇ سەرگەردان سارى ئەس.
(ئەي ھىجراننىڭ دىمىق شامىلى، بۇ يوقۇلۇش دەشتىدە
خۇددى قۇيۇنغا ئوخشاش ئۇچۇپ مەن سەرگەرداننىڭ
قېشىغا كەل.)

نەۋائى چۇن ئۆلەر، ئەي سەرسەرى ئاھ،
بۇزۇغلۇق قىلغالى دەۋران سارى ئەس.
(ناۋايى ئۆلىدىغان بولدى، ئەي ئاھىمنىڭ بورانى،
ۋەيرانلىق سېلىش ئۈچۈن پەلەك سېرى ئۇچ.)

ئەي كوڭۇل ھالىمغە ئول ئاي رەھم قىلغۇدەك ئەمەس،
زارلىغ بىرلە ئىشىم ئاندىن ئاچىلغۇدەك ئەمەس.
(ئەي كوڭۇل، ئۇ ئاي مېنىڭ ھالىمغە رەھمى قىلىدىغاندەك ئەمەس،
مۇشكۇل ئىشلىرىم ئۇنىڭدىن ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس.)

ئىشقىدا رەسۋالىغىم ئول نەۋئ بولدى فاشكىم،
زۇھدۇ ئىسمەت پەردەسى بىرلە ياپىلغۇدەك ئەمەس.
(ئۇنىڭ ئىشقىدا رەسۋالىغىم شۇ قەدەر پاش بولدىكى، سوپىلىق
ۋە نومۇس پەردىسى بىلەن ياپقىلى بولمىغىدەك.)

جامى ئىشقىدىن كوڭۇل ئول نەۋئ ئىرۇر مەستۇ خەراب،
كىم قىيامەت بەزمىغە تىگرو ئايىلغۇدەك ئەمەس.
(مەي ئىشقىدا كوڭلۇم شۇ قەدەر ۋەيرانە مەست بولدىكى، تاكى
قىيامەت بەزمىگىچە يېشىلىدىغاندەك ئەمەس.)

ئۇيلە ئىشقى دەشتىدە مەجنۇن كوڭۇل ئاۋارەدۇر،
كىم پەرىلەر ئىستەگەن بىرلە تاپىلغۇدەك ئەمەس.
(ئىشق دەشتىدە كوڭلۇم شۇنچىلىك ئاۋارىكى، پەرىلەر
ئىزدەپ تاپقىلى بولىدىغاندەك ئەمەس ئىكەن.)

ساقىيا لەئلىڭ مەيىدىن گەر ئىلاجى قىلماساڭ،
بۇ خۇمارىم لەئل مەي بىرلە يازىلغۇدەك ئەمەس.

(ئەي ساقى لىۋىڭ شارابى بىلەن شىپالىق بەرمىسەڭ
مېنىڭ خۇمارىم قىزىل مەي بىلەن شىشىلمىغىدەك.)

دەرد ئوتىن قىلغان ھەۋەس ئەۋۋەل كۆڭۈلنى ئورتەدى،
كىم ئول ئوت ھەرخام كۆڭلىگە ياقىلغۇدەك ئەمەس.
(دەرت ئوتىنى ھەۋەس قىلسا، ئالدى بىلەن كۆڭۈلنى ئورتەي-
دىكەن، بۇ ئوت ساددە كۆڭۈلگە يېقىلىدىغاندەك ئەمەس.)

ئەي نەۋائى، ئول پەرىۋەشدىن ۋەفا كوز تۇتماغىل،
كىم جۇنۇن ئەھلىنى ئەسلا كوزگە ئىلغۇدەك ئەمەس.
(ئەي ناۋايى، ئۇ پەرى سۈپەتتىن ۋاپا كۈتمە، چۈنكى ئۇ
مەجنۇنلارنى كوزگە ئىلمىغىدەك.)

ئاقارا باشلادى باش، توكەلە باشلادى تىش،
سەفەر ياراغىنى قىلغىل كى، تۈشتى باشقە ئىش.
(باش ئاقىرىشقا، چىش توكۈلۈشكە باشلىدى،
بېشىڭغا ئىش چۈشتى، سەپەرگە جابدۇن.)

يىگىتلىگىڭ بارىبان، كەلدى باشقە قارىلىق،
فەنا يولىدا بۇ يەڭلىغ ئىمىش بارىش ۋە كېلىش.
(يىگىتلىك كېتىپ، بېشىڭغا قېرىلىق كەلدى، يوقۇلۇش
يولىدىكى بېرىش - كېلىش مۇشۇنداق بولىدىكەن.)

يۈز ئۇلكى قىرىقدىن ئېلىلىكگە قويدى، يۈز قىلسا،
مىڭ ئىشدىن بىرىگە ياخشىلىق مەھەل ئېرمىش.
(ياش قىرىقتىن ئەللىككە چىقسا، مىڭ قىلغان بىلەن مىڭ ئىش-
دىن بىرسىمۇ ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.)

يىگىتلىك ئولدى بەھارۇ كوھولەت ئولدى خەزان،
دىگەن بو سوزنى قارىلىقنى قىشقا ئوخشاتمىش.
(يىگىتلىك باھار پەسلى بولسا، ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلى كۈز،
بۇ سوزنى دىگۈچى قېرىلىقنى قىشقا ئوخشۇتىدۇ.)

نى قىش نىشاتى ماڭا قالدى نى خەزان، نى بەھار،
بەھارىمە چۈخەزان قويدى يوز، خەزانىمە قىش.

(يا قىش خۇشاللىق بەرمىدى، يا كۈز پەسلى، يا باھار،
باھارىمغا كۆز يۈزلەنسە، كۆز پەسلىگە قىش يۈزلەندى.)

نى تۇرفە ئىشكى براۋچۈن تارىقتى ئۆمرىدىن
دىسە "ئۆزۈن ياشا" قارغىش ئېرۇر ئاڭا بۇ ئالقىش.
(ئاجايىپ ئىش، نېمىشقىدۇ، بىرسى ئىرىكلىكتىن تويۇپ تۇرغاندا
"ئۆزۈن ياشا" دېيىلسە بۇ ئالقىش ئۇنىڭغا قارغىشتەك سىزىلىدىكەن.)

نەۋائىيا، تۇتار ئەھلى فەنا نەجات يولىن،
ئىرىشمەك ئىستەر ئىسەڭ ھەم ئالارغا ئېرىش.
(ئەي ناۋايى، پانا ئەھلى نىجاتلىق يولىنى تۇتتى، سەنمۇ
نىجاتلىققا ئېرىشمەك بولساڭ، ئۇلارنى تېپىپ، ئەگەشكىن.)

بىزنىڭ شەيدا كۆڭۈل بىچارە بولمىش،
مەلامەت دەشتىدە ئەۋارە بولمىش.
(بىزنىڭ شەيدا كۆڭلىمىز بىچارە بولۇپ قالدى،
تاپا - تەنىلەر دەشتىدە سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ.)

ئاڭا بەسكىم ياغار تاش ئۈستىدە تاش،
تەنىدە يارە ئۈزرە يارە بولمىش.
(ئۇنىڭغا تاش ئۈستىگە تاش يېغىپ، تېنىدە
جاراھەت ئۈستىگە جاراھەت پەيدا قىلدى.)

ئۇرارغە دەم - بەدەم خارەغە باشىن،
سۆڭەكلەر ئاندە پارە - پارە بولمىش.
(باش - كۆزىنى تاشلارغا ئۇرۇۋېرىپ،
سۆڭەكلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتتى.)

بەلا تاغى ئارا ياتقاندا بىمار،
خىرەد سەنجابى خارو - خارە بولمىش.
(بالا تېغىدا ئاغرىپ ياتقىنىدا ئەقىل - ھوش
مامۇغى ئۇنىڭغا تاش - تىكەن بولدى.)

قارا قىلدى نىچۈككىم روزگارىم،
ئانىڭ ھەم روزى گارى قارا بولمىش.

(روزى گارىمنى قارا قىلىۋەتكەن ئىدى،
ئۇنىڭمۇ روزى گارى قارا بولار.)

قەدەھ خۇرشىدى قانىكىم، غەمدىن
سىرىشكىم كەۋكەبى سەييارە بولمىش.
(قەدەھ قۇياشى نەدىدۇ؟ ئۇنىڭ دەردىدە كۆز
ياشلىرىم سەييارە يۇلتۇزلارغا ئايلاندى.)

ناۋائىي چارەدىن كوپ دىمە سوزكىم،
غەمىڭغە چارەسىزلىغ چارە بولمىش.
(نەۋايى، چارە تونغىرىلىق كوپ باش قاتۇرما،
غېمىڭنىڭ چارىسى چارەسىزلىق.)

يۈزىڭ ھەجرىدە كىم چەكتى فىغانۇ زارمەن يەڭلىغ،
كىم ئاچتى يۈزدە گۈلگۈن ئەشكىدىن گۈلزارمەن يەڭلىغ.
(سېنىڭ جامالىڭ پىراقىدا كىم مېنىڭدەك ئاھ - پىغان چەكتى؟،
كىم گۈلرەڭ ياشلىرى بىلەن يۈزىدە ماڭا ئوخشاش گۈلزار پەيدا
قىلدى؟)

ئەگەر ئوششاقنى بىر تىغ ئىلە ھوسن ئەھلى قەتل ئەتتى،
كىشى ھىجرانىغە قالىپ ئۆلمادى دىشۋارمەن يەڭلىغ.
(گۈزەللەر ئاشىقلارنى بىر تىغ بىلەنلا ئۆلتەردى، ئەمما ماڭا ئوخ-
شاش ھىجرانلىقتا يۇلۇقۇپ تەس كۈنگە قالغان ئادەم يوق.)

فىراق ئەھلى ئەگەرچە ئۆلمەك ئىستەر، ئەي ئەجەلكىم كەل،
ئەمەس سەندىن كىشى بۇ ئىشتە مىننەتدارمەن يەڭلىغ.
(جۇدالىقتا قالغانلار ئۆلۈشنى خالايدۇ، ئەي ئەجەل يېتىپ كەلگىن،
بۇ ئىشتا سەندىن ھېچكىم مېنىڭدەك مىننەتتار بولمايدۇ.)

كوزۈڭ قەتل ئەيلەپ ئەل قانىن كوپ ئىچتى جەۋر ئىلە،
ئەسرى تاپمادى ئۆل قاتىلى خۇنخار مەن يەڭلىغ.
(كوزۈڭ قىيناپ، قاتىللىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ قېنىنى كوپ ئىچتى،
بىراق، بۇ قانخور قاتىل ماڭا ئوخشاش ئەسىرنى تاپقىنى يوق.)

نەجانىن بولدىلەر ئەتفال تاشىدىن كوپ ئازرۇردە،
ۋەلى باشتىن - ئاياق پۇر بولمادى ئەفكارمەن يەڭلىغ.

(مەجنۇنلار بالىلار ئاتقان تاشلاردىن كوپ ئازار يىدى، بىراق ماڭا ئوخشاش باشتىن - ئاياقىچە يارىلانغىنى يوق.)

بىراۋنى، ئەيكى، سۆمەك ئارزۇ قىلدىڭ، ھەۋاسىدا،
ئىلىكىدىن ئىختىيارىڭ بەرمەگىل زىنھار مەن يەڭلىغ.
(ئەي بىرەۋنى سۆيۈشنى ئارزۇ قىلغان ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ھەۋىسىدە ماڭا ئوخشاش ئىختىيارىڭنى ئىلىكىڭدىن بېرىپ قويمىغىن.)

كىشى بەدخۇيلەر ئىشقىدىن ئەتسەك ئىھتىراز ئەۋلا،
يوق ئېرسە كورگۈسى ھەرلەھزە يۈز ئازارمەن يەڭلىغ.
(كىشى خۇيى يامانلارنىڭ ئىشقىدىن ھەزەر قىلغۇلۇق ئىكەن، بولمىسا ماڭا ئوخشاش ھەر نەپەستە يۈز ئازار كورىدۇ.)

قىلار بولساڭ زەمانە قايغۇسى دەفئىغە بىخودلىغ
كېرەك بولسا مەقامىڭ كۇلبەئى خۇممار مەن يەڭلىغ.
(زامان قايغۇسىدىن قۇتۇلاي دىسەڭ بىخوت بولۇش لازىم، شۇڭا ماڭا ئوخشاش مەيخانىنى مۇقىم ماكان تۇتقىن.)

نەۋائى، گەر خىرەد مۇلكىدە سەۋدادىن بەتەڭ ئولساڭ،
قەدەم ئۇرغىل فەنا دەشتىدە مەجنۇنۋارمەن يەڭلىغ.
(ناۋايى، ئەقىل شەھرىدە سودايىلىق دەستىدىن سىقىلىپ قالساڭ، ماڭا ئوخشاش مەجنۇنلارچە يوقۇلۇش دەشتىگە قەدەم قوي.)

نى ھەددىم بار ئاتىڭنىڭ پايبوسىن مۇددەئا قىلماق،
ماڭا بەسدۇر مۇيەسسەر ئولسە يەرئوپمەك، دۇئا قىلماق.
(مېنىڭ ئېتىڭنىڭ تۇيىغىنى سۆيۈشنى تەلەپ قىلىشقا ھەددىم بارمۇ، ئۇنىڭ باسقان يېرىنى سۆيۈپ دۇئا قىلسام، ماڭا شۇمۇ يېتەرلىك.)

ئاياغىڭدۇر ماڭا ھاجەتكى، گام ئۇرغاي مېنىڭ سارى،
ساڭا ئاساندۇرۇر بۇ ھاجەتىم جانا، رەۋا قىلماق.
(ئەي جانان مەن شۇنىڭغا ھاجەتمەنكى، مەن تەرەپكە ئاياق باسساڭ سەن ئۈچۈن ئاسانغۇ، بۇ ھاجىتىمدىن چىقساڭ نىمە بولار!)

تىلۇ خامەم جەھاننى تۇتتى، ئەمما ھوسنۇڭو ئىشقىم
قەلەم ھەم ئەيلەي ئالماس نەقشۇ تىل داغى ئەدا قىلماق.
(تىلىم، قەلىمىم ئالەمگە مەشھۇر، بىراق، ھوسنۇڭ ۋە ئىشقىمنىڭ تەرىپىنى قەلىمىم تەسۋىرلىيەلمەيدۇ، تىلىم ئادا قىلالمايدۇ.)

كوزۇ قاشىڭ كوڭۇلنىڭ روزگارىنكىم قارا قىلدى،
كېرەك شۇكر ئەتمەسە زاھىر يۈزىن داغى قارا قىلماق.
(كوزۇڭ، قېشىڭ كوڭۇل روزىگارىنى قارا قىلدى، ئۇنىڭ روشەن يۈزىنى قارا قىلىۋەتسىلا، شۇكرى دىگۈلۈك.)

ئەگەر مىژگانو قاشىڭ ھەيرەتى ئېردى ئەمەس گەردۇن،
نى ئېردى ئەيلەمەك ئاھىم ئوقۇ قەددىمنى يا قىلماق.
(ئەگەركىرپىكىڭ بىلەن قېشىڭ پەلەكنى ھەيرەتتە قالدۇرمىغان بولسا، ئاھىمنى ئوق، قەددىمنى يا قىلىپ نىمە قىلاتتىم؟)

قىلاي مەن سەجدەئى شۈكرئولكى ئۆمرۈم سەجدەدە قىلدى،
تاپائالسام قاشىڭ مېھرابىدا بارىن قەزا قىلماق.
(ئەگەرقېشىڭ مېھرابىنى تاپالىسام، ئۆمرۈمدە قىلغان سەجدىلەرنى
قارا بولغان ھېساپلاپ، بۇنىڭ شۈكرىسى ئۈچۈن قايتىدىن
سەجدە قىلاي.)

خەتا قىلغاچ ئىبادەت تەركى تەئنى ئۇرما زاھىدكىم،
ئەبودىيەت ئىشىنىڭ لازىمى كەلدى خەتا قىلماق.
(ئەي زاھىد، ئىبادەتنى تاشلاپ خاتا قىلدى دەپ ئەيىپلىمە،
بەندىچىلىك ئىشلىرىدا خاتا قىلىش لازىم بولۇپ قالدى.)

دىمە دىن ئەيلەدى، ئوچبومنى ئەفزۇن خانىقەھ شەيخى،
خەراباتى فەنا پىرىغە ئەۋلا ئىلتىجا قىلماق.
(ئەي خانىقا شەيخى، رىياكارلىقىمنى دىن ئاشۇرۇۋەتتى، دىمە،
يوقۇلۇش مەيخانىسىنىڭ باشلىقىغا يېلىنغان ئەۋزەلرەك.)

نەۋائى ئىشقى ئول ئاي ھوسنى بىرلە تەۋئەماندۇرلەر،
ئالارنى بولماس، ئەي پەند ئەھلى، بىر-بىرىدىن جۇدا قىلماق.
(ناۋائىينىڭ ئىشقى ئاشۇ ئاينىڭ ھوسنى بىلەن قوشكېزەك،
ئەي نەسىھەتچى، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.)

سىنىگدەك پەرى خەيلى ئادەمدە يوق،
دىمەي خەيلى ئادەمكى، ئالەمدە يوق.
(سىنىگدەك پەرى ئادەملەر ئارىسىدا يوق، ئادەملار
ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئالەمدە يوق.)

پەرىشان چۇ زۇلفۇڭ خەمىن قىلدى يەل،
پەرىشان كوڭۈل يوقكى ھەرخەمدە يوق.
(شامال پەرىشان چاچلىرىڭنى تولغىغان چاغدا،
تولغانمىغان پەرىشان كوڭۈل قالمىدى.)

بۇ لەززەتكى، زەخمىڭدە تاپتى كوڭۈل،
يەقىن بىلدىكىم ھېچ مەرھەمدە يوق.
(زەخمىڭدىن كوڭۈل شۇنداق لەززەت تاپتىكى، بۇنداق
لەززەت ھېچقانداق مەلھەمدە يوق.)

دەمىڭ خىجلەتىدىن ئىچۈك قاچماسۇن،
بۇدەم چۈنكى ئەيسىيۇ مەريەمدە يوق.
(ئەيسا ھەم مەريەم ئىمىشقا سەندىن قاچمىسۇن، چۈنكى،
ئۇزلىرىدە سىنىڭكىدەك نەپەس بولمىغاچقا خىجىل بولىدۇ.)

كوزۇڭ قەتلىدىن دەھرئىلى قالمادى،
ئەگەر قالدى بىر يوقكى ماتەمدە يوق.

(كوزۇڭنىڭ قاتىللىقىدىن ھېچكىم ساق قالمىدى، ئەگەر
بىرەرسى قالغان بولسا ئۇمۇ ماتەمدە.)

غەمكىدىن ماڭا ئانچە ئەيشو تەرەپ،
كى يۈزخاتىرى شادۇ خۇررەمدە يوق.
(مەن پەقەتلا غېمىڭدىنلا خوشاللىق تېپىپ يۈرىمەن،
بۇنداق شات - خوراملىق بولغان ئەمەس.)

مۇغەننى، نەۋائى قىغانىن ئىشىت،
كى سازىڭ ئارا زىر ئىلە بەمدە يوق.
(سازەندە ناۋائىنىڭ پىغانىنى ئاڭلىغىنا، بۇنداق كۈي
سېنىڭ بوم - زىل سازلىرىڭدىمۇ يوق.)

ئۇز تىلىم چۇن ئەيلەمەس رازىمنى ئىخفا ئەيلەمەك،
ئۇزگە تىلدىن نى تەئەججۇپ بولغاي ئىفشا ئەيلەمەك.
(سىرىمنى ئۇز تىلىم يوشۇرالمىغان ئىكەن، باشقا تىلنىڭ ئۇنى
ئاشكارا قىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.)

مەنكى ئۇزسىررىمنى پىنھان ئەيلەي ئالمان، تۇرفەدۇر،
ئەلدىن ئانىڭ تۇتماغىن مەخفى تەمەننا ئەيلەمەك.
(مەن ئۇز سىرىمنى يوشۇرالمىغان تۇرۇپ، باشقىلاردىن بۇنى
مەخپى تۇت دەپ تەلەپ قىلىش غەلىتە بىر ئىش.)

تەلبە سىرىدىن ئەلگە گەرئەيتۇر، جۇنۇندىندۇر ۋەلىك
ھەزل ئېرۇر ھەردەم ئانى ئەل ئاشكارا ئەيلەمەك.
(تەلۋىلەر ساراڭلىقتىن سىرىنى باشقىلارغا ئېيتىدۇ، بىراق بۇنى
كىشلەرنىڭ ئاشكارا قىلىشى ھەزىل ئۇچۇنلا.)

نوكتەكىم مەجنۇن دىگەي، ئېرمەس ئەجەپ ئەتفالدىن،
ئەيلەمەك تەكرار ئول سوزنىبو غەۋغا ئەيلەمەك.
(مەجنۇن بىرەر مەنىلىك سوز قىلىپ قويسا، باللار ئۇنى دوراپ
تەكرارلاپ چۇقۇراشسا، بۇمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس.)

كاش ئويۇلسە كوز داغىمكىم، بىر تاماشا ئەيلەبان،
ئاندىن ئولدى مىڭ بەلا جانىمغە پەيدا ئەيلەمەك.

(كۆلگە ئايلانسام ھىجران دەشتىدىن بوران چىققاندا بۇ كۆلنى ئۇچۇملاپ سورۇپ، كوككە ئۇچۇرۇۋېتىگىلار.)

ساۋۇراردا دوست جەۋرىنى لەۋھەم ئىچرە دەرج ئېتىب،
دوستلار بىدادو زۇلمىنى ھەم ئايالغۇ كەلتۈرۈك.
(سوروش ۋاقتىدا تاختىيىمغا دوستلارنىڭ جەۋرىنى قەيت قىلىپ، ھەم دوستلارنىڭ جەۋرى-زۇلمى توغرىلىق ناخشا ئېيتىڭ.)

بۇيلەھالىم كورگەچ ئەي ئىشق ئەھلى ھەردەم يۈز بەلا
يەتسە ئىشق ئايىنى تۇتماقنى كۆڭۈلدىن تىندۇرۇڭ.
(ھەي ئاشىقلار، ئاشۇ ھالىمنى كورگەندىن كېيىن ھەرنەپەستە يۈز بالا كەلتۈرىدىغان ئىشق يوسۇنىنى تۇتۇشتىن كوڭلىڭىزنى قايتۇرزۇڭ.)

دوستلار مەن ئىشقنى تەرك ئەيلەگەن بەدمىھرنى
ھەر باھانە بىرلە مەن كويگەن مەھەلخە يەتكۈرۈڭ.
(دوستلار، مېنى مۇھەببەتتىن كەچتۈرگەن شەپقەتسىزنى بىر باھانە بىلەن مەن كويگەن يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار.)

گەرچە مەن بولدۇم رىزا، بارى ئۇياتلىق روھۇمە،
بادپايى سەيرىدىن جەننەت نەسىمى يەتكۈرۈڭ.
(مەن رازى بولسامۇ، ھەممىسى روھىم ئۇچۇن ئۇياتلىق، ئۇچقۇر ئاتتەك تېز سەير قىلىۋاتقان جەننەت شامىلىنى يەتكۈزۈڭلار.)

ئىشق دەشتىدە نەۋا كوپتۇر نەۋائىدەك بىرەۋ
كىم كىزەر ئاندا، ئانى يۈز مىڭ بەلاغە تاپشۇرۇڭ.
(ئىشق دەشتىدە نېسىۋە كوپ، ناۋايىدەك بىرسى شۇ دەشتنى كېزىدىغان بولسا، ئۇنى يۈز مىڭ بالاغا تاپشۇرۇڭ.)

گەر جەفا قىل، گەر ۋەفاكىم، دىلستانىم سەن مېنىڭ،
گەر مېنى ئۆلتۈر ۋە گەر تىرگۈزكى جانىم سەن مېنىڭ،
(جاپا قىلساڭمۇ ۋاپا قىلساڭمۇ، بەربىر سەن مېنىڭ مەھبۇبەم، ئۆلتۈرسەڭمۇ، تىرىلدۈرسەڭمۇ بەربىر، سەن مېنىڭ جېنىم.)

خاھى رەئنا قەد بىلەن بارغىل يانىمدىن جىلۋەگەر،
خاھى كەل قاشىمغەكىم، سەرۋى رەۋانىم سەن مېنىڭ.
(مەيلى گۈزەل قەددىڭ بىلەن جىلۋە قىلىپ يېنىمدىن كەتسەڭمۇ مەيلى، يېنىمغا كەلسەڭمۇ، بەربىر سەن مېنىڭ گۈزىلىم.)

كوڭلۇم ئىچرە سەن سەنۇ ئىشقىڭ، نەدەي ھالىم ساڭا،
چۈن بۇ يەڭلىغ مەھرەمى رازى نىھانىم سەن مېنىڭ.
(سەن ۋە سېنىڭ ئىشقىڭ كوڭلۇمنىڭ ئىچىدە، سەن ئىچكى سىرلىرىمغا شۇنچە يېقىن تۇرساڭ، ساڭا نىمەدەپ ھالىمنى ئېيتىمەن.)

جىلۋە ئەيلەب ھەر زەمان ئەفغانۇ ئاھىم قىلما ئەيب،
ھەم سەن - ئوق چۈن بائىسى ئاھۇ فىغانىم سەن مېنىڭ.
(جىلۋە قىلىپ ھېمىشەم مېنىڭ ئاھ-پىغانىمنى ئەيىپلىمە، چۈنكى بۇ ئاھ-پىغانلىرىمنىڭ سەۋەپچىسى پەقەت سەن.)

لەئلدىن بىر ئىككى سوز مەزكۇر قىل ئەي خەستەجان،
بارى بۇ بىر ئىككى دەمكىم مىھانىم سەن مېنىڭ.

(ئەي جەراھەتلىك كوڭۇل، ئۇنىڭ لېۋى توغرىلىق بىر - ئىككى
سوز ئەسلىتىپ ئۆت، بۇ چەكلىك ۋاقىت مەن ئۈچۈن غەنىمەت.)

تەلبەلەردىن گەرچە رەد قىلدىڭ مېنى، لېك ئاڭلاغىل،
كىم پەرى رۇخسارەلەردىن تانلاغانىم سەن مېنىڭ.
(تەلۋىلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت مېنى رەت قىلدىڭ، لېكىن شۇنى بىلگىنكى، پەرى روخسارلەر ئىچىدىن تاللىغىنىم پەقەت سەن ئىدىڭ.)

ئولدى مېھرىڭدىن نەۋائى، بىۋەفا دەپسەن ئانى،
ئېرتەگى نازىك مىزاجى بەد گۇمانىم سەن مېنىڭ.
(ناۋايى ئىشقىڭدىن ئۆلدى، بىراق ئۇنى ۋاپاسىز دەپسەن، بۇمۇ سېنىڭ ئەسلىدىكى نازۇك مىجەز، گۇمانخورلىقىڭدىن.)

يار قۇتلۇق يۈزىدىن قالدى چۇ مەھرۇم كوڭۇل،
تا نىلەر باشىمغە كەلتۈرگۇسىدۇر شۇم كوڭۇل.
(كوڭۇل يارنىڭ قۇتلۇق يۈزىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى، بۇ شۇم كوڭۇل بېشىمغا نىمىلەرنى كەلتۈرەر؟)

ياربارىدى، كوڭۇل ئاندىن بۇرۇن ئىتتى، گويا
ھەرنىمە ياردىن ئەيلەب ئىدى مەلۇم كوڭۇل.
(يار كەتتى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كوڭۇل يوقتى، كوڭۇل يار توغرىلىق ھەرنەرسىدىن خەۋەردار ئوخشايدۇ.)

دەۋر زۇلم ئەيلەرۇ دەۋر ئەھلىدۇرۇر ئافەتى ھەم
نىچە زالىمغە ئەسىر ئولغۇسى مەزلۇم كوڭۇل.
(زامان زۇلۇم قىلىدۇ، زامانداشلار ئاپەت كەلتۈرۈدۇ، بوزەك كوڭۇل تالاي زالىمغا ئەسىر بولىدۇ.)

رەھمەت ئول كافىرى قاتىلغەكى، بىداد چاغى
رەھم قىلماس نىچەكىم بارئىسە مەرھۇم كوڭۇل.
(ئۇ رەھىمسىز قاتىلغا رەھمەت، ئۇ زۇلۇم سالغاندا، قانچە ئېچىنىشلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا رەھىمى قىلمايدۇ.)

غۇنچە ئاغزى ئار ۋەھم ئەتسە ئول ئايىنى ئاغزىن
تاپقۇسى دائىرەئى نوقتەئى مەۋھۇم كوڭۇل.

(غۇنچە ئاغزى ئۇ ئاينىڭ ئاغزى خىيالدا پەرەز قىلسا، خىيالغا
يۇمۇلاق بىر دائىرە كېلىدۇ.)

كوپ ۋەفا ئىستەدى تاپمادى ئەلدىن گويا
كىم ۋەفادەك ئوزىنى ئەيلەدى مەئدۇم كوڭۇل.
(كوڭۇل كىشلەردىن شۇنچە ۋاپا ئىزلەپ تاپالماي، ئوزىنى
خۇددى شۇ ۋاپادەك يوقاتتى.)

يارمەۋزون قەددى ۋەسفىغە نەۋائى يەڭلىغ
نەزم جەۋھەرلىرىنى قىلغۇسى مەنزۇم كوڭۇل.
(كوڭۇل يارنىڭ كېلىشكەن قەددىنى تەسۋىرلەش ئۇچۇن ناۋايىغا
ئوخشاش نەزمە جەۋھەرلىرىنى تىزدى.)

تۇنۇ - كۇن ئول ئاي خەيالى بىرلەمەن ئاشوفتە هال،
بىر خەيال ئەيلەب مەنى شەيداۋۇ ئەلگە يۈز خەيال.
(مەن كېچە - كۈندۈز ئۇ ئاينىڭ خىيالدا پەرىشان، مەن
شەيدانىڭ بىر خىيال قىلىشى، كىشلەرنى يۈز خىيالغا سالدۇ.)

تاڭدىن ئاقشامغە غەم تاغىن قازىب فەرهاد ۋەش،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە دەشت ئوزرەكېزىب مەجنۇن مسال.
(ئەتىدىن - كەچكىچە غەم تېغىنى پەرهاتتەك قېزىپ چىقىمەن،
كېچىسى تاڭ ئاتقىچە مەجنۇندەك چول كېزىمەن.)

ئالەم ئەهلى ئاهو نالەم ئىستمائىدىن مەلۇل،
كوڭلۇمە ئالەم ئەلى بىدادو زۇلمىدىن مەلال.
(كىشلەر مېنىڭ نالە - زارىمنى ئاڭلاشتىن تويدى، مېنىڭ
كوڭلۇم كىشلەرنىڭ جەۋرى - زۇلمىدىن تويدى.)

قىلماغان جۇرمۇمغە تارتىب چەرخ تىغى ئىنتىقام،
بۇ بەلاغە چارە تاپماققە تاپىلماس ئىهتىمال.
(قىلمىغان گۇناهىم ئۇچۇن پەلەك تىغ تارتىپ ئىنتىقام ئالماقچى،
بۇ بالاغە چارە تېپىشنىڭ ئىهتىمالى يوق.)

مەن بەلاكەشمەن، ماڭا بەزم ئىچرە هىجران زەهرى بەس،
ساقىيا، ئەيشو نشان ئەهلىغە تۇت جامى ۋىسال.

(ئەي ساقى، ۋىسال جامىنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىكىلەرگە تۇت. مەن بالاغە تورەلگەنگە بەزمىدە ھىجران زەھىرى بەرسەڭ يېتەرلىك.)

مېھرەسىمىن، ئەي كوڭۇل، دەۋران ئىلىدىن ئىستەمە،
ئول قۇياشقە نىگە كىم يەتمەي كەمال، ئولمىش زەۋال.
(ئەي كوڭۇل، مېھرۇ ـ ۋاپا يۇسۇنىنى زامان ئەھلىدىن ئىزلىمە،
قۇياشمۇ ئورلەۋەمەي، ئاخىرى ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن.)

گەرنەۋائى تەلبەرەب جەۋرىڭدىن ئەيتتى: ئەي پەرى،
ئول نېچەكىم ئىشق ئارا باردى يامان، سەن ياخشى قال.
(جەۋرىڭدىن مەجنۇن بولغان ناۋايى شۇنداق دەيدۇ: ئەي پەرى،
ئۇ ـــ ئىشق ئارا بەك يامان ئەھۋالدا كەتتى، ئەمما سەن ياخشى قال.)

ياغلىغىڭ، ئەيكىم، تىكەرسەن ئىگنە مىژگانىمنى قىل،
نەقش ئىپتەردە تارىن ئانىڭ رىشتەئى جانىمنى قىل.
(ئەي كىشى، ياغلىقىڭنى تىكمەكچى بولساڭ، كىرپىكىمنى يىڭنە قىل، ئۇنىڭغا گۈل چەكمەكچى بولساڭ جېنىمنىڭ رىشتىسىنى يىپ قىل.)

ئىستەسەڭ تارىن قىزىل، ياخودقارا قىلماققە رەڭ،
كوز قاراسىن ھەل قىلىب، كوزدىن ئاقار قانىمنى قىل.
(يىپنى قىزىل، ياكى قارارەڭگە بويىماقچى بولساڭ، كوز قارچۇغىمغا ياكىكوزدىن ئاققان قانلىق يېشىمغا ئارىلاشتۇرغىن.)

گەردىسەڭ ھەريان قىزىل گۈللەر قىلاي سەنئەت ئاڭا،
كوكسۇم ئاچىب، تازە قانلىغ داغى ھىجرانىمنى قىل.
(ئەگەر ئۇيەر ـ بۇيەرىگە قىزىلگۈل چېكىپ زىننەت بېرەي دىسەڭ،
كوكسۇمنى يېرىپ، ھىجران زەخمىنىڭ قانلىرىنى ئىشلەت.)

غۇنچەلەر گۈل يانىدا ئەگمەك تەخەييۇل ئەيلەسەڭ،
ئاڭا نەسخەت كوڭۇل ئاتلىغ زارھەيرانىمنى قىل.
(گۈل يېنىدا ئېگىلىپ تۇرغان غۇنچىلەرنى چەكمەكچى بولساڭ،
ئۇنىڭغا مۇڭلۇق، ھاڭ ـ تاڭ كوڭلۇمنى نۇسخە قىل.)

گەردىسەڭ ھەريان پەرى شەكلىن نەمودار ئەيلەيىن،
ۋەھ، نى نەۋۇ ئەيتاي، ۋەلى مەنزۇر جانانىمنى قىل.

(ئەگەر ئەتراپىدا پەرى سۈرىتىنى كورسەتمەكچى بولساڭ، ئاھ،
نىمە دەپ ئېيتاي، پەقەت گۈزەل جانانىمنى كورسەت.)

قىلساڭ ئول ياغلىغ ئىلە بىر شېئىرھەم يازماق ھەۋەس،
ئانداھەر يان نەقش بۇ نەزمى پەرىشانىمنى قىل.
(ئەگەر شۇ ياغلىققا بىرەر شېئىر يېزىشنى خالىساڭ، ئۇنىڭغا بۇ پە-
رىشانلىق نەزمەمنى نەقش قىلىپ چەككىن.)

ئەي نەۋائى، كىمكى بۇ ياغلىقنى تىكسە يار ئۇچۇن،
مۇژدەجانىم جەۋھەرىيۇ نەقدى ئىمانىمنى قىل.
(ئەي ناۋايى، كىمكى يارىم ئۇچۇن مۇشۇنىداق ياغلىق تىكسە،
سۆيۈنچىسىگە جېنىمنىڭ جەۋھىرىنى - ئىمانىمنىڭ غەزنىسىنى بەر.)

ھالىنى ھەرنىچە كىم ئەلدىن نىھان ئەيلەر كوڭۇل،
سىزنى ساغىنغان سارى بىخود فىغان ئەيلەر كوڭۇل.
(كوڭۇل ئوز ھالىنى كىشىلەردىن شۇنىچە يوشۇرۇدۇ، سىزنى
سېغىنغانسېرى كوڭۇل ئوزىنى بىلمەي پىغان چېكىدۇ.)

ھەرنىچە كىم ياشۇرۇرمەن زار ئىشقىڭ خەلق ئارا،
بىر مەھەلسىز ئاھ ئىلە بارىن ئايان ئەيلەر كوڭۇل.
(خەلق ئىچىدە ئىشقىڭ سىرىنى شۇنىچە يوشۇرۇمەن، بىراق
كوڭۇل تۇيۇقسىز بىر ئاھ بىلەن ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.)

مەي تەرەششۇھ ئەيلەگەندەك چاك بولغان سىنەدىن،
زەخمىدىن خۇنابەسىن ھەردەم رەۋان ئەيلەر كوڭۇل.
(كوڭۇل چاك بولغان باغرىمى زەخمىدىن خۇددى مەي تامىچىلاپ
ئاققاندەك داۋاملىق قان ئاققۇزۇدۇ.)

قەسد ئېتەر كوڭلۇمكى ئالغاي لەبلەرىڭدىن كامى دىل،
ئەمدى تەھقىق ئەيلەدىمكىم قەسدى جان ئەيلەر كوڭۇل.
(كوڭلۇم لەۋلىرىڭدىن بەھرى ئېلىشنى قەستلەيتتى، ئەمدى شۇنى
جەزمەنلەشتۇردىمكى، كوڭلۇم جېنىمنى قەستلەيدىكەن.)

كوز كورەر يۈزۈڭنىيۇ كوڭلۇم مېنى رەسۋا قىلۇر،
زارئېتەر كوڭلۇمنى كوز، باغرىمنى قان ئەيلەر كوڭۇل.

(كۆزۈم يۈزۈڭنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلۈم مېنى رەسۋا قىلىدۇ،
كۆزۈم كۆڭلۈمنى ئازاپلايدۇ، كۆڭلۈم باغرىمنى قان قىلىدۇ.)

شۇئلەئى گۆگىرد كورگۈزدى قەزا كۆيدۈرگەلى،
دەردى ئىشق ئەھلىن بۇ كىم گەردۇن گۇمان ئەيلەر كۆڭۈل.
(تەقدىر كۆيدۈرۈش ئۈچۈن گوگوت چاقمىغىنى چاقناتتى،
كۆڭۈل ئاشىقلارنىڭ دەردىنى تەقدىرنىڭ ئىشى دەپ ئويلايدۇ.)

ئەي نەۋائى، ئەۋۋەل ئول نامېھرىبانىمغە ئۇچراتۇر،
كىمنىكىم مەن بىنەۋادەك ناتەۋان ئەيلەر كۆڭۈل.
(ئەي ناۋايى، كۆڭۈل، كىمنى بولمىسۇن، ئاۋال كۆيۈمسىزلەرگە
گىرىپتار قىلىپ، مەن بىچارىگە ئوخشاش كېسەلچان قىلىدۇ.)

ئۇرارمەن كوكسۈمە تاشلارغەم ئەتكەچ قەسدى جان ھەردەم،
قاقارمەن بۇ ئىشكىنكىم، ئېتەر بىر مېھمان ھەردەم.
(غەم جېنىمغا قەست قىلغانلىقى ئۈچۈن كوكسۈمگە تاش ئۇرىمەن،
مېنى مېھمان قىلارمىكىن دەپ بۇ ئىشىكنى تىنماي قاقىمەن.)

ئۇلۇك تاپىپ بۇزۇغ ئىچرە مەنى مەجنۇنغە گويا جۇغز
نەۋاھى ئەھلىن ئاگاھ قىلغالى تارتار فىغان ھەردەم.
(ھوقۇش مەن مەجنۇننى بۇ ۋەيرانىلىق ئىچىدە ئۆلگەن دەپ
ئويلاپ، ھەممىگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ھەمىشەم پەريات كوتىرىدۇ.)

ھەمانا تۇفراغىمنى لەئلىگۇن قىلماققەدۇر، بۇ كىم
كېلۇر باغرىم شىگافىدىن لەبىڭ شەۋقىدە قان ھەردەم.
(تۇپرىغىمنى قىزىل رەڭگە بوياش ئۈچۈن لېۋىڭنىڭ ئىش-
تىياقىدا باغرىم يېرىقلىرىدىن تىنماي قانلار ئاقىدۇ.)

مەگەر مەجنۇن كوڭۈلگە ھەردەم ئەيلەر ئول پەرى جىلۋە،
يوق ئېرسە نېۋچۈن ئۆزىدىن بارۇر بۇ ناتەۋان ھەردەم.
(بۇ مەجنۇن كوڭۈلگە ئۇ پەرى ھېمىشە جىلۋە قىلىدۇ، بولمىسا
بۇ بىچارە نىمە ئۈچۈن تىنماي ئۆزىدىن كېتىپ قالىدۇ.)

ئاچار گويا سەبا ئول گۇل يۈزىدىن ھەرزەمان بۇرقە،
بۇ كىم بىر فىتنە بىرلە قوزغالۇر ئەھلى زەمان ھەردەم.

(تالڭ شاملى ھەمىشە ئۇ گۈلنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى ئېچىۋېتىدۇ، شۇ سەۋەپتىن كىشىلەر لەرزىگە كېلىدۇ.)

ساۋۇغ ئاھىم بۇرودەت سالدى ئالەم ئىچرە قىش ئېرمەس،
بۇلۇت يوق، دۇدى ئاھىمدىن كورۇنمەس ئاسمان ھەردەم.
(ئالەمنى مۇزلىتىۋەتكەن قىش ئەمەس، بەلكى مېنىڭ سوغاق ئاھىم، ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن بۇلۇت ئەمەس، بەلكى ئاھىمنىڭ تۈتۈنى.)

كېرەك بىردەم قەدەھكىم، مەي سۈيى ھەرلەھزە قايتارغاي،
بۇكىم دەۋران جەفاسىدىن يېتەر ئاغزىمغە جان ھەردەم.
(ھەردائىم زامان جاپاسىدىن جان ئاغزىمغا كېلىپ قالغان چاغدا، بىر پەس قەدەھ كېرەك، چۈنكى مەي جاننى جايىغا قايتۇرۇدۇ.)

بۇ مەنزىلدىن ساڭا يول ئەزمىغە بائىسدۇرۇر بۇكىم،
يېتەر بىر كارۋان ھەردەم، ئۆتەر بىر كارۋان ھەردەم.
(بىر كارۋان كەلسە، بىر كاۋان كېتىدۇ، بۇ مەنزىلدىن سەپەرگە ئاتلىنىشىڭنىڭ سەۋەۋىمۇ ئەنە شۇنداق.)

دەمادەم جەۋر ئىلە بۇزدۇڭ نەۋائى كوڭلىن ئانداقكىم،
بۇزۇلغاي مۇلك گەر زۇلم ئەتسە شاھى كامران ھەردەم.
(پادىشا زۇلۇم سالسا يۇرت ۋەيران بولغاندەك، ئۈزلىكسىز ھوكۇمران جەۋرىېلىپ ناۋايىنىڭ كوڭلىنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭ.)

ئەيلەدىم ئەزمى سەفەر ئەيلەي دىبان ئىشىق ئوتى كەم،
ئول خۇد ئەفزۇن بولدى ھەرمەنزىل دىمەيكىم، ھەرقەدەم.
(ئىشق ئوتى پەسەيسۇن دەپ سەپەرگە چىققان ئىدىم،
ھەرمەنزىلدە ئەمەس، ھەرقەدەمدە بىر ئورلەپ تۇردى.)

قايسى مەنزىل، نى قەدەم، ھەردەمكى ئوردۇم يول ئارا،
غەم سىپاھى خەيلى كورگۇزدى ئول ئوتتىن بىر ئەلەم.
(يول بويى، ھەر بىر مەنزىل، ھەربىر قەدەم، ھەربىر نەپەستە
غەم لەشكەرلىرى ئوتلۇق بايرىغىنى پۇلاڭلىتىپ كەلدى.)

سەيركىم دەرلەر كەم ئەيلەر ئىشقىنى، ئەي رەفىق،
كىم جاھان ئاۋارەسى بولدۇم، غەلەت چىقتى بۇ ھەم.
(سەيرقىلسا ئىشق دەردى ئازىيىدۇ دېيىشىدىكەن، ئەي دوستۇم،
مەن جاھان ئاۋارىسى بولدۇم، ئۇ گەپمۇ توغرا چىقمىدى.)

ھەجرۋادىسىغە قىلماڭ ئەزم ئاشىقلاركى، بار
ھەر خەسى بىر تىغى مىھنەت، ھەرتاشى بىر كوھى غەم.
(ئەي ئاشىقلار، ھىجران دەشتىگە قەدەم باسماڭلار،
ئۇنىڭ ھەر بىر گىياسى بىر جاپا تىغى، ھەر بىر تېشى بىر
قايغۇتېغى.)

كويىنىڭ دىۋارى ئۈستۈمگە يىقىلسا ياخشىراق،
ئاندىن ئايرو جىلۋەگاھىم بولغۇچە ئەۋجى ھەرەم.

(ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يايرايدىغان يېرىم ھەرەمنىڭ تورى بولغاندىن كورە، ئۇنىڭ كوچىسىنىڭ تېمى ئۇستۇمگە ئورۇلگىنى ياخشىراق.)

ئىشق ئىلە تابتىم ئەدەم سەھراسىدىن مۇلكى ۋۇجۇد،
ئاشىق ئولدۇم دەرد قىلغۇنچە ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم.
(ئىشق يولىدا يوقۇلۇش سەھراسىدىن ۋۇجۇد مولكىنى تاپتىم،
دەرت ۋۇجۇدۇمنى يوق قىلىۋەتكىچە ئاشىق بولدۇم.)

كوپ خىرەد خەتتىن، نەۋائى سارى چەكمە، ئەي رەفىق،
كىم ئاڭا كىلكى قەزا ئاشىقلىق ئەيلەپتۇر رەقەم.
(ئەي دوستۇم، ناۋايى ئۇچۇن ئېقىل خېتىنى پۈتمە،
چۈنكى تەقدىر ئۇنىڭغا ئاشىقلىقنى پۈتكەن.)



مووۋافىق كەلدىلەر بولمىش مەگەر نەۋرۇز ئىلە بەيرەم،
چەمەن سەرۋى ياشىل خىلئەت مېنىڭ سەرۋەرەۋانىم ھەم.
(نورۇز بىلەن بايرام تەڭ كېلىپ بەكمۇ جايىدا بولدى،
چىمەندىكى سەرۋىمۇ، مېنىڭ سەرۋى بويلۇقمۇ يېشىل كىيىم كېيىپتۇ.)

چەمەن سەرۋى قالىب ھەيران، مېنىڭ سەرۋىم قىلىب جەۋلان،
ئانىڭ شەيداسى بىر دىھقان، مۇنىڭ شەيداسى يۈز ئالەم.
(مېنىڭ سەرۋى بويلۇقۇم جەۋلان قىلسا، چىمەن سەرۋىسى ھەيران قالدۇ، ھەيران قالغۇچىغا دىخان شەيدا، جەۋلان قىلغۇچىغا جىمى ئالەم...)

چەمەن سەرۋى قالىب بىبەر، مېنىڭ سەرۋىم بولۇپ دىلبەر،
ئانى يەل ئەيلەبان مۇزتەر، بۇيەلدىن سەكرەتىب ئەدھەم.
(چىمەن سەرۋىسى مېۋىدىن قالدى، مېنىڭ سەرۋىم دىلبەر بولدى، شامالدىن ئالدىنقىسى شۇمشىيدۇ، كېيىنكىسى دۇلدۇلدەك چاپچىيدۇ.)

قونۇپ ئول سەرۋ ئۇزە بولبۇل، چېكىپ گۈل شەۋقىدىن غولغۇل،
بۇ سەرۋ ئۇزرە ئاچىلىپ گۈل، ئوڭا تەردىن توشۇپ شەبنەم.
(ئەۋۇ سەرۋىگە بولبۇل قونۇپ، گۈل ئىشقىدا پەريات كۆتۈرۈدۇ، مۇنۇ سەرۋ ئۇستىدە گۈل ئېچىلىپ، يۈزىدە ئۈنچىدەك شەبنەم يالتىرايدۇ.)

قىلىپ ئاھىم سارى پەرۋا، بۇيان مەيل ئەتمەدىڭ قەتئا،
سەبادىن ئەي قەدى رەئنا، بولۇر ھەم سەرۋ گەھ گەھ خەم.
(ئاھىمغا ئېتىۋار بېرىپ، بۇ تەرەپكە زادى ئىگىلەي دېمىدىڭ،
ئەي گۈزەل قامەت، تاڭ شامىلى چىقسا سەرۋىمۇ بەزەن
ئىگىلىدىغۇ.)

بۇ باغ ئىچرە مەي ئەي ساقى، كى بارمەن ئەسرۇ مۇشتاقى،
كى ئاندا سەرۋ ھەم باقى ئەمەس، گۈل ئەھدى ھەم مەھكەم.
(بۇ باغ ئىچىدە ساقى بار، مەن ئۇنىڭ ئەڭ خۇشتارى،
بۇ باغدىكى سەرۋى مەڭگۈلۈك ئەمەس، گۈلنىڭمۇ ۋەدىسى
چىڭ ئەمەس ئىكەن.)

نەۋائى، كويىن ئەت مەنزىل، يۈزۈ قەددىغە بول مايىل،
كى باغ ئەتمەس سېنى خۇش دىل، گۈلۇ سەرۋ ئەيلەمەس خۇررەم.
(ناۋايى ئۇنىڭ كوچىسىدىن مەنزىل تۇتۇپ، يۈزى ھەم قەددىگە
ئىگىل، چۈنكى باغ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاچالمايدۇ، گۈل ۋە
سەرۋى خۇش قىلالمايدۇ.)

نىتاڭ گەر موھلىك ئولسە دۇدى ئاھىم ئىمتىدادى ھەم،
كى بىر ھىجران تۈنىچە باردۇر ئانىڭ بەد سەۋادى ھەم.
(ئاھىم تۈتۈنىنىڭ يېيىلىشى قورقۇنۇشلۇق بولسا، ھەيران بولماڭ،
ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى ھىجران كېچىسىدەك قارا.)

ئەگەر بىردەم ئۇنۇتسام ئانى، ھەقدىن ئىستەرەم ئۆلمەك،
ئەگەرچە ئۆلتۈرۈر ھەردەم مېنى بىدىلنى يادى ھەم.
(ئەمما ئۇنى بىردەم ئۇنۇتسام، خۇدادىن ئۆلۈم تىلەيمەن،
ئۇنى ئەسلەش مەن زەئىپنى ئۆلتۈرسىمۇ مەيلى.)

تۈگۈلمىش زۇلفىغا لىكىن يۈز ئاچساڭ ئاچىلۇر كۆڭلۈم،
سېنىڭ ئاللىڭدەدۇر ئول تەلبە بەندىيۇ كۈشادى ھەم.
(چىچىڭغا باغلانغان كۆڭلۈم يۈزۈڭنى ئاچساڭ بوشايدۇ،
بۇ تەلۋىنىڭ بەنت بولۇشىمۇ، ئازاتلىققا چىقىشىمۇ ساڭا باغلىق.)

ھەياتىم نەخلىنى ھەجرىڭدە ئەشكىم سۇيى چۈن يىقتى،
مەدەد قىلدى نىگۈن ئەيلەردە ئاھىم تۈندبادى ھەم.
(ھاياتىم كۆچىتىنى ھەجرىڭدا تۆككەن كۆز يېشىم يىقىتتى،
ئۇنى يىقىتىش ئۈچۈن ئاھىم بورانىمۇ بولاشتى.)

ئۇقۇبەتلەر بىلە ھەجرىدە ئۆلتۈرسەڭ مېنى، ئەي ئىشق،
جەھان ئەھلى ئارا ئىبرەت ئۈچۈن يەتكۈر مۇنادى ھەم.

(ئەي ئىشق، ھىجرانلىقتا مېنى ئازاپلاپ ئۆلتۈرسەڭ،
خەلقى ئالەمگە ئىبرەت بولسۇن دەپ جاكاچى سال.)

كىرەكمەس ئىززە بولماق شاھىدى دەۋلەت باش ئىندۈرسە،
كى پۈرخەملىق ئېرۇر ئانىڭ سالامى، خەيربادى ھەم.
(ماڭا دولەت گۈزەللىنىڭ باش ئېگىشى بىلەن ئىززەت تېپىش
لازىم ئەمەس، ئۇنىڭ سالامى ھەم "خەير خوش" لىرى كىشىنى
مۈكچەيتىۋېتىدۇ.)

مېنى زوھد رىيا سارى چۇ تەرغىب ئەتتىڭ ئەي زاھىد،
سەلاھى بار ئىبسە زاھىردۇرۇر ئانىڭ فەسادى ھەم.
(ئەي زاھىد، مېنى تەركى دۇنيالىق بىلەن رىياكارلىققا دەۋەت
قىلىۋاتىسەن، ئۇنىڭ پاكلىقى بار بولسىمۇ، بۇزۇقچىلىقىمۇ ئايان.)

نەۋائى ئېگىنگە قويدۇڭ سەبۇ ئىچمەككە دەير ئەھلى،
بۇ ئېردى ئومرلار ئەي مۇغبەچە ئانىڭ مۇرادى ھەم.
(ئەي مۇغبەچە، ئىچەرمەنلەر ئۇچۇن ناۋائىينىڭ بويىنىغا مەي
كوزىسىنى ئېسىپ قويۇپ ياخشى قىلدىڭ، ئۇنىڭ ئۇمۇربويى
ئارزۇسى موشۇ ئىدى.)

نى ئۇچۇن تەركى مۇھەببەت قىلدى ماھىم، بىلمەدىم،
بۇ غەزەبكىم ئەيلەدى ماھىم، گۇناھىم بىلمەدىم.
(بىلمىدىم، ئاي يۈزلۈگۈم نىمە ئۇچۇن مۇھەببەتتىن كەچكەندۇ،
مۇنچە، ئاچچىقلانغىدەك نىمە گۇنا قىلغاندىمەن؟)

ئاشىق ئولدۇم ياردىن تاپقاي دىبان كوڭلۇم ۋىسال،
ھەجر بۇ يەڭلىغ بولۇرنى كىمنەخاھىم، بىلمەدىم.
(يار ۋىسالىنى تاپاي دەپ ئاشىق بولۇۋىدىم، ھىجرانلىق
مۇنداق ئوچ ئالىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن.)

يار كويى ئىچرە ئىتتى زار كوڭلۇم ئاھىدىن،
قايدا توشكەنى بۇ يەلدىن تەركى گاھىم، بىلمەدىم.
(يار كوچىسىدا ئاھ ئۇرۇۋېرىپ، بىچارە كوڭلۇم يوقالدى،
بىلمىدىم بۇ سەرسان شامالدا ئۇچۇپ نەگە چۈشكەندۇ.)

ئىشق بوستانىغە كىرگەندە ھەۋايى قۇش كەبى
سۇنبۇلى زۇلفى بولۇرنى دامى راھىم، بىلمەدىم.
(ئىشق بوستانىغا قۇشتەك ئۇچۇپ كىرىۋىدىم، بىراق يولۇمدا
ئۇنىڭ سۇمبۇل چېچىنىڭ توزاق ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي.)

ئەقلۇ ھوشۇ سەبرىم ئىتتى كورگەچ ئول كىرپىك سەفىن،
بىر - بىر ئولماغنى قارا كورگەچ سىپاھىم بىلمەدىم.

(ئۇنىڭ سەپ تارتقان كىرپىكلىرىنى كورۇش بىلەن ئەقىل - هۇشۇم،
سەۋر - تاقىتىم يوقالدى، بۇ قارا ياۋغا ئۇچراپ لەشكەرلىرىمنىڭ
بىر - بىرلەپ ئولۇپ كېتىشىنى بىلمەيتىمەن.)

كىرمەگونچە دەير ئارا تىنىچ ئولمادىم، تۇت بادەكىم،
غۇسسەدىن بۇ قەلئە ئىركەننى پەناھىم، بىلمەدىم.
مەيخانىغا كىرمىگىچە ئارام تاپالمىدىم، مەي تۇتقىن، بۇ
قايغۇدىن پانا تاپىدىغان قەلئە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتىمەن.)

ئەي نەۋائى، بۇيلە قىلغان روزگارىمنى قارا
ھەجرشامى ئېردى ياخۇد دۇدى ئاھىم، بىلمەدىم.
(ئەي ناۋايى، بىلمىدىمكى، روزىگارىمنى بۇنچىلىك قارا
قىلغۇچى ھىجران كېچىسىمىدۇ، ياكى ئاھىم تۇتۇنلىرىمىدۇ؟)

نىچە كۇندۇركى خەبەر تاپماسشام سىيمبەرىمدىن،
نى ئەسەردۇر خەبەرىمدىن، نى خەبەردۇر ئەسەرىمدىن.
(نەچچە كۇن بولدى، ئۇ كۇمۇش بەدەندىن خەۋەر تاپالمىدىم،
يا خەۋىرىمدىن ئەسەر يوق، يا ئەسىرىمدىن خەۋەر يوق.)

نەزەرىم ئاللىدا ئايسىز كېچەدىن تىرەراق ئولدى،
ھەجر كۇندۇزلەرى تا باردى قۇياشىم نەزەرىمدىن.
(قۇياشىم كورۇنمىگەچكە، جۇدالىق كۇندۇزلىرى كوزۇمگە
ئايسىز كېچىدىنمۇ قاراڭغۇ بولۇپ كورۇندى.)

زەخم قاتىل ئىكەنىن دەرگە ئېرۇر ھەر بىرى بىر يىل،
تىغى ھەجرى قايۇ پەرگالەكى تىلدى جىگەرىمدىن.
(قاتىل زەخمىنى بايان قىلىشتا ھىجران تىغى جىگىرىمنى تىلىپ
قانچە پارچە قىلىۋەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئەجەللىك يارا ئىكەنلىكىنى
بايان قىلىشتا ھەر بىر پارچىسى ئۇچۇن بىر يىل كېرەك.)

كىلورەم ئاھ ئىلە رەسۋالىغ ئوتى ھەرسارى ساچىب،
ئافىيەت ئەھلى سەلامەت قوپۇڭىز رەھگوزەرىمدىن.
(ئاھ ئۇرۇپ، رەسۋالىق ئوتىنى ھەريان چېچىپ كېلىۋاتىمەن،
ئەي ساق كىشىلەر، ئوتەر يولۇمدىن سالامەت كېتىۋېلىڭلار.)

بۇيلەكىم ئول كوزى ئافەت يەنە ئوت جانىمە ئۇردى،
بەرقى ئافەت چاقىلور ئالەم ئارا ھەر شەرەرىمدىن.

(ئۇ ئاپەت كوز جېنىمغا يەنە شۇنداق ئوت چاچتىكى، ھەر بىر ئۇچقۇنىمدىن ئالەمگە ئاپەت چاقمىغى چېقىلىدۇ.)

ئول سۇفەت ئىشقو جۇنۇن تاغى ئىلە دەشتى ئارا ئىنتىم،
كى نى فەرھاد نىشان تاپتى نى مەجنۇن خەبەرىمدىن.
(ئىشق ۋە جۇنۇنلۇق تاغۇ - دەشتىدە شۇنداق يوقالدىمكى، يا پەرھات نىشانەمنى، يا مەجنۇن خەۋىرىمنى تاپالمىدى.)

دەھر باغىدا ۋەفا نەخلى ئىكىپ، بەردى جەفا بەر،
باغبانا، دەكى نى بەر يىگەمەن بو سەمەرىمدىن.
(دۇنيا بېغىغا ۋاپا كوچىتىنى تىكسەم، بەرگەن مېۋىسى جاپا بولدى، ئەي باغۋەن، ئېيتقىنا، بۇنداق مېۋىدىن نىمە بەھرە ئالىمەن؟)

ناسىھا، ئىشقۇ جۇنۇندۇر ھۇنەرىم، تەركى بۇيۇرمە،
ساڭا ئار ئولسا، ماڭا فەخردۇرۇر بۇ ھۇنەرىمدىن.
(ئەي نەسىھەتچى، مېنىڭ كەسپىم ئاشىقلىق بىلەن جۇنۇنلۇق، ئۇنىڭدىن كەچ دىمە، بۇنداق كەسپ سەن ئۈچۈن نومۇس بولسا، ماڭا ئىپتىخار.)

ئەي نەۋائى بارىبان يار، فەنا دەشتىغە تۇشتۇم،
مەگەر ئول قايتسە مەن قايتقامەن بۇ سەپەرىمدىن.
(ئەي ناۋايى، يار قېشىغا بارىمەن دەپ، يوقلۇش دەشتىگە كىرىپ قالدىم، ئەگەر ئۇ قايتىدىغان بولسا، مەنمۇ بۇ سەپىرىمدىن قايتاتتىم.)

مۇزەھھەب ئەيلەگەن پەيكانلارىڭ جىسمىم ئارا ھەريان،
دىمە ياش چەكتىكىم، چەكتى زەبانە شۇئلەئى ھىجران.
(كىرپىك ئوقلىرىڭ سانچىلىۋېرىپ، جىسمىمنى ئالتۇن ھەل بەرگەندەك قىلىۋەتتى، مەن ياش توككىنىم يوق، ماڭا جۇدالىق ئوتى يالقۇن چاچراتتى.)

قاچان پەيكان كورۇنگەي ھەجر ئوتىنىڭ شوئلەسى بولسا،
ئانى تارتىپ چىقارماق زەخم ئىچىدىن بارمۇدۇر ئىمكان.
(ھىجران ئوتى لاۋۇلداپ تۇرغان يەردىكى ئوق قاچان كورۇنەر؟ ئۇنى يارا ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىشنىڭ ئامالى بارمىدۇ؟)

نى تاش ئاتىپ تەنىمنى زەخم قىلساڭ، غەمغە قالۇرمەن،
مۇڭا نى باغلاي، ئانى قايدا باغلاي دەب مەنى ئۇريان.
(تاش ئېتىپ تېنىمنى زەخمىلەندۇرسەڭ، مەن يالىڭاچ "بۇنىڭغا نىمە تاڭاي، ئۇنى قەيەردىن تاڭاي" دەپ غەمدە قالىمەن.)

بەلا دەشتىدە كورگەن ۋەھش مەجنۇننى، مېنى داغى،
خىرەد ئەھلى قاشىدا تەلبە كورگەندەك قالۇر ھەيران.
(ۋەھشى ھايۋانلار بالا دەشتىدە مەجنۇننى ھەم مېنى كورسە، ھۇشى بار ئادەمنىڭ قېشىدا ساراڭنى كورگەندەك ھەيران بولىدۇ.)

سوڭەكلەرنى تەنىمدىن بىر - بىر ئايىردى غەمى ھەجرىڭ،
مەھەلدۇر ئىتلارىڭنى ئەيلەسەم كۇلبەم ئارا مىھمان.

(ھىجراننىڭ غېمى سۇڭەكلىرىمنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىۋەتتى،
مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۆيۈمدە ئىتلىرىڭنى مېھمان قىلالىشام.)

نىمەن قالغۇم، نى سەن باقى، زەمانى كەلگىل ئەي ساقى،
قەدەھ دەۋرىنى خۇش تۇتقىل، ۋەفاسىزدۇر بەسى دەۋران.
(ئەي ساقى، مەنمۇ قالمايمەن، سەنمۇ باقى ئەمەس، ۋاقىتتا كەل،
دەۋران ۋاپاسىز، قەدەھنى ئايلاندۇرۇپ تۇرغىنىمىز غەنىمەت.)

فەنا دەيرىدە سائىللىقنى سۇلتانلىقدىن ئارتۇق بىل،
كى ئۆلمەكلىكدە تەڭدۇرلەر ئەگەر سائىل ۋە گەر سۇلتان.
(بۇ تۈگەيدىغان دۇنيادا تىلەمچىلىكنى پادىشالىقتىن ئارتۇق بىل،
بەرىبىر ئۆلۈم ئالدىدا تىلەمچىمۇ، پادىشامۇ ئوخشاش.)

جەھان ئىچرە كىشىنىڭ چۈن يوقىيۇ بارى يەكساندۇر،
نى فەرروخ كىمسەدۇر كورگەن جەھان بارۇ - يوقى يەكسان.
(دۇنيادا كىشىلەرنىڭ يوق بولۇشى ۋە بار بولۇشى ئوخشاش
بىر گەپ، جاھاننىڭ بار - يوقىنى ئوخشاش كورگەن بەختىيار
كىشىدۇر.)

نەۋائىي ئۆزنى خۇش تۇتكىم، كىشىگە دەھر ئىشى باردۇر،
ئەگەر مۇشكۇل تۇتار مۇشكۇل ۋەگەر ئاسان تۇتار ئاسان.
(ناۋايى، ئۆزەڭنى خۇش تۇت، كىشىلەر زامانىنىڭ ئىشى بىلەن
مەشغۇل، مۇشكۇلگە تۇتۇش قىلساڭ مۇشكۇللۇك، ئاسانغا تۇتۇش
قىلساڭ ئاسانلىق تاپىسەن.)

يارۇتماس قۇياش تىرە شامىم قاراسىن،
كى بۇ شام ئېتەر تىرە ئانىڭ زىياسىن.
(قۇياش قاراڭغۇ كېچەمنى يورۇتمىدى، بەلكى بۇ
قاراڭغۇلۇق قۇياشنىڭ نۇرىنى خىرەلەشتۇردى.)

ئاچار شاھ ئۆزى بەند قىلغاننى، لېكىن
خەلاس ئەيلەي ئالماس ئۆزى مۇبتەلاسىن.
(پادىشا ئۆزى تۇتقۇن قىلغانلارنى بوشىتالايدۇ، بىراق
دۇچكەلگەن بالادىن ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرالمايدۇ.)

گەر ئەييۇب سەبر ئەتتى تۇرلۇك بەلادا،
ۋەلى كورمەدى ھەجر شامىن بەلاسىن.
(ئايۇپ پەيغەمبەر ھەرخىل بالاغا قالسىمۇ سەۋر قىلالىدى، بىراق
ئۇ ھىجران كېچىسىنىڭ بالاسىنى كورگەن ئەمەس - دە.)

بۇلۇت بولدى ئاھىمكى، ئول ئاينى ياپقاي
ئولۇستىن، قىلىب تىرە ئىشقى ھەۋاسىن.
(چەككەن ئاھىم بۇلۇتقا ئايلاندى - دە، ئىشقى ھاۋاسىنى
قارايتىپ، ئۇ ئاينى كىشىلەردىن يوشۇردى.)

دىرەم ئورنىغە بەرسەڭ ئەنجۇمنى تاشلار،
ئەگەر ئىمتىھان قىلساڭ ئول ئاي گەداسىن.

(ئۇ ئاينىڭ تىلەمچىسىگە، سىناش ئۈچۈن، تەڭگە ئورنىغا
يۇلتۇزنى بەرسەڭمۇ ئالماي تاشلىۋېتىدۇ.)

قانى رايى موندىن سەۋاب، ئەي كوڭۇلكىم،
كىشى قابىل ئولسە بىلىب ئوز خەتاسىن.
(ئەي كوڭۇل، كىشى ئوز خاتاسىنى تونۇشقا قابىل
بولسا، بۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش توغرا خاھىش بولامدۇ.)

نەۋائى ئىبرۇر بۇلبۇلۇڭ، لېكىن، ئەي گۇل،
ئۇنۇتتۇردى ھەجرىڭ خەزانى نەۋاسىن.
(ئەي گۇل، ناۋايى سېنىڭ بۇلبۇلۇڭ ئىدى، بىراق ئۇ، ھىجرانىڭ-
نىڭ كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەچ سايراشنى ئۇنۇتتۇردى.)

ھەر كىشى بەيرەم سەباھى شادۇ مەن غەمناك مەن،
ئەيدگاھ ئىچرە ئاياق ئاستىداغى خاشاك مەن.
(بايرام ئەتىگەنلىكى ھەممە ئادەم خوشال، مەن بولسام غەمكىن،
ھېيتكادا ئاياق-ئاستى بولغان خەسكە ئوخشايمەن.)

گەرچە ئەل بەيرەم سەباھى شادماندۇرلەر، ۋەلىك
ساغىنۇرمەن بارچە غەمكىندۇر، چۇ مەن غەمناك مەن.
(بايرام ئەتىگەنلىكى كىشىلەر شادۇ-خورام بولسىمۇ، مەن ئۆزەم
غەمكىن بولغاچقا، ئۇلارنىمۇ غەمكىن ھېس قىلىمەن.)

ئاھ دۇدى بىرلە تاجۇ ئەشكى قانىدىن لىباس
ئول قارا، بۇ ئال ئول يەڭلىغكى بۇ بىباك مەن.
(ئاھ تۈتۈنىدىن تاج، قان ياشتىن كىيىم كەيدىم، قارا تاج
قىزىل كىيىم بىلەن ھېيىقماس تۇسكە كىردىم.)

قاۋساڭ ئالىڭدىن ياناردا دىمەگىل كاھىل مېنى،
قوي ئىنانىڭدا يۈگۈرمەك كوركى نى چالاك مەن.
(قوغلىساڭ، ئالدىڭدىن كەتكەن ھالىمنى كورۇپ قاشاڭ نىمكەن
دەپ قالما، سېنىڭ تىزگىنىڭدە بولسام، يۈگۈرۈكلىگىمنى شۇ
چاغدا كورەتتىڭ.)

بارما مەھۋەشلەر تاماشاسىغە دەرسەن مەن كەبى،
زاھىدا، قىلدىڭ گۇمانىڭىم مۇنچە بى ئىدراك مەن.

(ئەي زاھىت، ئۈزۈڭگە ئوخشاش گۈزەللەر تاماشاسىغا بارما
دەيسەن، سەنچە، مەن شۇنچە دىتسىزمۇ؟)

تاكى قىلدىم رەزسۈيىدىن تەرك ھۇش، ئەي باغبان،
خەم بولۇپ، قول ھەر تەرەپ سالغان ئىچۈككىم تاك مەن.
(ئۈزۈم سۈيى بىلەن ھۇشۇمدىن كەتتىم، ئەي باغۋەن، پۈكۈلۈپ،
ھەر تەرەپكە قول تاشلاپ يېتىشىم تەككە ئوخشىمامدۇ؟)

ئەي نەۋائى، پەيزىدىن ئەنفاسىم ئۆلمىش روھ بەخش،
تا مەسىھادەك ئەلايىق زۇلمەتىدىن پاك مەن.
(ئەي ناۋايى، پەيزىدىن نەپەسلىرىم جان بەخش بولۇپ كەتتى،
تاكى ئەيسادەك قاراڭغۇلۇق ئالاقىلىرىدىن پاك مەن.)

كوزلەرىم كور ئەت، كوڭۈلگە داغى ھىجراندىن بۇرۇن،
كىم بۇ ئىككى كويدۇرۇپتۇرلەر مېنى ئاندىن بۇرۇن.
(كوڭلۇمنى ھىجران ئوتى كويدۇرۇشتىن بۇرۇن كوزلىرىمنى
كور قىل، چۈنكى بۇ ئىككىسى مېنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن كويدۇرگەن.)

گەرچە كوپتۇر ئاشىقلىق، لىكىن يۈز ئاچساڭ، كىمسەنىڭ
ئۆلمەگى مۇمكىن ئەمەس، مەن زار ھەيراندىن بۇرۇن.
(ئاشىقىڭ كوپتۇر، لېكىن يۈزۈڭنى ئاچىدىغان بولساڭ، ھېچكىمنىڭ
مەن گاڭگىراپ قالغان بىچارىدىن بۇرۇن ئۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس.)

ئەشك ئىلە دەرسەن بۇزاي كوڭلۇمنى ئەي كوز، لىك ئىشق
يەر بىلە تەڭ قىلمىش ئانى سەيلى مىژگاندىن بۇرۇن.
(ئەي كوزۇم، ياش بىلەن كوڭلۇمنى بۇزاي دەيسەن، بىراق ئىشق
مېنى ياش كەلكۈنىدىن بۇرۇن يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن.)

كەلگىل ئەي، جانۇ كوڭۇل ئارامىكىم، بولماق فىداڭ
جان كوڭۇلدىن بۇرۇنراق ئىستەر، كوڭۇل جاندىن بۇرۇن.
(ئەي جان ھەم كوڭلۇمنىڭ ئارامى، كەلگىنە، جان كوڭۇلدىن،
كوڭۇل جاندىن بۇرۇن ساڭا پىدا بولۇشنى تالىشىدۇ.)

نۇش ۋەسلىڭ بارىدا توتما دىسەم دەردى فىراق،
دەر: "زەھەر ئىچمەگىلىك ئەۋلا ئابىھەيۋاندىن بۇرۇن".

(ۋىساللىڭ شەربىتى بارىدا پىراق دەردىنى يۇتقۇزما دىسەم،
ئابى ھايات ئىچىشتىن بۇرۇن زەھەر ئىچىش ياخشى دەيدۇ".)

گەر ساڭا يوقتۇر ۋەفا، ھوسنۇڭغە ھەم يوقتۇر ۋەفا،
بەس غەنىمەت بىل ۋەفا بولماق پۇشايماندىن بۇرۇن.
(ئەگەر پۇشايماندىن بۇرۇن ۋاپانىڭ قەدرىگە يەتمىسەڭ، ساڭىمۇ
ۋاپا يوق، ھوسنىڭگىمۇ ۋاپا يوق.

ئەي نەۋائى، يەتكەي ئول ئايغە فىغانىم دەر ئىدىم،
ئاھكىم تا ئاچتى يۈز، جان يەتتى ئەفغاندىن بۇرۇن.
(ئەي ناۋايى، ئۇ ئايغا پىغانىمنى يەتسىدى دەيتتىم، ئاھ،
ئۇ يۈزىنى ئېچىۋىدى، پىغانىمدىن بۇرۇن جېنىم بارىدىغان يەرگە
باردى.)

ئەي، باھار ئۇلغايىكى، نالەم رەئد ئېرۇر، ئەشكىم ياغىن،
بەرق دەر كورگەن جەھان ئىچرە دەمىم ئوت سالماغىن.
(باھار بولسا نالە زارىم گولدۇرماما، كوز يېشىم يامغۇر بولىدۇ،
جاھانغا ئوت سالغان ئاھىمنى كورگەنلەر چاقماق دەپ قالىدۇ.)

ناتەۋان باشىمغە ياغدۇرماقتىن ئۇزگە قەسد يوق،
سەرسەرى ئافەت ئۇچۇرسا ھەجر كويى تۇفراغىن.
(ئاپەت بورىنى ھىجرانلىق كوچىسىنىڭ توپىسىنى ئۇچۇرسا، ئۇنى
بېشىمغا ياغدۇرۇشتىن باشقا قەستى يوق.)

چەرخ ئوزە ئېرمەس شىھاب، ئول ھەم بىر ئاي ھىجرانىدا،
رىش قىلدى تارتىبان كوكسىگە ئەختەر تىرناغىن.
(ئاسماندىن يالقۇنلۇنۇپ ئوتكەن ئۇچار يۇلتۇز ئەمەس، ئاسماننىڭ
بىر ئاي پىراقىدا يۇلتۇز تىرنىقى بىلەن كوكسىگە زەخمە سىزغانلىقى.)

ساغىنىب كويۇڭدا ئولگەن ئىتلارىڭنى مەن ئۇنۇت،
مەن ئۇنۇت بولغانىنى ھەم ئول ئولگەن ئىتلاردىن ساغىن.
(كوچاڭدا ئولگەن ئىتلىرىڭنى ئەسكە ئالغاندا مېنى ئۇنتۇپ
قالىسەن، ئۇ ئولگەن ئىتلىرىڭنى ئەسكە ئالغاندا مەن ئۇنتۇلغانلىقىمنىمۇ
ئەسلەپ قوي.)

يوقكى ئول خۇرشىددىن، خۇرشىد ئايدىن كويمەسۇن،
بۇكى بىر ياندىن سالۇر چابوكسۇۋارىم قالپاغىن.

(قۇياش ئاينى ئەمەس، ئاي قۇياشنى كۆيدۈرۈۋەتمەسمۇ، دەپ ئۇ ئاي يۈزلۈك چەۋەندازىم قالپىقىنى بىر يېنىغا چوكۇرۇپ كىيىۋاپتۇ.)

ئۇل ئاناكىم بار ئىدى فەرزەندى سەندىن دۇررى پاك،
يوق ئىدى ئىركىن سەدەفدەك يۇسالار دەپ قورساغىن.
(سەندەك بىر گۆھەر پەرزەنتىگە ھامىلدار بولغان ئانا، قورسىقىنى يوغاندا سەدەپتەك يوغان ئىكەن.)

تەۋبەۋۇ تەقۋا قارىغان ئەلگە بولدى لازىمە،
ئەي يىگىت، بىلگىل غەنىمەت ئىشقۇ مەجنۇنلۇق چاغىن.
(توۋا قىلىش، تەقۋالىق، قېرىغان كىشىنىڭ ئېھتىياجى، ئەي يىگىت ئاشىقلىق، مەجنۇنلۇق مەزگىلىنى غەنىمەت بىل.)

ئەرشە پەرۋاز ئولدى كىرگەن جەننەتى ئەجلاف ئارا،
ئەي خوش ئۇلكىم تاپتى ئۇل خۇش خۇيلۇقۇڭنىڭ ئۇجاغىن.
(سادە كىشىلەردىن جەننەتكە كىرگەنلەر بەلەن پەرۋاز قىلىشتى، ئەمما سېنىڭ خۇش خۇيلۇغۇڭنىڭ جەننىتىنى تاپقانلار راسا پەيز قىلىدۇ.)
گەر نەۋائىي، سايىر ئىردى ھەجردىن غەم تاغىدا،
تەبرەنە ئالماس چۇ ھەجر ئىگىنىگە قويىدى غەم تاغىن.
(ناۋايى، ھىجرانلىقتا غەم تېغىنى كەزگەن ئىدى، ئاخىرى غەم تېغىنىڭ ئاستىدا قېلىپ قىمىرلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.)

ساقىيا، مەن يۇتماغان خۇنابى ھىجران قالدىمۇ،
بەرمەسەڭ مەي ئەمدى قان يۇتماققا ئىمكان قالدىمۇ؟
(ئەي ساقى، ھىجراندىن مەن توكمىگەن قانلىق ياش قالدىمۇ، مەي بەرمىسەڭ، ئەمدى قان يۇتقىدەك ئىمكان قالدىمۇ؟)

ئەيكى، دەرسەن ئىستەسەڭ ۋەسلىمنى جان قىلغىل فىدا،
مۇنى سور ئەۋۋەلكى، ھەجرىڭدىن ماڭا جان قالدىمۇ؟
(ئەي، ۋەسلىمنى تىلىسەڭ جېنىڭنى پىدا قىل دەيسەن، ئاۋال شۇنى سورىغىنا، ھىجرىڭدە مەندە جان قالدىمۇ؟)

ئىشق مەخفى قالماس ئاخىر، ئەي كوڭۇل، كوپ چەكمە جان،
مەن ھەم ئەۋۋەل كوپ ياشۇردۇم، كوركى، پىنھان قالدىمۇ؟
(ئەي كوڭۇل، ئىشق بەرىبىر مەخپىي قالمايدىكەن، ئاۋارە بولما، مەنمۇ دەسلەپتە شۇنچە يوشۇرۇۋېدىم، قارىغىنا، يوشۇرۇن پېتى قالدىمۇ؟)

چەكتىلەر مەجرۇھ كوڭلۇمدىن خەدەنگىن كۆچ بىلە،
بارى، ئەي جان، مۇژدەئى بەرگىلكى، پەيكان قالدىمۇ؟
(ئوقىنى مەجرۇھ كوڭلۇمدىن كۈچەپ تۇرۇپ تارتىۋالدى، ئەي جان، خۇشخەۋەر بەرگىنە، ئوق قالدىمۇ-يوق؟)

كورگەچ ئۇل ئاينى جۇنۇندىنكىم يىقىلدىم، ئەي رەفىق،
تەڭرى ئۇچۇن ئەيتكىم ھالىمغە ھەيران قالدىمۇ؟

(ئۇ ئاينى كورۇپلا جۇنۇنلىغىم تۇتۇپ يىقىلدىم، ئەي دوست،
خۇدا ھەققى، دىگىنە، بۇ ھالىمغا ئۇ ھەيران قالدىمۇ-يوق؟)

ئەي كوڭۇل، بۇ گۇلشەن ئەترافىغە باقكىم، غۇنچەئى
كىم كوڭۇل جەمئ ئەيلەدى، بولماي پەرىشان قالدىمۇ؟
(ئەي كوڭۇل، بۇ گۇلشەن تەرەپكە قارىغىنا، غۇنچە كوڭلىنى
توق تۇتقان ئىدى، كىيىن پەرىشان بولماي قالدىمۇ؟)

ئەي نەۋائى، قاچماغىل ھەمدەملىغىمدىن، كوركى، يار
گەر ساڭا مىھرىن كەم ئەتتى، بىزگە يەكسان قالدىمۇ؟
(ئەي ناۋايى، ھەمدەملىگىمدىن قاچما، كورگىنىكى، يار ساڭا
ئانچە كويۈنمىگەن ئىكەن، بىزگە بىرخىل بولۇپ قالالىدىمۇ؟)

ئايەتى "ۋەششەمسى" خۇرشىد ئۇزارىدىن ئوقۇ،
سورەئى "ۋەللەيلى" خەتتى مۇشكبارىدىن ئوقۇ.
("ۋەششەمس" ئايىتىنى ئۇنىڭ قۇياش جامالىدىن ئوقۇغىن،
"ۋەللەيلى" سۇرىسىنى قارا مىيىغىدىن ئوقۇغىن.)

قامەتىڭ شەۋقى شەھىد ئەتكەنلەر ئاسارىن ئەگەر
بىلمەسەڭ ھەرقايسىنىڭ مىيلى مەزارىدىن ئوقۇ.
(قامىتىڭ ئىشقى شەھىت قىلغانلارنىڭ نىشانىنى بىلمەكچى
بولساڭ، ھەرقايسىنىڭ مازارىدىكى توغ ياغاچقا قارا.)

ئول قۇياش روخسارىيۇ سارىغ يۇزنىڭ شەرھىنى
سەفھەئى خۇرشىد خەتتى زەرنىگارىدىن ئوقۇ.
(ئۇ قۇياشنىڭ رۇخسارىنى ھەم مىنىڭ سىرىق يۇزۇمنىڭ
شەرھىنى قۇياش سەھىپىسىدىكى ئالتۇن خەتلەردىن ئوقۇغىن.)

ئوت تۇتاشقان كوڭلۇم ئەھۋالىن دىسەڭكىم ئاڭلايىن،
ئول خۇتۇتىكىم بولۇر پەيدا شەرارىدىن ئوقۇ.
(ئوت تۇتاشقان كوڭلۇمنىڭ ئەھۋالىنى بىلەي دىسەڭ،
ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن پەيدا بولغان خەتلەرنى ئوقۇغىن.)

سەبزەئى خەت بىرلە بۇگۇلشەن ۋەفاسىز ئىركەنىن
كىلكى قۇدرەت يازدى، رەيھانى بەھارىدىن ئوقۇ.

(يېشىل مايسا بىلەن گۈلشەننىڭ ئۆمرى، قىسقىلىقىنى
تەقدىر قەلىمى بىلەن يېزىلغان يېشىل رەڭ خەتكە قاراپ بىلىۋال.)

بادەغەم دەفئى قىلۇر كەيفىيەتىن دىسەڭ بىلەي،
ئۇل ئىلىككە جامى ئەرقامى كەناردىن ئوقۇ.
(مەينىڭ غەمنى يوقۇتىدىغان خىسلىتىنى بىلەي دىسەڭ،
قولدىكى جامنىڭ چۆرىسىدىكى خەتنى ئوقۇغىن.)

ئىستەسەڭ دەردى جۇنۇن، ئاچىب نەۋائى دەفتەرىن
تەلبەلىك شەرھىنى تاپىب ھالى زاردىن ئوقۇ.
(جۇنۇنلۇق دەردىنى بىلمەكچى بولساڭ، ناۋايىنىڭ دەپتىرىنى
ئېچىپ، جۇنۇنلۇق شەرھلەنگەن جايىنى تېپىپ ئۇنىڭ پەرىشان
ھالىنى كورگىن.)

ئويقۇنى ئاھىم يېلى كوزدىن ئۇچۇردى بۇكېچە،
ئەقلۇ ھىس ئەۋراق ئەجزاسىن ساۋۇردى بۇكېچە.
(بۇكېچە ئاھىم شامىلى كوزۇمدىن ئۇيقۇنى ئۇچۇرۇپ كەتتى،
ئەقىل ھۇش دەپتىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى توزۇتىۋەتتى.)

ھەجردىن تۇفراغ بولدۇم گويىيا ئەشكىم سۇيى
باشىمە چەرخى كوھەن تاقىن يېمۇردى بۇ كېچە.
(بۇ كېچە ھىجرانلىقتا يەر بىلەن يەكسان بولدۇم، گويا كوزيېشىم
كەلكۈنى بېشىمغا پەلەكنىڭ كونا گۈمبىزىنى ئاغدۇرۇۋەتتى.)

زۇلم تاشى ياغدۇرۇپ، ھىجران قىلىچى ئىندۇرۇب،
نى بەلالار ئىشق باشىمغە كېتۇردى بۇكېچە.
(ئىشق بۇكېچە زۇلۇم تېشىنى ياغدۇرۇپ، جۇدالىق قىلىچىنى سانچىپ،
بېشىمغا ئاجايىپ بالالارنى كەلتۈردى.)

زەخم كوپتىن مەن ئولۇم ھالىدا ئولگەن ساغىنىپ،
ئىت يالاپ قانىم، سوڭەكلەرنى كىمۇردى. بۇكېچە.
(بۇكېچە بەك زەخىملەنگەنلىكىمدىن ئىتلار مېنى ئولدى دەپ
ئويلاپ، قېنىمنى يالاپ، سۇڭەكلىرىمنى غاجىلىغىلى تۇردى.)

سۇبھ تالىئ بولمادى گەرچە ئۇل ئايدىن ئايرۇ ھىچ،
باشىمە مىڭ قەتلە گەردۇننى ئويۇردى بۇكېچە.

(بۇكېچە پەلەك چاقىنى بېشىمدا مىڭ قېتىم چوگىلەتتى،
ئۇ ئايسىز ماڭا بەخت تېڭى ئاتمىدى.)

چەرخ مەن سەرگەشتە باشىدىن خىجىل بولدىكى كوپ،
ئەنجومى ئەشكىم شىھاب ئاسا يۈگۈردى بۇكېچە.
(پەلەك مەن بېشى ئايلانغاندىن بۇكېچە بەك خىجىل بولدى،
چۈنكى يېشىم يۇلتۇزلىرى ئاقار يۇلتۇزدەك يۈگۈرگىلى تۇردى.)

تىرە ئاندىن دۈركى ئاي كۈن شەمئىن ئاھن سەرسەرى
چەرخ فانۇسى ئارا بىر- بىر ئۆچۈردى بۇكېچە.
(بۇكېچە شۇڭا قاراڭغۇ بولۇپ كەتتىكى، ئاھىم شامىلى
ئاسمان پانۇسلىرىدىكى ئاي، كۈن چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتتى.)

ئەي نەۋائى، ئۆلمەكىم ئاڭلاب ئۇل ئاينىڭ كويىدا
ئىتلارى بىردەم ئۇيۇپ، بىرلەھزە ھۆردى بۇكېچە.
(ئەي نا ۋايى، بۇكېچە مېنى ئۇ ئاينىڭ كوچىسىدا ئۆلدى دەپ
بىلىپ، ئىتلىرى بىردەم ئۇخلاپ، بىردەم ھۇۋلاپ چىقتى.)

ئىشق كوپ سالدى مېنى دەردۇ بەلىيەت چاھىغە،
ۋەھكى ئەمدى سودرەتۇر ھىجران سەياسەتگاھىغە.
(ئىشق مېنى دەردۇ بالا قۇدۇغىغا تالاي قېتىم تاشلىدى،
ئەمدى ھىجران جازا مەيدانىغا سۆرەپ ئېلىپ كىردى.)

ئەي خۇش ئۇلكىم، ئەيلەي ئالغاي ئولتۇزۇردە دەردى ئىشق،
بىرتەكەللۇم شاھىغە، يا بىر ۋەسىيەت ماھىغە.
(ئىشقنىڭ دەردى ئۆلتۈرگەندە، پادىشاسىغا بىر ئېغىزسۆز قىلىۋالسا،
ئاي يۈزلۈككە ۋەسىيەتنى ئېيتىۋالسا، نېمە دېگەن ياخشى.)

ئۇل قۇياش ھەريانكى بارسا سايە ھەمراھى ئانىڭ،
سايەدەك بىھال ئۆلۈرمەن رەشكدىن ھەمراھىغە.
(ئۇ قۇياش نەگە بارسا سايە ھەمرا بولىدىكەن، مەن ئاشۇ
ھەمراسىدىن رەشك قىلىپ، سايىدەك ھالسىزلىنىمەن.)

قورقارامكىم يەتمەگەي ھالىمغە مەي نەشئەسىدىن،
نېچەكىم بار ئېتمادىم خاتىرى ئاگاھىغە.
كوڭلىدىن چىقارمايدۇ دېگەن ئىشەنچىم زور ئىدى،
مەسلىكتە ھالىمغە يەتمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.)

يارەب، ئۇل بىدىلكى بىردىلغاھ ئانىڭ مەتلۇبىدۇر،
ئانى ھەم يەتكۈر، مېنى بىدىلنى ھەم دىلخاھىغە.

(ئەي خۇدا قايسى بىر دەرتمەن ئاشىق بىر مەھبۇبىغا يېتىشنى
خالايدىكەن، ئۇنىمۇ مەھبۇبىغا يەتكۈز، مەن دەرتمەنىنىمۇ مەھبۇ
بىمغا يەتكۈز.)

ئۆيلەدۈركىم ساتىبان يۇسۇفنى، ئالغاي قەلبى سىيم،
كىمكى مەتلۇبىن قويۇپ مەيل ئەتسە دۇنيا جاھىغە.
(كىمكى تەلەپ قىلىنغۇچىسىنى تاشلاپ، بايلىق مەرتىۋىسىگە مايىل
بولسا، خۇددى يۇسۇپنى سېتىپ ساختا تەڭگە ئالغاندەك ئىشنى قىلىدۇ.)

بىر بەھىشتى ھور ھەجرىدىن تامۇغنىڭ دۇدىدۇر،
باقساڭ ئوتلۇق كۆڭلىدىن چىققان نەۋائى ئاھىغە.
(ناۋائىينىڭ كۆڭلىدىن چىققان ئوتلۇق ئاھىغا قارا، ئۇ بېھىش
ھورىنىڭ پىراقىدا كۆتۈرۈلگەن دوزاق تۈتۈنىگە ئوخشايدۇ.)

چۇ ھەردەم ئول پەرى بىگانە بولغاي،
ياقىندۇركىم كىشى دىۋانە بولغاي.
(ئۇ پەرى ئۆزىنى تارتقان ھامان،
كىشى ساراڭ بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ.)

شەبىستان ئىچرە سەن ئول شەمئ سەنكىم،
كەۋاكىب دەۋرىدە پەرۋانە بولغاي.
(قاراڭغۇ كېچىدە سەن شۇنداق چىراقسەنكى،
يۇلتۇزلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولىدۇ.)

كۆرۈپ خالىڭنى، بىلدىمكىم قۇرۇتقان
شەكىبىم مەزرەئىن بۇ دانە بولغاي.
(خالىڭنى كۆرۈپ، مېنىڭ سەۋر - تاقەت ئېتىزىمنى
قۇرۇتقان مۇشۇ دان ئىكەنلىكىنى بىلدىم.)

مەيى لەئلىڭدىن ئولكىم بولدى رەنجۇر،
ئاڭا دارۇلشىفا مەيخانە بولغاي.
(لېۋىڭ شارابىنىڭ خۇمارىدا ئاغرىپ قالسا،
ئۇنىڭ شىپاخانىسى مەيخانە ئىكەن.)

نى يەر بولغاي دىمە مىڭ غەمگە مەنزىل،
كى گەر بولغاي بىزىڭ ۋەيرانە بولغاي.

(مىڭلاپ غەمگە قانداق يەر مەنزىل بولار دەمسەن،
ئەگەر بولسا مېنىڭ ۋەيرانەملا مەنزىل بولىدۇ.)

بىرەۋ جانۇ - جەھاندىن ئىستەگەي دوست،
كى ھەم ئازادە ھەم فەرزانە بولغاي.
(كىمكى قىسمەتلىك دوست تاپماقچى بولسا،
ئۇ ھەم توغرا، ھەم ئەقىللىق بولسۇن.)

نەۋائى سەنسىز ئۆلمەي مۇجرىم ئۆلمىش،
گەر ئالساڭ جاننى جۇرمانە بولغاي.
(ناۋايى سېنىڭسىز ئۆلمەي گۇناغا پاتتى،
ئەگەر جېنىمنى ئالساڭ گۇنادىن خالاس بولاتتىم.)

ئىبەردى يار بەزمىدىن ماڭا بىر بەستەئى قەندى،
ئالىپ ئۆپتۈمكى، يار ئىبردى لەبىيو ئاغزى مانەندى.
(يار بەزمىدىن ماڭا بىر بولاق قەن ئەۋەتىپتىكەن، ئېلىپلا سۆيدۈم، چۈنكى ئۇ يارنىڭ ئاغزى ھەم لېۋىگە ئوخشايدىكەن.)

مېنى بىمار ئۆلۈم ھالىدا قىلمايمۇ ھەۋەسكىم، يار
مەسىھۇخىزر ئانىڭدەك جانفىزار بەزم ئارزۇمەندى.
(ئەيسا ۋە خىزىر ئارزۇلايدىغان بۇنداق جانبەخش بەزمىگە ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن مەن كېسەلمەن نىمىشقا ھەۋەسلەنمەي.)

كوڭۈل ھەم ئاندا، جان ھەم ئاندا، ئەقلۇ - ھوش ھەم ئاندا،
نى سود ئەتكەي بۇ ھال ئىچرە ماڭا ئەھلى خىرەدمەندى.
(كوڭلۈممۇ، جېنىممۇ، ئەقلىممۇ، ھۇشۇممۇ — ھەممىسى شۇ يافتا، بۇ ھالەتتە دەردىمگە دانىشمەنلەر قانچىلىك دەرمان بولار.)

ۋىسال ئىقبالى تاپقانلار مەيى ئىشرەت بىلەن ھەمدەست،
نىتەي بولماي فىراق ئىدبارىدىن خۇنابى خۇرسەندى.
(ۋىسال بەختىگە ئېرىشكەنلەر راھەت شارابى بىلەن بىللە، مەن ھىجران پىشكەللىگىدە قانلىق ياش توكۇپ، كوڭلۇمگە ئارام بەرمەي، قانداق قىلاي.)

ئەمەس بەرگى ئاراگۇل بەرگىكىم يۈز پارە، كوڭلۈمدىن
چۇ ئۇليان ئورۇلۇر تىنماي تۇشۇپتۇر نېچە پەركەندى.

(بەرگلەر ئارىسىدا پارە - پارە بولۇپ كەتكەن گۈل بەرگى
ئەمەس، ئۇ تەرەپكە ئۇرۇلۇپ تىنماي چۇشۇپ تۇرغان كوڭلۇم
پارچىلىرى.)

جەھان باغىدا نەرگىس زەھرى چەشمىدۇر ماڭا روزى،
خۇش ئۇلكىم قىسمەتىدۇر غۇنچە ئاغزىنىڭ شىكەر خەندى.
(جاھان بېغىدا نەرگىس بولغىنىڭ ئاچچىق سۇيى مېنىڭ كۈن-
دىلىك ئۇزۇغۇم، غۇنچە ئاغزىنىڭ شىرىن كۈلكىسى نېسىۋەم بول-
سا، نېمە دېگەن ياخشى!)

تىلەرمەنكىم پەرىزادى تاپىب ئەمدى كوڭۇل بەرسەم،
بىلىندى كىمسەگە قىلماس ۋەفا چۇن كىمسە فەرزەندى.
(ئەمدى بىر پەرىزاتنى تېپىپ كوڭۇل بەرسەم دەيمەن، چۇنكى
ئادەمگە ئادەم پەرزەندىدىن ۋاپا كەلمەيدىكەن.)

قىلۇر جان رىشتەسىن سەررىشتەئى مەقسود ئىلە پەيۋەند،
تەئەللۇق تارىدىن ھەر كىمسە كىم قەتئى ئولدى پەيۋەندى.
(كىمكى مۇناسىۋەت يىپىدىن ئۈزۈلۈپ، ئاجراپ كەتسە، جان
رىشتىسىنى مەقسەت رىشتىسىگە باغلىغۇلۇق.)

زۇلالى ۋەسل ئىلە نى سۇد ئەگەر ئەل قانسە، جان تاپسە،
نەۋائى شۇئلەئى ھىجران ئاراچۇن كويدى، ئورتەندى.
(كىشىلەر ۋىسال شارابىغا قېنىپ جان تاپسا تېپىۋەرسۇن، ناۋائىي
بولسا ھىجران ئوتىدا كويۇپ، ئورتەندى.)

جانغە چۇن دەرمەن: "نى ئېردى ئولمەكىم كەيفىيەتى؟"
دەركى: "بائىس بولدى جىسم ئىچرە مەرىزلىك شىددەتى."
(جانغا: "ئولۇشۇمگە قانداق ئەھۋال سەۋەپ بولدى؟" دىسەم،
ئۇ دەيدىكى: "بەدىنىڭدىكى كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىغى.")

جىسمدىن سورسامكى: "نى ئېردى بۇ زەئىفلىگە سەبەب؟"
دەر: "ئاڭا بولدى سەبەب ئوتلۇق باغىرنىڭ ھىرقەتى."
(بەدىنىمدىن: "زەئىپلىشىپ كېتىشىڭنىڭ سەۋەۋى نېمە؟" دەپ
سورىسام، ئۇ دەيدىكى: "بۇنىڭغا ئوتلۇغ باغرىمنىڭ كويۇگى
سەۋەپچى.")

چۇن باغىردىن سوردۇم، ئەيتۇر: "ئاندىن ئوت تۇشتى ماڭا،
كىم كوڭۇلگە شوئلە سالدى ئىشق بەرقى ئافەتى."
(باغرىمدىن سورىغان ئىدىم، ئۇ دەيدىكى: "مۇھەببەتنىڭ ئاپەت-
لىك چاقمىغى كوڭۇلگە يالقۇن سالغان ئىكەن، ماڭا شۇنىڭدىن
ئوت تۇتاشتى.")

كوڭلۇمە قىلسام غەزەپ، ئەيتۇركى: "كوزدىندۇر گۇنەھ،
كورمەيىن ئول تۇشمەگەي بىرگە بۇ ئىشنىڭ تۆھمەتى."
(كوڭلۇمگە غەزەپلەنسەم، ئۇ دەيدىكى: "گۇنا — كوزدە. ئۇ
كورمىگەن بولسا، مەن بۇ ھەقتە تۆھمەتكە قالماس ئىدىم.")

كوزگە چۈن دەرمەنكى: "ئەي تەردامەنى يۈزى قارا،
سەندىن ئۆلمىش تەلبە كوڭلۈمنىڭ بەلاۋۇ دەھشەتى."
(كوزۇمگە دىدىمكى: "ئەي بىئەدەپ قارا يۈز، تەلۋە كوڭلۈمگە
چۈشكەن دەھشەتلىك بالا سەندىن كەپتىكەن.")

يىغلاپ ئەيتۇركۈزكى: "يوق ئىردى ماڭا ھەم ئىختىيار،
كىم كورۇندى ناگەھان ئۇل شوخ مەھۋەش تەلئەتى."
(كوزۇم يىغلاپ دىدىكى: "مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس ئىدى، ماڭا
ئەشۇ گۈزەل مەھۋەشنىڭ چىرايى تۇيۇقسىزلا كورۇنۇپ قالدى.")

ئەي نەۋائى، بارچە ئۇز ئۇزرىن دىدى ئۇلگۈنچە كوب،
كىم ساڭا ئىشق ئۇتى ئۇق ئېرمىش ئەزەلنىڭ قىسمەتى.
(ئەي ناۋايى، ھەممىسى ئۇلگىدەك بولۇپ، نۇرغۇن ئۇزۇرلىرىنى
ئېيتىشتى، بەس، تەقدىر ساڭا ئىشق ئوتىنى پۈتۈپتىكەن.)

ۋەھ، نىچە دەۋران جەفاسى ئەيلەگەي مەھزۇن مېنى،
ساقىيا، بىر دەۋر ئاياغى بىرلە قىل مەجنۇن مېنى.
(ئاھ، دەۋر جاپاسى مېنى بەكمۇ غەمكىن قىلىۋەتتى، ئەي ساقى،
قەدەھ نوۋىتىنى تۇتۇپ مېنى مەجنۇن قىلىۋەت.)

بىخۇد ئۇلمىشمەن مەيى لەئلىڭنى كورگەچ، ئاھكىم،
قىلدى مەست ئاغزىمە يەتمەي ئۇل لەبى مەيگون مېنى.
(ياقۇت لېۋىڭ شارابىنى كورۇپلا ھۇشۇمدىن كەتتىم، ئاھ، بۇ شاراپ-
تەك قىپقىزىل لەب ئاغزىمغا بارمايلا مېنى مەس قىلىۋەتتىغۇ.)

لەھزە - لەھزە ئۇيلە كىم جەۋرىڭنى ھوسن ئەيلەر فۇزۇن،
شەۋق ئارا ھەم ئىشقىڭ ئەيلەر دەمبەدەم ئەفزۇن مېنى.
(ھوسنۇڭ جەۋرىڭنى كوپەيتكەن سېرى ئىشقىڭ مېنى تېخىمۇ
بەكرەك كويدۇرىدىكەن.)

ئىلتە ئالۇر بىر قۇيۇن جىسمىم خەسىن ئۇل كويدىن،
رەنجە بولما قىلغالى ئاۋارە ئەي گەردۇن مېنى.
(مېنىڭ جىسمىمنى ئەشۇ كوچىدىن بىر قۇيۇنمۇ ئېلىپ چىقىپ
كېتىدۇ، ئەي پەلەك، مۇنچىلىك بىر ئاۋارىچىلىق ئۇچۇن سەن
قىينالما.)

مۇژدەئى ۋەسلى ھەيات ئۇلغاي دىدىم تا مىڭ ۋەلى،
خەتتى بىھوش ئەيلەبان، قەتل ئەيلەدى مەزمۇن مېنى.

(ۋىسال خۇش خەۋىرى ماڭا مىڭجان كىرگۈزۈدۇ، دىۋىدىم، بىراق،
خەتلىرى مېنى بىھۇش قىلدى، مەزمۇنى ئۆلتەردى.)

مەندە مۇغ دەيرى ھەۋاسى غالىبۇ سىزدە خۇمار،
مەيغە ئەي ئۇششاقى مۇفلىس ئەيلەگىز مەرھۇن مېنى.
(مەندە مەيخانە ھەۋىسى كۈچلۈك، ئەي كەمبەغەل ئاشىقلار، سى-
لەردە خۇمار كۈچلۈك، مەي ئۈچۈن مېنى گۆرۈگە قويۇڭلار.)

ئەي نەۋائى، ۋەسل ئارا ئوق كاش سۈرسە تىغى كىن،
فۇرقەتىدە ئاقىبەت ئۆلتۈرگۈسىدۇر چۈن مېنى.
(ئەي ناۋايى، ۋىسال پەيتىدە ئاداۋەت تىغى سانچىلىدىغان بولسا،
مېنى ئۇنىڭ پىراقىدا ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىدۇ.)

زار كۆڭلۈمدە نىھان ئۆيلەكى جان دەيمۇ سېنى،
يوق ئېسە ئاشۇفتە جان ئىچرە نىھان دەيمۇ سېنى؟
(سېنى بىچارە كۆڭلۈمگە يوشۇرۇنغان جان دېسەم بولارمۇ؟
ياكى سېنى ئىشق ئوتىدا كۆيگەن جېنىمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن-
غان دېسەم بولارمۇ؟)

سەرۋىدىن جىلۋەدە ئارتۇقسەنۇ گۈلدىن تازە،
تازە گۈل دەيمۇ سېنى، سەرۋى رەۋان دەيمۇ سېنى؟
(سەن جىلۋىدە سەرۋىدىن ئارتۇق، گۈلدىن چىرايلىق، شۇڭا
سېنى چىرايلىق گۈل، قەددى تۈز سەرۋى دېسەم قانداق بولار؟)

بارچەدىن كوزدە نىھان بولدۇڭۇ جان ئىچرە ئەيان،
ۋەھ، نىھان دەيمۇ سېنى، يوقسە ئەيان دەيمۇ سېنى؟
(سەن ھەممىنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇن، بىراق جان ئىچىدە
ئايان، ئاھ، سېنى يوشۇرۇن دەيمۇ، ئايان دەيمۇ؟)

ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىلە جانىم ئالدىڭ،
ئۆيلەدىن ياخشى بولار بىرلە يامان دەيمۇ سېنى؟
(ياخشىلىق بىلەنمۇ، يامانلىق بىلەنمۇ جېنىمنى ئالدىڭ، شۇڭا
سېنى ياخشى دېسەم بولارمۇ، يامان دېسەم بولارمۇ؟)

ھۆسن مىرئاتى سەنۇ نازى لەتافەت شەمئى،
سادە دىل دەيمۇ سېنى، جورەب زەربان دەيمۇ سېنى؟
(سەن گۈزەللىك ئەينىگى، يېقىملىق ناز چىرىغى، شۇڭا سېنى
سادە دىل دەيمۇ، تىلى چۈچۈك دەيمۇ؟)

فىتنە ئالەمدە زەمان ئەھلىغە سالدىڭ ئاشۇب،
فىتنەئى ئالەمۇ ئاشۇبى زەمان دەيمۇ سېنى؟
(بۇ ئالەمدە كىشىلەرنى زىلزىلىگە سالدىڭ، شۇڭا سېنى ئالەمگە غەۋغا سالغۇچى، زامان توپىلاڭچىسى دەيمىكىن؟)

ئەي كوڭۇل ئىشقىدا بىر يەرگە يېتىبسەنكى، دىگىل
غەيرەئى دەھرمۇ رەسۋايى جەھان دەيمۇ سېنى؟
(ئەي كوڭۇل، ئىشق يولىدا ئوزەڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپسەن، دىگىنە، سېنى زامانغا يات نەرسە دەيمۇ ياكى رەسۋايى ئالەم دەيمۇ؟)

ئولتۇرۇپ ئىردى خۇمار، ئەيلەدىڭ ئەي مەي ئانى دەفئ،
قۇتى جان دەيمۇ سېنى، نەقدى رەۋان دەيمۇ سېنى؟
(خۇمار ئولتۇرگەن ئىدى، ئەي مەي، سەن ئۇنى ساقايتتىڭ، سېنى جان ئوزۇغى دەيمۇ ياكى ھاياتلىق غەزنىسى دەيمۇ؟)

قوي فەنا لافى نەۋائىكى، سوزۇڭ تۇتتى جەھان،
بۇ تەئەييۇن بىلە بىنامۇ ـ نىشان دەيمۇ سېنى؟
(ناۋايى، يوقۇلۇش توغرىلىق لاپ ئۇرما، سېنىڭ سوزۇڭ جاھانغا پۇر كەتتى، مۇشۇنداق شوھرىتىڭ تۇرغاندا، سېنى نام ـ نىشانسىز دىسەم قانداق بولار؟)

ئەلىشىر ناۋايى

غەزەللەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16.75 قىستۇرما ۋارىغى: 10
1982 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 20.000
كىتاپ نومۇرى: M10098·624
باھاسى: (قاتتىق مۇقاۋىلىق) 2.30 يۈەن
(ئاددى مۇقاۋىلىق) 1.70 يۈەن

格 则 里 （维吾尔文）

耶瓦依 著

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本16.75印张 10 插页

1982年12月第1版　1983年8月第1次印刷

印数：1——20.000

书号：M10098·624 定价：（精）2.30元（平）1.70元